G 7801
00004

روھىي ساغلاملىق دۇردانىلىرى — 1

# كامالەت مەنزىللىرى

تۈزگۈچى: ۋەلى كېرەم كۆكئالپ

上海外国语大学
图书馆藏书章
登录号 D 000113

شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

1BUI00001130



图书在版编目（CIP）数据

完善之路：维吾尔文/外力·克力木编,—乌鲁木齐：新疆人民卫生出版社，2008.12
（精神健康明珠，第1辑）
ISBN 978-7-5372-4382-7

Ⅰ.完… Ⅱ.外… Ⅲ.①儿童教育：家庭教育：健康教育——维吾尔语（中国少数民族语言）②儿童—保健—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.G78 R179

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2008）第196714号

精神健康明珠. 第一辑

# 完善之路

（维吾尔文）

外力·克力木 编

策　　划：艾则孜·阿塔伍拉·萨尔特肯
责任编辑：优力吐孜·乌期洪江
责任校对：可尤木·吐尔逊
封面设计：努尔买买提·吾买尔
装帧设计：阿卜都艾尼·阿巴斯
出　　版：新疆人民卫生出版社
地　　址：乌鲁木齐龙泉街196号
网　　址：http://www.xjpsp.com
印　　刷：新疆翼百丰印务有限公司
发　　行：新疆新华书店
版　　次：2008年11月第1版
印　　次：2009年11月第1次印刷
开　　本：880×1230 毫米 1/32 开本 40　印张　插页　6
书　　号：ISBN 978-7-5372-4382-7
印　　数：1-5000
总定价（三册）：92.00元

发行社联系电话：(0991)2823055　邮编：830001

# تۈزگۈچىدىن

خەلقىمىز ئۇزاق ئەسىرلىك تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئۆزىگە خاس ئەخلاق ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈردى ۋە ئۇنى ئۈزلۈكسىز تولۇقلاپ ۋە بېيىتىپ كەلدى. تارىختىن بىرى ئۆتكەن ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ئەخلاق تېمىسىنى چوڭ ئىجتىمائىي ئىلىم تەرزىدە تۇتۇپ تەتقىق قىلدى. دەرۋەقە، خەلقىمىز تارىختىن بۇيان ئەمەل قىلىپ كېلىۋاتقان، چىڭ تۇرۇۋاتقان مىللىي ئەخلاق چۈشەنچىلىرىنى ياش ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ھەر بىرى ياخشى بىلىشى، ۋارىسلىق قىلىشى ۋە كۈندىلىك ئىش ـ ھەرىكىتىدە كۆرسىتىشى زۆرۈر بولغان، خەلقىمىزنىڭ مىللىي ئەنئەنىسى، ئۆتمۈشى، ئىنسانلار ئارا مۇناسىۋەتنى تونۇشى ۋە ھاياتلىق چۈشەنچىلىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن مەنىۋى مىراسلىرىدىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز بۇ مىراسقا ھەقىقىي تۈردە ۋارىسلىق قىلىشىمىز، ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇشىمىز، ماھىيىتىنى ئۆزگەرتىۋەتمىگەن ئاساستا ئۇنى تېخىمۇ بېيىتىشىمىز، مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز زۆرۈر.

خەلقىمىزنىڭ ئەخلاق چۈشەنچىلىرىدە ياخشىلىققا ئۈندەش، غۇرۇرنى، ئىززەت ـ ھۆرمەتنى ساقلاش، ئىنسان ھاياتىنىڭ ئاكتىپ ئامىللىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، كىشىلەر ئارا ئىناقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، بىرلىكلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ئۇلۇغ غايىلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا مۈشكۈللۈكلەرگە بەرداشلىق بېرىش، كەڭ قورساق، مەرد، سېخىي بولۇش، بارلىق ئىنسانىي ئېسىل خىسلەتلەرنى جارى قىلدۇرۇش ۋە ئۇنى

ئۆگىنىش، تۇرمۇش ئەمەلىيىتىگە تەتبىقلاش، يامان ئىللەتلەردىن يىراق قېچىش، يامان خۇيلۇق كىشىلەردىن ھەزەر ئەيلەش، ئالىيجاناب، ئۇلۇغۋارلىققا ئىنتىلىش، ئىلىم - پەن ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىشكە دەۋەت قىلىش قاتارلىق ھاياتلىقنىڭ ھەممە بۆلەكلىرىگە چېتىلىدىغان مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىز مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىدىكى جەسۇرانە خىتابلار، مەردۇ مەردانىلىققا تولغان سۆز-جۈملىلەر ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتكە ئائىت بايانلاردىن، ئەبۇ ناسىر فارابىنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىلىرىدىن، مەھمۇد كاشغەرىي، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەسەرلىرىدىن، ئەلىشىر نەۋايى، مۇھەممەد سادىق قەشقەرىي، مۇھەممەد سىددىق رەشىدىينىڭ ئەخلاق ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىدىن خەلقىمىزدە ناھايىتى بۇرۇنقى زامانلاردىلا شەكىللەنگەن ئەخلاق بىناسىنىڭ ئەسىرلەر بويى بارغانچە مۇكەممەللىشىپ، مۇستەھكەملىنىپ بېرىۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭ ھەتتا ئايرىم بىر پەن سۈپىتىدە ئەخلاقشۇناسلار، ئالىم-ئۆلىمالارنىڭ قولى ئارقىلىق تېخىمۇ تاكامۇللىشىۋاتقانلىقىنى ئېنىق ھېس قىلالايمىز.

ئۇيغۇرلار ھېلىمۇ ئەنئەنىۋى ئەخلاقتا چىڭ تۇرۇۋاتقان ۋە بۇنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈستىدە ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىۋاتقان مىللەتلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. خەلقىمىز ھازىرمۇ پەرزەنت تەربىيىسىدە بالىلارغا ئەنئەنىۋى ئەخلاقتا بويسۇنۇشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدۇ. ھەرقانداق بىر ئىشنى بېجىرگەندە گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇشنى ئاساسىي مىزان قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەتلىرىمىز ھېلىھەم ئۆز رەڭگى، مەزمۇنىنى ئۆزگەرتمىگەن ئەخلاق مىزانلىرى ئاساسىدا شەكىللىنىۋاتىدۇ.

ھالبۇكى، بىز مۇشۇ يىگىرمە - ئوتتۇز يىلدىن بۇيان ئەنئەنىۋى ئەخلاقىمىزنىڭ ئاشكارا بۇزغۇنچىلىققا



ئۇچرىغانلىقىنى، بەزى ئاتا-ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە تەربىيە بېرىشتە ئەنئەنىۋى ئەخلاقنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىدىن قېيىپ كېتىشتەك خاتالىقلارغا يول قويغانلىقى سەۋەبلىك، جەمئىيەتتە بىر تۈركۈم ئەخلاقسىز، يارامسىز كىشىلەرنىڭ يامراپ كېتىۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭ ۋاقتىدا ئالدى ئېلىنمىسا چوقۇم مۆلچەرلىگۈسىز يامان ئاقىۋەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى ئېنىق ھېس قىلماقتىمىز. خەلقىمىز ئەزەلدىن ئەمەل قىلىپ كېلىۋاتقان ھەر بىر ئەدەپ - ئەخلاق مەزمۇنىنى توغرا شەرھىيلەش، ئۇنى ئاتا - ئانىلارنىڭ، ئۆز ئەخلاقىنى تاكامۇللاشتۇرۇشنى ئارزۇ قىلغۇچىلارنىڭ دىققەت نەزىرىگە سۇنۇش نۆۋەتتە ئەڭ زۆرۈر خىزمەتلىرىمىزنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. مانا مۇشۇ زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن «ئەخلاق دەستۇرى» ناملىق بۇ كىتاب تۈزۈلدى.

مەزكۇر كىتابتا ئىخچام بولۇش، مۇكەممەل بولۇشنى ئالدىنقى شەرت قىلغان ئاساستا، ھەر بىر ئەدەپ - ئەخلاق تېرمىنى سوئال - جاۋاب شەكلىدە قىسقىچە ئىزاھلاندى ۋە زۆرۈر مىساللار كەلتۈرۈلدى. ھەر بىر تېرمىن ياخشى خۇي ياكى يامان خۇي شەكلىدە ئەمەس، بەلكى تېرمىن ناملىرىنىڭ ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە بېرىلدى. بۇمۇ مەزكۇر كىتابنىڭ بايان قىلىنىشتىكى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇ بىر دەستە ئەخلاق گۈللىرىدىن قانغۇچە زوق ئېلىشىنى چىن كۆڭلىمىزدىن ئارزۇ قىلىمىز.

# مۇندەرىجە

**ئاتىنىڭ ئەدەپلىرى** ........ 1
سوئال: خەلقىمىزنىڭ نەزىرىدە ئاتا قانداق سۈپەتلىنىدۇ؟ ئاتا نېمە ئۈچۈن شۇنچە ئۇلۇغ؟ ........ 1
سوئال: ئاتىنىڭ پەرزەنت تەربىيىسىدىكى رولى قانداق؟ ........ 2
سوئال: تەربىيىلىك ئاتىنىڭ سۈپىتى قانداق؟ ........ 3
**ئاچچىقلىنىش ۋە غەزەپ** ........ 6
سوئال: ئازراقلا ئىش بولسا ئاچچىقىم كېلىدۇ، بەزىدە غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ كېتىمەن. بۇنىڭ بىرەر ئامالى بارمۇ؟ ........ 6
سوئال: مەن تەرسا، ئاچچىقىنى باسالمايدىغان ئادەملەرنىڭ تېزلا قېرىپ كەتكەنلىكىنى، ھەتتا بەزىلەرنىڭ ئاچچىقتىن بوغۇلۇپ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنىمۇ كۆردۈم. قارىغاندا ئاچچىقلىنىش روھىي جەھەتتە تەسىر كۆرسىتىپلا قالماي جىسمانىي ساغلاملىقىمىزغىمۇ ئېغىر تەسىر يەتكۈزىدىكەن. بۇنىڭ بىرەر ئىلمىي دەلىلى بارمۇ؟ ........ 8
سوئال: ئۇلۇغ كىشىلەر ئاچچىقلانماسلىق، غەزەپلەنمەسلىك ھەققىدە بىزگە قانداق ھېكمەتلەرنى قالدۇرغان؟ ........ 9
سوئال: ئاچچىقلىنىش ۋە غەزەپنى خۇشاللىققا ئايلاندۇرۇشنىڭ يولى بارمۇ؟ ........ 11
**ئادالەت** ........ 13
سوئال: ئادالەت دېگەن نېمە؟ بىز نېمە ئۈچۈن ئادالەتنى ياقلايمىز؟ ........ 13
سوئال: بىزنىڭ بىر باشلىقىمىز بولۇپ، بۇ كىشى ناھايىتى قاتتىق

قول، قول ئاستىدىكىلەرگە بىرئازمۇ ئىمكانىيەت قالدۇرمايدۇ، ھەممە ئىشتا ئۆزىنىڭ دېگىنى دېگەن، شۇڭا، ئىدارىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئىچى سىقىلغان ھالدا خىزمەت قىلىدۇ. بىزنىڭ بۇ باشلىقىنىڭ قىلغانلىرى ئادالەتنى ئاياغ ئاستى قىلغانلىق ھېسابلىنامدۇ؟ ........ 16
سوئال: ئادالەت يەنە قانداق مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟ ... 16
سوئال: ھەر دەرىجىلىك باشلىقلارنىڭ ئادالەتلىك بولۇشىدا قانداق شەرتلەر بار؟ ........ 16
**ئاداۋەت** ........ 18
سوئال: كىشىلەردە نېمە ئۈچۈن ئاداۋەت پەيدا بولىدۇ؟ ئاداۋەتنى يوقىتىشنىڭ ئۇسۇللىرى قايسىلار؟ ........ 18
سوئال: ئون نەچچە يىل ئىلگىرى، مەلۇم بىر سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بىزنىڭ ئائىلىمىز قوشنىلىرىمىزدىن بىرسى بىلەن ئارازلىشىپ قالغانىدى. ئۇلار ئاداۋەت ساقلاپ تۇرغانىكەن، يېقىندا بىزنىڭ ئائىلىمىزدىكىلەرنى تىللاپ، ئۇرۇپ يارىلاندۇرۇپتۇ. بۇ ئىشقا بەك ئاچچىقىم كەلدى. مەن بۇ ئىشقا قانداق تەدبىر قوللىنىشىم كېرەك؟ ........ 19
سوئال: بىر تۇغقان قېرىنداشلار ئارىسىدىمۇ ئەرزىمەس سۈركىلىشلەر تۈپەيلىدىن ئۆچ ـ ئاداۋەت پەيدا بولىدۇ، ياش چوڭىيىپ بالا ـ چاقىلىق بولغاندا بۇ خىل ئاداۋەت تېخىمۇ كۈچىيىپ، كېلىشتۈرگۈسىز ھالەتكە كېلىدىغان ئەھۋاللار ناھايىتى كۆپ. بۇنداق ئاداۋەتنى قانداق قىلغاندا تۈگەتكىلى بولىدۇ؟ ........ 20
**ئالدىراڭغۇلۇق** ........ 22
سوئال: ئالدىراڭغۇلۇق قىلىشقا بولامدۇ؟ قانداق ئىشلاردا ئالدىراڭغۇلۇق قىلىش كېرەك؟ ........ 22
سوئال: مېنىڭ بىر ئىنىم بار، ئۇنىڭ قولىدىن كۆپ ئىش كېلىدۇ، لېكىن بىر كەمچىلىكى، ئۇ ھەممە ئىشتا ئالدىرايدۇ، ئالدىراپ قىلغىنىدىن ئىشلىرى چالا قالىدۇ، باشقىلارنىڭ بىر ئىشى چىقىپ



قالسا، قولىدىكى ئىشنى تاشلىۋېتىپ ياردەملىشىدۇ. بۇنداق مىجەزنى ئوڭشاشنىڭ بىرەر چارىسى بارمۇ؟ ........ 24
سوئال: قانداق قىلغاندا بالىلارنىڭ ئالدىراڭغۇ بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ؟ ........ 26
**ئامانەت** ........ 27
سوئال: ئامانەت دېگەن نېمە؟ ئۇنى قانداق ساقلاش كېرەك؟ ... 27
سوئال: ئامانەتكە خىيانەت قىلىشنىڭ جامائەت ئەخلاقىدىكى ھۆكمى قايسى؟ ........ 29
سوئال: ئامانەتكە رىئايە قىلىشنىڭ ھۆكمى نېمە؟ ........ 29
سوئال: يېقىن تۇغقانلار ئارىسىدا ئامانەتتىن تېنىۋېلىش، ئامانەتكە خىيانەت قىلىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلسە قانداق قىلىش كېرەك؟ ...... 30
سوئال: ھازىر جەمئىيەتتە خىيانەتچى ئەمەلدارلار ۋە پارىخورلار كۆپىيىپ كېتىۋاتىدۇ؟ ماھىيەت جەھەتتىن ئالغاندا، بۇلارمۇ ئامانەتكە خىيانەت قىلغانلارغا كىرەمدۇ؟ ........ 31
**ئانىنىڭ ئەدەپلىرى** ........ 33
سوئال: ئانىنىڭ قانداق سۈپەتلىرى بار؟ ئانا نېمە ئۈچۈن شۇنداق ئۇلۇغ؟ ........ 33
سوئال: ئاياللار قانداق سۈپەتلەرگە ئىگە بولۇشى كېرەك؟ ...... 34
سوئال: ئاياللار چىرايغا ئەھمىيەت بېرىدۇ، چىرايغا قانداق مۇئامىلىدە بولۇش مۇۋاپىق؟ ئاياللار چىراي گۈزەللىكىگە ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىللە، يەنە نېمىلەرگە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك؟ ... 35
سوئال: ئەر بىلەن ئاياللار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ۋە مۇھەببەت ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز. ........ 36
سوئال: ئائىلىۋى مۇناسىۋەت ھەققىدە قانداق پىكىرلىرىڭىز بار؟ ........ 37
سوئال: ئائىلىنىڭ ئىگىلىكىنى قانداق باشقۇرۇش ھەققىدە سۆزلەپ بېرىڭ. ........ 39

سوئال: ئائىلە ئەزالىرى ئارىسىدىكى دوستلۇق ۋە مېھىر - مۇھەببەتنى قانداق كۈچەيتىش كېرەك؟ .............................. 39

سوئال: ئاتا - ئانىغا ئىتائەت قىلىش ھەققىدە نېمىلەرنى دەپ بېرەلەيسىز؟ .............................................. 41

سوئال: نىكاھ ئەدەپلىرى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىڭ. ........... 42

**ئەپۇ قىلىش** ............................................................ 44

سوئال: ئەپۇ قىلىش دېگەن نېمە؟ نېمە ئۈچۈن ئەپۇ قىلىشنى ئېسىل خىسلەت دەيمىز؟ ................................................. 44

سوئال: بەك كۆپ ئەپۇ قىلىمەن، بۇ سەۋەبتىن ئەخمەق دەپمۇ ئاتىلىپ قالغان چاغلىرىم بار. قانداق قىلسام بولار؟ .................. 46

سوئال: ئەپۇ قىلىشقا تېگىشلىك بولمىغانلارنىمۇ ئەپۇ قىلىشقا بولامدۇ؟ .......................................................... 47

سوئال: بەك كەسكىن بولمىسىمۇ، گۇناھكار بىرسىنى جازالاش كېرەكمۇ ياكى ئەپۇ قىلىش كېرەكمۇ؟ ................................ 48

سوئال: چوڭلار كىچىكلەرنى ئاۋۋال ئەپۇ قىلىشى كېرەكمۇ ياكى كىچىكلەر چوڭلارنى ئەپۇ قىلىشى كېرەكمۇ؟ ..................... 48

**ئەدەپلىك بولۇش** .................................................. 50

سوئال: ئەدەپنىڭ خەلقىمىز ئارىسىدىكى ھۆكمى قايسى؟ ...... 50

سوئال: ھەددىنى بىلىش دېگەن نېمە؟ قانداق قىلغاندا بۇ دەرىجىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ؟ ................................................. 50

سوئال: ئەدەپنىڭ يەنە قانداق سۈپەتلىرى بار؟ ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن قانداق ھەرىكەت قىلىش كېرەك؟ ...... 51

سوئال: ئەدەپ - ئەخلاقلىق كىشىنىڭ قانداق سۈپەتلىرى بار؟ ... 52

سوئال: ئەدەپ توغرىسىدىكى تەبىرلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۆز ئالدىم بىردىنلا يورۇپ كەتكەندەك بولدى. دېمەك، ئەدەپ - ئەخلاق ئادەمدە گۈزەل ھېس - تۇيغۇلارنى، گۈزەل ئارزۇلارنى ئويغىتىپ، كىشىلىك مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش رولىنى ئوينايدىكەن. ئۇنداقتا، ئادەم



زادى تۇرمۇشتىكى قانداق ئىشلاردىن ئەدەپنى ئۆگىنىش ۋە ئۆزىگە ئۆلگە قىلىشى كېرەك؟ ........................................ 53

**ئەر - خوتۇنچىلىق ئەدەپلىرى** ................................ 54

سوئال: ئەر - خوتۇننىڭ كۆڭۈللۈك ئۆتۈشى ئۈچۈن قايسى قائىدىلەرگە ئەمەل قىلىش كېرەك؟ ...................................... 54

سوئال: خوتۇننىڭ ئەمگىكىنى تونۇشنىڭ قانداق ئەھمىيىتى بار؟55

سوئال: ئۆيلىنىپ ئائىلە قۇرۇشنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىڭ. .............................................................. 57

سوئال: ياخشى ئاياللار قانداق سۈپەتلەرگە ئىگە بولىدۇ؟ ئەر بىلەن قانداق ئۆي تۇتۇش كېرەك؟ .......................................... 59

سوئال: خوتۇنلارنىڭ ئىپپەتلىك بولۇشىنىڭ مۇھىم ئىكەنلىكى ھەققىدە سۆزلەپ بەرسىڭىز. ........................................ 61

سوئال: ئۆيلىنىشتە قانداق شەرتلەرگە بويسۇنۇش كېرەك؟ ...... 62

**ئەقىل ئىگىسى بولۇش** ............................................ 63

سوئال: ئەقىل ئىگىسى بولۇش دېگەن نېمە؟ ئەقىل ئىگىسى بولۇش ئۈچۈن قانداق شەرتلەرنى ھازىرلاش كېرەك؟ ........................ 63

سوئال: ئۇنداقتا، ئەقىللىق كىشىلەر نېمىلەرنى قىلىشى كېرەك؟ ................................................................ 64

سوئال: ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ قانداق سۈپەتلىرى بار؟ ......... 65

**ئەلنى ئويلاش** ....................................................... 67

سوئال: ھەممە ئىشتا ئەلنى ئويلاشنىڭ قانداق ئارتۇقچىلىقلىرى بار؟ بۇنىڭ ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟ .......................... 67

سوئال: ئۆزىنى ئەلنىڭ خىزمىتىگە ئاتىغانلار ھەققەتەن ئۆلمەيدىكەن. ئۇنداقتا، كونكرېت تۇرمۇش جەريانىدا بۇنىڭغا قانداق ئەمەل قىلىش كېرەك؟ ......................................................... 70

**باشقىلارغا يۈك بولۇش** ......................................... 71

سوئال: باشقىلارغا يۈك بولۇش دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ ناچار تەرەپلىرى

قايسى؟ ........................ 71

سوئال: باشقىلارغا يۈك بولۇۋالىدىغانلار قانداق يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ؟ ........................ 72

سوئال: مەن ئۆيدىكىلەرنىڭ چوڭى، بىز بىر تۇغقان تۆت ئوغۇل. ئىنىلىرىم كىچىك چېغىدا ئۇنى قىل، بۇنى قىل دەپ يول كۆرسىتىپ ئۆگىتىپ قويغانىكەنمەن، ئەمدى چوڭ بولغاندا، ئۇلار ھەرقانداق ئىشنى مەن قىل دېسەم قىلىدىغان، جىم تۇرسام جىم تۇرۇۋالىدىغان مىجەزلىك بولۇپ قاپتۇ. قىسقىسى، ھەرقانداق ئىشتا ماڭا تايىنىدىغان بولۇپ قاپتۇ، بۇ مەسىلىنى قانداق ھەل قىلسام بولار؟ ........................ 73

**بايلىق** ........................ 75

سوئال: بايلىقنىڭ بولۇشى كىشىلەرگە ئامەت ئېلىپ كېلەمدۇ؟ بايلىقنى قانداق سەرپ قىلغان مۇۋاپىق؟ ........................ 75

سوئال: بايلىقنىڭ كۆپ بولۇشى نىزانىڭ مەنبەسى دەپ قارايدىغان ئەھۋاللار بار، بۇنىڭ ھۆكمى قانداق؟ ........................ 76

سوئال: قەدىمدە ئۆتكەن ئاقىللار پۇل ۋە بايلىق ھەققىدە باشقىچىرەك دۇردانىلەرنى قالدۇرغانىكەن، بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟ 77

سوئال: بايلىق ئادەمنىڭ كۆڭلىنى قارايتىۋېتىمدۇ، دېيىش توغرىمۇ؟ ........................ 79

**بېخىللىق** ........................ 80

سوئال: بېخىللىقنىڭ ھۆكمى قايسى؟ نېمە ئۈچۈن بېخىللىقتىن قېچىش لازىم؟ ........................ 80

سوئال: بېخىللىق قانداق پەيدا بولىدۇ؟ ئۇنى قانداق قىلغاندا يوقاتقىلى بولىدۇ؟ ........................ 82

سوئال: قارىغاندا، باللارغا كىچىكىدىن باشلاپ مەرد، سېخىي بولۇش، بېخىل بولماسلىق ھەققىدە تەربىيە بېرىش كېرەكمۇ ـ قانداق؟ ........................ 83

**بىرلىك ۋە باراۋەرلىك** ........................ 85

سوئال: نېمە ئۈچۈن بىرلىك ۋە باراۋەرلىكنى تەكىتلەيمىز؟ ... 85





سوئال: مەن بىر ئادەتتىكى تىجارەتچى، يېقىندا بىر دوستۇم بىلەن ھەمكارلىشىپ بىر چوڭ سودىغا تۇتۇش قىلماقچى بولغانىدۇق، ئەمما پايدىنى بۆلۈشۈش جەھەتتە بىرلىككە كېلەلمىدۇق. دوستۇم ماڭا پايدىنىڭ ئاز قىسمىنى بېرىمەن دېگەندى، مېنىڭ بۇنىڭغا تازا قوشۇلغۇم كەلمىدى، قانداق قىلسام بولار؟ ........................ 86

سوئال: بىرلىك ۋە باراۋەرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ قانداق شەرتلىرى بار؟ ........................ 87

**پاكلىق ۋە پاكىزلىق** ........................ 89

سوئال: پاكلىق ۋە پاكىزلىقنىڭ ھەقىقىي مەنىسى قايسى؟ پاك ۋە پاكىز بولۇشنىڭ قانداق ئەۋزەللىكلىرى بار؟ ........................ 89

سوئال: پاكلىق ۋە پاكىزلىق ئادىتىنى قانداق يېتىلدۈرۈش كېرەك؟ ........................ 90

سوئال: ھەقىقىي گۈزەللىك قەلب گۈزەللىكىدۇر. ئەمما، قەلبى ھەرقانچە گۈزەل بولغان كىشىنىڭمۇ كىيىم ـ كېچەكلىرى كىر، مەينەت بولسا، ئۇ كىشىنىڭ باشقىلار ئالدىدىكى ھۆرمىتىمۇ تۆۋەن بولىدۇ. دېمەكچىمەنكى، تاشقى قىياپىتىمىز باشقىلارغا تۇنجى تەسىر بېرىدىغان يېرىمىزدۇر. شۇڭا، باشقىلارغا پاكىز، خۇش پىچىم، ئىللىق كۆرۈنۈش ئۈچۈن تاشقى قىياپەتكە ئەمەل قىلىش ناھايىتى زۆرۈر ئىكەن ـ دە؟ ... 92

سوئال: ئۇنداق بولسا، قىزلار تاشقى قىياپىتىنى گۈزەللەشتۈرۈش ئۈچۈن قانداق ئۇسۇللارنى قوللىنىشى كېرەك؟ ........................ 93

سوئال: قەلب پاكىزلىقى دېگەن نېمە؟ ........................ 95

سوئال: قەلبنى پاكىزلاش ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلىش كېرەك؟ ... 96

سوئال: بىر ئىشنى قىلاي دېسەم كۆڭلۈمگە بىر ۋەھىمە كېلىدۇ، قانداق قىلسام بولار؟ ........................ 96

سوئال: قەلبنىڭ قارايغانلىقى قانداق بىلىنىدۇ؟ بۇنىڭغا قانداق ئامال قىلىش كېرەك؟ ........................ 96

**پەرزەنتلىك بۇرچى** ........................ 98

سوئال: خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىسىدە ھەر بىر پەرزەنت ئاتا ـ ئانىنىڭ

ھەققىنى جايىدا تونۇشى، ئاتا ـ ئانىسىغا پەرزەنتلىك بۇرچىنى يەتكۈزۈشى كېرەك. مۇشۇ ئۇقتىدىن ئالغاندا، پەرزەنتلەر قانداق مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك؟ ............................ 98

سوئال: ئاتا ـ ئانىنىڭ پەرزەنتتە قانداق ھەقلىرى بار؟ ...... 100

سوئال: نېمە ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىغا شەرتسىز ئىتائەت قىلىش كېرەك دەيمىز؟ ........................................................ 104

سوئال: باللار ئاتا ـ ئانا ھەققىنى تونۇشتا قانداق قائىدىلەرگە ئەمەل قىلىشى كېرەك؟ ............................................ 105

سوئال: ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنت تەربىيىسىگە ئەھمىيەت بېرىشتە قايسى ئۇقتىلارغا ئەمەل قىلىشى كېرەك؟ ......................... 108

## پۇشايمان ................................ 111

سوئال: پۇشايمان قىلىش قانداق ئىش؟ پۇشايمان قىلىشنىڭ قانداق زىيانلىرى بار؟ ................................................ 111

سوئال: پۇشايمان قىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە پۇشايمان قىلىدىغان ئىشنى ئۇنتۇپ كېتىش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟112

## پىتنىخورلۇق .......................................... 115

سوئال: پىتنە قانداق يامان خۇيلارنى كۆرسىتىدۇ؟ ........... 115

سوئال: پىتنىخورلۇقنىڭ قانداق زىيانلىق تەرەپلىرى بار؟ نېمە ئۈچۈن پىتنىنى قەتئىي چەكلەش كېرەك دەيمىز؟ ................. 115

سوئال: پىتنىخورلۇقتىن ساقلىنىشنىڭ قانداق ئەپچىل چارىلىرى بار؟ .............................................................. 116

## تائام يېيىش ئەدەپلىرى ................................ 118

سوئال: تاماق يېيىش ئادەمنىڭ ماددىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ۋە ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇشتا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلقىمىز ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا قويۇق ـ سۇيۇق كۆرۈنۈشلۈك، ئىسسىق ـ سوغۇق تەبىئەتلىك خىلمۇ خىل تائاملارنى ئىجاد قىلىپ ئىستېمال قىلىپ كەلگەن. شۇنداقلا تائام يېيىشكە دائىر



بىرقاتار ئۆرپ ـ ئادەت، قائىدە ـ يوسۇنلارنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئۇنداقتا، تائام يېيىشتە قانداق قائىدىلەرگە ئەمەل قىلىش كېرەك؟ ... 118

سوئال: كۆپ يېيىش ئادەمنىڭ جىسمانىي تەلپىگە ئۇيغۇن كەلمەيلا قالماستىن، بەلكى روھىغىمۇ پاسسىپ تەسىرلەرنى كۆرسىتىدۇ. كۆپ يېگەن ئادەمنىڭ باشقىلارنىڭ ئالدىدا ھۆرمىتى بولمايدۇ. ئۇنداقتا، كۆپ يېيىشنىڭ قانداق زىيانلىق تەرەپلىرى بار؟ كۆپ تاماق يېيىشتىن قانداق ئىللەتلەر پەيدا بولىدۇ؟ ........................................... 126

سوئال: تائاملارنى يېيىلىش قائىدىسىگە قاراپ يېمىگەندە زىياندىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ. مۇشۇ ھەقتە سۆزلەپ بەرسىڭىز قانداق؟ ... 128

سوئال: ھازىر ئەنئەنىۋى تائاملىرىمىزدىن ياتلىشىش ئەھۋالى ئېغىرلاشماقتا. بۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن ئىجتىمائىي ۋە روھىي مەسىلىلەرمۇ كۆرۈلمەكتە. ئەنئەنىۋى تائاملىرىمىزنى ئىستېمال قىلىشنىڭ رولى قايسىلار؟ ................................ 131

## تەمەخورلۇق .......................................... 134

سوئال: تەمەخورلۇق دېگەن نېمە؟ تەمەخورلۇقنىڭ قانداق زىيانلىرى بار؟ ................................................................ 134

سوئال: تەمەخورلۇق بالاسىدىن قانداق قۇتۇلۇش كېرەك؟ ...... 135

## تېجەشلىك بولۇش ...................................... 137

سوئال: پۇل ۋە مال ـ مۈلۈكنىڭ قەدرىنى بىلىش تېجەشلىك بولۇش جۈملىسىگە كىرىدۇ. مال ـ بايلىق قەدرىنى بىلگۈچى كىشىلەر بىر تىيىنىنىمۇ ئورۇنسىز خىراجەت قىلمايدۇ، ئەمما ئورنى كەلگەندە ھەرقانچە چوڭ خىراجەتتىنمۇ ئايىمايدۇ. ساخاۋەتنىڭ زىتى بېخىللىق بولغىنىغا ئوخشاش تېجەشلىك بولۇشنىڭ زىتى ئىسراپچىلىقتۇر. تېجەشلىك بولۇشقا رىئايە قىلغان كىشىلەر ھەرۋاقىت تىنچ ۋە راھەتتە ياشايدۇ، ھەرىلەر قىش كۈنىدە يېيىش ئۈچۈن بال يىغقىنىدەك، بېشىغا كېلىش ئېھتىمالى بولغان قارا كۈنلەرنى ئويلاپ پۇل ـ مال يىغىدۇ. «تاما ـ تاما كۆل تولار» دەيدۇ ئاتا ـ بوۋىلار. دېمەك، ھەرقانداق نەرسە ئاز ـ

ئازدىن كۆپىيىدۇ. .......... 137
سوئال: تېجەشلىك بولۇشنىڭ قانداق ئەۋزەللىكلىرى بار؟ ... 138
سوئال: پۇل ۋە مالنى قانداق خىراجەت قىلىش كېرەك؟ ...... 139
**تىرىشچانلىق ۋە غەيرەت** .......... 140
سوئال: تىرىشچانلىق ۋە غەيرەت دېگەن نېمە؟ بۇنىڭ قانداق ئەھمىيەتلىرى بار؟ .......... 140
سوئال: تىرىشچانلىق روھىنى قانداق يېتىلدۈرۈش كېرەك؟ ... 140
سوئال: شىجائەتلىك بولۇش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟ ... 141
**شىرىن تىللىق بولۇش** .......... 143
سوئال: تىلنى قانداق قىلغاندا ياخشى ساقلىغىلى بولىدۇ؟ ... 143
سوئال: شىرىن تىللىق بولۇشنىڭ قانداق شەرتلىرى بار؟ تىلنى مۇناسىپ جايىغا ئىشلىتىش ئۈچۈن قانداق ئۇسۇللارنى قوللىنىش كېرەك؟ .......... 143
سوئال: سۆز سۆزلەشتە قانداق ئەدەپلەر بار؟ .......... 144
سوئال: سۆزلەشتە قانداق قائىدىلەرگە رىئايە قىلىش لازىم؟ ... 145
سوئال: سۆزلەش ئەدەپلىرى قايسىلار؟ .......... 146
سوئال: چىرايلىق سۆزلەش ئۈچۈن قانداق ئامال قوللىنىش كېرەك؟ .......... 149
**جاھالەت** .......... 153
سوئال: جاھالەتنىڭ تەبىرى نېمە؟ نېمە ئۈچۈن جاھالەتتە قېلىش نومۇسلۇق ئىش دەيمىز؟ .......... 153
سوئال: قانداق قىلغاندا جاھالەت كىشەنلىرىدىن قۇتۇلغىلى بولىدۇ؟ .......... 155
**چاقچاق قىلماق** .......... 157
سوئال: چاقچاقلىشىشنىڭ ھۆكمى قانداق؟ .......... 157
سوئال: مەن ئىلگىرى بەك جىمغۇر ئىدىم، كېيىنچە كىتابلارنى كۆپ ئوقۇش، كىشىلەر بىلەن قويۇق ئارىلىشىش، دادىل بولۇش ئارقىلىق



ئۆزۈمدە يۇمۇرىستىك خاراكتېر شەكىللەندۈرگەن ئىدىم. شۇڭا، مەن ساۋاقداشلىرىم، تونۇش - بىلىشلىرىم ئارىسىدا قىزىقچىلىق قىلىپ خېلىلا تونۇلۇپ قالدىم. ھالبۇكى، بەزىدە قىلغان چاقچاقلىرىم دەل جايىغا تەگمەي قالىدۇ، بەزىدە سورۇنغا دىققەت قىلالمايدىغان ئەھۋاللىرىممۇ بار. قانداق قىلسام بۇ كەمچىلىكلىرىمنى تۈزىتەلەيمەن؟ .......... 158
سوئال: پىسخىكا دوختۇرلىرى دائىم كىشىلەردە يۇمۇرىستىك كەيپىياتنى ساقلاپ، كۈلكە - چاقچاق بىلەن ئۆمۈر ئۆتكۈزگەندە، بەختلىك بولغىلى بولىدۇ، دېگەن پىكىرنى كۆچەپ ئىلگىرى سۈرۈۋاتىدۇ. بۇنىڭ بىرەر ئىلمىي ئاساسى بارمۇ؟ .......... 159
سوئال: چاقچاق قىلغاندا نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟ ... 160
سوئال: چېقىمچىلىق قىلىشنىڭ زىيىنى قايسىلار؟ .......... 162
سوئال: چېقىمچىلىققا قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەك؟ ...... 164
سوئال: مەن ھازىرغىچە نۇرغۇن چېقىمچىلارغا ئۇچراپ باقتىم، بەزىلىرىگە ئىشىنىپ قالغان چاغلىرىممۇ بولغان، يېقىنىمنىڭ چۈشىنىشىغا ئەگىشىپ چېقىمچىلارنىڭ سۆزلىرىنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان بولۇپ قالدىم. ئەمما ئەتراپىمدا يەنىلا چېقىمچىلار كۆپ، خىزمەتداشلار بۇ سەۋەبتىن ئىناق - ئىتتىپاق ئۆتەلمەيدۇ، بىر - بىرىگە ئىشەنمەيدۇ. بۇ خىل ئەھۋالنى يوقىتىش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟ ...... 166
**خەيرخاھلىق** .......... 168
سوئال: خەيرخاھلىقنىڭ تەبىرى قايسى؟ ئۇ بىزگە قانداق شان - شەرەپلەرنى ئاتا قىلىدۇ؟ .......... 168
سوئال: خەيرخاھلىق قىلىشنىڭ ئۇسۇللىرى قايسى؟ .......... 168
**ناچار خۇيلارنى ئۆزگەرتىش** .......... 170
سوئال: ئۆزىمىزدىكى ناچار خۇيلارنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن قانداق قىلىشىمىز لازىم؟ .......... 170
سوئال: ئۆزىمىزدە بولغان يامان خۇيدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ .......... 170



0 000113

سوئال: ئەخلاق ئۆزگىرەمدۇ؟ ........ 171

سوئال: ياخشى خۇيلۇق بولۇشنىڭ چارىسى نېمە؟ ........ 171

سوئال: «قان بىلەن كىرگەن خۇي جان بىلەن چىقار» دېگەن گەپ بار، يامان خۇي ئۆزگەرمەسمۇ؟ ........ 171

**دوستلۇق** ........ 173

سوئال: دوستلۇقنىڭ هۆكمى نېمە؟ بىز نېمە ئۈچۈن دوستلۇققا موهتاج بولىمىز؟ ........ 173

سوئال: دوست تۇتۇشتا قانداق قائىدە - پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىش كېرەك؟ ........ 175

سوئال: ھەقىقىي دوستنىڭ قانداق پەزىلەتلىرى بار؟ ........ 177

سوئال: دوستلۇقنىڭ مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەتلىرى قايسىلار؟ ........ 177

سوئال: قانداق كىشىلەر بىلەن دوستلىشىش مەقسەتكە مۇۋاپىق؟ دوستلىشىشقا بولمايدىغان كىشىلەر قايسىلار؟ ........ 179

سوئال: دوستلۇق دەرىخىنى قانداق ياشنىتىش كېرەك؟ ........ 180

سوئال: دوستلۇققا يارىمايدىغان ئىشلار قايسىلار؟ ........ 181

**دۈشمەنلىكتىن ساقلىنىش** ........ 183

سوئال: بىر ئاغىنەم «بۇ زاماندا كۆپ دوست تېپىشقا ئۇرۇنما، ئەمما دۈشمەن تېپىۋالما» دېگەن بىر سۆزنى قىلدى. ئۇنداقتا، دوست تېپىش زىيانلىقمۇ؟ ........ 183

سوئال: دۈشمەندىن قانداق قىلغاندا ساقلانغىلى بولىدۇ؟ ........ 183

سوئال: دۈشمەننى كۆپەيتىۋالماسلىقنىڭ قانداق چارىلىرى بار؟ ... 184

**دىيانەت** ........ 187

سوئال: دىيانەتنىڭ هۆكمى نېمە؟ دىيانەتلىك بولۇشنىڭ پايدىلىرى قايسىلار؟ ........ 187

سوئال: كىشىلەر هازىر دىيانەتلىك بولۇشتىنمۇ بەك يۇلغا ئەقىدە قىلىدىغان بولۇپ كەتتى. مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، دىيانەتلىك كىشىلەر ئازلاپ كېتەمدۇ - قانداق؟ ........ 188

سوئال: هازىرقى دىيانەتلىك كىشىلەرنىڭ بەلگىلىرى قايسىلار؟ ئۇلار ئەمەلىي هەرىكىتى ئارقىلىق بىزگە قانداق ياخشى خۇلقلارنى ئۆگىتىدۇ؟ ........ 189

**راستچىللىق ۋە توغرىلىق** ........ 191

سوئال: راستچىللىق كىشىگە قانداق شەرەپلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ؟ ........ 191

سوئال: راستچىل بولۇشتا نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟ ... 196

سوئال: توغرا بولۇشنىڭ ئۆلچىمى نېمە؟ ........ 196

سوئال: ھەققانىيەتلىك بولۇش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟ ... 197

**سالاملىشىش ئەدەپلىرى** ........ 198

سوئال: خەلقىمىز سالاملىشىشتا قانداق قائىدىلەرگە ئەمەل قىلىدۇ؟ ........ 198

**سەۋر** ........ 209

سوئال: سەۋرنىڭ قانداق پايدىلىق تەرەپلىرى بار؟ نېمىشقا كىشىلەر سەۋر قىلىشقا ئۈندىلىدۇ؟ ........ 209

سوئال: سەۋرنىڭ پەزىلەتلىرى قايسىلار؟ ........ 210

**سۆھبەت ئەھلىنىڭ ئەدەپلىرى** ........ 212

سوئال: سۆھبەت ئەھلى رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئەدەپلەر قايسىلار؟ ........ 212

**سۈكۈت** ........ 218

سوئال: سۈكۈت قىلىشنىڭ قانداق پايدىلىق تەرەپلىرى بار؟ سۈكۈت قىلىشنى نېمە ئۈچۈن شۇنچە ئەۋزەل دەيمىز؟ ........ 218

**سىر ساقلاش** ........ 221

سوئال: سىر ساقلاشنىڭ قانداق مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرى بار؟ نېمە ئۈچۈن سىر ساقلاشنى مۇھىم دەيمىز؟ ........ 221

**شەھۋەت** …… 223

سوئال: شەھۋەتخورلۇق خەلقىمىز ئارىسىدا قەدىمدىن ھازىرغىچە ئەيىبلىنىپ كېلىۋاتقان يامان خۇيدۇر. بۇنىڭ قانداق زىيانلىق تەرەپلىرى بار؟ …… 223

سوئال: ھازىر ياشلارنىڭ ئارىسىدا دىل بۇزۇقچىلىق، شەھۋەتخورلۇق ئەۋج ئېلىپ، نۇرغۇن ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى، ھەتتا قانلىق پاجىئەلەرنى پەيدا قىلماقتا. بۇنداق قىلىشنىڭ قانداق يامان ئاقىۋەتلىرى بار؟ …… 224

**غەيۋەت** …… 227

سوئال: غەيۋەت دېگەن نېمە؟ غەيۋەت قانداق يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ؟ …… 227

سوئال: غەيۋەتنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرى قايسىلار؟ …… 228

سوئال: غەيۋەتتىن قۇتۇلۇشنىڭ ئەپچىل چارىسى بارمۇ؟ …… 230

سوئال: كىشىلەرنى لەقىمى بىلەن چاقىرىشمۇ (ئەمەت تاز، نەمەت چوقۇر، ھېزىم ئالغاي... دېگەندەك) غەيۋەت ھېسابلىنامدۇ؟ …… 231

سوئال: قېرىنداشلىرىمنى ئاق - قارىنى پەرق قىلىۋالسۇن دېگەن مەقسەتتە، باشقىلارنى پالانچى قىمارۋاز، پۈستانچى زابوي دەپ نەسىھەت قىلسام غەيۋەت بولامدۇ؟ …… 232

**قانائەت** …… 233

سوئال: قانائەتكە قانداق تەبىر بېرىلىدۇ؟ …… 233

سوئال: قانائەتنى ئۆزىگە يار قىلغان كىشىلەر قانداق پەزىلەتلەرگە ئىگە بولىدۇ؟ …… 234

**قورقۇنچاقلىق** …… 236

سوئال: قورقۇنچاقلىقنىڭ يامان تەرەپلىرى قايسىلار؟ …… 236

سوئال: قورقۇنچاقلىق باتۇرلۇقنىڭ تەتۈرىسى. مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، قورقۇنچاقلىق قانداق يامان ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ؟ بۇنى مىساللار ئارقىلىق سۆزلەپ بېرىڭ. …… 237





**قوشنىدارچىلىق** …… 239

سوئال: قوشنىلار ئارا قانداق مۇناسىۋەتنى ساقلاش كېرەك؟ قوشنىدارچىلىقنىڭ پەزىلەتلىرى قايسىلار؟ …… 239

سوئال: ياخشى قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋەتنى ساقلاشنىڭ قانداق ئەۋزەللىكلىرى بار؟ …… 239

**كۈلۈش** …… 242

سوئال: كۈلۈشكە قانداق تەبىر بېرىلىدۇ؟ …… 242

سوئال: تەبەسسۇم چىراي بولۇشنىڭ قانداق ئەۋزەللىكلىرى بار؟ …… 242

سوئال: قاقاقلاپ كۈلۈش، مەسخىرىلىك كۈلۈش، زاڭلىق قىلىپ كۈلۈشلەر نېمىشقا يامان كۆرۈلىدۇ؟ …… 243

سوئال: خۇشال ياشاش ئۈچۈن چوقۇم كۈلۈپ ياشاشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇنداقتا، قانداق چاغلاردا ۋە قانداق شەكىلدە كۈلۈش مۇۋاپىق؟ …… 244

**كۆپچىلىككە ئەگىشىش** …… 246

سوئال: ھەرقانداق ئىشتا، ھەرقانداق چاغدا كۆپچىلىككە ئەگىشىش كېرەكمۇ ياكى توغرا يولنى تېپىش ئۈچۈن كۆپچىلىككە ئەگىشىش كېرەكمۇ؟ …… 246

سوئال: كۆپچىلىككە ئەگىشىشنىڭ قانداق پايدىلىرى بار؟ كۆپچىلىككە ئەگىشىش ئۈچۈن قانداق شەرتلەرنى ھازىرلاش كېرەك؟ …… 247

سوئال: ئۇنداقتا، سىز دەۋاتقان كۆپچىلىككە ئەگىشىش قانداقتۇر بىر يۇرتتىكى ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىگەن پىكىر ئېقىمىغا ئەگىشىش بولماستىن، بەلكى، بىر پۈتۈن خەلقنىڭ ئاكتىپ روھىي ھالىتىگە ئەگىشىشنى كۆرسىتەمدۇ - قانداق؟ …… 250

**كېڭەشلىك ئىش قىلىش** …… 251

سوئال: نېمە ئۈچۈن كېڭەشلىك ئىش قىلىشنى تەشەببۇس قىلىمىز؟ …… 251

سوئال: كېڭەشلىك ئىش قىلغاندا نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟ ...... 252
سوئال: بەزى ئىدارىلەرنىڭ باشلىقلىرى مەلۇم بىر ئىشلارنى قارار قىلىشتىن ئىلگىرى قول ئاستىدىكىلىرى بىلەن كېڭەش قىلىپ، ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئېلىپ قىلسا ياخشى بولامدۇ ياكى ئۆز ئالدىغا بېكىتسە ياخشى بولامدۇ؟ ...... 253
**كىتاب ئوقۇش** ...... 255
سوئال: كىتاب ئوقۇشنىڭ قانداق پايدىلىرى بار؟ قانداق كىتابلارنى ئوقۇش ئەڭ مۇۋاپىق؟ ...... 255
سوئال: كىتابنىڭ قانداق خۇسۇسىيەتلىرى بار؟ ...... 256
سوئال: كىتاب ئوقۇش ئادىتىنى قانداق يېتىلدۈرۈش كېرەك؟ ... 257
سوئال: مېنىڭ بالام ئۈچىنچى سىنىپقا چىقتى، كىچىكىدىن باشلاپ ئۇنىڭغا خىلمۇ خىل كىتابلارنى ئېلىپ بېرىمەن. لېكىن، يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان ئۇنىڭ كىتاب ئوقۇشقا قىزىقماس بولۇپ قالغانلىقىنى، تاپشۇرۇق ئىشلىگەندىن باشقا ۋاقىتلاردا مەن ئېلىپ بەرگەن كىتابلارغا قارىمايدىغانلىقىنى، تاپشۇرۇق ئىشلەپ بولۇپلا تېلېۋىزورغا مىختەك قادىلىپ ئولتۇرىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدىم. بالامنى كىتاب ئوقۇشقا قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن قانداق ئاماللارنى قوللانسام بولار؟ ... 259
سوئال: كىتابنىڭ زىيانلىق تەرەپلىرىدىن قانداق ساقلىنىش كېرەك؟ ...... 262
**كىيىم كىيىش ئەدەپلىرى** ...... 264
سوئال: خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىم كىيىش ئەدەپلىرى قايسىلار؟ كىيىم كىيىشتە قانداق ئەمەللەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟ ... 264
**گۈزەل ئەخلاق** ...... 265
سوئال: گۈزەل ئەخلاقلىق كىشىلەرنىڭ قانداق خىسلەتلىرى بار؟ ...... 266
سوئال: ياخشى كىشى بولۇش ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلىش كېرەك؟ ... 267



سوئال: ياخشى خۇيلۇق بولۇشنى ساقلاش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟ ...... 267
سوئال: قانداق قىلغاندا باشقىلارنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئاسان ئېرىشكىلى بولىدۇ؟ ...... 268
سوئال: مەن مۇشۇ يېشىمغىچە نۇرغۇن كىشىلەرنى ئۇچراتتىم، بۇلارنىڭ ئىچىدە گۈزەل ئەخلاقلىق كىشىلەرمۇ ئاز ئەمەس. ئەمما مېنىڭ بىر ئەپسۇسلىنىشىم بار، بەزى كىشىلەرنىڭ مىجەزى ياخشى، سەمىمىي، بارلىق گۈزەل خۇيلارنى ئۆزلىرىگە مۇجەسسەم قىلغان بولسىمۇ، بەزىدە بەزىبىر يامان خۇيلاردىن خالىي ئەمەس ئىكەن. بەزى كىشىلەرنىڭ ھاراق ئىچىپ جېدەل چىقىرىدىغان، ھاراقتىن خۇشاللىق تاپىدىغان يامان خۇيى بار ئىكەن، بەزىلەر ھاراق ئىچمىگەن بىلەن غەيۋەت - شىكايەت، چېقىمچىلىقتىن خالىي بولالمايدىكەن. قىسقىسى، ئۇلارنىڭ ئەخلاقى مۇكەممەل ئەمەس ئىكەن، ئۇنداقتا، جەمئىيىتىمىزدىكى كىشىلەرنىڭ ئەخلاقىغا قانداق باھا بېرىش كېرەك؟ ...... 269
**گۈزەللىك** ...... 271
سوئال: ئادەمدە قانچە خىل گۈزەللىك بولىدۇ؟ ئادەم ھەقىقىي گۈزەل بولۇش ئۈچۈن قانداق قىلىشى كېرەك؟ ...... 271
سوئال: قەدىمدىن ھازىرغىچە ئاقىللار چىرايى گۈزەل بولۇشنى ئەمەس، قەلبى گۈزەل بولۇشنى قوغلىشىشنى تەشەببۇس قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئەمما ئىنسانلاردا ھۆسن گۈزەللىكىنى قوغلىشىدىغان خاھىش شۇنچىلىك كۈچلۈككى، گۈزەللىك دېگەندە مانا مۇشۇ تاشقى قىياپىتى گۈزەللەر كۆزدە تۇتۇلىدىغان ئەھۋال ناھايىتى كۆپ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشقى گۈزەللىك بىلەن ئىچكى گۈزەللىك باشقا - باشقا نەرسە ئەمەس، بەزىدە تاشقى گۈزەللىك بىلەن ئىچكى گۈزەللىك بىرلىشىپ كېتىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار، قەلبى ئىنتايىن گۈزەل، ھۆسنىمۇ ھەر ھالدا گۈزەل، يېقىملىق بولغان كىشىلەرمۇ خېلى كۆپ نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ. ئۇنداقتا، مۇشۇنداق ئەھۋالدا گۈزەللىكنىڭ ئۆلچىمى زادى قانداق بولۇشى

كېرەك؟ ...... 272

**گۇناھنى ئۆزىدىن ئىزدەش** ...... 274

سوئال: نېمە ئۈچۈن گۇناھنى ئالدى بىلەن ئۆزىمىزدىن ئىزدەيمىز؟ ...... 274

**لەقەم قويۇش** ...... 276

سوئال: بىرسىگە لەقەم قويۇش ياكى لەقىمى بىلەن چاقىرىشقا بولامدۇ؟ لەقەمنىڭ ماھىيىتى زادى نېمە؟ ...... 276

سوئال: بەزىدە كىشىلەرنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن لەقەمدىن پايدىلىنىشقا توغرا كېلىدۇ، مۇشۇنداق چاغلاردا سەت لەقىمى بارلارنى قانداق ئاتاش كېرەك؟ ...... 278

سوئال: بەزىلەر ھازىر خەلقىمىز ئارىسىدىكى لەقەملەرنى جەمەت فامىلىسى ئورنىدا ئىشلىتىش كېرەك، دېگەننى كۆچەپ تەشەببۇس قىلىۋاتىدۇ. لەقەملەرنى فامىلە ئورنىدا ئىشلىتىشكە بولامدۇ؟ بۇنىڭ بىرەر ئىلمىي ئاساسى بارمۇ؟ ...... 279

**ماختاش ۋە ماختىنىش** ...... 281

سوئال: ھەقلىق بولغان تەقدىردىمۇ بىر كىشىنى يۈزىدىن يۈزىگە ماختاشقا بولامدۇ؟ ...... 281

سوئال: چەكتىن ئاشۇرۇپ ماختاشنىڭ قانداق زىيانلىق تەرەپلىرى بار؟ ...... 281

سوئال: بەزى كىشىلەر باركى، ياخشى ئىش قىلسۇن ياكى يامان ئىش قىلسۇن، ئۇلارنى پەقەت ماختاشقىلا بولىدۇ، قىلغان ئىشىغا تۈزىتىش پىكرى بېرىشكە قەتئىي بولمايدۇ. بولمىسا بۇلار ئاسانلا تېرىكىپ قالىدۇ، ئىچىدە غۇم ساقلايدۇ، ھەتتا پۇرسەت تېپىپ ئۆچ ئېلىشتىنمۇ يانمايدۇ. بۇنداقلارغا قانداق ئامال قوللىنىش كېرەك؟ ...... 282

سوئال: ماختىنىش كېسەللىكىدىن قانداق قۇتۇلغىلى بولار؟ ... 284

**مالنى خەيرلىك ئىشلارغا سەرپ قىلىش** ...... 286

سوئال: مالنى خەيرلىك ئىشلارغا سەرپ قىلىشنىڭ پەزىلىتى





نېمە؟ ...... 286

سوئال: مالنى خەيرلىك ئىشلارغا سەرپ قىلىش ئۈچۈن قانداق شەرتلەرنى ھازىرلاش كېرەك؟ ...... 287

سوئال: خەلقىمىز ئارىسىدا مالنى خەيرلىك ئىشلارغا سەرپ قىلىش ئەنئەنىسى قەدىمدىن ھازىرغىچە ناھايىتى كەڭ كۆلەمدە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. مەكتەپ سېلىش مانا بۇنىڭ تىپىك مىسالى. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مەرىپەتپەرۋەر بايلار، زىيالىيلار ھەرقايسى يۇرتلارغا مەكتەپ سېلىپ مەرىپەت نۇرىنى تارقاتقان بولسا، بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئىدىيىسى ئويغاق يېڭى بايلىرىمىز بۇ ئەنئەنىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە. مۇشۇلارغا بىرلەشتۈرۈپ مالنى خەيرلىك ئىشلارغا سەرپ قىلىشنىڭ ئەھمىيىتىنى سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز؟ ...... 287

**مەردلىك ۋە سېخىيلىق** ...... 290

سوئال: مەردلىكنىڭ پەزىلىتى قايسىلار؟ ...... 290

سوئال: خەسىسلىك دېگەن نېمە؟ مەرد بولۇش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟ ...... 290

سوئال: مەردلىك دېگەن نېمە، قانداق ئادەملەرنى مەرد دەيمىز؟ ... 291

سوئال: ئاۋۋال جان ئاندىن جانان دېيىش توغرىمۇ؟ لازىملىق بىر نەرسىنى باشقا بىرسىگە بېرىش گۇناھمۇ؟ ...... 293

سوئال: سېخىيلىقنىڭ ئالامەتلىرى قايسىلار؟ ...... 296

**مۇلايىملىق** ...... 297

سوئال: مۇلايىملىقنىڭ قانداق سۈپەتلىرى بار؟ ...... 297

سوئال: مۇلايىملىق ئىنسانغا ئەڭ يارىشىدىغان ئېسىل سۈپەتلەرنىڭ بىرى ئىكەن. لېكىن، بەزىبىر مۇلايىم دەپ قارىلىدىغان كىشىلەرنى كۆرىمىزكى، ئۇلارنىڭ مۇلايىملىقى چەكتىن ئېشىپ كەتكەچكە، ئېزىلەڭگۇ، بوشاڭ بولۇپ قالغان. مۇلايىملىقنى ئەڭ توغرا، ساغلام شەكىلدە ئىپادىلەش ئۈچۈن قانداق ئۇسۇل قوللىنىش لازىم؟ ...... 298

سوئال: خۇش مۇئامىلە ھەممە كىشىگە يارىشىدىغان ئېسىل

سۇپەتلەرنىڭ بىرى، ئۇ مۇلايىملىقنىڭ ئەڭ چوڭ بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ. لېكىن بەزى كىشىلەر ھېجىيىپ، خۇش تەبەسسۇم قىلىپ يۈرگىنى بىلەن، ئىچىدە تۇڭگۈز قاترايدىغانلار يەنىلا كۆپ، بەزى كىشىلەرنىڭ چىرايى جىددىي، قوپال كۆرۈنگىنى بىلەن، يۇمشاق كۆڭۈل، مۇلايىم، ھەققانىيەتچى كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ چىرايىغا قاراپ باھا بەرگىلى بولمايدۇ. ئۇنداقتا، ھەقىقىي مۇلايىم كىشىلەرنى قانداق پەرقلەندۈرۈش كېرەك؟ ...... 300

**مېھماندارچىلىق ئەدەپلىرى ...... 302**

سوئال: تاماق ئەتكۈچىنىڭ قانداق ئەدەبلىرى بار؟ تاماق ئەتكەندە نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟ ئۆزى قول سېلىپ تاماق ئېتىشنىڭ قانداق ئەھمىيىتى بار؟ ...... 302

سوئال: تاماق ۋاقتىدا قانداق ئەدەپلەرگە دىققەت قىلىش لازىم؟ ... 306

سوئال: ساھىبخانىنىڭ مېھمانغا كۆرسىتىدىغان ئەدەپلىرى قايسىلار؟ ...... 308

سوئال: مېھماننىڭ ساھىبخانىغا كۆرسىتىدىغان ئەدەپلىرى قايسىلار؟ ...... 314

سوئال: يېمەك - ئىچمەكتىكى ئەدەپ ۋە پەرھىزلەر قايسىلار؟ بۇلارغا ئەمەل قىلىشنىڭ قانداق مۇھىم ئەھمىيىتى بار؟ ...... 316

**نادانلىق ...... 322**

سوئال: نادانلىققا قانداق تەبىر بېرىلىدۇ؟ ...... 322

سوئال: بۈگۈنكى كۈندە نادانلىق يەنىلا ئېغىر ئىجتىمائىي مەسىلىگە ئايلانماقتا. نادانلىقنى تۈگىتىش ئۈچۈن قانداق چارىلەرنى قوللىنىش كېرەك؟ ...... 323

**نەپس ئۆلچىمى ...... 326**

سوئال: نەپسنىڭ كەينىگە كىرىش - كىرمەسلىك بىر ئادەمنىڭ ئەخلاقلىق ياكى ئەخلاقسىزلىقىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم ئۆلچەملەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. خەلقىمىزنىڭ ئۆتمۈشتىن بېرى داۋاملىشىپ



كېلىۋاتقان نەپس ئۆلچىمى قانداق بېكىتىلگەن؟ نەپسنى قانداق كونترول قىلىش كېرەك؟ ...... 326

سوئال: ئادەم ھېرىسلىقى ۋە نەپسىگە ئىگە بولالمايدىغانلىقى سەۋەبلىك ھەرقانچە ئەقىللىق، ئېھتىياتچان بولغان تەقدىردىمۇ خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويىدۇ، ھەتتا نۇرغۇن مۇشكۈلاتلارغىمۇ مۇشۇ سەۋەبتىن يولۇقۇشى مۇمكىن. ئۇنداق بولسا، نەپسانىيەتچىلىكنىڭ قانداق زىيانلىرى بار؟ ...... 327

**ئار - نومۇس ...... 330**

سوئال: ئار - نومۇس خەلقىمىزنىڭ ئەخلاق نورمىسىدا ناھايىتى يۈكسەك ئورۇندا تۇرىدۇ. نومۇسلۇق بولغاندىلا ئادەم ئۆزىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى ساقلىيالايدۇ ۋە كىشىلەرنىڭ ھىمايىسىگە، ئىشەنچىسىگە ئېرىشەلەيدۇ. ئۇنداقتا، خەلقىمىزنىڭ نەزىرىدىكى ئار - نومۇس قايسى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟ ...... 330

سوئال: ئار - نومۇسنى قانداق ساقلاش كېرەك؟ ...... 332

سوئال: خەلقىمىزنىڭ نومۇس چۈشەنچىسىنى كەڭرەك تەھلىل قىلىپ بەرسىڭىز قانداق؟ ...... 333

سوئال: ئۇنداقتا، نومۇسلۇق ئىنسان بولۇش، نومۇسسىزلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟ ...... 336

**ھاماقەتلىك ...... 339**

سوئال: ھاماقەتلىك قانداق پەيدا بولىدۇ؟ ھاماقەتلىك كىشىگە قانداق زىيانلارنى ئېلىپ كېلىدۇ؟ ...... 339

سوئال: ھاماقەتلىك، ئەخمەقلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش مۇمكىنمۇ؟ ...... 340

سوئال: بەزى كىشىلەر ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن، تېخنىكا ۋە ئىلىمدە يېتىشكەن تۇرۇقلۇقمۇ، ئىنتايىن بىمەنە، ئەخمەقلەرچە ئىش قىلىپ قويىدىكەن، بۇنى قانداق چۈشىنىمىز؟ ...... 341

**ھاقارەت ...... 343**

سوئال: نېمىشقا باشقىلارغا ھاقارەت قىلىش ئەدەپسىزلىكنىڭ

بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ؟ قانداق قىلغاندا بۇنداق يامان ئادەتنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ؟ ........ 343

سوئال: زامانىمىزدا كىشىلەرنى ھاقارەتلەشنىڭ قانداق يېڭى شەكىللىرى بار؟ ........ 344

**ھايا** ........ 347

سوئال: خەلقىمىز جامائەت ئەخلاقىدا ھايانىڭ ئورنى ناھايىتى يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ. ھايالىق بولۇشنىڭ قانداق ئەۋزەللىكلىرى بار؟ ........ 347

سوئال: تۇرمۇشىمىزدا مەھرەم تېمىلار دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ، ئۇنى سوراشقا توغرا كەلگەندە، قانداق سوراش لازىم؟ ........ 348

سوئال: بەزى كىشىلەر سەت گەپلىشىدۇ، ئەيىب نەرسىلەرنى سۆزلەيدۇ. كىشىلەر ئۆچ كۆرىدىغان پاسكىنا ئىشلارنى قىلىدۇ. بۇلارغا قانداق قاراش كېرەك؟ ئۇلار بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا نېمىلەرگە دىققەت قىلىش تەكىتلىنىدۇ؟ ........ 348

سوئال: ھايانىڭ قانداق سۈپەتلىرى بار؟ ........ 349

سوئال: ئايالالر ھايا ۋە ئىپپەتكە قانداق ئەمەل قىلىشى كېرەك؟ ... 350

**ھەسەت قىلماق** ........ 353

سوئال: ھەسەت دېگەن نېمە؟ كىشىلەر نېمىشقا بىر - بىرىگە ھەسەت قىلىشىدۇ؟ ........ 353

سوئال: ھەسەتخورلۇقنىڭ قانداق زىيانلىرى بار؟ ........ 355

**ھۇرۇنلۇقنىڭ يامان ئاقىۋىتى** ........ 358

سوئال: ھۇرۇنلۇق قانداق يامان خۇي؟ نېمە ئۈچۈن ھۇرۇنلۇقتىن ساقلىنىشنى تەۋسىيە قىلىمىز؟ ........ 358

سوئال: زامانىمىزدىكى ھۇرۇنلار ھەققىدە سۆزلەپ بېرەمسىز؟ ... 360

سوئال: ھۇرۇنلۇق ئاپىتى ۋە تىرىشچانلىقنىڭ پايدىسى ھەققىدە بىر - ئىككى ئېغىز سۆزلەپ بېرىڭ. ........ 361

**ھۈنەر** ........ 363

سوئال: خەلقىمىز ھۈنەرنىڭ ھېكمىتىنى قانداق تەرەپلەردىن





چۈشەنگەن؟ ھۈنەرنىڭ يەنە قانداق خاسىيەتلىرى بار؟ ........ 363

سوئال: ئۇنداقتا، ھۈنەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەك؟ ... 365

سوئال: ھازىر زامان تەرەققىي قىلىپ كەتتى، نۇرغۇن ھۈنەرلەرمۇ زامانىۋى ئۈسكۈنىلەر بىلەن قوراللىنىپ تەرەققىي قىلدى. مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدا، قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنى ئۆگىنىش كېرەكمۇ ياكى زامانىۋى ھۈنەرلەرنى ئۆگىنىش كېرەكمۇ؟ ........ 368

**ھىيلە - مىكىر** ........ 370

سوئال: ھىيلىگەرلىكنىڭ قانداق سۈپەتلىرى بار؟ ........ 370

سوئال: بىر كىشى ھىيلىگەرلىك قىلىپ سىزنىڭ ئىشلىرىڭىزغا پۇتلىكاشاڭ بولسا، قانداق قىلىشىڭىز كېرەك؟ ........ 370

سوئال: دوستلار سىزگە ھىيلە ئىشلەتسە قانداق قىلىش كېرەك؟ ........ 371

سوئال: ھىيلە - مىكىرنىڭ قانداق زىيانلىق تەرەپلىرى بار؟ ... 372

**ئوغرىلىق** ........ 374

سوئال: ئوغرىلىقنىڭ تەبىرى نېمە؟ ئوغرىلىقنىڭ نومۇس ئىش ئىكەنلىكىنى قايسى تەرەپلەردىن چۈشىنىش مۇمكىن؟ ........ 374

سوئال: ئىلگىرى ئوغرىلىق ناھايىتى يامان كۆرۈلگەچكە، تۇتۇلغان ئوغرىلارغا ئېغىر جازا بېرىلگەن، ئەمما ھازىر ئوغرىلارغا ناھايىتى يېنىك جازا بېرىلىدۇ. شۇڭا، ئوغرىلار كۆپىيىپ كېتىۋاتىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئوغرىلارغا بېرىلىدىغان جازانى ئېغىرلىتىش كېرەكمۇ، قانداق؟ بالىلارنى ئوغرىلىقتىن ساقلاش ئۈچۈن قانداق تەربىيە بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش مۇۋاپىق؟ ........ 375

**ئىبرەت كۆزى بىلەن قاراش** ........ 378

سوئال: ئەتراپىمىزدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارغا ئىبرەت كۆزى بىلەن قاراش قانداق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟ ........ 378

سوئال: ئىبرەت كۆزى بىلەن قاراشنىڭ قانداق پايدىلىق تەرەپلىرى بار؟ ........ 379

**ئىپپەت** ...... 381
سوئال: ئىپپەتنىڭ ھۆكمى قايسى؟ ئىپپەتلىك بولۇشنىڭ قانداق ئەۋزەللىكلىرى بار؟ ...... 381
سوئال: ئىپپەتنىڭ يەنە قانداق مەنىلىرى بار؟ ...... 383
سوئال: ئىپپەتلىك كىشىنىڭ سۈپىتى قانداق بولىدۇ؟ ...... 384
سوئال: ئىپپەتلىك بولۇش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟ ...... 385
سوئال: ئىپپەتلىك كىشىلەر قانداق شەرەپلەرگە نائىل بولىدۇ؟ ...... 385
**ئىتائەت** ...... 388
سوئال: ئىتائەت قىلىشنىڭ ھۆكمى قانداق؟ نېمە ئۈچۈن بىز ئىتائەت قىلىشنى ئەلا بىلىمىز؟ ...... 388
سوئال: ھەركىمگە ئىتائەت قىلىشقا بولامدۇ؟ ئىتائەت قىلىشنىڭ قانداق شەرتلىرى بار؟ ...... 388
**ئىچىملىككە بېرىلىش** ...... 390
سوئال: ئىچىملىككە بېرىلىشنىڭ زىيانلىرى قايسىلار؟ ...... 390
سوئال: بالىلارغا ئىچىملىكتىن ساقلىنىش تەربىيىسىنى قانداق بېرىش كېرەك؟ ...... 391
**ئىسراپچىلىق** ...... 394
سوئال: ئىسراپچىلىق دېگەن نېمە؟ ...... 394
سوئال: ئىسراپچىلىقنىڭ سەۋەبلىرى قايسىلار؟ ...... 395
سوئال: قىممەت باھالىق كىيىملەرنى ئالسا ئىسراپچىلىق بولامدۇ؟ ...... 396
ئىشلەش ...... 397
سوئال: نېمە ئۈچۈن ئىشلەشنى ھەممىدىن ئەۋزەل دەيمىز؟ ...... 397
سوئال: ئىشلەشنىڭ كىشىگە قانداق پايدىلىق تەرەپلىرى بار؟ ...... 397
سوئال: ئىشلەشنىڭ قانداق پەزىلەتلىرى بار؟ ...... 398
**ئىلىملىك بولۇش** ...... 401
سوئال: ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ قانداق خاسىيەتلىرى بار؟ ...... 401
سوئال: ئىلىمنىڭ ماھىيىتى نېمە؟ ...... 403



**ۋاپا ۋە ساداقەت** ...... 406
سوئال: ساداقەتلىك كىشىنىڭ قانداق پەزىلەتلىرى بار؟ ساداقەتلىك بولۇش ئۈچۈن قانداق شەرتلەرنى ھازىرلاش كېرەك؟ ...... 406
سوئال: ساداقەتتە چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن قانداق چارىلەرنى قوللىنىش لازىم؟ ...... 407
سوئال: قانداق قىلغاندا ۋاپا ۋە ساداقەتلىك بولغىلى بولىدۇ؟ ...... 407
**ۋەتەن** ...... 410
سوئال: ۋەتەن دېگەن نېمە؟ نېمە ئۈچۈن ۋەتىنىمىزنى قىزغىن سۆيۈشىمىز كېرەك؟ ...... 410
سوئال: ۋەتەن مۇھەببىتى ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز. ...... 415
**ۋىجدان** ...... 417
سوئال: ۋىجدان دېگەن نېمە؟ ۋىجدانلىق بولۇشنى قانداق ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك؟ ...... 417
سوئال: ۋىجدانلىق كىشىنىڭ قانداق ھاياتىي ۋەزىپىلىرى بار؟ ...... 418
**ياخشىلىق** ...... 420
سوئال: كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىشنىڭ قانداق ئەۋزەل تەرەپلىرى بار؟ ...... 420
سوئال: ياخشى خۇلقلارنى قانداق يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ؟ ...... 422
سوئال: ئۇنداق بولسا، تەربىيىنى قاچاندىن باشلاش كېرەك؟ ...... 424
سوئال: ياخشى خۇلقلىق كىشىلەرنىڭ قانداق سۈپەتلىرى بار؟ ...... 426
سوئال: ياخشىلار بىلەن يولداش بولۇشنىڭ قانداق ئەۋزەللىكلىرى بار؟ ...... 426
**يالغانچىلىق** ...... 428
سوئال: يالغانچىلىققا قانداق تەبىر بېرىلىدۇ؟ ئۇنىڭدىن قانداق ساقلىنىش كېرەك؟ ...... 428
سوئال: يالغانچىلىقنىڭ قانداق زىيانلىرى بار؟ ...... 429
پايدىلانغان ماتېرىياللار ...... 433

# ئاتىنىڭ ئەدەپلىرى

**سوئال: خەلقىمىزنىڭ نەزىرىدە ئاتا قانداق سۈپەتلىنىدۇ؟ ئاتا نېمە ئۈچۈن شۇنچە ئۇلۇغ؟**

ئاتا ئاددىي چۈشەنچە بويىچە ئېيتقاندا بالا - چاقىلىق ئەر كىشىنى، ئائىلە باشلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما، «ئاتا» دېگەن سۆز خەلقىمىزنىڭ نەزىرىدە ئۇنچىلىك ئاددىي مەنىنى بىلدۈرمەيدۇ. ئاتا مىسالى قۇدرەتلىك تاغ، ئائىلىنىڭ مۇستەھكەم، پۈكۈلمەس تايانچى.

ئائىلىدە ۋە ئۇنىڭ شەكىللىنىشىدە ئاتىنىڭ مەسئۇلىيىتى، جاۋابكارلىقى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇ جىسمانىي، ئىجتىمائىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن مۇھىم ۋەزىپىلەرنى بېجىرىشى كېرەك.

ئائىلىنى ماددىي جەھەتتىن كاپالەندۇرۇش، ئايالى ۋە بالىلىرى ئۈچۈن مەسئۇل بولۇش، ياشانغان ئاتا - ئانىلارغا غەمخورلۇق قىلىش ئاتىنىڭ زىممىسىدىدۇر.

بىر دانىشمەن «تەربىيە ئاتىدىن» دېگەن ئىكەن. ئاتىنىڭ مەنىۋى قىياپىتى ئۇنىڭ تەربىيىچى سۈپىتىدىكى ئورنىنى بەلگىلەيدۇ. كۆپ ساندىكى يىگىتلەر ئاتا بولغاندىن كېيىن، بالىلىق ۋە ياشلىق چاغلىرىدىكى قىلىقلىرىنى تاشلايدۇ. ئاتىغا خاس ۋەزىنلىك، ئەقلىي ئويغۇنلۇق، ئۇلۇغۋارلىق كەبى سۈپەتلەرنى ئۆزىدە هازىرلاشقا تىرىشىدۇ.

ئاتا ئەۋلادلارنىڭ مەنىۋىيىتى ۋە قەدىر - قىممىتىنى ئەۋلادلارغا يەتكۈزگۈچى ئاساسىي شەخستۇر. تەربىيە بېرىدىغان شەخسنىڭ ئۆزى خۇددى بوۋىلار ئېيتقاندەك تەربىيىلىك،

ھەققانىي ۋە بەركامال ئىنسان بولۇشى كېرەك. پەرزەنتكە نىسبەتەن ئاتا ئاساسىي ئېتىقاد نۇقتىسىغا ئايلانمىسا ۋە ئۇلۇغلانمىسا، ئائىلە تەربىيىسى مۇكەممەل بولمايدۇ. ئاتا بولۇش بىر خىل مەردلىك ۋە جاسارەتتۇر.

## سوئال: ئاتىنىڭ پەرزەنت تەربىيىسىدىكى رولى قانداق؟

جاۋاب: شۇنى چوڭقۇر چۈشەنمەك كېرەككى، ئاتا ئۆچۈن پەرزەنتلىرىدىنمۇ يېقىن كىشى يوق ۋە ئاتىنىڭ پەرزەنتىگە بولغان مۇھەببىتىنىڭ نەقەدەر يۈكسەكلىكىنى بايان قىلماق ناھايىتى قىيىن! لېكىن، شۇنىڭغا قارىماي، پەرزەنت ئاتا ئالدىدا ئازغىنا ئەدەپسىزلىك قىلسا، پەرزەنت مۇھەببىتى ئاتا نەزىرىدە تۆۋەنلەيدۇ ھەم ئۇنىڭغا جازا ۋە تەنبىھ بېرىشكە باشلايدۇ. ئەگەردە، ئاتا بىلەن پەرزەنت ئوتتۇرىسىدىكى ئەھۋال شۇنداق بولار ئىكەن، بىر ـ بىرىگە ئالاقىسى ۋە يېقىنچىلىقى شۇنداق بولار ئىكەن، بىر ـ بىرىگە ئالاقىسى ۋە يېقىنچىلىقى بولمىغان كىشىلەر ئارىسىدا ئەدەپسىزلىك يۈز بەرسە، قايسى دەرىجىدە كۆڭۈلسىزلىك بولۇشىنى ھەر كىم ئۆزى پەملەپ بىلىۋالغاي.

قەدىمكى كىتابلاردا پەرزەنت توغرىسىدا تۆۋەندىكى سۆزلەر ئېيتىلىدۇ: «پەرزەنت ئاتا ـ ئانا قولىدىكى ئامانەتتۇر، ئۇنىڭ دىلى بولسا نەپىس گۆھەرگە ئوخشايدۇ. گۆھەرگە ھەر خىل نەقىشلەرنى قويۇش مۇمكىن بولغىنىغا ئوخشاش، بالا دىلىغىمۇ تۈرلۈك پىكىرلەر نەقىشىنى سىېلىشقا بولىدۇ. بالا قەلبى تازا يەرگە ئوخشاشكى، ئۇنىڭغا قانداق ئۇرۇق سەپسەڭ شۇ ئۇرۇق ئۈنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىلار بىلەن ئوقۇتقۇچىلار بۇ ئىشتا ئۆز ئارا ھەمكارلىشىپ، پەرزەنتلەر دىلىغا ياخشىلىق ئۇرۇقىنى سەپمەكلىرى لازىم.»

ئاتىلارنىڭ ئۆز پەرزىنتلىرىگە بولغان مۇھەببەت قەسرى ئاساسلىرىدىن بىرى پۈتۈن كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى سەرپ قىلىپ





پەرزەنتلىرىنى پاراسەت، كامالەت بىلەن بېزەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىنى كەسىپ ـ ھۈنەر كىيىمى بىلەن كىيىندۈرمەكتىن ئىبارەتتۇر.

ئاتىلىرىمىز ئائىلىنىڭ يىرىقىنى يېقىن، يوقىنى بار قىلىش ئۈچۈن دائىم ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۇلار بىزلەرنىڭ تۇرۇشىمىز ئۈچۈن ئۆي ـ جاي ھازىرلايدۇ، كىيىندۈرۈش ئۈچۈن كىيىم ـ كېچەك تاپىدۇ، ئىچىشىمىز ۋە يېيىشىمىز ئۈچۈن، ئاش ـ نان تېپىش كويىدا بولىدۇ. قىسقىسى، ھەر بىر ئائىلىنىڭ گۈللەپ ـ ياشنىشى ئۈچۈن بىرىنچى بولۇپ ھەرىكەت قىلغۇچى كىشى ئاتىدۇر.

## سوئال: تەربىيىلىك ئاتىنىڭ سۈپىتى قانداق؟

جاۋاب: تەربىيىلىك، ئەدەپلىك ئەر ئۆز ئايالىنى دائىم ھۆرمەتلەيدۇ، كۆڭلىنى رەنجىتمەيدۇ. ئۇنىڭ بىلەن بار مەسلىھەت ئىش قىلىدۇ، ئايالى ۋە پەرزەنتلىرىگە ئىللىق چىراي، شېرىن سۆز بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ، يېمەك ـ ئىچمەك تەرىپىدىن تەڭلىكتە قويمايدۇ، ئۇلارنىڭ راھەت تۇرمۇشى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ. تاپقىنىنى بىھۇدە يەرگە ئەمەس، ئائىلىسىنىڭ ھاجىتى ئۈچۈنلا سەرپ قىلىدۇ. ئوتۇن، كۆمۈر، سۇ كەلتۈرۈشكە ئوخشاش ئىشلاردا ئايالىغا ياردەم قىلىدۇ. كەچقۇرۇن ئىشتىن يانغاندا كوچا ـ كويلاردا ئېگىز ـ پەس دەسسەپ يۈرمەي، ئۇدۇل ئۆيىگە قايتىدۇ. خوتۇن ـ بالىلىرى، ئاتا ـ ئانا، ئاكا ـ ئۇكىلىرى ۋە قېرىنداش، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى ھۆرمەتلەپ، ئۇلار بىلەن ياخشى مۇئامىلىدە بولىدۇ. ئايالىنىڭ بىرەر ئىشىدىن نارازى بولسا، پىكرىنى مۇلايىم ئىزھار قىلىپ، ئۇنىڭغا ياخشى نەسىھەت قىلىدۇ. ئەگەر كېلىن بىلەن قېينانا ئارىسىدا بىرەر كېلىشمەسلىك پەيدا بولۇپ قالسا، ئىككىلىسىگە تەڭ نەسىھەت قىلىپ، ئارىدىكى كېلىشمەسلىكنى تۈگىتىشكە تىرىشىدۇ.

ئاتىنىڭ پەرزەنتىگە بولغان مۇھەببىتى چەكسىزدۇر. چۈنكى، ئۇ پەرزەنتىنى ئۆز سۈرىتىدىن كۆچۈرۈلگەن نۇسخا دەپ چۈشىنىدۇ. ئاتىنىڭ بۇ خىل تەسەۋۋۇرى توغرا. پەرزەنت ئاتىنىڭ بىر جۇزئى سۈرىتىدە خۇلق، مىجەزى ئۇنىڭغا ئوخشايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاتا پەرزەنتىنىڭ تەربىيىسىگە كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئۆزى ئارزۇ قىلغان پەزلۇكامالەتنى پەرزەنتلىرىگە بېرىشكە، ئۇلارنى قابىل قىلىپ يېتىلدۈرۈشكە غەيرەت قىلىدۇ. شۇ مەقسەت ئۈچۈن ھەر قانداق جاپا - مۇشەققەتكە چىدايدۇ. پەرزەنتلىرى توغرۇلۇق خەلقتىن «تەربىيىلىگەن ئاتىسىغا رەھمەت» دېگەن سۆزنى ئاڭلىسا سۆيۈنىدۇ، پەرزەنت ئارقىلىق كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتىشنى ئويلايدۇ، نەۋرە - چەۋرە كۆرۈپ، نەسىل - ئەۋلادىنىڭ داۋاملىشىشىنى ئويلايدۇ.

ئەر بولغان كىشى ئۆزىنىڭ ئايالىغا شەپقەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭغا بىر خادىم ئەمەس، بەلكى رەپىقەم دېگەن نەزەردە قارىسا، ئايالمۇ ئېرىنى مەرھەمەتلىك ھامىيسى بىلىپ، ئۇنىڭ ھەققىنى ئاياغ ئاستى قىلمىسا، ئىككىسى بىر ئېغىزدىن سۆزلەپ، بىر قۇلاق بىلەن ئاڭلىسا، بىرگە قايغۇرۇپ، بىرگە شادلانسا، ئەلۋەتتە بىر - بىرگە بولغان مۇھەببەتلىرى كۈچىيىپ ئارىدىكى ئىتتىپاقلىق بىناسى مەھكەم بولىدۇ. ئەكسىچە، ياخشى ياشاش ھەققىدە قولىدىن كېلىدىغان ئىنتىلىشنى قىلمىسا، تەقدىردىن رەنجىپ بىر - بىرگە ئەيىب يۈكلەشنىڭ ئۆزى ئادىمىلىكتىن ئەمەس.

ئەقىللىق ئەرلەر ئاياللارنىڭ كۆڭلىنىڭ نازۇك، غەمكىن ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئۇلارنى مۇشەققەتلەردىن ھىمايە قىلىدۇ. يوق ئەيىبلەرنى ئىزدىمەي، كۆرۈلگەن ئەيىبلەردىن مۇمكىنقەدەر كۆز يۇمىدۇ. ھۇرۇنلۇق، ئىشسىزلىق بارلىق يامانلىقلارنىڭ ئانىسى بولغانلىقى ئۈچۈن ئايالىنى ئىشسىز قويمايدۇ، ئۇنىڭغا تەربىيە بېرىشكە كۆپرەك ئېتىبار بېرىدۇ. خەۋەرلەردە: «ئاياللار





بىلەن يېتىملەر ھەققىدە ئاياللارغا ئىبادەت قىلىڭ»، «سىزنىڭ خەيرلىك بولغانلىقىڭىز ئاياللىرىڭىز بىلەن قىزلىرىڭىزغا خەيرلىك بولغانلىقىڭىزدۇر»، «مۆمىنلەرنىڭ كامىل بولغانلىقى ئايالى بىلەن گۈزەل مۇئامىلىدە بولغانلىقىدۇر» دېگەن مەزمۇندا ۋەسىيەتلەر ئېيتىلغاندۇر.

ھەقىقىي ئاتا روھى سىڭگەن بالىلارنىڭ روھى كۆتۈرەڭگۈ، كەيپىياتى جۇشقۇن، جانلىق ۋە پەم - پاراسەتلىك بولىدۇ. ئىشلارغا ئوبيېكتىپ نەزەردە، ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىنى ئويلىغان ئاساستا قارايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پەرزەنتلىرىمىز ئاتىلارنىڭ مەردۇ مەردانىلىقىدىن، مەردلىكىدىن، قەيسەر - باتۇرلۇقىدىن ئىبارەت ئۇلۇغ روھىدىن مەڭگۈ ئىلھام ئالىدۇ.

# ئاچچىقلىنىش ۋە غەزەپ

**سوئال: ئاززاقلا ئىش بولسا ئاچچىقىم كېلىدۇ، بەزىدە غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ كېتىمەن. بۇنىڭ بىرەر ئامالى بارمۇ؟**

جاۋاب: ھەركىمنىڭ ئاچچىقى بار، بۇ ئىنساندىكى تەبىئىي خۇسۇسىيەت بولۇپ، پەرىشان بولغان، ئىشى ئوڭغا تارتمىغان، بىرەر كىم بىلەن توقۇنۇشۇپ قالغان چاغدا پەيدا بولىدۇ ۋە يېنىك بولغاندا ئىككى تەرەپ تازا تىركىشىپ رەنجىشىدۇ، ئېغىر بولغاندا ئۇرۇشۇش، يارىلىنىش، ھەتتا ئۆلۈمنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا، ئەجدادلىرىمىز قەدىمدىن بۇيان ئاچچىقنى بېسىۋېلىشنى ئىزچىل تەكىتلەپ كەلگەن بولۇپ، «پىلنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس، ئاچچىقنى يەڭگەن باتۇر»، «ئاچچىق ئالدىدا يۈرىدۇ، ئەقىل كەينىدە يۈرىدۇ»، «ئاچچىق ئەقىلنى كېسىدۇ»، «ئاچچىقنىڭ دورىسى ـ سۈكۈت»، «ئاچچىقىڭ كەلگەندە لېۋىڭنى چىشلە» دېگەندەك ھېكمەتلەر مانا بۇنىڭ دەلىلىدۇر.

ئاچچىقلىنىش ۋە غەزەپ ئىنسانغا خاس بىر قوغدىنىش قۇۋۋىتىدۇركى، كىشى تەبىئىتىدە مەۋجۇت بولغان غەزەپ تۇيغۇسى ئارقىلىق باشقىلار تەرىپىدىن كېلىدىغان زىيان ـ زەخمەتلەردىن ئۆز غۇرۇرىنى ساقلايدۇ. لېكىن غەزەپنى جەبىر ۋە زۇلۇم يولىدا ئىشلىتىشتىن ناھايىتى ئېھتىيات قىلىش لازىم. نەپسىنىڭ غۇرۇرىدىن پەيدا بولغان غەزەپ ئىنسانلارنى ئەلەملىك ئازابلارغا گىرىپتار قىلىدۇ. چۈنكى، بۇ خىل قاتتىقلىق ۋە ئىتتىكلىكنىڭ تەسىرى كىشى ۋۇجۇدىدىكى قاننى بۇزۇپ، ھەرىكەت قىلدۇرۇپ، دىمىغىغا ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق ئەقلىنى پەرىشان قىلىدۇ ـ دە، كىشى ئىختىيارىنى قولىدىن تارتىۋالىدۇ.





بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۆزىنى ياكى باشقا بىر كىشىنى ھەسرەت ۋە نادامەتكە دۇچار قىلىدۇ. غەزەپلىك كىشىلەر ھەر قانچە ئەقىل ۋە ئىدراك ئىگىسى بولسىمۇ، غەزەپ قېنى قوزغالغان چاغدا ئۆزىنى تۇتالماي، ئەقىل ۋە ئىدراكىدىن ئايرىلىپ، بىرەر يامان ئىشنى قىلىپ قويىدۇ ـ دە، ئاخىر پۇشايمان قىلىدۇ.

ئاچچىقلىنىش ۋە غەزەپ ئادەم ۋە ھايۋانلارغا ئورتاق خۇسۇسىيەت بولۇپ، ئۇنىڭ قوزغىلىشى، قايتىشىمۇ ئوخشىشىپ كېتىدۇ. يەنى بىرەر كېلىشمەسلىك، قارشى تەرەپنىڭ ھۇجۇمىدىن مۇداپىئەلىنىش ئېھتىياجىدىن قوزغىلىدۇ ۋە توقۇنۇش پەيدا قىلىشقا سەۋەب بولىدۇ، ئەگەر ۋاقتىدا ئالدى ئېلىنمىسا پاجىئەلىك ئاقىۋەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولىدۇ. شۇڭا، ئاقىللار قەدىمدىن بۇيان كىشىلەرگە ئاچچىقلىنىش ۋە غەزەپنى بېسىۋېلىشنى، خۇشال ـ خۇرام ياشاشنى تەۋسىيە قىلىپ كەلگەن.

شۇڭا، سىز ئەقىللىق ئادەم بولغانلىقىڭىز ئۈچۈن ئەقىل بىلەن ئىش قىلىشىڭىز، ئورۇنسىز ئاچچىقلىنىش ۋە غەزەپلىنىشتىن ئۆزىڭىزنى تارتىشىڭىز، ئامال بار ئاچچىقلىنىش ۋە غەزەپلىنىشكە سەۋەب بولىدىغان ئىشلار ھەققىدە ئاززاق ئويلاپ، كۆپرەك ۋاقتىڭىزنى ياخشى ۋە ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى قىلىشقا قارىتىشىڭىز، ئاچچىقلىنىش ۋە غەزەپنىڭ ئادەمدىكى يامان ئىللەت ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشىڭىز كېرەك.

ئەقىللىق ئادەم ئاز ئاچچىقلىنىدۇ، كۆپ خۇشال بولىدۇ؛ ئېسىل پەزىلەتلىك ئادەم ئاچچىقلىنىش ۋە غەزەپلىنىشنىڭ ئورنىغا سۈكۈت قىلىدۇ. تەبەسسۇم چىراي، كۈلەر يۈز بولۇش ئۇلارنىڭ ئەڭ زور تىرىشچانلىقى ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ، بۇنداق كىشىلەرنىڭ كۆڭلىرى خۇشال ـ خۇراملىق، بەخت ـ سائادەت ئىچىدە ئۆتىدۇ؛ ئۇلار ئاچچىقنى يەڭگەن، ئاچچىقلىنىش ئورنىغا سۈكۈت قىلغان، ئۇنى ئاخىر خۇشاللىققا

ئالماشتۇرغانلاردۇر.

بەزىدە شۇنچە باتۇر، ئاقىل ۋە دانا كىشىلەرمۇ ئاچچىقلىنىش ۋە غەزەپ كەلكۈنىدىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىشقا ئاجىزلىق قىلىپ قالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ خۇشال كۆڭلىرى ئاچچىقلىنىش، غەزەپ ـ نەپرەتكە، غەم ـ قايغۇغا ئالمىشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۆز ئۆمۈر دەرىخىگە ئۆزى پالتا چاپىدۇ.

شۇ نەرسە ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ئاچچىق ۋە غەزەپ كەلكۈنى ھەرقانچە باستۇرۇپ كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭدىن ئۆزىڭىزنى سوكۇت كېمىسىگە سېلىش ئارقىلىق قاچۇرۇڭ ۋە بۇ ئاپەتتىن ئامان ـ ئېسەن قۇتۇلۇپ كېتىڭ. ئەگەر شۇنداق قىلمىسىڭىز، بۇ كەلكۈن سىزنى يالماپ يۇتۇۋېتىدۇ.

**سوئال: مەن تەرسا، ئاچچىقنى باسالمايدىغان ئادەملەرنىڭ تېزلا قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى، ھەتتا بەزىلىرىنىڭ ئاچچىقتىن بوغۇلۇپ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنىمۇ كۆردۈم. قارىغاندا ئاچچىقلىنىش روھىي جەھەتتە تەسىر كۆرسىتىپلا قالماي جىسمانىي ساغلاملىقىمىزغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزىدىكەن. بۇنىڭ بىرەر ئىلمىي دەلىلى بارمۇ؟**

جاۋاب: ئاچچىقى يامان، سەپرا مىجەز كىشىلەرنىڭ ئاسان كېسەلگە مۇپتىلا بولىدىغانلىقى ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەلمەيدىغانلىقى ئاددىي كىشىلەرمۇ بىلەلەيدىغان ھەقىقەت. ئەمما، ئادەتتىكى كىشىلەرمۇ كۈندىلىك تۇرمۇش جەريانىدا بىلىپ ـ بىلمەي كەلسە ـ كەلمەس ئاچچىقلىنىپ قالىدۇ، ھەتتا بەزىدە ئاچچىقىنى باسالماي بەزى ئىشلارنىمۇ تېرىپ قويىدۇ. تېببىي ئىلمىنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ئادەم ئاچچىقلانغاندا بەدەندىكى ھۈجەيرىلەرنى كۆيدۈرىدىغان بىر خىل زەھەر پەيدا قىلىدىكەن ۋە ھۈجەيرىلەرنى ئاستا خاراكتېرلىق ھالاكەتكە يۈزلەندۈرىدىكەن، ئەگەر ئادەم كەلسە ـ كەلمەس ئاچچىقلىنىش، قەھر ـ غەزىپىنىڭ ئورنىغا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، سوكۇت قىلىپ، ئۇنى ئامال بار





خۇشال كەيپىياتقا ئۆزگەرتىۋېتەلىسە، بەدەندىكى ئاچچىقلىنىشتىن كېلىپ چىقىدىغان بەدەن زەھەرلىنىشنىڭ ئۇنۇملۇك ئالدىنى ئالغىلى، بەدەننىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرغىلى بولىدىكەن.

ئەمەلىيەتتە، ئاچچىقلىنىش ۋە غەزەپ سەل كۆپىيىپ كەتسە، بۇ پسىخىكىلىق نورمالسىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، يەنە ئېغىرلاپ كەتكەندە كېسەللىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاچچىقلىنىش، تەرسالىق، كەلسە ـ كەلمەس غەزەپلىنىش ئاممىۋى ئەخلاقتىكى ناچار قىلىقلارنىڭ بىرى بولۇپ، كىشىلەر ئارا مۇناسىۋەتكە ئېغىر تەسىر يەتكۈزىدۇ، نورمال كىشىلىك مۇناسىۋەتنى بۇزىدۇ، شۇنداقلا كىشىلەر ئارىسىدا ئورۇنسىز سۈركىلىش، زىددىيەت ـ توقۇنۇشنى پەيدا قىلىدۇ. ئاخىردا غەزەپلەنگۈچىگىمۇ، غەزەپكە ئۇچرىغۇچىنىمۇ ئېغىر زىيانغا ئۇچرىتىدۇ.

شۇڭا، ھەرقانداق كىشى، ئاچچىقى كەلگەندە ئەقىل بىلەن ئىش قىلىشى، سوكۇت قىلىشى، بوگۇنكى ئاچچىقنى ئەتىگە قويۇشنى ئۆگىنىۋېلىشى، ئاچچىقى يانغاندىن كېيىن مەسىلىنى ئالدىرىماي مۇلاھىزە قىلىشى ۋە مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، ئورۇنسىز غوۋغا، كۆڭۈل ئاغرىقى ۋە پاجىئەلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ ئۇنۇملۇك ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

**سوئال: ئۇلۇغ كىشىلەر ئاچچىقلانماسلىق، غەزەپلەنمەسلىك ھەققىدە بىزگە قانداق ھېكمەتلەرنى قالدۇرغان؟**

جاۋاب: ئاچچىقلىنىش ۋە غەزەپنىڭ ئۆمۈرنى ئېكەكلەيدىغانلىقى، ئادەمنى خورىتىدىغانلىقى ھەققىدە قەدىمدىن ھازىرغىچە ئۇلۇغ كىشىلەر ناھايىتى ياخشى دۇردانىلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن.

سوقرات ھەكىم ئېيتىدۇ: «غەزەپنىڭ بېشى ساراڭلىق، ئاخىرى نادامەتتۇر.»

ئىمام شافىئى ئېيتىدۇ: «قىلىچ ۋە نەيزە ئارقىلىق ھاسىل بولمىغان كۆپ ئىشلار يۇمشاقلىق ۋە مۇلايىملىق بىلەن ھاسىل بولىدۇ. غەزەپنىڭ زىيىنى ئىگىسىگە قايتىدۇ.»

ئەپلاتۇن ئېيتىدۇ: «ھاياجان بىلەن پەيدا بولغان بىر ھال ئەلۋەتتە پۇشايمان بىلەن تامام بولىدۇ. غەزەپ غەزەپ قىلىنغۇچىدىن كۆرە غەزەپ قىلغۇچىغا كۆپرەك زىيان قىلىدۇ. ئەقىلنى غەزەپكە سالغۇچى ئىنسان نەپسىنى ھارارەتلىك ئوتقا سالىدۇ، نادامەتتىن ئاۋۋال ماتانەتنى ئىختىيار قىلغۇچىلار بولسا ھېچبىر تەھدىت ۋە ئازابقا دۇچار بولمايدۇ.»

سيۇتى ئېيتىدۇ: «غەزەپ ۋە قەھر ـ ۋۇجۇد ئىقلىمىنىڭ دەھشەتلىك ئاپىتىدۇر. بۇنى توسۇشنىڭ ۋە تۈگىتىشنىڭ چارىسى تېپىلمىسا، ئۇ ئىقلىمنى خاراب قىلىدۇ. غەزەپ ھالاك قىلغۇچى بىر ئىللەتتۇركى، ئۇنىڭ بىردىنبىر داۋاسى سەۋر ۋە چىدامدىن ئىبارەتتۇر. داۋاسى قىلىنمىغان بىر كېسەل ئىنساننىڭ ھاياتىنى ۋەيران ۋە بەربات قىلۇركى، ئۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلىش لازىمدۇر.»

خەلىپە مەئمۇن ئۆز دەۋرىدە مەشھۇر بولغان بىر ئالىمغا ئىلتىماس قىلىپ: «بىر ـ ئىككى ئېغىز پايدىلىق سۆز ئېيتقان بولسىلا، تاكى ئۇنىڭدىن كۆپچىلىك مەنپەئەتلەنگەي»! دېدى. ئالىم ئۇنىڭغا تۆۋەندىكىلەرنى ئېيتتى: «كىشى ئۈچۈن ئەڭ پايدىلىق خىسلەت ـ غەزەپ كەلگەندە ئۆزىنى بېسىۋېلىش، سۈكۈت قىلىپ جىم تۇرۇش، غەزەپ بېسىلغاندىن كېيىنلا ئاندىن پىكىر ۋە مۇلاھىزە بىلەن سۆزلەش. ئاچچىقىڭ كەلگەندە ئۆزۈڭنى بېسىۋال، كىشىلەرگە پايدا كەلتۈرمەيدىغان ۋە دىلىنى ئاغرىتىدىغان سۆزلەرنى قىلما، تاپقىنىڭغا قاراپ خەرج قىل. كىرىمىڭدىن ئارتۇق چىقىم قىلساڭ ئۆزگىلەرگە موھتاج بولۇپ





قالىسەن، ئۆزۈڭگە نەپ كەلتۈرۈپ، باشقىلارغا زىيان سالىدىغان پايدىدىن كەچ، ئىشنى قەھر ـ غەزەپ بىلەن ئەمەس، چوڭقۇر ئوي ۋە مۇلاھىزە بىلەن قىل. باشقىلار توغرىسىدا گەپ قىلساڭ ئۇلارنىڭ نامىنى يامانلاپ تىلغا ئالما، ئاراڭ بۇزۇلغان كىشىدىن ياخشىلىق كۈتمە. بىرى ساڭا سىرىنى ئېيتسا، بۇ سىرنى ھەر كىمگە سۆزلەپ يۈرمە. ئەيىبىڭنى ئالدىڭدا ئېيتقان ۋە بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە ھەمراھ بولغان كىشىنىلا دوستۇم دەپ بىل»!

## سوئال: ئاچچىقلىنىش ۋە غەزەپنى خۇشاللىققا ئايلاندۇرۇشنىڭ يولى بارمۇ؟

جاۋاب: بار. ئالدى بىلەن ئاچچىقلىنىش ۋە غەزەپنىڭ كىشىلىك ئەخلاقتىكى يامان خۇيلارنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى، ئەگەر ۋاقتىدا تىزگىنلىمىگەندە، ئىنتايىن يامان ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى ئېنىق تونۇش كېرەك. ئاچچىقلانغاندا بەدەندە زور تۈركۈمدە زەھەر پەيدا بولىدۇ، بۇ زەھەر ئوت بولۇپ بەدەننى كۆيدۈرىدۇ. ئەگەر سىز بۇ زەھەر پەيدا بولىدىغان كەيپىيات ـ ئاچچىقلىنىش ۋە غەزەپنى بېسىۋالسىڭىز، ئۇنىڭدىن يىراق قاچسىڭىز، بەدىنىڭىزگە پايدىلىق ھورمۇنلار ئاجرىلىپ چىقىپ، ساغلاملىقىڭىز ئالاھىدە كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ.

شىنجاڭ دۇنيادىكى تۆت چوڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش رايونىنىڭ بىرى، يۈز ياشتىن ئاشقانلار تەخمىنەن مىڭغا يېقىنلىشىدۇ. يۈز ياشتىن ئاشقان كىشىلەر ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات نەتىجىلىرىگە قارىغاندا، بۇ كىشىلەر ئالدى بىلەن ئېسىل ئەخلاق ـ پەزىلەتكە ئىگە بولغان، كىشىلەر بىلەن چىقىشىپ ئۆتكەن، خەلققە پايدىلىق كەسىپلەر بىلەن مەشغۇل بولغان. ئەڭ مۇھىمى ئۇلار كاللىسىدىكى بارلىق غەم ـ قايغۇلارنى چىقىرىپ تاشلاپ خۇشال كەيپىياتتا ياشىغان، تەبىئىي

يېمەكلىكلەرنى يېيىشكە ئادەتلەنگەن، بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش مەقسىتىگە يەتكەن. شۇڭا، سىز ئاچچىقلىنىش ۋە غەزەپنىڭ ئالدى بىلەن يامان قىلىق، يامان خۇي، ئەخلاقتا يات ئىش ئىكەنلىكىنى، ئاندىن ئۇنىڭ بەدەنگە زەھەر تارقىتىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىشىڭىز، ئورۇنسىز ئاچچىقلىنىشتىن ساقلىنىشىڭىز كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، خۇشال ـ خۇرام، بەخت ـ سائادەتلىك تۇرمۇشنى ئۇزۇنغىچە داۋاملاشتۇرغىلى بولىدۇ.

دەرۋەقە، ئادەمدە ئازراق ئاچچىق بولمىسىمۇ بولمايدۇ، ئەمما، ئەقىلنى كېسىدىغان غەزەپ كەلكۈنىنى چوقۇم بېسىۋېلىشقا تىرىشىش، ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. خۇشاللىقنىڭ ئادەمگە بەخت ـ سائادەت يارىتىدىغانلىقىنى چۈشىنىش كېرەك.





## ئادالەت

سوئال: ئادالەت دېگەن نېمە؟ بىز نېمە ئۈچۈن ئادالەتنى ياقلايمىز؟

جاۋاب: گۈزەل خۇلقلارنىڭ ئەڭ گۈزىلى ئادالەتتۇر. ھەرقانداق ئىشتا ئادالەتلىك بولۇش ھەر كىم ئۈچۈن لازىم بولسىمۇ، مۇئەللىملەر تەربىيە بىلەن مەشغۇل بولغانلىقى، ئەقىل ۋە روھلارنى تەربىيىلەش ئۈچۈن ئۇلۇغ ۋاسىتىچى بولغانلىقتىن، ئۇلارغا بەكرەك لازىم بولىدۇ. ئادالەتلىك كىشىلەر ھەرقانداق مەقسىتى بولسا ھېچقانداق ئىككىلەنمەي ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ ۋە ھېچكىمگە يامانلىق قىلمىغان بولغاچقا، قەلبىدە ئويغانغان ئۈمىدلىرىگىمۇ ئەركىن ۋە ئۇدۇل يول بىلەن بېرىپ ئېرىشەلەيدۇ.

ئادالەتلىك ۋە مەرھەمەتلىك كىشىلەر ئۆزىگە لايىق كۆرمىگەن بىرەر ئىشنى باشقىلارغىمۇ راۋا كۆرمەيدۇ. كىشى ئادالەتلىك بولۇش ۋەزىپىسىنى بىر ئۆزى بۇزۇق ئىشلاردىن قول يىغىش بىلەنلا ئادا قىلغان ھېسابلانمايدۇ، بەلكى ئۆز يېقىنلىرىنىڭ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ۋە دوست ـ يارەنلىرىنىڭ خاتالىق ۋە كەمچىلىكلىرىنى تۈزىتىش ۋە ياخشى يولغا سېلىشقا تىرىشىش، ھەرىكەت قىلىش ئارقىلىقلا ئادا قىلالايدۇ. ئادالەتكە ئەمەل قىلغان كىشىلەر ھەرقانداق كىشىگە جەبىر ۋە زۇلۇمنى راۋا كۆرمەيدۇ، جانلىقلارغا بىكاردىن ـ بىكار ئازار بەرمەيدۇ ۋە ئەقىل، جامائەت ئەخلاقىغا مۇۋاپىق رەۋىشتە ھەرىكەت قىلىدۇ. جەبىر ۋە زۇلۇم بىلەن باشقىلارنىڭ دىلىغا ئازار بەرگەن كىشىلەرنىڭ ياقىلىرى جازا قولىدىن قۇتۇلالمايدۇ.

ھەر بىر مىللەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە يۈكسىلىشى، دۆلەت ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئۇزۇن سەلتەنەت سۈرۈشى ئادالەتكە باغلىقتۇر. ئادالەتتىن ئايرىلغان پادىشاھلارنىڭ دۆلەتلىرى يوقىلىپ، تارىخ بەتلىرىدە ئۇلارنىڭ پەقەتناملىرىلا قالغانلىقى ھەممىگە ئاياندۇر.

بىر سۆزنى ھەق سۆز بولغىنى ئۈچۈن قوبۇل قىلىش ۋە خاتا سۆز بولغىنى ئۈچۈن رەت قىلىش ئادالەتتۇر. خاتا سۆزنى كىم سۆزلىگەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ يەنىلا خاتادۇر. مۇشۇ قائىدىگە ئاساسلانغاندا، بىر سۆزنىڭ ھەق ۋە ناھەقلىقىنى ئايرىشتا ئۇلۇغلارنىڭ نامىنى شىپى كەلتۈرۈپ دېيىشلا كۇپايە قىلمايدۇ، بەزىدە ئۇلۇغ كىشىلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئەينى چاغدىكى ئەھۋالىغا قارىتا بەزى گەپلەرنى دەپ سالغان بولىدۇ، ئەمما ئۇنى قېلىپ قىلىپ ئۇيغۇن بولمىغان ئىشلارنىمۇ شۇ قېلىپقا سېلىپ ئۆلچىسەك، بۇ ئادالەتسىزلىك بولىدۇ. ئادالەتلىك بولۇشتا خالىس نىيەت بولۇشى، ھەرقانداق ئىشتا ھېچقانداق تەرەپكە يان باسماي توغرا ھۆكۈم چىقىرىشى كېرەك. ئەگەر نىيەتكە تېرىق چاغلىق ھارامخورلۇق، ئاچ كۆزلۈك ئارىلىشىپ كەتسە، ئادالەتنىڭ تېمىغا دەز كەتكەن بولىدۇ. شۇڭا، خەلقىمىز ئارىسىدا ئادالەت توغرىلىق نۇرغۇن ئىبرەتلىك ھېكايەتلەر، ماقال ـ تەمسىللەر، ئىبرەتلىك سۆزلەر بارلىققا كەلگەن.

قەدىمدىن بۇيان خەلق ئادالەتلىك پادىشاھلارنى، ئەدلى ئادالەت بىلەن يۇرت سورايدىغان ھۆكۈمرانلارنى ھىمايە قىلىپ، ئۇلار ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىپ كېلىشكەن. دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە ئۇلۇغ تۆھپىلەرنى قوشقان ئالىملار ۋە ئىلىم ئەھلىلىرى ئادالەت ئۈچۈن كۈرەش قىلغان، ئادالەتنى ياقلاپ ئىش كۆرگەن، ئۆز ئەسەرلىرىدە ئادالەتنى كۈيلىگەن، ئادىل ھۆكۈمرانلارنى مەدھىيىلىگەن.

ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى ئەبۇ ناسىر فارابى ئۆزىنىڭ «پەزىلەتلىك





شەھەر ئاھالىسى» ناملىق ئەسىرىدە ئادەملەرنى پەزىلەتلىك، ئەخلاقلىق بولۇشقا ئۈندەش بىلەن بىرگە، يەنە ئەدلى ئادالەت ھۆكۈم سۈرگەن غايىۋى جەمئىيەتنى تەسەۋۋۇر قىلىپ، كىشىلەرنى ئادالەتلىك بولۇشقا، ھەرقانداق ئىشتا ئادالەتنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، كىشىلەر ئارا مۇناسىۋەتنى راۋانلاشتۇرۇشقا، كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە مېھرىبان بولۇشىغا يول ئېچىشقا ئۈندىگەن. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ ئالەمشۇمۇل شۆھرەتلىك ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك»تە دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش، ھۆكۈمرانلار ئادالەتلىك بىلەن يۇرت سوراش، ئەدلى ئادالەتلىك پادىشاھلارنىڭ شانۇ شەۋكىتىنىڭ مەڭگۈلۈك بولىدىغانلىقى، ئادالەتسىز، زالىم ھۆكۈمرانلارنىڭ كېيىن تېگىشلىك جازاغا ئۇچرايدىغانلىقىدەك ھەقىقەتنى كۆرسىتىپ بېرىپ، پادىشاھلارنى ئادالەتلىك بولۇشقا ئۈندىگەن. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئىككىنچى شانلىق بېتىنى ئاچقان بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋايى ئۆمۈر بويى ئادالەت ئۈچۈن كۈرەش قىلغان، ئادالەتنى ياقلىغان ۋە ھۆكۈمرانلارنى ئەدلى ئادالەت بىلەن ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈشكە ئۈندىگەن ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن ئاز بولمىغان نادىر ئەسەرلەرنى ياراتقان. ئەلىشىر نەۋايىنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك، ئادالەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسى بىلەن سۇغىرىلغان ئەسەرلىرى بۈگۈنكى كۈندىمۇ كىشىلىرىمىزنىڭ يۈرەك تارىنى چەكمەكتە.

دېمەك، ئىنسانلار ئادالەتكە موھتاج، ئادالەت ئومۇملاشقان جەمئىيەتتە كىشىلەر ئۆزئارا ئىناق ـ ئىتتىپاق، مېھرىبانلىق بىلەن بەختلىك ھايات كەچۈرىدۇ؛ ئادالەت يوقالغان جەمئىيەتتە كىشىلەر ئادالەتكە ئىنتىلىدۇ ۋە ئۇنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ... بىزنىڭ يۈرىكىمىز ئادالەتكە تەلپۈنىدۇ، ئادالەت ئۈچۈن سوقىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئادالەتنى ياقلايمىز،

ئادالەت ئۈچۈن سۆزلەيمىز.

**سوئال: بىزنىڭ بىر باشلىقىمىز بولۇپ، بۇ كىشى ناھايىتى قاتتىق قول، قول ئاستىدىكىلەرگە بىرئازمۇ ئىمكانىيەت قالدۇرمايدۇ، ھەممە ئىشتا ئۆزىنىڭ دېگىنىنى دېگەن، شۇڭا، ئىدارىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئىچى سىقىلغان ھالدا خىزمەت قىلىدۇ. بىزنىڭ بۇ باشلىقىنىڭ قىلغانلىرى ئادالەتنى ئاياغ ئاستى قىلغانلىق ھېسابلىنامدۇ؟**

جاۋاب: ئەلۋەتتە. چۈنكى، ئادالەتنى يۈرگۈزۈش بىر دۆلەتكە نىسبەتەن دۆلەت باشقۇرغۇچىنىڭ زىممىسىدە بولىدۇ؛ مۇشۇ نۇقتىنى بويلاپ تەپەككۇر قىلغىنىمىزدا، بىر ئىدارىگە نىسبەتەن ئادالەتنى يولغا قويۇش ئاشۇ ئىدارە مەسئۇلىنىڭ زىممىسىدە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىشچى - خىزمەتچىلەر مۇۋاپىق پۇرسەتتە مۇۋاپىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ ئۆزلىرى ئىگە بولۇشقا تېگىشلىك ئادالەتنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقلىق.

**سوئال: ئادالەت يەنە قانداق مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟**

جاۋاب: ئادالەتنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان يەنە باشقا تەرەپلىرى ناھايىتى كۆپ. ئومۇمەن، خاتالىققا يول قويماسلىق، توغرا، ھەققانىي يولدا تەۋرەنمەسلىك ئادالەتنىڭ ئەڭ ئاساسلىق مەزمۇنى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانداق ئەھۋالدىمۇ ئادالەتلىك بولۇشتا چىڭ تۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم.

**سوئال: ھەر دەرىجىلىك باشلىقلارنىڭ ئادالەتلىك بولۇشىدا قانداق شەرتلەر بار؟**

جاۋاب: ھەر دەرىجىلىك باشلىقلارنىڭ زىممىسىگە ئالغان ۋەزىپىسى ناھايىتى ئېغىر، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل - پاراستىنى ئىشقا سېلىپ، خەلقنى يېتەكلەپ ئىشلەپچىقىرىشقا





قاتناشتۇرۇش، ئۆزلىرىنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق، جەمئىيەتنىڭ ئالغا سىلجىشىغا مۇناسىپ تۆھپە قوشىدۇ. بۇ جەرياندا ھۆكۈمەت بىلەن خەلق ئارىسىدا، كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا مەلۇم دەرىجىدە سۈركىلىش، زىددىيەتلەر كۆرۈلىدۇ. دەل مۇشۇنداق ئەھۋالدا باشلىقلار ئادالەتنى ئۆزلىرىگە يار قىلىپ، ھەرقانداق ئىشنى ئادالەت بىلەن بېجىرگەندىلا، خەلقنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرغىلى، ئۇلارنىڭ ئالقىشىغا، ھىمايىسىگە سازاۋەر بولغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا، خەلقنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرايدۇ، ئېغىر بولغاندا تېخىمۇ ئېغىر ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. شۇڭا، ھەر دەرىجىلىك باشلىقلار ئادالەتكە يېقىن تۇرۇشى، ئادالەت بىلەن ئىش قىلىشى، ئادالەتتىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلىپ قالماسلىقى كېرەك.

# ئاداۋەت

**سوئال: كىشىلەردە نېمە ئۈچۈن ئاداۋەت پەيدا بولىدۇ؟ ئاداۋەتنى يوقىتىشنىڭ ئۇسۇللىرى قايسىلار؟**

جاۋاب: ئاداۋەت باشقىلارغا دۈشمەنلىك نىيىتىدە بولۇش ۋە بۇ نىيىتىنى ئۇزۇن مۇددەتكىچە ئۆزگەرتمەسلىك، پۇرسەت كەلگەندە قارشى تەرەپكە ھۇجۇم قىلىش ھەرىكىتىدە بولۇشنى كۆرسىتىدۇ. ئاداۋەت ۋىجداننى بۇلغايدىغان ۋە ئادەمنى بىئارام قىلىدىغان يامان خۇلقلاردىن بىرى بولۇپ، ئەگەر كۈچىيىپ كەتكەندە تۈگىمەس كۆڭۈل ئاغرىقى ۋە قانلىق پاجىئەلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن.

قەدىمدىن بۇيان ئاداۋەتتىن ئىبارەت بۇ يامان خۇي كىشىلەر ئارا مۇناسىۋەتكە شۇنچىلىك زىيان سالغانكى، ئۇنىڭ كاساپىتىدىن تالاي ئائىلىلەر ۋەيران بولۇپ، تالاي كىشىلەرنىڭ كۆڭلى ئاغرىغان، ھەتتا ھۆكۈمرانلار ئارىسىدىكى ئاداۋەت تۈپەيلىدىن سانسىز بىگۇناھ پۇقرا ھاياتىدىن ئايرىلغان. بۇنداق پاجىئەلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن جاھان پازىللىرى ئاداۋەت توغرىلىق نۇرغۇن ئىبرەتلىك دۇردانىلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن.

سۇقرات ھەكىم ئېيتىدۇ: «مەن ماڭا دۈشمەنلىك قىلغان ئادەمگە ئاداۋەت ساقلىمايمەن. چۈنكى، مېنىڭ ئاداۋىتىم دۈشمىنىمنىڭ ئۆچمەنلىكىنى كۈچەيتىۋېتىدۇ. مەن ئاداۋەتكە دوستلۇق بىلەن قارشى تۇرۇپ، دۈشمەنلىكنى مۇھەببەتكە ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق، دۈشمەن كىشىلەرنى ئۆزۈمگە ئەل قىلىمەن.»





ئەپلاتون ھەكىم ئېيتىدۇ: «دىلدىكى ئاداۋەت تۆمۈردىكى داتقا ئوخشايدۇ. دات تۆمۈرنى يېگىنىگە ئوخشاش، ئاداۋەت قەلبنى ئازابقا سالىدۇ.»

مۇھەممەدىن ئىبنى ئەرەبىي ئېيتىدۇ: «دۈشمەنلىك ۋە ئاداۋەتتىن قۇتۇلۇش بىراۋغا جەبىر - زۇلۇم بولىدىغان ئىشلاردىن ئېھتىيات قىلىش، دۈشمەنلىك تۇغدۇرىدىغان قىلمىشلاردىن ساقلىنىش بىلەن بولىدۇ. مەن ھېچكىمگە ئاداۋەت ساقلاشنى لازىم كۆرمىدىم. شۇڭا، ھازىرغىچە ھېچقانداق دۈشمەنگە ئۇچرىمىدىم.»

دېمەك، يامان خۇلقلارنىڭ يامىنى بولغان ئاداۋەت شۇنداق بىر يامان سۈپەتتۇركى، بارلىق بۇزۇق ئىشلارنىڭ تۇغۇلۇپ چوڭ بولىدىغان يېرى ئاداۋەتتۇر. ئاداۋەت نەپسانىيەتتىن تۇغۇلىدۇ. ئاداۋەت ۋە نەپسانىيەت تەربىيىسىز دىلدا ھاسىل بولىدىغان جىسمانىي ئىللەتتۇركى، بۇنىڭ بىرىنچى ئىلاجى ۋىجدان ۋە ئىنسان ئۈستىدە قىلىنىدىغان ئاقىلانە تەدبىر ۋە ھەرىكىتىمىزگە باغلىقتۇر. ھەممىگە ئايدىڭدۇركى، ئاداۋەت دەرىخى دۈشمەنلىك يېمىشىنى بېرىدۇ. ئەگەر ئاداۋەت دەرىخى كېسىپ تاشلىنىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا سەمىمىيلىك كۆچىتى تىكىلسە، ئۇنىڭدىن مۇھەببەت ۋە ئۈلپەت مېۋىسى نىشانە بېرىدۇ.

**سوئال: ئون نەچچە يىل ئىلگىرى، مەلۇم بىر سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بىزنىڭ ئائىلىمىز قوشنىلىرىمىزدىن بىرسى بىلەن ئارازلىشىپ قالغانىدى. ئۇلار ئاداۋەت ساقلاپ تۇرغانىكەن، يېقىندا بىزنىڭ ئائىلىمىزدىكىلەرنى تىللاپ، ئۇرۇپ يارىلاندۇرۇپتۇ. بۇ ئىشقا بەك ئاچچىقىم كەلدى. مەن بۇ ئىشقا قانداق تەدبىر قوللىنىشىم كېرەك؟**

جاۋاب: مۇمكىن بولسا ئاچچىقىڭىزنى بېسىۋېلىپ، بىر -

ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئەتراپلىق ئويلىنىپ كۆرۈڭ. مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ ئەپچىل ۋە زىيانسىز تەرىپىنى ئويلاپ ئىش قىلىڭ. مېنىڭچە بولغاندا، قوشنىلارغا «ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ» قىلماي، بېرىپ ئۇلار بىلەن سەمىمىي سۆزلىشىپ بېقىڭ، مەسىلىنىڭ يىلتىزى قەيەردە، ئۇنى قانداق ھەل قىلىمىز دېگەندەك تېمىلاردا سەمىمىي سۆزلەشسىڭىز، چوقۇم ئاردىكى ئاداۋەتنىڭ ماھىيىتى ئايان بولىدۇ. شۇنىڭغا قاراپ ھەل قىلىش چارىسى ئۈستىدە ئىزدەنسىڭىز مۇۋاپىق بولىدۇ. گېپىڭىزدىن قارىغاندا، ئۇلار ئۇزۇن يىللىق قوشنىلىرىڭلار ئىكەن، «يىراقتىكى تۇغقاندىن يېقىندىكى قوشنا ئەلا» دەيدىغان ھېكمەت بار. ئەگەر ئۇلار بىلەن يەنە داۋاملىق قوشنا بولۇپ ئولتۇرماقچى بولساڭلار، چوقۇم ئالدى بىلەن دوستلۇق قولۇڭلارنى سۇنساڭلار، ئاكتىپ ئورۇنغا ئۆتسەڭلار - دە، ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىدە چوقۇم داۋالغۇش كۆرۈلىدۇ، ئويلىنىدۇ ۋە ئاخىردا ناماقۇل بولۇپ ئالدىڭلارغا كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، مەھەللىدىكى يۈزلۈك كىشىلەرنى ئارىغا سېلىپ، بىر - بىرىگە «ناماقۇللۇق چېيى» تۇتۇشسا، ئاداۋەت ئۆزلۈكىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. مۇشۇ ئۇسۇلنى قوللىنىپ بېقىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلىمەن.

**سوئال: بىر تۇغقان قېرىنداشلار ئارىسىدىمۇ ئەرزىمەس سۈركىلىشلەر تۈپەيلىدىن ئۆچ - ئاداۋەت پەيدا بولىدۇ، ياش چوڭىيىپ بالا - چاقىلىق بولغاندا بۇ خىل ئاداۋەت تېخىمۇ كۈچىيىپ، كېلىشتۈرگۈسىز ھالەتكە كېلىدىغان ئەھۋاللار ناھايىتى كۆپ. بۇنداق ئاداۋەتنى قانداق قىلغاندا تۈگەتكىلى بولىدۇ؟**

جاۋاب: بىر قېرىندا ياتقان، قان - قېرىنداش تۇغقانلار تۇرۇپ، چوڭ بولغاندا، ھەتتا بالىلىق بولغاندىن كېيىن كىچىككىنە ئەرزىمەس ئىشلار تۈپەيلىدىن ئاداۋەت ئورۇقى





چېچىلىدۇ، بىر - بىرىگە قاراشمايدۇ، يات كىشىلەردىنمۇ بەتتەر مۇئامىلىدە بولىدۇ. بۇنداق چاغدا قانداق قىلىش كېرەك؟

بۇنىڭدا ئاساسەن ئابرۇي - ئىناۋەتلىك ئۇرۇق - تۇغقانلارنى ئارىغا سېلىش ئارقىلىق ئارىنى يۇمشىتىش، ئاتا - بوۋىلەرنىڭ قېرىنداشلىق مېھرى - مۇھەببىتى ھېكايە قىلىنىغان مىساللارنى كۆپرەك سۆزلەپ ئۇلارنىڭ دىلىنى ئېرىتىش، قېرىنداشلىق مۇھەببىتىنى ئۇرغۇتۇش، كىچىك چاغلىرىدىكى تەسىرلىك ھېكايىلەرنى سۆزلەش ئارقىلىق ئۇلارنى ئويلىنىشقا، بىر - بىرى بىلەن ياخشىلىنىپ قېلىشقا ئۈندەش كېرەك. مانا مۇشۇنداق قىلغاندا، چوقۇم ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

ئومۇمەن، ئۆچمەنلىك، ئاداۋەت ساقلاش شۇنچىلىك يامان خۇيدۇركى، بۇنداق خۇي يامراپ كەتكەن يۇرت ۋە جەمئىيەتتە ئەمىنلىك كەم بولۇپ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلى بىئارام بولىدۇ، كىشىلىك مۇناسىۋەت تەسىرگە ئۇچراپ، مېھىر - مۇھەببەت سۇسلىشىپ كېتىدۇ. شۇڭا، ئاممىۋى ئەخلاق - پەزىلەتنى كۈچەيتىپ، كىشىلەر ئارا مېھىر - مۇھەببەت ئۇرۇقىنى چاچقاندىلا، بۇ يامان خۇيدىن قۇتۇلۇپ كەتكىلى، ھېچبولمىغاندا پەسلەتكىلى، ئاداۋەتنىڭ قورقۇنچلۇق ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلۇپ كەتكىلى بولىدۇ.

# ئالدىراڭغۇلۇق

**سوئال: ئالدىراڭغۇلۇق قىلىشقا بولامدۇ؟ قانداق ئىشلاردا ئالدىراڭغۇلۇق قىلىش كېرەك؟**

جاۋاب: ئىنساننىڭ ئەسلىي تەبىئىتىدە ئالدىراڭغۇلۇق باردۇر. خەلقىمىزدىكى «ئالدىرىغان قالار، بۇيرۇغان ئالار»، «ئالدىرىغاندا دۈڭگە مۈكۈپتۇ»، «ئالدىرىغان مۇرادىغا يەتمەس» دېگەن ھېكمەتلەردە ئالدىراڭغۇلۇقنىڭ كىشىلەرگە ئېلىپ كېلىدىغان زىيىنى ئەتراپلىق سۆزلەنگەن. ئالدىراڭغۇلۇقتا يامان نىيەت ئارىلاشمىغانلىقى، قارىماققا كىشىلەرگە ھېچقانداق زىيىنى يوقتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، ئالدىراڭغۇلۇق تېگى - تەكتىدىن يامان خۇيدىن ئىبارەت. مۇشۇ ئالدىراڭغۇلۇق سەۋەبىدىن ئەسلىدە جايىدا پۈتۈشكە تېگىشلىك ئىشلار پۈتمەي كەينىگە سوزۇلۇپ كېتىشى، ھەتتا يامان تەرەپكە قاراپ تەرەققىي قىلىشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا، ئىشلاردا ئالدىراڭغۇلۇق قىلماسلىقىمىز ۋە ئالدىراپ قارار چىقىرىشتىن ساقلىنىشىمىز كېرەك! ئالدىراپ چىقىرىلغان قارارلارغا شەيتان ئارىلىشىپ قالىدۇ. نەپسىڭ ئارزۇ قىلغان نەرسە ئېسىڭگە كېلىشى ھامان، يامان نەپس «پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋەتمە، دەرھال قىل»! دەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆڭلۈڭگە كەلگەن ئىشنى قىلىشتىن ئىلگىرى، بۇ ئىشنى قىلسام بولامدۇ، ياخشى بولامدۇ، يامان بولامدۇ دەپ ئەتراپلىق ئويلاش لازىم. ياخشى نەتىجە بەرسە قىلساق بولىدۇ. مۇشۇنداق بولغاندا ئالدىراڭغۇلۇقتىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

ھالبۇكى، بەزى ئىشلاردا ئالدىراشقىمۇ بولىدۇ: مېھمان كەلگەن دەرھال تاماق بېرىشكە ئالدىراش؛ خاتا ئىش قىلغاندا





كەچۈرۈم سوراشقا ۋە توۋا قىلىشقا ئالدىراش؛ دەپنە ئىشلىرىنى بېجىرىشكە ئالدىراش؛ قىز ۋە ئوغۇل پەرزەنتلەرگە يېتەرلىك ئىلىم ئۆگەتكەندىن كېيىن، بويىغا يەتكەندە، ئۇلارنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويۇشقا ئالدىراش كېرەكتۇر.

يەنە خەيرلىك ئىشلارنى قىلىشقىمۇ ئالدىراش كېرەك.

بەش نەرسە كېلىشتىن ئىلگىرى بەش نەرسىنىڭ قىممىتىنى بىلىش لازىم: ئۆلۈشتىن ئىلگىرى ھاياتنىڭ قىممىتىنى، كېسەللىكتىن ئىلگىرى ساغلاملىقنىڭ قىممىتىنى، قېرىشتىن ئىلگىرى ياشلىقنىڭ قىممىتى، پېقىرلىقتىن ئىلگىرى بايلىقنىڭ قىممىتىنى بىلىش كېرەك.

ئومۇمەن، ئالدىراڭغۇلۇق بىلەن قىلىنغان ئىشنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ياخشى نەتىجە بەرمەيدۇ. بەزى ئىشلارنى قىلىشتا بىر مىنۇت ئويلىنىش پۇرسىتى بولسىمۇ، شۇ ئىش جايىدا بېجىرىلىدۇ، ئەمما شۇ بىر مىنۇت ئويلىنىشنىمۇ قويۇپ، ئالدىراپ - سالدىراپ ئىش بېجىرگەندە، ئويلىمىغان يامان ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىدۇ. سىز بىر كۈن ئىچىدە بېجىرىپ بولىدىغان ئىشنى يېرىم كۈندە بېجىرىپ بولىمەن دېمەي، ۋاقتىدا، تۈجۈپىلەپ بېجىرگىنىڭىزدە، ھېچقانداق خاتالىق كېلىپ چىقماسلىقى، ئىشلىرىڭىز بىرىنىڭ كەينىدىن يەنە بىرى يۈرۈشۈپ مېڭىشى مۇمكىن، ئەگەر بۇ ئىشلاردا سەل ئالدىراپ كەتسىڭىز، چوقۇم ئويلىمىغان پېشكەللىكلەرگە يولۇقۇشىڭىز مۇمكىن.

ھەرقانداق بىر ئىشقا دۇچ كەلگەندە، بۇ ئىشنى تېز بېجىرىش كېرەكمۇ ياكى ئەتراپلىق ئويلىنىپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەكمۇ؟ دېگەنلەرنى كاللىدىن ئۆتكۈزۈش، دەڭسەپ بېقىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا خاتالىق يۈز بېرىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ. ئالدىرايدىغان ئىشلارنىمۇ ئامالنىڭ بارىچە ئەتراپلىق ئويلىنىپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

رىۋايەتلەرگە قارىغاندا جەمشىدمۇ نۇشىرۋانغا ئوخشاش تۆت ئۈزۈك ياسىتىپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن سۆز يازدۇرۇپ قويغانىدى. بىرىنچى ئۈزۈككە «ئالدىرىماسلىق ۋە چارە» دېگەن سۆزلەر يېزىلغان بولۇپ، بۇنىڭ مەنىسى «ئالدىراڭغۇلۇق يامان ئادەت، بارچە ئىشلارنى ئالدىرىماي، چارە ـ تەدبىرىنى تېپىپ قىلماق كېرەك» دېگەنلىك ئىدى. ئىككىنچى ئۈزۈكنىڭ كۆزىگە« ئادىللىق ۋە ئادالەت يولى بىلەنلا ئىتتىپاقلىق ۋە روناقلىق ئىمارىتىنى قۇرۇش مۇمكىن» دېگەن خەت يېزىلغان ئىدى. ئۈچىنچى ئۈزۈك كۆزىگە «راستلىق ۋە ئالدىراشلىق» سۆزلىرى يېزىلغان بولۇپ، بۇنىڭ مەنىسى «دوستلارغا پەقەت راست سۆزلەش كېرەك» دېگەنلىك ئىدى. تۆتىنچى ئۈزۈكنىڭ كۆزىگە «جازا ۋە ئىنساپ» سۆزلىرى يېزىلغان بولۇپ، بۇنىڭ مەنىسى «بىراۋنى جازاغا تارتماقچى بولغاندا، ئىنساپ يۈزىسىدىن ئىش كۆرۈش كېرەك!» دېگەنلىك ئىدى.

جەمشىد ھەر بىر ئۈزۈكنى شۇ ئۈزۈك كۆزىدىكى سۆزلەر مەزمۇنىغا ئائىت ئىشقا تۇتۇش قىلغاندا تاقىۋالاتتى ۋە ئۇنىڭغا دائىم قاراپ تۇراتتى.

شۇڭا، ھەرقانداق ئىشتا ئالدىراقسانلىق قىلماڭ، ئالدىراقسانلىقنىڭ زىيانلىرى چەكسىز ۋە سەۋر قىلىشنىڭ مەنپەئەتى چېگراسىزدۇر.

**سوئال: مېنىڭ بىر ئىنىم بار، ئۇنىڭ قولىدىن كۆپ ئىش كېلىدۇ، لېكىن بىر كەمچىلىكى، ئۇ ھەممە ئىشتا ئالدىرايدۇ، ئالدىراپ قىلغىنىدىن ئىشلىرى چالا قالىدۇ، باشقىلارنىڭ بىر ئىشى چىقىپ قالسا، قولىدىكى ئىشنى تاشلىۋېتىپ ياردەملىشىدۇ. بۇنداق مىجەزنى ئوڭشاشنىڭ بىرەر چارىسى بارمۇ؟**

جاۋاب: بۇنداق مىجەزنى ئوڭشاش ئاسان ئەمەس، ئەمما ھەر خىل ئاماللارنى قوللىنىش ئارقىلىق ئاستا ـ ئاستا ئوڭشاپ



كامالەت مەنزىللىرى

كەتكىلى بولىدۇ.

بۇنداق كىشىگە ئالدى بىلەن ھەرقانداق ئىشقا تۇتۇش قىلغاندا ئەتراپلىق پىلان تۈزگۈزۈش، ئىش باشلاش ۋە ئاخىرلاشتۇرۇش ۋاقتىنى ئېنىق بەلگىلەپ بېرىش، بىر ئىشنى قىلىپ بولۇپ يەنە بىر ئىشقا تۇتۇش قىلىشقا ئادەتلەندۈرۈش كېرەك. مۇشۇ بويىچە بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئالدىراڭغۇ مىجەزى بار ئادەم چوقۇم بىرئاز پەسكويغا چۈشىدۇ ۋە ئىشلارنى ئەتراپلىق بېجىرىشكە ئادەتلىنىشكە باشلايدۇ.

مەن كىچىكىمدە تونۇيدىغان بىر ئادەم بولۇپ، بۇ كىشىنىڭ تامچىلىقتىن، ياغاچچىلىقتىن، تۆمۈرچىلىكتىن ئوبدانلا خەۋىرى بار ئىدى. كىشىلەر بىلەن ناھايىتى ياخشى ئۆتەتتى، ئاغزى ياغلىق بولۇپ، ھېچكىمگە يامان ۋە قوپال گەپ قىلغىنىنى ئاڭلىغىلى بولمايتتى. شۇ كىشىنىڭ ئەنە شۇنداق ئالدىراڭغۇ مىجەزى بار ئىدى. ئۇ بىرەر يەردە ئۆي سېلىۋاتقان بولۇپ، قۇرۇلۇش يېرىمىغا كېلىپ قالغان بولسا، دەم ئالغان چاغلىرىدا باشقا بىرەر كىشىنىڭ ياغاچچىلىق ئىشى چىقىپ قالسا، قولىدىكى ئىشنى تاشلاپ قويۇپلا ياغاچچىلىققا چۈشۈپ كېتەتتى، يەنە بىر يۈزلۈكرەك بىرىنىڭ باشقا ئىشى چىقىپ قالسا قولىدىكى ئىشنى تاشلاپ شۇ ئىشقا تۇتۇش قىلىپ كېتەتتى. ئىشى چالا قالغان كىشىلەر تەرەپ ـ تەرەپتىن بۇ ئۇستامنى ئىزدىگىلى تۇراتتى. كىم بالدۇر ئىزدەپ تېپىۋالسا شۇ كىشىنىڭ چالا قالغان ئىشىنى قىلىشقا باراتتى، ئىش تۈگىمەيلا باشقا بىرىنىڭ ئىشى چىقىپ قالسا يەنە شۇ يەرگە كېتىپ قالاتتى... ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ كىشىنىڭ بۇ ئىشلىرى خەلقئالەمگە مەشھۇر بولۇپ كەتتى، ئابرۇيىغىمۇ تەسىر يەتكۈزدى، كېيىن بىرمۇنچە ئاقىل كىشىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن بۇ كىشى قىلغان ئىشنى ئامال بار تولۇق پۈتكۈزۈشكە ئادەتلىنىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىشلىرى كارامەت يۈرۈشۈپ كەتتى، پۇلمۇ تاپتى،

ئابرۇيىمۇ قازاندى.

دېمەك، ئالدىراڭغۇلۇقنى ئۆزىگە ئادەت قىلىۋالغان كىشىلەرنى ئاستا - ئاستا يولغا سېلىپ كەتكىلى بولىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارغا نەسىھەت قىلىش، چەك تۇرۇپ ئىش بېجىرگۈزۈش، قىلغان ئىشىدىن نەتىجە چىقىرىشقا ئىلھاملاندۇرۇش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىشقا بولىدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا، بۇنداق مىجەزنى چوقۇم ئۆزگەرتىپ كەتكىلى بولىدۇ.

**سوئال: قانداق قىلغاندا بالىلارنىڭ ئالدىراڭغۇ بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ؟**

جاۋاب: بالىلار خۇددى دەرەخنىڭ يېڭى نوتىسىغا ئوخشايدۇ، شۇڭا ئۇلارنى ئەتراپلىق تەربىيىلىگەندە، ئالدىراڭغۇ بولۇپ قېلىشىنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

ئالدى بىلەن بالىلارنى ھەرقانداق ئىشنى بېجىرگەندە تولۇق پۈتكۈزۈشكە يېتەكلەش، چالا ئىش قىلىشتىن ساقلىنىش، ھەرقانداق ئىشنى ئەتراپلىق ئويلاپ، پىلان تۈزۈپ قىلىشقا يېتەكلەش ۋە كۆندۈرۈش كېرەك. ئەجدادلىرىمىزنىڭ «يەتتە ئۆلچەپ، بىر كەس» دېگەن ھېكمىتىگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ، كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىگەندە، چوڭ بولغاندا ئۇلارنىڭ ئالدىراڭغۇ، ئۆپكىسىنى باسالمايدىغان بولۇپ قېلىشىنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىش، تەربىيىنىڭ ئىزچىللىقىنى ساقلاش، تەربىيىنىڭ ئۈنۈمىگە دىققەت قىلىش ئاتا - ئانىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى. مانا مۇشۇ مەجبۇرىيەتنى جايىدا ئادا قىلغاندىلا، چوقۇم كۆزلىگەن مەقسەتكە ئوڭۇشلۇق يەتكىلى بولىدۇ.





# ئامانەت

**سوئال: ئامانەت دېگەن نېمە؟ ئۇنى قانداق ساقلاش كېرەك؟**

جاۋاب: يېقىن - يورۇقلىرىمىز ياكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمىزنىڭ سىزگە ساقلاپ بېرىشكە بەرگەن پۇل ياكى مال - مۈلكى ئامانەت دېيىلىدۇ. ئامانەتنى ياخشى ساقلاش، ئامانەتنى دېگەن مۇددەتتە ياكى ئامانەتنىڭ ئىگىسى سورىغان ۋاقىتتا ساپمۇساق قولىغا تاپشۇرۇش قەدىمدىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئېسىل ئەخلاق - پەزىلەتلەردىندۇر.

خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى جامائەت ئەخلاقىدا ئامانەتنى جايىدا ساقلاش، ئۇنىڭغا كۆز قىرىنى سالماسلىق، ئامانەتنى ئىگىسىگە ساق - سالامەت تاپشۇرۇش ھەققىدە خېلى قاتتىق ۋىجدانىي ئۆلچەملەر بار، مانا بۇ ئۆلچەملەرگە ئەمەل قىلغانلارنىڭ كىشىلەر ئالدىدا ئىناۋىتى يۇقىرى بولىدۇ، باشقىلار ئۇ كىشىگە ئىشىنىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا، ئۇ كىشىنىڭ كىشىلەر ئالدىدىكى ئابرۇيى - ئىناۋىتى تۆكۈلۈپلا قالماي، كىشىلەر ئالدىدا يۈزىنى كۆتۈرۈپ يۈرگۈدەك يېرىمۇ قالمايدۇ.

قەدىمدە قاتناش - ئالاقە ئىشلىرى ناھايىتى قالاق بولغانلىقتىن، بىر يۇرت بىلەن يەنە بىر يۇرت ئارىسىدا ئاتلىق، تۆگىلىك سەپەر قىلغاندا بىرنەچچە ئاي، ھەتتا بىر نەچچە يىل كېتىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلەتتى، سودا - سېتىق، ئىلىم ئىگىلەش ۋە باشقا ئېھتىياجلار تۈپەيلىدىن يېقىن تونۇش - بىلىشلەرگە مال - مۈلكى، پۇلى، ئالتۇن - كۈمۈشلىرىنى ئامانەت قويىدىغان ئەھۋاللار دائىم يۈز بېرىپ تۇراتتى. ئەنە شۇ تەييار مال - مۈلۈككە قانداق مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسى

ئامانەتنى ساقلاپ بەرگۈچىنىڭ نىيىتى ۋە دىيانىتىگە باغلىق ئىش ئىدى. شۇڭا، ئامانەت رىئايەت ۋە ئامانەتكە خىيانەت قىلىش ھەققىدە خەلقىمىزنىڭ چۆچەكلىرىدە، ماقال ـ تەمسىللىرىدە، ئىبرەتلىك ھېكايەتلىرىدە ناھايىتى نۇرغۇن ئاغزاكى مىراسلار بىزگىچە يېتىپ كەلگەن. شۇڭا، ئامانەتكە رىئايەت قىلىش، ئامانەتكە خىيانەت قىلماسلىق خەلقىمىزنىڭ جامائەت ئەخلاقىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە بانكا كەسپى قۇرۇلۇپ ۋە تەرەققىي قىلىپ، پۇل ـ مالنى ۋاكالىتەن ساقلاپ بېرىش ۋە خالىغان ۋاقىتتا ئېلىشتا ناھايىتى قۇلايلىقلارنى تۇغدۇرۇۋاتىدۇ. ئەمما، يېقىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ئارا يەنە بىر ـ بىرىگە ئامانەت قويىدىغان ئىشلار دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. شۇڭا، ئامانەتكە قانداق مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسى يەنىلا كىشىلەرنىڭ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشىگە ئەرزىيدۇ.

شۇڭا، قەدىمكىلەر ئامانەتكە قانداق مۇئامىلە قىلىشتا مۇنداق نەسىھەتلەرنى قالدۇرغان: «ھەي پەرزەنت، ئەگەر بىر كىشى ساڭا ئامانەت تاپشۇرماقچى بولسا، ئۇنى ياخشى ساقلاپ ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا كۆزۈڭ يەتمىسە، ئامانەتنى ئەسلا قوبۇل قىلما. ئەگەر قوبۇل قىلساڭ، ئۇنى ياخشى ساقلاپ ئىگىسىگە سالامەت تاپشۇر. بۇ، سېنىڭ توغرىلىقىڭ ۋە مەردلىكىڭنىڭ دەلىلى بولىدۇ.

ھەي پەرزەنت، ئامانەتنى قوبۇل قىلىپ ئىگىسىگە تاپشۇرغۇچە، ساڭا كۆپلىگەن رەنج ـ مۇشەققەت كېلىدۇ.

ئامانەت ئىگىسى سەندىن مېلىنى تولۇق ئالغاندىن كېيىن، سەندىن مىننەتدار بولماي، قويغان ئامانىتىمنى ئالدىم دەپ ئىلتىپاتسىزلىق بىلەن كېتىپ قېلىشى مۇمكىن. ئۇ چاغدا تارتقان جاپايىڭ بىكار ۋە زايە بولىدۇ.

ئامانەت ئاپەتكە ئۇچراپ قولۇڭدىن كەتسە، ھېچكىم ساڭا ئىشەنمەيدۇ، خالايىق ئالدىدا خىيانەتچى دېگەن بەتنامغا قالىسەن. بۇنى ئىنكار قىلساڭ، زورلۇق بىلەن سەندىن ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن





كېيىن ھېچكىم سېنىڭ توغرا ھەم ھالاللىقىڭغا، ۋىجدانلىق ئىكەنلىكىڭگە ئىشەنمەيدۇ.

ھەي پەرزەنت، سەن بىر كىشىگە ئامانەت بېرىشنى خالىساڭ، ئۇمۇ قوبۇل قىلسا، ئاردا كۆڭۈلسىزلىك ۋەقە چىقماسلىقى ئۈچۈن، ئامانەتنى ئىككى گۇۋاھچى ئالدىدا تاپشۇر. بىراۋ ساڭا ئامانەت تاپشۇرسا، ئۇمۇ شۇنداق قىلسۇن. ئامانەتكە خىيانەت قىلما، راستچىل بول. ئالەمنىڭ مېلى راستچىللىققا باغلىقتۇر...»

## سوئال: ئامانەتكە خىيانەت قىلىشنىڭ جامائەت ئەخلاقىدىكى ھۆكمى قايسى؟

جاۋاب: خەلقىمىزنىڭ جامائەت ئەخلاقىدا ئامانەتكە خىيانەت قىلىش ھارام، مۇناپىقلىق ئالامىتى دەپ قارىلىدۇ. خىيانەت بىرىگە ئۆزىنى ئىشەنچلىك دەپ تونۇتقاندىن كېيىن، ئۇ ئىشەنچنى بۇزۇپ ئىش قىلىش دېمەكتۇر. تەقۋادار كىشى ھەر كىشىنىڭ مېلىنى، جېنىغا نىسبەتەن ئەمىن قىلغۇچىدۇر. ئامانەتكە خىيانەت مالدا بولغىنىدەك، سۆزدىمۇ بولىدۇ.

## سوئال: ئامانەتكە رىئايە قىلىشنىڭ ھۆكمى نېمە؟

جاۋاب: ئامانەتكە رىئايە قىلىشنىڭ ئورنى ناھايىتى بۈيۈكتۇر. بىر مال ساتقۇچى يالغان سۆزلىمەي، ئامانەتكە رىئايەت قىلسا، بەرگەن سۆزىدىن يېنىۋالمىسا، قەرزىنى كېچىكتۈرمىسە، ساتقان مېلىنى بەك ماختاپ ئۇچۇرۇۋەتمىسە، ئالغۇچىمۇ رازى بولسا، ئۇ كىشى ھەقىقەتەن مۇبارەك بولىدۇ.

يەنە پاراڭلاشقاندا توغرا سۆزلىگەن، بەرگەن ۋەدىسىدە تۇرغان، ئامانەتكە رىئايەت قىلغان، نومۇسىنى ساقلىغان، كۆزلىرىنى ھارامدىن تارتقان، قوللىرىنى يامانلىقتىن يىغقان كىشىلەرمۇ مۇبارەكتۇر.

دېمەك، ئامانەتكە رىئايەت قىلىش پەقەت ئامانەت قويۇلغان مال - مۈلۈككە كۆز قىزارتماسلىق، خىيانەت قىلماسلىق بىلەنلا ئىپادىلىنىپ قالماي، گەپ - سۆزدە تۇرۇش، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىش، ۋىجدانلىق بولۇش، نىيەتنى دۇرۇس تۇتۇش قاتارلىق شەكىللەردىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا، ئامانەتكە رىئايەت قىلىشنىڭ مەنىسىنى مانا مۇشۇنداق كەڭ مەنىدە چۈشىنىشكىمۇ بولىدۇ.

**سوئال: يېقىن تۇغقانلار ئارىسىدا ئامانەتتىن تېنىۋېلىش، ئامانەتكە خىيانەت قىلىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلسە قانداق قىلىش كېرەك؟**

جاۋاب: بۇنداق ئەھۋالدا دەرھال قانۇن ئورۇنلىرىنى ئىزدەشكە تۇغقانچىلىق رىشتى يول قويماسلىقى مۇمكىن، بۇنداق چاغدا ئىش بېجىرىشتە ئادىل، ھەققانىي، ئابرۇيى - ئىناۋەتلىك بىرەر تۇغقاننى ئارىغا سېلىپ، ئارىدا كېلىشتۈرگۈچىلىك قىلىنىشقا سېلىش كېرەك، ئەگەر بۇ تەدبىر ئۈنۈمسىز قالسا، ئۇرۇق - تۇغقانلار ئارا ئارازلىق يۈز بېرىشتىن، چاۋىسىنىڭ چىقىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. ئەمما بۇمۇ ئەپلەشمىگەندە، شۇ يۇرت ياكى مەمۇرىي رايونغا باشلىق بولۇۋاتقانلارنى ئىزدەپ ئارىغا سېلىش كېرەك، ئۇمۇ بولمىغاندا ئىلاجىسىزلىقتىن قانۇن ۋاستىسى ئارقىلىق ھەل قىلىشقىمۇ بولىدۇ. ئەگەر ئەھۋال بۇ دەرىجىگە يەتسە، تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتكە ئېغىر تەسىر يېتىدۇ. شۇڭا ئامالنىڭ بارىچە سىلىق - سىپايىلىق بىلەن «قول سۇنسا يەڭ ئىچىدە، باش يېرىلسا بۆك ئىچىدە» دېگەندەك بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

مېنىڭ يېقىن بىر سودىگەر ئاغىنەم يېقىندىلا بېشىدىن ئۆتكەن بىر ئىشنى ھېكايە قىلىپ بەردى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇ سودا قىلىپ قوشنا دۆلەتكە چىققان ۋە ئۇ يەردىكى تاغىسىنى تېپىپ، ئۇلارغا لايىقىدا نۇرغۇن سوۋغا - سالاملارنى بەرگەن.





تاغىسى ئۇنى مېھمانخانىدا تۇرماي ئۆز ئۆيىدە تۇرۇشقا قاتتىق دەۋەت قىلغان. ئاغىنەم يۈز كېلەلمەي ماقۇل بولغان ۋە سودا ئىشلىرىنى بېجىرگەن. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە تاغىسى ئۇنىڭغا: «بۇ دۆلەتنىڭ بانكىلىرىمۇ بىخەتەر ئەمەس، يېنىڭغا جىق پۇل سېلىپ يۈرسەڭمۇ بولمايدۇ، بۇلاڭچىلاردىن ئەمىن بولالمايسەن، يېنىڭدىكى پۇللارنى قويۇپ قوي، مەن ساقلاپ بېرىمەن» دېگەن. ئۇ تاغىسىغا ئىشىنىپ يېنىدىكى ئون مىڭ دوللارنى ئامانەتكە بەرگەن. ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ قايتماقچى بولغان، تاغىسىدىن ئون مىڭ دوللارنى سورىسا، ئۇ بىر تەڭگىمۇ ئالمىغانلىقىنى ئېيتىپ، قەسەم قىلىپ تېنىۋالغان. ئاغىنەم سوتقا ئەرز قىلاي دېسە تۇغقانچىلىققا تەسىر يېتىپ قالمىسۇن دېگەن، ئۇنداق قىلماي دېسە تاغىسى دوللارنى بەرمىگەن، شۇنىڭ بىلەن نېمە قىلىشىنى بىلمەي ئاچچىقىنى يۇتۇپ قايتىپ كېلىشكە مەجبۇر بولغان.

مانا مۇشۇنداق ئەھۋاللار يۈز بەرسە قانداق قىلغۇلۇق؟ كۆپىنچە ئەھۋالدا بۇنىڭغا ئامال بولماي قالىدۇ، بۇ يانغا تارتسىڭىز ھارۋا سۇنىدۇ، بۇ ياققا تارتسىڭىز ئېشەك ئۆلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن زەردىگۈش بولۇپ كېتىدىغان گەپ. شۇڭا، ئامانەت قويغاندىمۇ دەڭسەپ كۆرۈپ، سىنىغاندىن كېيىن، ھۆججەتلىشىپ ياكى گۇۋاھچىلارنىڭ ياردىمىدە ئامانەت قويۇش كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا بايا سۆزلىگەندەك ئەھۋاللار كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. شۇڭا، ئامانەت قويغۇچىمۇ ئېھتىيات بىلەن ئىش قىلىشى، ئامانەتنىڭ بىخەتەر ساقلىنىشىغا ئالدىنقى شەرت ھازىرلىشى كېرەك.

**سوئال: ھازىر جەمئىيەتتە خىيانەتچى ئەمەلدارلار ۋە پارىخورلار كۆپىيىپ كېتىۋاتىدۇ؟ ماھىيەت جەھەتتىن ئالغاندا، بۇلارمۇ ئامانەتكە خىيانەت قىلغانلارغا كىرەمدۇ؟**

جاۋاب: تۈپ ماھىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇلارمۇ

ئامانەتكە خىيانەت قىلغۇچىلاردۇر. نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟ چۈنكى، ھۆكۈمەت ۋە خەلق ئۇلارغا مەلۇم بىر ساھەنىڭ ھوقۇقى ۋە مال - مۈلكىنى بىخەتەر ساقلاش، تەرەققىي قىلدۇرۇش، توغرا يۆنىلىشكە يېتەكلەش ھوقۇقى بەردى، ئەمما ئۇلار مانا بۇ تەييار ئامانەتكە خىيانەت قىلىپ، ئۆز يانچۇقلىرىنى تومىلاپ، قول ئاستىدىكىلىرىنى بېسىپ، يۇقىرىغا خۇشامەت قىلىپ ھارام بايلىق توپلىدى. تۈپ ماھىيىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئەڭ چوڭ ئامانەتكە خىيانەت قىلغۇچىلاردۇر. بىرلا ئوخشىمايدىغان يېرى، بۇ ئامانەتنى ھۆكۈمەت، خەلق قويغان، ئېنىق ئىگىسىنى تاپقىلى بولمايدۇ، شۇڭا بۇ پۇرسەتپەرەسلەر مۇشۇ يوچۇقتىن پايدىلىنىپ كەتكەن. قانۇن - تۈزۈمنىڭ مۇكەممەللىشىشىگە ئەگىشىپ، بۇ خىل ئەھۋاللارمۇ تۈپ يىلتىزىدىن تۈگىتىلىشى مۇمكىن.





# ئانىنىڭ ئەدەپلىرى

**سوئال: ئانىنىڭ قانداق سۈپەتلىرى بار؟ ئانا نېمە ئۈچۈن شۇنداق ئۇلۇغ؟**

جاۋاب: ئانا ئائىلىنىڭ پاسىبانىدۇر. رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئوغۇل ئانىنى ئۈچ قېتىم ھەجگە ھاپاش قىلىپ ئاپىرىپ كەلسىمۇ، ئانىنىڭ پەرزەنت ئۈچۈن چەككەن زەخمەتلىرىنىڭ ئۈچقۇنچىلىك بولمايدىكەن. ئانىنىڭ پەرزەنتىنى ئۆستۈرۈپ، چوڭ قىلىش يولىدا چەككەن رىيازىتىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ھەر قانداق ئىش - ھەرىكەت ۋە خىزمەتمۇ كەملىك قىلىدىكەن. شۇ سەۋەبتىن، ئانا ئۇلۇغ ۋە مۇقەددەس زاتتۇر.

ئانىنىڭ ئەڭ بۈيۈك خىزمىتى شۇنىڭدىكى، ئۇ پەرزەنتلەردە ئاۋۋال ھەقىقىي ئىنسانىي پەزىلەت - مېھرنى شەكىللەندۈرىدۇ. مېھر تۇيغۇسى بالا بۆشۈكتىكى ۋاقتىدىلا قۇلاق تۈۋىدە ياڭرىغان ئانا ئەللىيىنىڭ ئارامبەخش سادالىرى ئارقىلىق ئۇنىڭ قەلبىگە ئورنىشىدۇ. ئانا ئاتىغا نىسبەتەن بالىغا مېھرىبانراق كېلىدۇ، ئۇنى ھەر ۋاقىت كۆز قارىچۇقىدەك ئاسرايدۇ، يۈيۈپ تارايدۇ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى، قەلبى، مېھرى، ئېتىبارى ۋە مېھنىتىنى بېغىشلايدۇ. ئىنسانغا خاس بولغان ئەڭ ئېسىل، ياخشى پەزىلەتلەر بالىغا ئانىدىن ئۆتىدۇ. چۈنكى بالا كۆپ ۋاقىت ئانىنىڭ باغرىدا، يېنىدا بولىدۇ، شۇ جەرياندا ئۇنىڭدىن ھايات ساۋاقلىرىنى ئالىدۇ. ئالەم ۋە ئادەملەرگە بولغان مۇھەببەتنى ئۆگىنىدۇ. بالا تەربىيىسىدىكى ئەڭ ئېغىر، مۇشەققەتلىك ۋە مەسئۇلىيەتلىك دەۋر يەنى ئىنساننىڭ ئىنسان بولۇپ شەكىللىنىدىغان دەۋرى ئانىنىڭ باغرىدا كېچىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن

ئىنسان ئېرىشكەن ھەممە نەرسىنى ئانا قوينىدا بېرىلگەن تەربىيىنىڭ ئوزۇقىدىن، دەپ بىلىش كېرەك. ئانا ھېچقاچان پەرزەنتىگە يامانلىقنى راۋا كۆرمەيدۇ، ئۇ بالىسىنىڭ پاسبانى، ھىمايىچىسى، سىرداش دوستى ۋە قىبلىگاھىدۇر.

ئانا ئوغۇل بالىسىغا قارىغاندا قىزلىرىغا يېقىنراق بولىدۇ، دېگەن گەپنىڭ ئاساسى بار. چۈنكى ئۇ، قىزنى تەربىيىلەش جەريانىدا، قىزنىڭ تىمسالىدا ئۆزىنى — بولغۇسى ئانىنى كۆرىدۇ. قىزىدا ئانىلىققا خاس سۈپەتلەرنى يېتىلدۈرىدۇ. ئۇنى تۇرمۇشقا، ئائىلىگە نىسبەتەن تەييارلايدۇ.

ئانا ئۆمرىنىڭ مەزمۇنى، داۋامچىسى بولغان قىزىنىڭ بالاغەتكە يەتكەنسېرى ھاياتتا بەختلىك بولۇشىنى، بولغۇسى كۈيئوغلىنىڭ قىزىغا مۇناسىپ، بىر ئۆمۈرلۈك ۋاپادار، قىزىنى قەدىرلەيدىغان بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆز قىزىنىڭمۇ مېھرىلىك - ۋاپالىق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

ئانا ئائىلىنىڭ پەرىشتىسى، ئۇ بار ئۆيدە نۇر بار، راھەت بار، بەرىكەت بار.

**سوئال: ئاياللار قانداق سۈپەتلەرگە ئىگە بولۇشى كېرەك؟**

جاۋاب: ئەگەر ئاياللار گۈزەل خۇلقلىق بولسا، پۈتۈن ئائىلىنىڭ راھىتىدۇر. ئەگەردە ئەخلاقسىز بولسا، پۈتۈن ئائىلىنى خاراب قىلغۇچىدۇر. ئاياللار تەۋرىسە ئۇنىڭ سەۋەبىدىن ئۆيلەر ۋە شەھەرلەر ۋەيران بولىدۇ. ئاياللار كۈچىسە، شەھەرلەرنى ئىگىلىگىلى بولىدۇ.

ئاش ئېتىش، كىيىم تىكىش، ئائىلە تەربىيىسى ۋە قول ھۈنەرلىرىنى بىلىش ئاياللار ئۈچۈن كامالەت ھېسابلىنىدۇ. كونىلار: «ھۈنەر بىچارىلىكتىن ساقلايدۇ» دەيدۇ. ئەگەر بىر ھۈنەرلىك ئايال ئېرىدىن تۇل قېلىپ باللىرى يېتىم بولسا، ئېغىر كۈنلەردىمۇ ئۆزىنىڭ ھۈنىرى سايىسىدا كوچىدا قالمايدۇ.





ئائىلە باشلىقى بولغان ئايال قول ھۈنىرىنى بىلسە، ئۆينىڭ بايلىقى يوق يەرگە سەرپ بولمايدۇ. ئەرمۇ ئېھتىياجلىق بولغان نەرسىلەرنى تىكتۈرۈش ۋە يامىتىش ئۈچۈن يات كىشىلەرنىڭ ئالدىغا بېرىشقا موھتاج بولمايدۇ. بۇ ئاياللار ئۈچۈنمۇ ياخشى ئىشتۇر. قول ھۈنىرىدىن مەھرۇم بولغان ئايال ئۆمرىنى قانداق ئۆتكۈزىدۇ؟ ئۇخلاش ۋە بوشاڭلىق بىلەن ئۆمۈر ئۆتكۈزۈش ياكى ئىشسىز قېلىش ناھايىتى مۇشكۈل - مۇشەققەتكى، بۇنداق ئازاب دۇنيادا يوق. ھالبۇكى ئىشلەش قاننىڭ يۈرۈشۈشىگە، تەننىڭ سالامەتلىكىگە، يېيىش - ئىچىشنىڭ، ئۇيقۇنىڭ لەززەتلىك بولۇشىغا پايدىلىق بولىدۇ.

**سوئال: ئاياللار چىرايغا ئەھمىيەت بېرىدۇ، چىرايغا قانداق مۇئامىلىدە بولۇش مۇۋاپىق؟ ئاياللار چىراي گۈزەللىكىگە ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىللە، يەنە نېمىلەرگە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك؟**

جاۋاب: ئاياللارغا خاس بولغان نەرسىلەرنىڭ بىرسى چىرايدۇر. چىراي ئىككى قىسىم بولۇپ، بىرى، سىرتقى چىراي، يەنە بىرى ، ئىچكى چىرايدۇر. ئادەم بالىسى ئۈچۈن ئەڭ ئەزىز ۋە كامالەت ھېسابلىنىدىغان نەرسە ئەقىلدۇر. قۇياش دۇنيانى نۇرلاندۇرۇپ تۇرغانغا ئوخشاش ئەقىلمۇ ئادەم بالىسىنىڭ پىكرىنى نۇرلاندۇرىدۇ، زېھنىنى ئاچىدۇ، توغرا يولغا باشلايدۇ. سىرتقى چىراي ئۆتكۈنچى بولۇپ ھەر كۈنى كېمىيىپ تۇرىدۇ. ئىچكى چىراي ھەر كۈنى ئارتىپ - كۈچىيىپ تۇرغۇچى مەڭگۈلۈك كامالەتتۇر.

شۇ سەۋەبتىن ئاياللار ھەر ۋاقىت ئۆزىنىڭ ئەقلىنى تەربىيىلەپ، ئۇنى ئاشۇرۇشقا ئىنتىلىشى كېرەك. ئەقىللىق ئايال ھەر قانداق سىرتقى چىراينىڭ كۆپىدىن مەھرۇم قالسىمۇ ھۆرمىتى ھەر كىمنىڭ كۆزىدە بولۇر. چۈنكى ئەقىل ھەر قانداق ئەيىبنى ياپىدۇ.

تەبىئىي چىراي سالامەت تەنلىك، پاك كۆڭۈللۈك، ئۈستۈبېشى ئاددىي بولسىمۇ پاكىز، ئەقلى جايىدا، ئىتائەتلىك بولۇشتىن ئىبارەتتۇر. ئەگەر بىر ئايالدا مەنىۋى چىرايىنىڭ ئۈستىگە تەبىئىي چىرايمۇ بولسا، ئەلۋەتتە نۇر ئۈستىگە نۇر بولىدۇ. ئالتۇن ۋە باشقا قىممەتلىك مەدەنلەر تۇپراق ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتقىنىدەك بىزنىڭ تەربىيە بېرىشكە تېگىشلىك ئاياللىرىمىز ئەل ئارىسىدا كۆمۈلۈپ تۇرىدۇ. يېزا ـ قىشلاقلاردىكى قىزلارغا زۆرۈر دەرىجىدە تەربىيە بېرىلسە، ئۇلاردىن ئەڭ قىممەتلىك مىللەت ئانىلىرى چىقار ئىدى.

بولغۇسى ئايال پاك نەسەبلىك، گۈزەل ئەدەپلىك، ئەقىللىق، تېنى سالامەت، ئىشەنچلىك كىشىلەرنىڭ ھوزۇرىدا تەربىيە ئالغان، ئانىلار ۋە ئاياللارنىڭ زىممىسىدە بولغان ۋەزىپىلەردىن خەۋەردار، دۇنيانىڭ ئاق ـ قارا كۈنلىرىدە جورىسىغا ياردەم قىلىدىغان بولۇشى كېرەك. بالىلارنىڭ تەربىيىلىك، ئىتائەتلىك بولۇشىنى ئارزۇ قىلمايدىغان ئادەم بولمىسا كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن تەربىيىدە پىشقان، ئىتائەتلىك بىر ئانا تاللاش كېرەك. چۈنكى تەربىيىسىز ئايالدىن گۈزەل خۇلقلىق بالا چىقىشى ناتايىن.

**سوئال: ئەر بىلەن ئاياللار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ۋە مۇھەببەت ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز.**

جاۋاب: ئەر بىلەن ئايالنى بىر ـ بىرىگە باغلىغۇچى نەرسە مۇھەببەتتۇر. ئەگەر ئۆيلىنىش بىر كۆۋرۈككە ئوخشىتىلسا، مۇھەببەت كۆۋرۈكنى مەھكەملىگۈچى مىخلارغا، ئەگەر ئۆيلىنىش بىر بىنا قۇرۇلۇشىغا ئوخشىتىلسا، مۇھەببەت ئۇنى مۇستەھكەملىگۈچى ئاھاكقا ئوخشىتىلىدۇ. مۇھەببەت بولغان يەرگە پاراۋان تۇرمۇش ھەم مەدەنىيەت، بولمىغان يەرگە خارابلىق كېلۇر.





پۈتۈن دۇنيانىڭ نىزامى مۇھەببەت بىلەن بىرگىدۇر. ئادەم بالىسىغا پەزىلەت كەلتۈرگۈچى، خۇلقىنى كۆركەم قىلىپ، ئەقلىنى تەربىيە قىلغۇچى نەرسىمۇ مۇھەببەتتۇر. مۇھەببەت ئادەم بالىسىنى ھەر تۈرلۈك زىلالەتلەردىن پاك قىلىدۇ.

ئەڭ يېقىملىق ۋە زۆرۈر بولغان مۇھەببەت ئەر بىلەن ئايال ئارىسىدا بولغان مۇھەببەتتۇر، چۈنكى بىر ـ بىرلىرىگە مۇھەببەتلىرى بولغان ئەر بىلەن ئايال دۇنيانىڭ راھەتلىرىدىلا ئەمەس، ھەتتا مېھنەتلىرىدىمۇ ئۆمۈرلىرىنى سائادەتلىك ئۆتكۈزىدۇ. مۇھەببەت پاك ۋە ساپ بولۇش شەرتى بىلەن ئەر ـ ئايالنى بىر ـ بىرىگە يېقىنلاشتۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ خۇلقىنى گۈزەللەشتۈرۈپ، ئەقىللىرىنى تەربىيىلەيدۇ، بىر ـ بىرىگە مۇھەببەتلىك بولغان ئەر بىلەن ئايال ئائىلىسىنى، ھەتتا قوشنىلىرىنىمۇ نارازى قىلمايدۇ. لېكىن، مۇھەببەت ھاسىل قىلىش ئۈچۈن ئەر بىلەن ئايالنىڭ شەخسەن بىرمۇنچە ئۇلۇشلىرى بولۇشى كېرەك. ئەگەر بۇ ئىككى يۈرەك بىر ـ بىرىگە ئىنتىلىدىغان بولسا يوق مۇھەببەتنىمۇ ۋۇجۇدقا كەلتۈرگىلى بولىدۇ، ئەسلىدىن بار بولسا، مۇستەھكەملىنىدۇ.

**سوئال: ئائىلىۋى مۇناسىۋەت ھەققىدە قانداق پىكىرلىرىڭىز بار؟**

جاۋاب: ئائىلىنىڭ راھەتلىك، بالىلىرىنىڭ بەختلىك بولۇشىنى ۋە ياخشى نام قالدۇرۇشىنى نىيەت قىلغان ئەر بىلەن ئايال ھەر ۋاقىت ئىتتىپاق ياشىمىقى لازىم. ئەر بىلەن ئايال ئىناقلىقتا بىر ـ بىرىگە ئىتتىپاق ياشىمىقى لازىم. ئەر بىلەن ئايال ئىناقلىقتا بىر ـ بىرىگە ھۆرمەت بىلەن ياشىسا ئائىلىسىدىكىلەرمۇ ئىنساپ بىلەن ياشايدۇ.

بەزى چاغلاردا كىچىككىنە ئىشلار ئۈچۈن ئارىدا ئىختىلاپ پەيدا بولۇپ ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىنمىسا، ئۇچقۇندىن تۇتاشقان

ئوتقا ئوخشاش زورىيىپ كېتىدۇ. بۇنداق ئەھۋال يۈز بەرگەندە ۋاقتىدا ئالدىنى ئالماي، پىتنە قوزغىتىپ چوڭايتىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن ئەر بىلەن ئايالنىڭ ھەر ئىككىسى ئەيىبلىكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئائىلىدە ئازغىنە ئىختىلاپ ئالامىتى سېزىلسە ۋاقتىنى ئۆتكۈزمەي ھەر ئىككى تەرەپ كېلىشىش يولىغا كىرىشى لازىم. پۈتۈن نەرسە كۆيۈپ كۈل بولسىمۇ ئەر بىلەن ئايال ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىق، گۈزەل مۇناسىۋەتنىڭ راھىتى بىلەن ئۇنتۇلار. ئەمما، ئەر بىلەن ئايال ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىق كۆيسە بۇنىڭغا چارە يوقتۇر.

ئەر بولغان كىشى ئۆزىنىڭ ئايالىغا شەپقەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭغا بىر خادىم ئەمەس، بەلكى رەپىقەم دېگەن نەزەردە قارىسا، ئايالمۇ ئېرىنى مەرھەمەتلىك ھامىيسى بىلىپ، ئۇنىڭ ھەققىنى ئاياغ ئاستى قىلمىسا، ئىككىسى بىر ئېغىزدىن سۆزلەپ، بىر قۇلاق بىلەن ئاڭلىسا، بىرگە قايغۇرۇپ، بىرگە شادلانسا، ئەلۋەتتە بىر - بىرىگە بولغان مۇھەببەتلىرى كۈچىيىپ ئارىدىكى ئىتتىپاقلىق بىناسى مەھكەم بولىدۇ. ئەكسىچە، ياخشى ياشاش ھەققىدە قولىدىن كېلىدىغان ئىنتىلىشنى قىلمىسا، تەقدىردىن رەنجىپ بىر - بىرىگە ئەيىب يۈكلەشنىڭ ئۆزى ئادىمىلىكتىن ئەمەس.

ئەقىللىق ئەرلەر ئاياللارنىڭ كۆڭلىنىڭ نازۇك، غەمكىن ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئۇلارنى مۇشەققەتلەردىن ھىمايە قىلار. يوق ئەيىبلەرنى ئىزلىمەي، كۆرۈلگەن ئەيىبلەردىن مۇمكىنقەدەر كۆز يۇمار. ھۇرۇنلۇق، ئىشسىزلىق بارلىق يامانلىقلارنىڭ ئانىسى بولغانلىقى ئۈچۈن ئايالىنى ئىشسىز قويماس، ئۇنىڭغا تەربىيە بېرىشكە كۆپرەك ئېتىبار بېرەر. خەۋەرلەردە: «ئاياللار بىلەن يېتىملەر ھەققىدە ئاياللارغا ئىبادەت قىلىڭ»، «سىزنىڭ خەيرلىك بولغانلىقىڭىز ئاياللىرىڭىز بىلەن قىزلىرىڭىزغا خەيرلىك بولغانلىقىڭىزدۇر»، «مۆمىنلەرنىڭ كامىل بولغانلىقى ئايالى بىلەن گۈزەل مۇئامىلىدە بولغانلىقىدۇر» دېگەن مەزمۇندا





ۋەسىيەتلەر ئېيتىلمىشتۇر.

**سوئال: ئائىلىنىڭ ئىگىلىكىنى قانداق باشقۇرۇش ھەققىدە سۆزلەپ بېرىڭ.**

جاۋاب: ئائىلىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن دېھقانچىلىق، سودىگەرچىلىك ۋە ھۈنەرۋەنچىلىك كەبى رىزىق سەۋەبلىرىدىن بىرەر تۈرى لازىم بولىدۇ. ئائىلە ئۆزىگە مۇۋاپىق كۆرۈلگەن كەسىپلەردىن قايسىبىرىنى بولمىسۇن تاللىشى كېرەك. ئەمما ھاللىق، گۈزەل مۇئامىلە، ئىقتىسادچىل بولماق شەرتتۇر.

ئىقتىسادچىل بولۇش - پايدىسىز يەردە پۇل سەرپ قىلماسلىق دېمەكتۇر. لازىم بولمىغان يەردە بايلىق سەرپ قىلماقلىق ئەقىلسىز، ئاچ كۆز، شۆھرەت ئۈچۈن سەرمايىسىنى سورىغۇچى ئەخمەقنىڭ ئىشىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھال ئائىلىگە مۇناسىپ ئەمەس. ئادەم بالىسىغا كەسىپ - ھۈنەر ئۆگىنىش بۇيرۇلغاندۇر. «مەڭگۈلۈك دۇنيانىڭ، ئەتىكى ئاخىرەتنىڭ ئۈچۈن كەسىپ ئىگىلە» دېگەن گەپلەر بار. كەسىپ تاللاش، ئىشلەش ئادەم بالىسىنىڭ سالامەتلىكى ۋە كۆڭلىنىڭ ساپلىقىغا سەۋەب بولىدۇ. ھۇرۇن كىشىلەر، بۇزۇق يەرلەردە يۈرگۈچىلەر كۆپ ھاللاردا كېسەللىككە مۇپتىلا بولۇپ، ئۆمرى قىسقا بولىدۇ.

كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئائىلىدە نىزام بولۇشى، ھەر كىمنىڭ مەلۇم بىر ئىشى، ھەر ئىشنىڭ مۇئەييەن بىر ئادىمى بولۇشى، ھەر كىم ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان ئىشنى شاد - خۇراملىق بىلەن ئادا قىلىشى لازىم.

**سوئال: ئائىلە ئەزالىرى ئارىسىدىكى دوستلۇق ۋە مېھىر - مۇھەببەتنى قانداق كۈچەيتىش كېرەك؟**

جاۋاب: ئائىلە ئەزالىرى ئارىسىدا دوستلۇق، ئۇلپەتلىك

ھۆكۈم سۈرۈشى كېرەك. ئائىلە ئەزالىرى ئارىسىدا ئۆلپەتلىك، مۇھەببەت قالمىسا، پۈتۈن دۇنيانى ۋەھىمىگە سېلىپ تۇرغان كۈچلۈك دۆلەتلەر، شۆھرەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىسىدە تۇرغان مىللەتلەرمۇ ئىنقىرازغا ئۇچرايدۇ. ئۆلپەتسىزلىك سەۋەبىدىن بۇنداق دۆلەتلەر پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئارىدا ئۆلپەتچىلىك بولمىسا، ئائىلە قانداق پۇت تىرەپ تۇرالىسۇن؟ ئارىغا دۈشمەنلىك ۋە مېھىرسىزلىك چۈشكەندىن كېيىن ئۆلپەتچىلىكنى جايىغا كەلتۈرمەك مۈشكۈل بولغانلىقتىن، ئۆلپەتسىزلىكنىڭ سەۋەبلىرىنى باشتىلا، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يوقاتماق لازىم. باشتا ھەر قانداق نەرسە ئاجىز بولغانلىقتىن ئۇنى بويسۇندۇرۇش ئاساندۇر.

ئۆلپەتچىلىك ۋە مۇھەببەتكە يېقىن تۇرماق ھەممىدىن ئاۋۋال ئائىلە باشلىقلىرىغا زۆرۈردۇر. ئەگەردە ئۇلار بۇ ھەقتە ئۆرنەك بولسا، باشقىلار ئۇلارغا ئەگىشىدۇ.

ئەقىللىق ئايال ئېرىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا، يېقىن قېرىنداشلىرىغا، خۇسۇسەن ئۆزىنىڭ بالىلىرىغا ۋە كېلىنلىرىگە ھەر ۋاقىت مۇھەببەت، ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. ئەرنىڭ يېقىنلىرىغا ھۆرمەت قىلماق ئەر بىلەن گۈزەل مۇناسىۋەت قىلىشقا سەۋەب بولىدۇ. ئېرىنىڭ يېقىنلىرىنى ھۆرمەت قىلغۇچى ئايال ئېرىدىن ھۆرمەت كۆرىدۇ.

بەزى ئاياللار ئازغىنە سەۋەبلەرنى باھانە قىلىپ قىزلىرى بىلەن كۈيئوغۇللىرى، ئوغۇللىرى بىلەن كېلىنلىرى ئارىسىنى بۇزىدۇ. بۇ ئەپسۇسلىنارلىق ھالدۇر. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىلىرى بۇزۇلغان ئائىلىلەرنى تۈزىتىش بولۇپ، تۈزۈك ئائىلىلەرنى بۇزۇپ بەختسىزلىككە سەۋەب بولۇشلىرى جىنايەت ۋە ۋەھشىيلىكتۇر.





سوئال: ئاتا ـ ئانىغا ئىتائەت قىلىش ھەققىدە نېمىلەرنى دەپ بېرەلەيسىز ؟

جاۋاب: ئاتا ـ ئانىغا ئىتائەت قىلىش ۋە ئۇلارغا ھەر ۋاقىت ھۆرمەت كۆرسىتىش ئەڭ ئۇلۇغ بىر ۋەزىپىدۇر. ئاتا ـ ئانىلىرىغا ھۆرمەت قىلغۇچىلار دۇنيادا بەختلىك بولۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىغا ئىتائەت قىلىش ۋە ئۇلارغا ھۆرمەتتە بولۇشنى بارلىق كىشىلەر ئۇلۇغلار.

ئاتا ـ ئانىسىغا ھۆرمەت قىلغان بالىلار كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۆزلىرى ئاتا ـ ئانا بولغاندا بالىلىرى ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلار ۋە بالىلىرىدىن ھۆرمەت كۆرەر. ئاتا ـ ئانىسىغا ھۆرمەت قىلمىغان بالىلار كىمنىڭمۇ ھۆرمەت قىلار؟

قانچىلىك بەختكە ۋە بۈيۈك مەرتىۋىلەرگە ئېرىشكەن بولسىڭىزمۇ ئاتا ـ ئانىڭىزنى ھەر ۋاقىت ئۇنتۇماڭ، ئۇلارغا ئىتائەتمەن بولۇپ ھۆرمەت قىلىڭ، نەسىھىتىنى ئاڭلاڭ، رازىلىقىنى ئېلىڭ، موھتاجلىقلىرى ۋە قايغۇ ـ ھەسرەتلىرىنى تۈگىتىشكە تىرىشىڭ. يىراق يەردە بولسا ھەر ۋاقىت خەت يېزىپ، بىر نەرسە ئەۋەتىپ تۇرۇڭ، مۇمكىن بولغاندا بېرىپ يوقلاڭ.

ئاتا ـ ئانىنىڭ بالىلىرىنىڭ ياردىمىگە ئەڭ موھتاج بولغان كۈنلىرى قېرىلىق چاغلىرىدۇر. شۇنداق ئىكەن، بۇ چاغدا ئاتا ـ ئانىلارغا يەنىمۇ كۆپرەك ھۆرمەت كۆرسىتىش كېرەك.

ئاتا ـ ئانىلارنى ھۆرمەتلەش ۋەزىپە بولغانغا ئوخشاش ھەر بىر ئۇرۇق ـ تۇغقان، قېرىنداشلارنى، مۇئەللىم ـ ئۇستازلارنى، ياشتا چوڭلارنى ھۆرمەت قىلىشمۇ ۋەزىپىدۇر. بۇ ۋەزىپىدىمۇ نۇقسان يۈز بەرمەسلىكى كېرەك.

ئۆزىدىن چوڭلارغا ھۆرمەت كۆرسەتكەن ئادەملەرگە ئۆزىدىن كىچىكلەر ھۆرمەت كۆرسىتىدۇ. ئادەم نېمە تېرىسا شۇنى ئالىدۇ.

ئاتا ـ ئانىغا ئىتائەت قىلماسلىق، ئۇرۇق ـ تۇغقان، ئەجداد

ۋە جەمەتىگە ھۆرمەت قىلماسلىق زور ئەيىبتۇر.

**سوئال: نىكاھ ئەدەپلىرى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىڭ.**

جاۋاب: ئەر بىلەن ئايالنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، نىكاھ ئەدەپلىرىنىمۇ بىلىش كېرەك. ئەر بىلەن ئايالنىڭ ئۆزلىرى ۋە بالىلىرى ئۈچۈن پايدىلىق بولغان نىكاھتا ھەر ئىككى تەرەپتە قىزغىنلىق، خۇلق ۋە مىجەز جەھەتتە مۇۋاپىقلىق، ياش جەھەتتىكى مۇناسىپلىق، نەسەب جەھەتتە بىر - بىرىدىن يىراق بولۇش كېرەكتۇر.

نىكاھ قىلىنىغۇچى قىز - يىگىت مىجەز - خۇلقى جەھەتتە بىر - بىرىگە مۇۋاپىق بولۇشى كېرەك. بىر - بىرىنىڭ مىجەز - خۇلقىنى ياقتۇرمىغان ئادەملەر بىر چاقىرىم يەرگىمۇ بىللە بارالمايدۇ. ئۇنداقتا، مىجەز - خۇلقى بىر - بىرىگە مۇۋاپىق بولمىغان قىز بىلەن يىگىت قانداق قىلىپ دۇنيا سەپىرىدە بىللە بولالىسۇن ۋە قانداق قىلىپ بىر جان، بىر تەن بولالىسۇن؟

بىر قېتىم يۈزلىرىنى، بويىنى كۆرۈش بىلەن قىز يىگىت بىر - بىرىنىڭ مىجەز - خۇلقىنى پۈتۈنلەي بىلىپ ۋە سىناپ بولالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تېخىمۇ ئەتراپلىق چۈشىنىشكە، كۆپرەك بىلىشكە تىرىشىش زۆرۈر.

سۈتىنى سېغىپ ئىچىش ئۈچۈن سىيىر ئالغان ئادەممۇ ئۇزاق ۋاقىت ئالماقچى بولغان سىيىر ھەققىدە بىلگەنلەردىن سورايدۇ. شۇنداق ئىكەن ئۆمۈر بويى بىللە تۇرىدىغان ۋە بىللە ياشايدىغان ئادەم ھەققىدە سوراش ۋە ئۇنىڭ ھالىنى ئوچۇق بىلىش ئۈچۈن كۆپرەك ئىجتىھات قىلىش لازىم.

مىجەز - خۇلقىنىڭ ئوخشاشلىقىنى بىلىشنىڭ ئورنىغا بولغۇسى ئەرنىڭ مېلىنى، كىيىم - كېچەك، ئۆي جاھازلىرىنى، ئاتا - ئانىسىنى تەكشۈرۈش بىلەنلا قانائەت قىلسا، ئاخىر بىر ئۆمۈر پۇشايمان قىلار ۋە ئۆز - ئۆزىنى قارغاپ ئۆتەر. مىجەز -





خۇلقى مۇۋاپىق بولمىغان ھالدا يالغۇز مال - بايلىققىلا قىزىقىپ، شۆھرەت - دەرىجە ئىزدەپ قىزلىرىنى نىكاھ قىلغۇچىلار ئادەم بالىسى بىلەن سودا قىلغۇچىلاردۇر. چۈنكى بۇنداق نىكاھ ھەقىقىي مەنىدىكى نىكاھ ئەمەستۇر.

تەربىيىلىك ئاياللار ئۆز ئۇستىباشلىرىنى ھەر قاچان پاكىز ۋە گۈزەل تۇتۇپ يۈرگەندەك ئۆيلىرىنىمۇ كامىل دىققەت بىلەن پاكىز تۇتار. چۈنكى ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ھۆكۈمىچە پاك يۈرمەك، ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ بۇرچىدۇر.

ئاياللارغا ئۆزلىرىنى ھەر ۋاقىت ئەرلىرىگە گۈزەل ۋە مۇھەببەتلىك كۆرسەتمەكلىك لازىم بولغىنىدەك پاسكىنا يۈرمەك ۋە ئۆيىنى بىسەرەمجان تۇتماق دۇرۇس بولماس. «ئۆينىڭ پاسكىنا تۇرمىقى خاراب بولمىقىنىڭ ئالامىتىدۇر» دېيىلگەندۇر. ئۆيدە تەربىيىلىك ئايالنىڭ بارلىقىغا ئۆينىڭ پاكىزلىقى، يوقلۇقىغا ئۆينىڭ مەينەتلىكى دەلىل بولۇر. ئەرلىرىگە مۇھەببەتلىك كۆرۈنۈش ئۈچۈن پاكىز بولۇش، خەزىنىسىدە بارىنى خەجلەپ كىيىنىش، ھەتتا پۇراقلىق نەرسىلەرنى سۈرتۈش ئەزگۈلۈك ۋە توغرىلىققا خىلاپتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن تەربىيىلىك ئاياللار ئەرلىرى ئىستىگەن رەۋىشتە ھەر ۋاقىت پاكلىقنى ئادەت قىلۇرلەر، مۇمكىنقەدەر ساپ كۆڭۈل بىلەن ئەرلىرىگە ئىتائەت قىلۇر. ئەرلىرىنىڭ خۇشال ۋاقىتلىرىدا مۇلايىم سۈپەتتە ئەرلىرىنىڭ يانلىرىدا بولۇلەر ۋە ھەر ۋاقىت ناچار، روھسىز قىياپەتلەردە كۆرۈنمەكتىن ساقلىنۇر.

ئاياللارنىڭ تەربىيىلىك بولماقلىرى پۈتۈن كىشىلەر ئۈچۈن زۆرۈر بىر ئىش، بولسىمۇ، كىيىم - كېچەك ۋە باشقا زىننەتلەردە ئەرلىرى ئۈچۈن بولۇشى لازىمدۇر. ئەكسىچە، تويلارغا، باغچىلارغا، سەيلە - ساياھەتكە بارغاندا زىننەتلەرگە بېزىنىپ، ئۆيلىرىگە، ئەرلىرىنىڭ يېنىغا قايتقانلىرىدا ئەسكى ئىش كىيىملىرىنى كىيگۈچى ئاياللار تەربىيىسىز ئاياللاردۇر.

# ئەپۇ قىلىش

**سوئال: ئەپۇ قىلىش دېگەن نېمە؟ نېمە ئۈچۈن ئەپۇ قىلىشنى ئېسىل خىسلەت دەيمىز؟**

جاۋاب: ئەپۇ دەپ كەچۈرۈمگە ئېيتىلىدۇ. بىر كىشى كەمچىلىكلىرىنى بويىنىغا ئېلىپ، ئۆكۈنۈپ، كەچۈرۈم سورىسا، ئەپۇ قىلىش لازىم. چۈنكى، ئەپۇ ياخشى خۇلقلارنىڭ ئەۋزىلى، ئىنسانىنىڭ ئېسىل خىسلەتلىرىنىڭ بىرىدۇر.

ئالىيجاناب كىشىلەر ئۆزرىنى (كەچۈرۈمنى) قوبۇل قىلىدۇ، بىر كىشى قۇسۇر ۋە قاباھەتنى بويىنىغا ئېلىپ ئۆزرە ئېيتسا، ئۇنى ئەپۇ قىلىدۇ، بۈيۈكلۈك ۋە ئۇلۇغۋارلىقنىڭ لەززىتى باشقىلاردىن ئۆچ ئېلىشتا ئەمەس، بەلكى ئەپۇ قىلىشتىدۇر.

مەسىلەن، ئەھمەد مەھمۇدقا بىر يامان ئىش قىلىپ دىلىنى ئاغرىتتى، مەھمۇد ئۆچىنى ئالدى، خوش، يامانلىق قىلىشتا بۇلار ئارىسىدىكى پەرق قانچىلىك؟ ھالبۇكى، ھەر ئىككىسى بىر - بىرىگە يامانلىق قىلىپ، غەمكىن ۋە پەرىشان بولدى. بىر يامانلىق ئىككى بولدى. ئەگەردە ئەھمەدنىڭ قاباھىتىگە مەھمۇد ئەپۇ مۇكاپاتىنى بەرسە ئىدى، ھەر ئىككىسى شاد ۋە خۇرسەن بولغان بولاتتى.

نۇشىرۋان ئادىل شۇنداق ئېيتىدۇ: «بىر گۇناھكارنى ئەپۇ قىلغانلىقىمدىن قانچىلىك لەززەتلەنگىنىمنى ھېچكىمگە ئېيتمايمەن.»

شۇڭا، سىزمۇ كەچۈرۈم خىسلىتىنى ئۆزىڭىزگە شوئار قىلىڭ، ئەتراپىڭىزدىكىلەردىن ئۇلارنىڭ ئەرزىمىگەن گۇناھلىرى سەۋەبلىك يۈز ئۆرۈمەڭ! ئۇلارنى ئەپۇ سۆيى ۋە مەرھەمەت نۇرى





بىلەن بەھرىمەن قىلىڭ! ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدىن ھەر دائىم خەۋەردار بولۇپ تۇرۇڭ! مەرھەمەت يۈزىسىدىن شەپقەت لىباسىنى ئىنئام قىلىڭ!

ئەپۇ قىلىش سەۋەبىدىن يامانلىق قىلغۇچىنىڭ دىلى قايتا يامانلىقنى ئويلاشتىن ئەيمىنىدۇ ۋە ياخشى تەرەپكە ئۆزگىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر كىشى بولسىمۇ قاباھەتتىن قۇتۇلىدۇ. ئەگەر كىشىلەرنىڭ كۆپ قىسمى كۆڭلى - كۆكسىنى كەڭ تۇتۇپ، ئەرزىمىگەن ئىشلارغا كۆڭلىدە غۇم ساقلىماي، ئەپۇ قىلغان بولسا، يامان نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ سانى شىددەت بىلەن تۆۋەنلەپ كەتكەن بولاتتى.

مېنىڭ يېقىندا بىر كىتابتىن كۆرۈشۈمچە، بىر مەملىكەتنىڭ پادىشاھى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى بىلەن مەرھۇم شاھنىڭ ئاكىسى ئارىسىدا تەخت تالىشىش كۈرىشى باشلىنىپتۇ. ئاخىر شاھ ئوغلى تەختنى قولغا كىرگۈزۈپتۇ ۋە تاغىسىنى قولغا چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بەرمەكچى بولۇپتۇ. ئەمما شۇ چاغدا بىر ئاقىل ۋەزىر: «ئۇلۇغ شاھىم، گۇناھكارغا ئۆلۈم جازاسى بەرسىلىرى قانۇنغا ئۇيغۇن ھەم ھېچكىم بۇنىڭدىن ھەيران قالمايدۇ، ئەگەر يەنە بىر ئۇسۇلنى قوللانسىلىرى، ئەل ئاڭلىسىمۇ سىلىدىن كۆپ مىننەتدار بولىدۇ، گۇناھكارمۇ سىلىدىن مىڭ مەرتىۋە رازى بولىدۇ» دەپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭ قانداق تەدبىرى بارلىقىنى سوراپتۇ. ۋەزىر «ئەگەر گۇناھكارنى كەچۈرۈم قىلىپ ئەلگە جاكارلىسىلىرى، ئەلنىڭ كۆڭلى سىلىنىڭ ئادالەتلىك ھۆكۈمرانلىقلىرىدىن مىڭ مەرتىۋە سۆيۈنگەن بولاتتى» دەپتۇ. دەرۋەقە، پادىشاھنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ كېلىپ، تاغىسىنى ئۆلۈمدىن ئازاد قىلىپتۇ. تاغىسى قىلغان گۇناھىغا توۋا قىلىپ، پادىشاھنىڭ شاپائىتىدىن سۆيۈنۈپ چىقىپ كېتىپتۇ. ئەل پادىشاھنىڭ بۇ جاكارنامىسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆز پادىشاھىنىڭ ھەقىقەتەن ئادىل، رەھىمدىل ۋە ئەپۇنى

دوست تۇتقان شاھ ئىكەنلىكىدىن سۆيۈنۈشۈپتۇ. بۇ پادىشاھنىڭ ئۇلۇغ نامى تىللاردا داستان بولۇپتۇ. مانا قاراڭ، شۇنچە ئۇلۇغ پادىشاھ دۆلەتنىڭ خەۋپسىزلىكىگە تاقىلىدىغان بىر مەسىلىدە ئەپۇنى ئۆزىگە دوست تۇتقان يەردە، بىز تۇرمۇشتا ئادەتتە ئۇچراپ تۇرىدىغان ئىشلاردا نېمە ئۈچۈن باشقىلارنى ئەپۇ قىلالمايمىز؟ ئەگەر باشقىلارنى ئەپۇ قىلساق بىر دوستنى كۆپەيتكەن، ئەپۇ قىلمىساق، بىر دۈشمەننى كۆپەيتكەن بولىمىز. شۇڭا، ئەپۇ ئەڭ ئېسىل خىسلەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ كىشىلەر ئارا مېھرىبانلىقنى ئاشۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ.

**سوئال: بەك كۆپ ئەپۇ قىلىمەن، بۇ سەۋەبتىن ئەخمەق دەپمۇ ئاتىلىپ قالغان چاغلىرىم بار. قانداق قىلسام بولار؟**

جاۋاب: ئەپۇ قىلىش ئۆزى ئېلىشقا تېگىشلىك نەرسىنى ئالماي تۇرۇپ، ئۇنى يەنە باشقىلارغا بېرىۋېتىش، باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىش دېمەكتۇر. ئاقىللار ئەپۇ قىلغۇچىدۇر، ئەپۇ قىلغۇچىنى ياخشى كۆرىدۇ.

دانىشمەنلەرنىڭ كىتابلىرىدا: ئۆزۈڭدىن يىراقلاشقانلارغا يېقىنلىشىش، زۇلۇم قىلغانلارنى ئەپۇ قىلىش، ئۆزۈڭگە بىر نەرسە بەرمىگەنلەرگە ئېھسان قىلىش گۈزەل خۇيلۇق بولۇشنىڭ بەلگىسىدۇر، دېيىلگەن.

گېپىڭىزگە قارىغاندا، سىز ئەپۇ قىلىشنى دوست تۇتقان، يۇمشاق كۆڭۈل، كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىشنى مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەت دەپ بىلىدىغان دىيانەتلىك كىشى ئىكەنسىز. مۇشۇ سەۋەبتىن كىشىلەرنى كۆپ ئەپۇ قىلىدىكەنسىز، بۇنىڭ بىلەن بەزىلەر سىزنىڭ يۇمشاق كۆڭۈللۈكىڭىزدىن پايدىلىنىپ تۇزاققا دەسسىتىۋاتقان بولۇشىمۇ مۇمكىن، يېقىن - يورۇقلىرىڭىز سىزنى ئەخمەق دېيىشكەن بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئەپۇنى داۋاملىق دوست تۇتۇڭ، شەرت





شۇكى، ئەپۇ قىلغىنىڭىزنىڭ ۋەزنى بولسۇن، قارشى تەرەپنىڭ يالغان - ياۋىداق سۆزلىرىگە ئالدىنىپ كەتمەڭ، قارشى تەرەپ چىن دىلىدىن توۋا قىلغان، گۇناھىنى تونۇغاندىن كېيىنلا، ئەتراپلىق ئويلىنىپ كۆرۈپ، ئاندىن ئەپۇ قەلىمىڭىزنى سۈرسىڭىزمۇ كېچىكمەيسىز. يېقىن - يورۇقلىرىڭىز سىزنىڭ مۇشۇ ئاجىزلىقىڭىزنى كۆرۈپ، سىزگە ئىچى پۇشقان، قارىغۇيۇق ئەپۇ قىلىۋەرگەنلىكىڭىزدىن ئىچى پۇشقان بولۇشى مۇمكىن.

**سوئال: ئەپۇ قىلىشقا تېگىشلىك بولمىغانلارنىمۇ ئەپۇ قىلىشقا بولامدۇ؟**

جاۋاب: بۇلارنىمۇ ئەپۇ قىلىشقا بولىدۇ، ئەمما شەرت شۇكى، ئۇلار چىن دىلىدىن توۋا قىلغان، گۇناھىنى تونۇغان بولۇشى كېرەك، بولمىسا، ئۇ گۇناھىنى يۇيۇشنىڭ ئورنىغا تېخىمۇ چوڭراق گۇناھ ئۆتكۈزۈشى مۇمكىن.

بىر يۇمشاق كۆڭۈل تۇغقىنىمىز بار ئىدى، ئۇنىڭ بىر يېقىنى ئۇنىڭ نۇرغۇن مال - مۈلكىنى ئالداپ ئېلىۋېلىپ يوقىتىپ، ئۇزۇن يىللارغىچە تۆلەپ بەرمىدى. ئارىدا خېلى كۆپ جەڭگى - جېدەل يۈز بەردى. كېيىنكى يىللاردا بۇ جەڭگى - جېدەللەرمۇ بېسىقىپ قالدى. ئاڭلىساق، تۇغقىنىمىز بىر قېتىم ئۇ تونۇشى بىلەن ياقا سىقىشىۋېتىپ، بولالماي ياخشىراق پاراڭلىشىشنى ئېيتىپتۇ. ئىككىسى ئىشىكنى مەھكەم تاقاپ ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىككىلىسى چۈشىنىش ھاسىل قىلىپتۇ، تۇغقىنىمىز ئۇ كىشىنى ئەپۇ قىلىپ، يەنىلا بۇرۇنقىدەك ياخشى مۇناسىۋەتتە بولۇپتۇ. بۇنىڭدىن ھەيران قالغان كىشىلەر تۇغقىنىمىزغا: «ئۇ سېنىڭ شۇنچە كۆپ مال - مۈلكۈڭنى يوق قىلىپ تۈگۈلۈپ يېتىۋالدى، يەنە ئۇنىڭ بىلەن گەپلىشىپ ھېچنېمە بولمىغاندەك يۈرگىنىڭ نېمىسى؟ قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن پۇلۇڭنى ئالمامسەن»! دېيىشىپتۇ.

ئەمماتۇغقىنىمىز: «مەن ئۇنى كەچۈرۈۋەتتىم، تاپسا بېرەر، بولمىسا ئۆز يولىچە بولار، مەن ئۇنىڭ بىلەن ئىلگىرى يېقىن بۇرادەر ئىدىم، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇنداق بولۇشنى خالايمەن» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بۇ ئىشتىن ھېلىقى كىشى قاتتىق تەسىرلىنىپ، باش چۆكۈرۈپ ئىشلەپ، سودا ـ سېتىق قىلىپ، ئىككى يىلغا قالمايلا قەرزلىرىنى تولۇق قايتۇرۇپتۇ... ئەگەر تۇغقىنىمىز ئۇ كىشىگە داۋاملىق بېسىم قىلغان بولسا، قولىدا ھېچنېمىسى قالمىغان ئۇ كىشىمۇ توقۇمنى قورسىقىغا ئېلىپ جىم يېتىۋېلىشى، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىمۇ ناچار پېتى قالغان بولاتتى. تۇغقىنىمىز غەرەزسىز ھالدا ئۇنى ئەپۇ قىلىۋىدى، ئويلىمىغان يەردىن ھەم كونا دوستىنى قايتىدىن تېپىۋالدى، ھەم قەرزلىرىنى تولۇق قايتۇرۇۋالدى. ئەپۇ قىلىشنىڭ مۇشۇنداق خىسلەتلىرى بەك كۆپ.

**سوئال: بەك كەسكىن بولمىسىمۇ، گۇناھكار بىرسىنى جازالاش كېرەكمۇ ياكى ئەپۇ قىلىش كېرەكمۇ؟**

جاۋاب: گۇناھ ئېغىر بولمىسا جازالاشقا بولمايدۇ. ئەپۇ قىلغۇدەك يېرى بولسىلا ئەپۇ قىلىش تېخىمۇ ياخشىدۇر. بىر كىتابتا: جازا بېرىشتىكى خاتالىق ئەپۇ قىلىشتىكى خاتالىقتىنمۇ ياماندۇر، دېيىلگەن. شۇڭا، ئامالىنىڭ بارىچە گۇناھلىرىنى كەچۈرۈم قىلىپ، ئەپۇ قىلىش ئۇ كىشىنىڭ ئۆزگىرىپ ياخشى ئادەم بولۇشىغا كۆپ ياردەم بېرىدۇ. ئەگەر ئۇنداق قىلمىغاندا ئەكسىچە ئۇنۇم بېرىپ، ئۇ كىشى گۇناھ پاتقىقىغا تېخىمۇ چوڭقۇر پېتىپ كېتىشى مۇمكىن.

**سوئال: چوڭلار كىچىكلەرنى ئاۋۋال ئەپۇ قىلىشى كېرەكمۇ ياكى كىچىكلەر چوڭلارنى ئەپۇ قىلىشى كېرەكمۇ؟**

جاۋاب: ئادەتتە چوڭلارنىڭ كىچىكلەرنى ئەپۇ قىلغانلىقىنى





كۆپرەك ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. بۇ چوڭلارنىڭ كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىنىڭ كۆپلۈكى، تۇرمۇش تەجرىبىسىنىڭ مولluقىدىن، ئەقلىنى ئىشلەتكەنلىكىدىن بولىدۇ. ئەگەر ئەپۇ قىلىشنىڭ پەزىلىتىنى، خىسلىتىنى كىم بالدۇر چۈشەنسە، شۇ قارشى تەرەپنى ئەپۇ قىلىشقا ئالدىرايدۇ. بۇنىڭدا چوڭلار ئالدى بىلەن كىچىكلەرني ئەپۇ قىلىشى كېرەك ياكى كىچىكلەر چوڭلارنى ئاۋۋال ئەپۇ قىلىشى كېرەك دەيدىغان بەلگىلىمە يوق. كىمنىڭ كۆڭلى ئىنساپلىق بولسا شۇ ئالدى بىلەن ئەپۇ قىلسا، شۇ ئاكتىپ ئورۇنغا ئۆتىدۇ، كىشىلەر ئالدىدا مەرد، كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ، ئەپۇنى دوست تۇتقان بولۇپ كۆرۈنىدۇ. شۇڭا، ئەپۇ قىلىشقا ئالدىراش، ئەپۇ قىلىش ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ دىلىنى يۇمشىتىش ياخشىلىققا ئۈندەشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلىدۇر.

# ئەدەپلىك بولۇش

**سوئال: ئەدەپنىڭ خەلقىمىز ئارىسىدىكى ھۆكمى قايسى؟**

جاۋاب: ئەدەپ گۈزەل تەربىيە، ياخشى ھەرىكەت، گۈزەل ئەخلاق، ھايا، نازاكەت، ھۆرمەت ـ تەۋازۇ دېگەندەك مەنىلەردە كېلىدۇ. مەسىلەن، تەربىيىلىك بالا ئەدەپلىك بالا دېيىلىدۇ. كونىلار دائىم بىزگە: «ئەۋلادىڭلارنى ئەدەپلىك، تەربىيىلىك يېتىشتۈرۈڭلار» دەپ نەسىھەت قىلىدۇ. ئاتا ـ بوۋىلار دائىم: «سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىڭلار ئەخلاقى ئەڭ گۈزەل بولغانلىرىڭلاردۇر» دەپ نەسىھەت قىلىدۇ. ھەتتا بەزىلەر: «ئەدەپ ئىلىمدىن ئىلگىرى كېلۇر» دەيدۇ.

ئىبنى مۇبارەك ھەزرەتلىرى: «پۈتۈن ئىلىملەرنى بىلگەن كىشىنىڭ ئەگەر ئەدەپىدە نۇقسانلىق بار بولسا، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمىگەنلىكىمگە ئەپسۇسلانمايمەن، بۇنى ئەيىب ھېسابلىمايمەن. ئەمما ئەدەپلىك كىشى بىلەن كۆرۈشەلمىسەم ئەپسۇسلىنىمەن» دېگەندى.

**سوئال: ھەددىنى بىلىش دېگەن نېمە؟ قانداق قىلغاندا بۇ دەرىجىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ؟**

جاۋاب: ئەدەپ ھەددىنى بىلىش، چەكتىن ئېشىپ كەتمەسلىك دېگەنلىكتۇر. ئائىلىدە، ئىشخانىدا، جامائەت ئالدىدا ھەرقانداق ئىشنىڭ بىر چېكى بار. بارلىق كۆڭۈلسىزلىكلەر، بىئاراملىقلار ھەددىدىن ئېشىشتىن كېلىپ چىقىدۇ. ھەركىم ھەددىنى بىلىپ، چەكتىن ئاشمىسا، مەسىلەن، ئۆي خوتۇنىمۇ، ئەركەكمۇ ئۆز ھەددىنى بىلىپ ئۇنىڭغا قارىتا ھەرىكەت قىلسا، ئۇ ئۆي جەننەتكە ئوخشاش بولىدۇ. بۇنىڭغا رىئايە قىلغاندا نە غوۋغا،





كۆڭۈلسىزلىك، نە ئۇرۇش ـ تالاش بولمايدۇ. تۇرمۇش بەخت ـ سائادەتكە چۆمگەن ھالدا ئۆتىدۇ.

**سوئال: ئەدەپنىڭ يەنە قانداق سۈپەتلىرى بار؟ ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن قانداق ھەرىكەت قىلىش كېرەك؟**

جاۋاب: كىشىدە ئەدەپ بولسا ئىلىممۇ بولۇشى لازىم. ئەدەب ئەقىلگە باغلىق نەرسە، ئەقىل ئۈستىگە ئەدەپ قوشۇلسا نۇر ئۈستىگە نۇر قوشۇلغان بولىدۇ. ئۇلۇغلۇق ئەقىل ۋە ئەدەپ بىلەن بارلىققا كېلىدۇ. ئەقىلنىڭ قەدرى ئەدەپ بىلەن، بايلىق قەدرى ساخاۋەت بىلەن، قۇۋۋەت قەدرى باھادۇرلۇق بىلەن ئاشىدۇ.

ئاتا ـ ئانىسى ئۆلگەن ئادەمنى ئەمەس، ئەدەپ ـ ئەخلاقى بولمىغان ئادەمنى يېتىم دېسىڭىز بولىدۇ.

ئەدەپ ـ ئۇلۇغلۇق ۋە يۈكسەكلىك قەسرىنىڭ شوتىسىدۇركى، بۇ شوتا ئارقىلىق ھەممە مەقسەت مەنزىلىگە يېتىش مۇمكىن. شەرم گۈلزارىدىن بولسا بارچە مۇددىئا گۈللىرىنى دەستىلەش مۇمكىن. كىچىك سىرلار ھەقىقىتىنى چۈشەنگۈچىلەر ۋە ھەر قانداق مەنىسىنى تەتقىق قىلغۇچىلار ئېيتىدۇركى، ئادىمىيلىك رىسالىسىنىڭ دەرسلىرىنى ئوقۇشقا باشلاپ، بەختىيارلىق كوچىسىغا قەدەم قويغۇچى ھەر بىر ئىنسانغا ئالدى بىلەن شەرم ـ ئەدەپ قائىدىسىنى ئۆگىنىش شەرتتۇر. تاكى بەخت مۇئەللىمىنىڭ يوللانمىسى بىلەن ھايات قانۇنى ئىلمىنى ئىدراك قىلىشتا بىلىملىك ۋە ئۇستا بولالىسۇنكى، ھەقىقەتەنمۇ، ئەدەپ ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئاجايىپ تاج ۋە ئادىمىيلىك بېزىكى ئۈچۈن قىممەتباھا گۆھەردۇر.

ھېكمەت ئەربابلىرىنىڭ ئېيتىشلىرىچە، كىشىنىڭ ۋۇجۇد گۈلى ئەدەپ رەڭگى ۋە ھىدىدىن خالىي بولسا، ئۇ كىشى ئادەملەر نەزىرىدە تىكەندەك خار ۋە بىئېتىبار بولىدۇ، خەلق كۆڭلى ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلىشىشتىن قالىدۇ ھەمدە خاھى ياتلار بولسۇن ياكى

ئاغىنىلىرى بولسۇن ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيدۇ. ئۇنىڭ ئەھۋالى بەتلىرىگە نەپرەت قەلىمى بىلەن يىرگىنچلىك ۋە ياتلىق بەلگىلىرىنى قويىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن شەرم - ھاياسىز ۋە ئەدەپسىز كىشىلەر دەۋرانىنىڭ دەككىسى ۋە تەنبىھىدىن ئۆزلىرىنىڭ ئازادلىق قاناتلىرىنى سىنغان ھالدا كۆرىدۇ ۋە ئۇلارغا ھېچكىم ھېچقاچان مېھىر - مۇھەببەت كۆرسەتمەيدۇ.

ئەدەپسىزلىك شۇنداق سەلكى، ئۇ ئابرۇي ۋە بۈيۈكلۈك قەسرىنى گۇم قىلىپ، ئىدراك بويىنىنى ھەر خىل ئارقانلار بىلەن باغلاپ تاشلايدۇ. ئاقىللارنىڭ ئېيتىشلىرىچە، ئەدەپ رىئايىسى شۇنداق سۈرمىكى، ئۇنىڭ توزۇندىسىنى ھەر قانداق كىشىگە سۈرتسە، ئېتىبار كۆزىنىڭ روشەنلىكى ھېچقانداق سەۋەب بىلەن زەئىپلىك ۋە ئىللەتكە يولۇقمايدۇ. زامانىنىڭ ئۇلۇغ - ئۇششاقلىرى ئۇنىڭ ھوزۇرىنى مېھىر - مۇھەببەت بەزمىسىنىڭ چىرىغى دەپ بىلىدۇ. بۇنداق كىشىلەر ئىقبالىنىڭ يۇلتۇزى كۈندىن - كۈنگە يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلىۋېرىدۇ.

**سوئال: ئەدەپ - ئەخلاقلىق كىشىنىڭ قانداق سۈپەتلىرى بار؟**

جاۋاب: ئەخلاقلىق ۋە تەۋازۇلۇق ئادەم كىشىلەرنىڭ مۇھەببىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. دوستلۇق گۈلزارىدا يارقىن گۈللەرنى ئېچىلدۇرىدۇ. ئۇ گۈلزاردىن يېقىملىق، مېھرىبانلىق ۋە ئۇلپەتچىلىك بەزمىسىدە ھەر خىل خۇش پۇراق گۈللەر چېچىلىدۇ، تەكەببۇرغا مۇلايىملىق تەرەپتىن يول كۆرسىتىدۇ.

ئەدەپ، تەۋازۇ كىچىكلەرنى چوڭلارنىڭ دوستلۇقىغا سازاۋەر قىلىدۇ. چوڭلارنىڭ كۆڭلىگە كىچىكلەرنىڭ مېھرىنى سالىدۇ. ئەدەپلىك ۋە تەۋازۇلۇق ياشنى خەلق قەدىرلەيدۇ. تەكەببۇر، پەقەت ئۆزىنىڭلا مەنپەئىتىنى كۆزلىگۈچىلەر، جاھىل ۋە نادانلار ئەدەپ ۋە تەۋازۇنىڭ نۇرىدىن نېسىپسىز كىشىلەردۇر.





**سوئال: ئەدەپ توغرىسىدىكى تەبىرلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۆز ئالدىم بىردىنلا يورۇپ كەتكەندەك بولدى. دېمەك، ئەدەپ - ئەخلاق ئادەمدە گۈزەل ھېس - تۇيغۇلارنى، گۈزەل ئارزۇلارنى ئويغىتىپ، كىشىلىك مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش رولىنى ئوينايدىكەن. ئۇنداقتا، ئادەم زادى تۇرمۇشتىكى قانداق ئىشلاردىن ئەدەپنى ئۆگىنىشى ۋە ئۆزىگە ئۈلگە قىلىشى كېرەك؟**

جاۋاب: كونىلار: «ئەدەبنى ئەدەپسىزدىن ئۆگەن» دەپ تەۋسىيە قىلىدۇ. دېمەكچىكى، ئەدەپسىزلىكنىڭ ئەكسى ئەدەپلىك بولۇشتۇر. ئەدەپسىزلىكلەردىن يىرگەنگەن، ئەدەپسىزلىكنى ئۆزىدىن يىراق قىلىپ، ئەدەپلىك بولۇشقا ئىرادە باغلىغان ئادەم چوقۇم ئەدەپسىزلىكلەردىن ئىبرەت ئېلىپ، ئۆزىدە گۈزەل ئەدەپ - ئەخلاق ۋە ئېسىل ئىنسانىي پەزىلەت يېتىلدۈرۈپ، كىشىلەر ئارىسىدا ئەدەپلىك ئادەم دېگەن نام - ئاتاقنى ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى نىيەتلىك، ئەدەپ - ئەخلاقلىق، ئېسىل پەزىلەتلىك كىشىلەر بىلەن كۆپرەك ھەمسۆھبەت بولغاندا، چوقۇم گۈزەل ئەخلاقنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ. سىز بۇ جەھەتتە ئەتراپلىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىڭىز، تىرىشچانلىق ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش يولىنى تۇتۇشىڭىز لازىم.

# ئەر ـ خوتۇنچىلىق ئەدەپلىرى

**سوئال: ئەر ـ خوتۇنىنىڭ كۆڭۈللۈك ئۆتۈشى ئۈچۈن قايسى قائىدىلەرگە ئەمەل قىلىش كېرەك؟**

جاۋاب: ئەر ۋە ئايالنىڭ كۆڭۈللۈك تۇرمۇشى پۈتكۈل ئائىلە ئەزالىرىغا بەخت ـ سائادەت كەلتۈرىدۇ، ئۇلارنىڭ يۈزىگە راھەت ـ پاراغەت ئىشىكىنى ئاچىدۇ. ئەگەر ئاتا ـ ئانا تەربىيىلىك، ئەدەپلىك، بىر ـ بىرىگە كۆيۈملۈك بولسا، پەرزەنتلىرىمۇ ئۇلاردىن ئۈلگە ئېلىپ، شۇنداق تەربىيىدە چوڭ بولىدۇ. تەربىيىسىز، ئۇرۇشقاق ئاتا ـ ئانىنىڭ پەرزەنتلىرى ئۆزىگە ئوخشاش يېتىشىپ چىقىدۇ. ئەر ـ ئايال بولغۇچىلار مۇشۇ ئىشقا ئېتىبار بېرىشى لازىم.

بەزى ئائىلىلەردە ئەھمىيەتسىز ئىش تۇغرۇلۇق كۆڭۈلسىزلىكلەر يۈز بېرىدۇ. ئاتا ـ بوۋىلار «جېدەللىك ئۆيدە بەرىكەت بولمايدۇ، ئەر ـ ئايالنىڭ جېدىلى داكا رومال قۇرۇغىچە بولسۇن» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان. «تاما ـ تاما كۆل بولار» دېگەندەك، ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلار بارغانچە ياخشى چۈشەنگەن ئەر ـ ئايال ئۇششاق، ئەھمىيەتسىز ئىشلاردىن پەيدا بولغان جېدەللەرگە يول قويماسلىقى لازىم. ئايال ئىززەت ـ ھۆرمەتكە سازاۋەر زات. ئۇنىڭ خىزمەتلىرىنى قەدىرلىمەسلىك ئىنساپ ۋە مۇرۇۋۋەتتىن ئەمەس. ئايالنىڭ كۆزى يورۇش پەيتىدە چەككەن ئازاب ـ ئوقۇبەتنى كۆز ئالدىرىمىزغا كەلتۈرەيلى، بالىلارنى دۇنياغا كەلتۈرۈش ئاياللار ئۈچۈن ھايات ياكى مامات دېگەنلىك. ئانا ئامان ـ ئېسەن كۆزى يورۇپ، بوۋاقنى باغرىغا باسقاندىن كېيىن، تا ئۇنى قاتارغا قوشقۇچە ئاز جاپا چېكەمدۇ. مۆھتەرەم





ئانىلارنى ھەر قانچە ھۆرمەتلىسەك يەنىلا كەملىك قىلىدۇ. بىر دانىشمەن: «جەننەت ئانىنىڭ ئايىغى ئاستىدا» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان.

**سوئال: خوتۇننىڭ ئەمگىكىنى تونۇشنىڭ قانداق ئەھمىيىتى بار؟**

جاۋاب: ئۆي ئىگىسى ئايال دائىم ئېرى ۋە بالا ـ چاقىلىرىنىڭ راھەت ياشاش يولىنى ئىزدەپ، ئائىلىسىنى مەئىشەتتىن تەڭلىكتە قالدۇرماسلىق ئۈچۈن ھېرىپ ـ چارچاپ ئىشلەيدۇ، شۇ يولدا تۈرلۈك جاپا ـ مۇشەققەتنى ئۈستىگە ئالىدۇ. ئېرىنىڭ خىزمىتىنى قەدىرلەپ، ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى بەجا كەلتۈرگەن ئايال ھەممىنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولىدۇ. ئەقىللىق ۋە نومۇسلۇق ئايال ئېرىنىڭ خۇشاللىقى بىلەن غەم ـ قايغۇسىغا تەڭ شېرىك بولىدۇ؛ ئېرى تاڭ سەھەردە ئىشقا ماڭسا، شېرىن سۆز، خۇش مۇئامىلە بىلەن ئۇزىتىپ قويىدۇ؛ ئىشتىن قايتقاندا، يەنە شۇنداق گۈزەل مۇئامىلە بىلەن قارشى ئالىدۇ. ئېرىنىڭ كىيىم ـ كېچەك تازىلىقىغا دىققەت قىلىدۇ. تاماقنى ئۆز ۋاقتىدا تەييارلاپ، ئېرى ۋە بالىلىرى بىلەن كۆڭۈللۈك غىزالىنىدۇ. غىزا ۋاقتىدا قاپىقىنى تۈرۈپ، بالىلىرىنى ئۇرۇپ ـ تىللاپ، ئېرىنىڭ دىلىنى رەنجىتمەيدۇ. «ئەرنى ئەر قىلغانمۇ خوتۇن، يەر قىلغانمۇ خوتۇن» دېگەن گەپ بار. ئەدەپلىك ۋە تەربىيىلىك ئايال ئېرىنىڭ ئەجرىنى قەدىرلەيدۇ، ئىسراپچىلىققا يول قويمايدۇ، قانائەتلىك كېلىدۇ، بالىلىرىنىڭ تەربىيىسىگە كۆڭۈل بۆلىدۇ، ئېرىنىڭ مەسلىھەتىسىز بىرەر ئىشقا كىرىشمەيدۇ؛ بولمىغۇر ئىشنى باھانە قىلىپ، ئېرى بىلەن جېدەللىشىپ غوۋغا كۆتۈرمەيدۇ، ئېرى ناشايان ئىش قىلىپ قويسا، مۇلايىملىق بىلەن چۈشەندۈرۈپ، ئۇنى شۇ ئىشتىن ياندۇرىدۇ؛ ئېرىگە دائىم مۇھەببەتلىك ۋە ساداقەتلىك بولىدۇ، ئېرىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ۋە قېرىنداشلىرىنى ھۆرمەتلەيدۇ، ئۇلارنى ئوچۇق چىراي، شېرىن

سۆز بىلەن قارشى ئالىدۇ.

ئەقىللىق، تەدبىرلىك ئايال بۇ ۋەزىپىلەرگە رىئايە قىلسا، ئۆزى، ئېرى ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ راھەتتە ياشىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. مانا شۇنداق پەزىلەتلىك ئايال ھۆرمەت ۋە ئالقىشقا سازاۋەر.

پەرزەنتىنىڭ ھاياتىغا قۇۋۋەت بولىدىغان بىرىنچى قۇۋۋەت ئانىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى قاندۇر. بوۋاق شۇ قاندىن ئوزۇقلىنىپ، ھاياتىنى ساقلايدۇ. بالا دەسلەپكى سۆزنى ئانىدىن ئاڭلايدۇ. ئۇ سۆزلىگەن تىلنى «ئاتا تىلى» دېمەستىن، بەلكى «ئانا تىل» دېيىشتىكى ھېكمەت شۇدۇر. دېمەك، بالىنى تەربىيىلەپ ئۆستۈرۈشتە، دادىغا قارىغاندا ئانا كۆپرەك ئەجىر سىڭدۈرىدۇ. ئۇنىڭ پەرزەنتكە بولغان مۇھەببىتى دادىنىڭكىدىن ئارتۇق بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، باللار دادىسىغا قارىغاندا ئانىسىغا بەكرەك مايىل بولىدۇ. ئانا پەرزەنتى ئۈچۈن ھەتتا ئۆزىنى پىدا قىلىشقىمۇ تەييار. شۇ سەۋەبتىن دانىشمەنلەر: «ئانىنىڭ ھەققى ئاتىنىڭ ھەققىدىن ئىككى ھەسسە كۆپرەك» دېگەن.

ئانىغا ئوخشىغان، ئەينى چاغدا دوست ۋە خىزمەتداش بولغان خوتۇن ھەقىقىي چىرايلىق ۋە يېقىملىق خوتۇن بولالايدۇ. ئانىغا ئوخشىغان دېگەندە شۇنداق چۈشىنىش كېرەككى، ئانىلار ھەر دائىم ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە يېقىن بولۇشىنى خالايدۇ، باللىرى ئۈچۈن رەنج ۋە جاپا چېكىشنى ئۆزلىرىنىڭ بۇرچى ۋە شەرىپى دەپ بىلىدۇ، خوتۇن كىشىمۇ ئۆز ئېرى ئۈچۈن شۇنداق خىسلەتكە ئىگە بولغان بولسۇن؛ دوست دېگەندە شۇنداق چۈشىنىش كېرەككى، ئۇ ئېرىنىڭ ئېھتىياجلىرىغا رازى بولۇشى، بىرەر ئىشتىن چەكلىسە خاپا بولماسلىقى، بىساتىدا بارىنى ئېرىدىن ئايىماسلىقى، ئۇنىڭدىن سىر يوشۇرماسلىقى، ئۇنىڭ سىرىنى ئاشكارىلىماسلىقى، ھەر ئىشتا خۇددى دوستلاردەك كېلىشەلىشى لازىم؛ خىزمەتداش دېگەندە شۇنداق چۈشىنىش





كېرەككى، ئۇ گويا ھەمشىرە ۋە تەربىيىچىلەرگە ئوخشاش ئېرىنىڭ بەزى سۆزلىرىنى كۆتۈرۈشى، چىدام ۋە سەۋر بىلەن ھەق ياكى ناھەقلىقىنى ئىسپاتلاشقا، ئۆزگىلەر ئالدىدا ئۇنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنۇشى لازىم.

يەنە دېدى: يامان خوتۇن باشتا ئوغرىغا، كېيىن دۈشمەنگە، ئاخىرىدا ھاكىمغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ئوغرىغا ئوخشىغىنى شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇ ئېرىنىڭ مېلىغا خىيانەت قىلىدۇ، ئالداپ، ئورۇنسىز ئىشلارغا ئىشلىتىدۇ، ئېرىنىڭ ئىلتىپات بىلەن قىلغان ياخشىلىقلىرىنى مەنسىتمەيدۇ، پەقەت ئۆزى ئۈچۈن نەپ كەلتۈرىدىغان نەرسىگە ئىنتىلىدۇ؛ ئۇنىڭ دۈشمەنگە ئوخشايدىغانلىقى شۇ جەھەتتىكى، ئۇ ئېرىگە خۇددى دۈشمەندەك دائىم قاپىقىنى تۈرۈۋېلىپ، چىرايىنى ئاچمايدۇ، ئۇنى ياراتمايدۇ، ھەر ۋاقىت ئۇنىڭغا كىنە ساقلايدۇ، ئىشلىرىدىن قۇسۇر تېپىپ، رەنجىتىدۇ؛ ئۇنىڭ ھاكىمغا ئوخشاشلىقى شۇ سەۋەبتىنكى، ئېرىنىڭ ھەر دائىم ئۆز پەرمانىغا ئەمەل قىلىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئۇنى بويسۇندۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۇنى ھاقارەتلەشنى ياخشى كۆرىدۇ، ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئاچچىقلىنىدۇ، ئېرىنىڭ خاپا ياكى خۇشال ھالىتىگە پەرۋا قىلمايدۇ.

يەنە ئېيتتى: ياخشى خوتۇنلارنىڭ ئەرگە ئىززەت ۋە ئىكرام كۆرسىتىشى شۇنداق بولىدۇكى، ئۇلار ئەرلىرىنىڭ ئائىلىدىكى كىرىم ـ چىقىملىرىغا رازى بولۇشىدۇ، ھايا ۋە ئىپپەت پەردىسىنى يىرتمايدۇ، قىيىنچىلىق ۋە غەملىك كۈنلەردە ئېرىگە تەنە قىلمايدۇ، ئېرى بىلەن كېچەيۇ كۈندۈز مۇرەسسە ۋە مادارا قىلىپ، مەسلىھەت بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدۇ.

**سوئال: ئۆيلىنىپ ئائىلە قۇرۇشنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىڭ.**

جاۋاب: شۇنداق ئادەملەرمۇ باركى، ئۇلار مۇھەببەت بوستانىنى

ئارىلاپ، ئۆيلىنىشكە قەدەم قويمايدۇ ۋە بۇ پەيز بېغىنىڭ گۈلزارلىرىدىن گۈللەر ئۈزمەيدۇ، ئەكسىچە دائىم غەم ئۆيىدە ئۆزلىرى يالغۇز ـ تەنها ئولتۇرىدۇ. بەزىبىر كەم ئەقىل ۋە بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرىدىغان كىشىلەر بولسا پۇلۇم يېتىشمەيدۇ دەپ ياكى خوتۇن ئالسا ئەپلەپ باقالماسلىقتىن ئەنسىرەپ، گۈزەل ۋە بەختىيار ئائىلىلەر ۋىسالىدىن يۈز ئۆرۈيدۇ. ئەمما مەلۇمكى، ئۆيلىنىش يولىدا ۋە ئۇنىڭ خەرج ـ خىراجىتى يولىدا قانچىلىك نەرسە ئىشلىتىلسۇن، كېيىنچىلىك بولار تولدۇرۇۋېلىنىدۇ. ئەمما، بۇ يولنى بېسىپ ئۆتۈشتە تۆۋەندىكىلەرگە ئەمەل قىلماق كېرەك: شۇنداق قىزغا ئەلچى كىرگۈزۈلسۇنكى، بۇ قىزنىڭ مېھرى ئىسسىق، يۈزىدىن ئالىيجانابلىق ۋە ئىپپەت نامايان بولسۇن، پاكلىق ۋە پاكىزلىق پەردىسى ئارقىسىدا تەربىيىلەنگەن، چىرايلىق ئىش ۋە ئادەملەرگە ئۆگىتىلگەن بولسۇن! بۇنداق قىز ئەڭ ياخشى تارتۇق بولۇپ، ياشلىق ۋە هايات داستىخانىنىڭ لەززىتىنى مول قىلىدۇ.

تەجرىبىلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، چىرايلىق خۇلقتا ئىگە ئاياللارنىڭ ئەرلىرىمۇ شۇنداق خۇلقتا ئىگە بولۇر ئىكەن. ئەكسىچە يامان خۇلقلىق ئاياللارنىڭ ئەرلىرىمۇ يامان خۇلقتا ئىگە بولۇپ، ئۇلاردا ياۋۇزلۇق ئىللەتلىرى پەيدا بولۇپ، باشقىلار بىلەنمۇ قوپال مۇئامىلىدە بولۇر ئىكەن.

ئائىلىۋى مەسىلىلەردە ئەر ـ خوتۇن ئوتتۇرىسىدا ئىناقلىق ۋە كېچىشىش كۆرۈش بولمىسا، بۇنداق ئائىلە ئازاب ۋە مۇشەققەت ئۇۋىسىغا ئايلىنىدۇ. بۇنداق ئائىلىدىن لەززەت كېتەر، راھەت يوقىلىدۇ، باللارنىڭ تىنچلىقى بۇزۇلىدۇ، ئائىلە ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدا بىر ـ بىرىگە دۈشمەنلىك پەيدا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئائىلىلەردە ئۇرۇش ـ جاڭجال چىقماسلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئاياللىرىمىزنىڭ ۋەزىپىسىدۇر.

ئەر بىلەن مۇرەسسە ـ مادارادا ياشاش ئۈچۈن ئاياللىرىمىز تۆۋەندىكى ئىككى ئىشقا ئەمەل قىلىشى زۆرۈر: بىرىنچى، ئەرنىڭ





تەبىئىتىنى، مىزاجىنى ۋە خۇلقىنى بىلىشى ھەم شۇنىڭغا قاراپ مۇئامىلە قىلىشى كېرەك. مەسىلەن، ئەر نېمىدىن كۆپرەك خۇرسەن بولسا، شۇ ئىشنى قىلىشقا ئۇرۇنۇشى، قانداق نەرسە غەشىنى كەلتۇرسە، ئۇنى قىلماسلىقى لازىم. ئەرنىڭ ئادىتىنى بىلىش ۋە شۇنىڭغا ئاساسلىنىپ ئىش قىلىش ئىناقلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان مۇھىم ئامىللاردىن بىرىدۇر؛ ئىككىنچى، ۋاپادار، ساداقەتلىك ۋە ئىش بىلەرمەن ئاياللار توغرىسىدىكى ھېكايە، شېئىر ۋە داستانلارنى كۆپ ئوقۇش، يامان، خۇلقسىز ۋە ھاياسىز ئاياللارنىڭ قىلمىشلىرى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى توغرىسىدىكى ۋەقەلەردىن ئىبارەت ئېلىش ھەم تېگىشلىك خۇلاسە چىقىرىشنى بىلىش كېرەك.

**سوئال: ياخشى ئاياللار قانداق سۈپەتلەرگە ئىگە بولىدۇ؟ ئەر بىلەن قانداق ئۆي تۇتۇش كېرەك؟**

جاۋاب: ئەڭ ياخشى ئاياللار شۇنداق ئاياللاركى، ئۇلار پەرزەنتىگە كۆيۈنىدۇ، ئەر بىلەن مۇرەسسە قىلىپ ياشايدۇ، ئەرنىڭ كۈچى يەتمەيدىغان نەرسىلەرنى تەلەپ قىلمايدۇ، ئەر نېمىنى سوۋغا قىلسا شۈكۈر چېھرىسىنى ئېچىپ ئۇنى خۇشال قىلىدۇ. ئۇلار ھەمىشە ئەرنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا ئىنتىلىدۇ. ئەرنىڭ مۇھەببەت قۇشىنى تەبەسسۇم دامى بىلەن ئوۋلايدۇ. ئەدەپ ۋە ھايا يۈزىسىدىن ئەرنىڭ ھوزۇرى گۈلزارىدا بىھۇدە سەير قىلىشۋەرمەيدۇ، ئەرنىڭ تاپقىنىنى چاچماسلىققا ۋە سىرلىرىنى ئاچماسلىققا ھەرىكەت قىلىدۇ. ئەگەر، كىشىگە بەخت مەدەتكار بولۇپ، ھەر تەرەپلىمە كامالەتكە يەتكەن شۇنداق خوتۇنغا ئېرىشەلىسە، ئۇ ئادەم ئۇنداق خوتۇننى بېشىدىكى گۆھەر تاج دەپ بىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتقان چىمەنزار دەملىرىنى غەنىيمەت بىلىشى لازىم. چۈنكى، ھېچقانداق خېرىدار بۇنداق قىممەتلىك نېمەتنى دەۋران بازىرىدىن غەيرەت دەللالىنىڭ ھەرىكىتى بىلەن ھېچقاچان قولغا كىرگۈزەلمەيدۇ.

ئاقىل خوتۇن ئۆز ئېرىنىڭ ھەقىقىي ياردەمچىسىدۇر. بۇنداق خوتۇن ئۆز ئېرىنىڭ سۆزلىرىنى ھېچقاچان يەردە قالدۇرمايدۇ ۋە مەنسىتمەيدىغان ئىشلارنى قىلمايدۇ. ئۇنى ھەر بىر ئىشتا قوللاپ - قۇۋۋەتلەيدۇ. ئەمما، ئاقىل خوتۇن ئەرگە ئىتائەت قىلىشى لازىم ئىكەن دەپلا، ئەر باشلىغان ھەر قانداق قەبىھ يوللارغا يۈرۈۋەرمەيدۇ، ئەكسىچە ئۆز ئېرىنى يامان ۋە جىنايەتكە ئېلىپ بارىدىغان يوللاردىن قايتۇرىدۇ.

بەتخۇلق ۋە تېتىقسىز ئەرگە ئۇچرىغان ئايالنىڭ تۆپكى ۋەزىپىسى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇ بار كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، ئېرىگە ئۇنىڭ خاتا يولدىن كېتىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈشى، ئۇنىڭغا ۋەز - نەسىھەت قىلىشى لازىم. ئەگەر، ھەممە چارە - تەدبىرلەرنى ئىشقا سالسىمۇ كار قىلماي، ئېرىنىڭ تۈزىلىشىگە ئىشەنچىسى قالمىسا، ئۇ چاغدا ئۇنىڭدىن كۆڭۈل ئۈزۈپ، چىرايلىقچە قۇتۇلۇش يولىنى ئىزدىشى كېرەك.

ئەر بىلەن تىنچ - ئىناق ياشاشنىڭ يەنە بەزى مۇھىم شەرتلىرى تۆۋەندىكىلەر: ئايال كىشى ئەرنى ئۆزىگە رام قىلىش ئۈچۈن ھەمىشە ئۆزىنىڭ بەدىنىنى تازا - ئازادە تۇتۇشى، كىيىملىرىنى دائىم پاكىز تۇتۇشى، چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، چىرايلىق يۈرۈشى لازىم. بۇ يەردە بىر ئەرەب ئايالنىڭ ئۆز قىزىنى كۆيەۋگە ئۇزىتىۋېتىپ ئېيتقان سۆزلىرىنى كەلتۈرۈپ ئۆتۈش پايدىلىقتۇر. ئۇ قىزىغا شۇنداق نەسىھەت قىلغانىكەن:

— ھەي قىزىم! سەن ئۆزۈڭ ئۆسۈپ چوڭ بولغان، ئۆگەنگەن ئۆيۈڭدىن كېتىپ، ناتونۇش بىر ئائىلىگە كېتىۋاتىسەن، سەن بولغۇسى كۆيەۋىڭنىڭ خۇي - پەيلىنى بىلمەيسەن. شۇڭا، سەن ئۇنىڭ بىلەن شۇنداق مۇئامىلە يولىنى تۇت: سەن يەر بول، ئۇ ئاسمان بولىدۇ. دېمەك، سەن ئۇنىڭ ئالدىدا يەرگە ئوخشاش كەمتەر بولساڭ، ئۇ ئاسمان كەبى ئالىيجاناب بولىدۇ. ئاسمان شىپالىق يامغۇرى بىلەن يەرنى كۆكەرتكىنىگە ئوخشاش، ئۇمۇ ئۆز مېھىر - شەپقىتى بىلەن سېنى مەمنۇن قىلىدۇ. يەنە سەن





ئۇنىڭغا تۆشەك بولساڭ، ئۇ ساڭا ياستۇق بولىدۇ ياكى سەن ئۇنىڭغا كېنىزەك بولساڭ، ئۇ ساڭا قۇل بولىدۇ.

قىزىم! كۆيەۋىڭدىن ئۇنىڭ كۈچى يەتمەيدىغان ياكى سېتىۋېلىشقا قۇدرىتى يەتمەيدىغان نەرسىلەرنى تەلەپ قىلما. ئەگەر، شۇنداق قىلساڭ ئوتتۇرىدىكى ئىناقلىق بۇزۇلۇپ، جېدەل - ماجىرالار يۈز بېرىدۇ. ئۆزۈڭگە خۇشبۇي نەرسىلەر بىلەن زىنىنەت بېرىپ، پېقىمسىز ھىدلاردىن ساقلان. پاكىزلىك دائىما يولدىشىڭ بولسۇن. ئاچچىق ۋە ياپتا گەپلەرنى قىلىشتىن نېرى بول، ئېرىڭ سېنىڭدىن ھەمىشە يۇمشاق ۋە تاتلىق گەپلەرنىلا ئىشىتسۇن. ياراشمىغان، ئەسكى كىيىملەرنى كىيىپ ياكى چاچلىرىڭنى تۈزەشتۈرمەستىن ئۇنىڭغا كۆرۈنمە!

ئەرەب ئايال ئۇشبۇ سۆزلەر بىلەن قىزىنى كۆيەۋگە ئۇزاتقانىكەن.

**سوئال: خوتۇنلارنىڭ ئىپپەتلىك بولۇشىنىڭ مۇھىم ئىكەنلىكى ھەققىدە سۆزلەپ بەرسىڭىز.**

جاۋاب: خوتۇنلارغا خاس بولغان ئەڭ گۈزەل ۋە قەدىرلىك بېزەك ئىپپەتتۇر. ئىپپىتى يوق ئايال نۇرسىز، يالىڭاچ بىر گەۋدىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئىپپىتىنى ساقلاشقا تىرىشمىغان ئاياللار ھېچقاچان مۇھەببەت ۋە ئىلتىپاتقا سازاۋەر بولالمايدۇ.

ئاچا - سىڭىللار ئۈچۈن ئەڭ زور بايلىق ۋە ئەڭ ئۇلۇغ مەرتىۋە، ئەڭ بۈيۈك پەزىلەت - ئىپپەتلىك بولۇشتۇر. ئىپپەتلىك ئايال گەرچە كەمبەغەل بولسىمۇ، بىراق مەنىۋى جەھەتتىن بەدۆلەت ھېسابلىنىدۇ. ئىپپەتسىز ئاياللار ھەر قانچە دۆلەتمەن بولسىمۇ، كىشىلەر نەزىرىدە پەقىر ۋە ھۆرمەتسىز ھېسابلىنىدۇ. بويۇنغا تاقىغان مارجانلار، باش ۋە كۆكرەككە قادالغان گۆھەرلەر، مىليونلىغان پۇل - پۇچەكلەر بىلەنمۇ ئىپپەتنى سېتىۋالغىلى بولمايدۇ. ئىپپەت شۇنداق زور بايلىقكى، ئۇنىڭ ئەسلا باھاسى يوق. خوتۇن - قىزلار گۈزەل ۋە چىرايلىقلىقى، پۇل - ماللىرى

بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىدىكى ئىپپەتتى بىلەن خۇشاللىنىشى لازىم.

ئىپپەتنىڭ نەقەدەر بۈيۈك پەزىلەت ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ تەركىبىگە كىرىدىغان ۋە ئاجرالماس بىر بۆلۈكى بولغان خىسلەتلەر بىلەن تونۇشۇش زۆرۈر. ھەكىملەرنىڭ يېزىشلىرىچە، ئىپپەتتە ئون بۆلۈك بار: ھايا، سەۋر، تىزگىنلەش، پاكلىق، قانائەت، ئېغىر - بېسىقلىق، ئوچۇق يۈزلۈكلۈك، ئىخلاس، تەرتىپ، ساخاۋەت.

**سوئال: ئۆيلىنىشتە قانداق شەرتلەرگە بويسۇنۇش كېرەك؟**

جاۋاب: دانىشمەنلەر شۇنداق نەسىھەت قىلىدۇ: ئۆيلەنمەكچى بولساڭ، ھېچقاچان خوتۇن - قىزلارنىڭ ھۆسن - جامالىغا، مال - دۇنياسىغا قىزىقما. ئۇنىڭ تاشقى سۈپىتىگە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئېتىبار قىل. ئاتا - ئانىڭنىڭ پىكرى ھەم مەسلىھەتى بىلەن ئەدەپلىك، تەربىيىلىك، نومۇسلۇق ئائىلىنىڭ قىزىغا ئۆيلەن. ئۆز ھۆرمىتىڭنى ساقلا، بۇ سېنىڭ قولۇڭدا. خوتۇنۇڭ ئۆي ئىشلىرىدا پۇختا، بىلىملىك، تېجەشلىك، ئۆزۈڭ ۋە ئاتا - ئاناڭنىڭ ھۆرمىتىنى بەجا كەلتۈرىدىغان ئاقىل، ئوچۇق يۈزلۈك، شېرىن سۆزلۈك، تەربىيىلىك، پەرزەنتلىرىڭگە مېھرىبان ۋە ئىش بىلەرمەن بولسا، تۇرمۇشۇڭ راھەت - پاراغەتتە ئۆتىدۇ. ياخشى ئايال ئەرنىڭ راھىتى، ئۆينىڭ بەرىكىتىدۇر.

ھەي پەرزەنت، ھەر تەرەپتىن ئۆز ھالىڭغا، ئۆز دەرىجەڭگە تەڭداش ئائىلىنىڭ قىزىغا ئۆيلەن. ئايالىڭ دادىسىنىڭ ھەشەمەتلىك ئۆي ۋە دەبدەبىسىگە مەغرۇر بولۇپ، سېنى كۆزگە ئىلماسلىقى مۇمكىن. ئىپپەتلىك ۋە شەرم - ھايالىق ئايال مەرغۇب ۋە مەقبۇل بولسا؛ تىلى ئاچچىق، ھاياسىز ئايال خەقنىڭ نەپرىتىگە سازاۋەر بولىدۇ.





## ئەقىل ئىگىسى بولۇش

**سوئال: ئەقىل ئىگىسى بولۇش دېگەن نېمە؟ ئەقىل ئىگىسى بولۇش ئۈچۈن قانداق شەرتلەرنى ھازىرلاش كېرەك؟**

جاۋاب: ئەقىل ئىنسانلارنىڭ كامىل يېتەكچىسى، بىردىنبىر قوماندانىدۇر. روھ - ئىشلەمچى، ئەقىل - باشلامچىدۇر. ئىنسان ئەقلى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھاياتلىق نىشانى ۋە ئەقىدىسىنى مۇستەھكەملەيدۇ. دۆلەتنىڭ قانۇن - قائىدىلىرىگە بويسۇنىدۇ. ئەقىلسىز، ساراڭ كىشىلەر بۇلارغا بويۇن ئەگمەي، قانۇنغا خىلاپ ئىشلارنىمۇ قىلىدۇ. ئىنسانلار ھايۋانلاردىن سۆز ۋە ئەقىل بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. ھايۋانلار ئۆزلىرىگە باشقىلار تەرىپىدىن كېلىدىغان جەبىر - زۇلۇمنى مۇڭگۈزى، چىشلىرى، تۇمشۇقى، تىرناقلىرى ۋە قۇيرۇقلىرى ئارقىلىق قايتۇرىدۇ. لېكىن، ئىنسان ئەقىل ۋە ئىدراكىنىڭ ياردىمىدە ئۆزىگە كېلىدىغان زىيان ۋە زۇلۇملاردىن ساقلىنىدۇ. ئىنسانلارغا يەر يۈزىدىكى ھايۋانلارنى تۇتقۇن قىلىپ، بويۇنلىرىدىن باغلاپ، چۆلۋۆرلىرىنى قوللىرىغا تۇتقۇزغىنى ئۇلارنىڭ ئەقلىدۇر.

ئىلىم - ئىنسانلار ھاياتىنىڭ مادارى، نىجاتلىقىنىڭ رەھبىرىدۇر.

ئىلىم ئۆگىنىش، ئالىم بولۇش ئۈچۈن مەكتەپكە كىرىپ، ئوقۇتقۇچىلاردىن تەلىم ئېلىش لازىم. ئەقىلسىز كىشىلەر يا مەكتەپكە كىرمەيدۇ، يا ئوقۇتقۇچىنىڭ كىملىكىنى بىلمەيدۇ.

ھۆكۈمالاردىن بىرى: «ئەگەر ئەقلىڭنىڭ قولى نەپسىڭنىڭ تىزگىنىنى تۇتسا، سېنى يامان يوللارغا كىرىپ قېلىشتىن

ساقلىغاي. نېمە كۆپ بولسا، شۇنىڭ باھاسى ئەرزان بولىدۇ. لېكىن بۇ خىل نەرسە ئەقىل، ئىلىم ۋە تەجرىبە سايىسىدە قانچە كۆپەيگەنسېرى شۇنچە قىممەتلىك بولىدۇ» دېگەن.

ھەكىملەر ئېيتىدۇكى، ئەقىل ئىگىسى بولغان كىشى يەتتە خىل كىشى بىلەن كېڭەشمەيدۇ. ئۇلار: نادان، دۈشمەن، ھەسەتخور، رىياكار، قورقۇنچاق، دۇنياپەرەس ۋە ھاۋايى - ھەۋەسكە بېرىلگەن كىشىلەردۇر. چۈنكى، نادان كىشى يەمسىزلىكى تۈپەيلى خاتا ۋە يارىماس مەسلىھەت بېرىدۇ. دۈشمەن بولسا سېنىڭ ھالاك بولۇشۇڭنى ئويلاپ مەسلىھەت بېرىدۇ. ھەسەتخور قولۇڭدىكى مال - مۈلكۈڭنىڭ سورۇلۇشىنى ئىستەيدۇ. رىياكار كىشى بولسا سېنى قانداق قىلىپ بولسىمۇ رازى قىلىشنى ئويلايدۇ، پىكىرىڭگە قارشى ھېچ نەرسە ئېيتمايدۇ، سەن نېمىنى خالاۋاتقان بولساڭ، شۇنى قىلىۋېرىشكە ئۈندەيدۇ. دۇنياپەرەسنىڭ پىكرى خىيالى مال - دۇنيا يىغىش بولغانلىقتىن، بەرگەن مەسلىھەتى ئارقىلىق بىرەر نەرسە ئۈندۈرۈۋېلىشقا ئۇرۇنىدۇ. ھاۋايى - ھەۋەسكە ئىنتىلگەن نەپس بەندىسى بولغاچقا، ئۆزىنىڭ نۇقسانلىق ئەقلى بىلەن كىشىنى توغرا پىكىردىن چەتنىتىدۇ.

**سوئال: ئۇنداقتا، ئەقىللىق كىشىلەر نېمىلەرنى قىلىشى كېرەك؟**

جاۋاب: دانالارنىڭ ئېيتىشلىرىچە، ئەقىللىق كىشىلەر بەش ئىشنى يوشۇرۇشلىرى لازىمدۇر. بىرىنچى، مال - بايلىقىغا نۇقسان يەتسە، ئۇنى باشقىلار ئالدىدا سۆزلەپ يۈرمەسلىكى كېرەككى، ئۇنى ئېيتقان بىلەن بايلىقى قايتىپ كەلمەيدۇ، باشقىلار ئۇنى ئاچ كۆزلۈكتە ۋە يەمسىزلىكتە ئەيىبلەيدۇ، ھۆرمىتى بولسا تۆكۈلىدۇ. ئىككىنچى، ئەقىللىق ھېسابلانغان كىشىلەر باشقىلار ئالدىدا غەم - ئەندىشىلىرى توغرىسىدا دەرد تۆكسە، ئۇنىڭ تۇتامسىزلىقى ۋە كۆلپەتلەرگە چىدىماسلىقى





مەلۇم بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىزتىراپلىرىنى كۆرگەن كىشىلەر ئۇ ئادەمنىڭ تەدبىر ئەھلى ئەمەسلىكىنى بىلىۋالىدۇ. ئۈچىنچى، ئەقىللىق كىشىنىڭ ئۆزىدىن ياكى قوۋم - قېرىنداشلىرىدىن بىرەر ياخشى ياكى يامان ئىش سادىر بولسا، بۇنىڭ تۈپەيلىدىن ماختانسا ياكى دەرد تۆكسە بۇمۇ ئەقىللىقلىقنىڭ سۈپىتى ئەمەس. بۇنداق چاغدا ئەقىللىق كىشىگە جىم تۇرۇش يارىشىدۇ. ئەقىللىق كىشى بىر كىمگە ياخشىلىق قىلسا ياكى ياردەم قولىنى سۇزۇپ كۈلپەتتىن قۇتۇلدۇرسا، بۇ چاغدىمۇ جىم تۇرۇشى ۋە بۇ قىلغان ياخشىلىقىنى ھەممىگە ئېيتىپ يۈرمەي، يوشۇرۇن تۇتۇشى كېرەك.

**سوئال: ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ قانداق سۈپەتلىرى بار؟**

جاۋاب: ئەقىللىق كىشى دۇنيانىڭ غەم - قايغۇسى ۋە بار - يوقىغا قايغۇرمايدۇ، ئارتۇقچە مال - بايلىق تېپىشقا ئىنتىلمەيدۇ. مال - بايلىققا پەقەت جاھىل كىشىلەرلا ئىنتىلىدۇ، تەكەببۇرلۇق بىلەن گىدىيىپ ئىززەت - ئابرۇي كەينىدىن قوغلىشىدۇ. كىشى پاراسەت ياردىمىدە يان - ئەتراپقا، مۇھىتقا، ئادەملەرنىڭ قىلمىش - ئەتمىشىگە قاراپ ۋەزىيەتنى ئېنىقلىيالىشى، كىشىلەرنىڭ كەسپۇكارى ۋە پېئىلىنى بىلىۋالىشى مۇمكىن.

بايان قىلىنىشلىرىچە، بىرەر قاچىغا ماي قۇيۇپ قويۇلغان بولسا، ئۇنىڭدا ماي بارلىقىنى ئۇنىڭ سىرتىغا قاراپ بىلىۋالغىلى بولىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك ئادەمنىڭمۇ يۈز - كۆزلىرى، تىلى ۋە كۆرۈنۈشىگە قاراپ، ئۇنىڭ كۆڭلىدە نېمە بارلىقىنى سېزىۋالغىلى بولىدۇ.

ئەقىللىق كىشىدە ئۈچ خىسلەت بولىدۇ: بىرى نەرسە سورىسا ئەدەپ بىلەن جاۋاب بېرىدۇ، بىراۋدىن يامانلىق كۆرسىمۇ ياخشىلىق قىلىدۇ، خەلقى ئۈچۈن پايدىلىق پىكىرلەرنى ئىلگىرى

سۇرىدۇ.

ئەقىل ئادەمگە ھەمىشە ھەمدەم ۋە دوست، مال - دۇنيا بولسا تاشلاپ كېتكۈچى ۋاپاسىز مېھمان.

پۇلنى ئىشلەتسەڭ ئازىيىدۇ، ئەقىلنى ئىشلەتكەنسېرى تاكامۇللىشىپ، كۆپىيىدۇ.

ئەقىللىق ئىككى نەرسىدىن: غەزەپ كەلگەندە ئۆزىنى بېسىۋېلىشتىن ۋە بىراۋدىن كۈچلۈك بولغاندا ئۇنى كەچۈرۈشتىن ئىبارەت.

ئومۇمەن ئالغاندا، ئەقىلنى ئىشلىتىش ئۈچۈن بەرگەن، شۇڭا، ئۇنى جايىدا ئىشلىتىپ، ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا بەخت - سائادەت يولىدا سەرپ قىلىش ئەڭ ئاقىلانىلىكتۇر. ھۇرۇنلۇقنى چۆرۈپ تاشلاپ، ھەرقانداق ئىشنى ئەقىل ئىشلىتىپ، ئەتراپلىق تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ قىلغاندا، ھېچقانچە كۈچىمەي تۇرۇپلا شانلىق نەتىجىلەرگە ئېرىشكىلى، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان مۆجىزىلەرنى ياراتقىلى بولىدۇ.





# ئەلنى ئويلاش

**سوئال: ھەممە ئىشتا ئەلنى ئويلاشنىڭ قانداق ئارتۇقچىلىقلىرى بار؟ بۇنىڭ ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟**

جاۋاب: خەلقىمىزنىڭ: «ئەرنىڭ بالىسى بولغۇچە، ئەلنىڭ بالىسى بول» دېگەن ھېكمىتى بار. ئەزىزلىك بايرىقىنى كۆتۈرگۈچىلەر ۋە بۈيۈكلۈك ناغرىسىنى چالغۇچىلار شۇنداق كىشىلەركى، ئۇلار خەلقنىڭ تىنچلىقىنى ۋە ئاسايىشلىقىنى ئويلايدۇ، كېچە - كۈندۈز شۇ توغرىدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ، ھەممە كىشىنى ئۆز ئاكا - ئۇكىلىرىدەك كۆرىدۇ، بىراۋنىڭ دىل شىشىسىنى غەزەپ تېشى بىلەن سۇندۇرمايدۇ، ئاداۋەت ۋە جاپا تىكىنىنى بىچارىلىك سەھراسىدا يۈرگەن يالاڭ ئاياغلارنىڭ ئايىغى ئاستىغا تاشلىمايدۇ.

جاھان پازىللىرى شۇنداق دېگەنىكى: «خەلققە دائىم ياخشىلىق قىل، قىلغان ياخشىلىقىڭ ئۆزۈڭگە قايتىدۇ. ھېچكىمگە قەستلەپ يامانلىق قىلما، كىمكى يامانلىق قىلسا قىلغان يامانلىقى شۈبھىسىز ئۆزىگە قايتىدۇ.

خەلق كىمدىن قورقسا، دېمەك شۇ كىشى ياماندۇر. خەلق بىلەن بىللە خاتا قىلىش يەككە ھالدا خەيرلىك ئىش قىلىشتىن ياخشى.

سەن خەلققە قانچىلىك ئارىلاشساڭ، خەلقمۇ ساڭا شۇنچىلىك ياندىشىدۇ.

ئەقىل ۋە ھوشيارلىق قەبىلىسىنىڭ سەركەردىسى، روناقلىق ۋە نىجاتلىق مەيخانىسىنىڭ ساپ مېيىدىن ئىچكۈچىسى شۇنداق

كىشىكى، ئۇ مېھىر - مۇھەببەت ھەسىلى بىلەن ئومۇمىي خەلقنىڭ راھەت ئاغزىنى شېرىن قىلىدۇ.»

بىلىش كېرەككى، بىر يىگىتتىن ھېچكىم ئازراق بولسىمۇ نەپ كۆرمىسە، ئۇنداق يىگىت يىگىت سانالمايدۇ. ئەگەر، كىشىدىن دۇنيادا بىرەر يادىكارلىق قالمىسا، ئۇنى ئادەم ھېسابلاشقا بولمايدۇ. ئەگەر، بىرەر كىشىدىن بۇ دۇنيادا بىرەر كىتاب ياكى ئىمارەت قالسا، ئۇ تىرىكلەر قاتارىدا يوقلىنىدۇ ۋە ئۇنداق كىشى ئۆلۈك دېيىلمەيدۇ.

ئۆز ھۆسن - جامالىنىڭ قەدرىنى ۋە ياشلىقىنىڭ بىباھالىقىنى بىلمىگەن يىگىت بۇ پەزىلەتلەرنىڭ سەمەرىسىدىن بەھرىسىز قالىدۇ. بىر ياشانغان كىشى ياشلار بىلەن سۆھبەت قۇرغاندا ئۇلارغا دائىم شۇنداق دەيتتى: «ئۆز ياشلىقىڭلارنىڭ قەدرىنى بىلىڭلار، ئۇنىڭدىن غاپىل بولماڭلار، تاڭلا بەش كۈندە قېرىلىق نۆۋىتى كېلىپ نادامەت بارمىقىنى چىشلىگەننىڭ پايدىسى يوق»!

ياشانغانلارنىڭ ئۈگۈتلىرى ياشلار ئۈچۈن باغۋەننىڭ كۆچەتنى تەربىيەت قىلغىنىغا ئوخشاش. باغۋەن كۆچەتتىن ئۆسۈپ چىققان ھارام شاخلارنى پۇتاپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئەتراپلىرىدا پايدىسىز گىياھلارنىڭ ئۈنۈپ چىقىشىغا يول قويمايدۇ. ئۇنىڭ ياخشى ئۆسۈشى ئۈچۈن پۈتۈن كۈچىنى سەرپلەيدۇ. شۇنداق قىلىنغاندىلا كۆچەت كۈچلۈك بولۇپ ئۆسىدۇ ۋە چوڭ بولغىنىدا شېرىن - شېكەر مېۋە بېرىدۇ. مۇبادا ئارتۇقچە شاخلىرى كېسىپ تۇرۇلمىسا، كۆچەت تېز يېتىلگەن تەقدىردىمۇ، ياخشى ھوسۇل بەرمەيدۇ، باغۋەنگە ئۇنىڭدىن پايدا كەم بولىدۇ. دېمەك، بىلىڭكى، بالىمۇ خۇددى كۆچەتنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش. ئەگەر، ئۇنىڭغا تەربىيەت قىلىنمىسا، يامان خۇلقلارغا مۇپتىلا بولىدۇ ۋە پالاكەت خەشەكلىرى ئارىسىدا سولۇپ تۈگەيدۇ.

باتۇر دەپ شۇنداق كىشىگە ئېيتىلىدۇكى، ئۇ ئۆزىنىڭ





تىنچلىقى ئۈچۈن ھەر قانداق مۇشەققەت قەدەھىنى قورۇماي قوبۇل قىلىپ، خۇشاللىق بىلەن سۈمۈرىدۇ. مەردى مەيدان دەپ شۇنداق كىشىگە ئېيتىلىدۇكى، بۇنداق كىشىنىڭ ئەقلى بىرەر ئىشنى قىلىشقا قارار تاپسا جېنىدىن كېچىپ، ھاياتى بىلەن خوشلىشىپ، مەقسەت مەيدانىغا قەدەم قويىدۇ.

نەقىل كەلتۈرۈشلىرىچە، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن جەڭگە ئاتلىنىشتىن بۇرۇن ئۇستازى ئارىستوتېلدىن نەسىھەت ۋە مەسلىھەت ئالىدىكەن. ئۇ بىر كۈنى ئارىستوتېلنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا دېدى: «ھەي ھەكىم، مەن يىراق ئەللەرگە بارماقچىمەن، ئۇ يەرلەردە تۈرلۈك - تۈمەن ئادەملەرگە دۇچ كېلىمەن، ئۇلار بىلەن قانداق مۇئامىلە قىلىشىم كېرەك؟» ھەكىم ئۇنىڭغا شۇنداق نەسىھەت قىلدى: «ھەي ئىسكەندەر، ئىلاجىڭ بارىچە ئادەملەردە ئۆزۈڭگە نىسبەتەن دۈشمەنلىك تۇيغۇسىنى ئويغاتما، ھەر خىل سۆز ۋە قىلمىشلىرىڭ تۈپەيلى دوستلىرىڭنىڭ خاپا بولۇشلىرىغا يول قويما. بىراۋ ساڭا دۈشمەنلىك قىلسا، ئۇنىڭغا يامان كۆز بىلەن قاراش ئورنىغا، ئۇنى ياخشى سۆز ۋە سوۋغىلار بىلەن خۇرسەن قىل، نەتىجىدە ئۇ دوستقا ئايلىنىدۇ. دوستلىرىڭنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سال، ئۇلارنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى جايىغا قوي، شۇنىڭدا ئۇلار دۈشمەنگە ئايلانمايدۇ.» ئىسكەندەر ئۇنىڭغا: «يەنە داۋاملاشتۇرسىلا»، دېدى. ھەكىم دېدى: «دۈشمىنىڭ بىر - ئىككى بولسىمۇ ئۇلارنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەرسىز قالما، سىپايىلىك بىلەن قىلىش مۇمكىن بولغان ئىشنى قوپاللىق بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرما»!

ئالىي ھىممەتلىك ئادەم ئىلتىپات ۋە مەرھەمەت قولىنى كۆپچىلىك مەنپەئىتى تەرەپكە ئاچىدۇ. ئەگەر زامان ھادىسىلىرى ئۇنىڭ ھىممەت ئېتىنى بۇ يولدا تايدۇرسا، سەۋر - تاقەت تىزگىنىنى قولىدىن چىقارمايدۇ. خەلق مەنپەئىتى يولىدا قىلغان خىزمىتى ئۈچۈن بىرەر نەرسە تەمە قىلمايدۇ. كۆرمىدىڭىزمۇ؟

قۇياش نۇرىنى ھەر قانچە چاچسىمۇ، يەردىن ئۇنىڭ بەدىلىگە ھېچ نەرسە تەلەپ قىلمايدۇ. گۈزەل ئۆز خۇش پۇرىقى بىلەن ھەممىنىڭ دىمىغىنى خۇشبۇي قىلسىمۇ، ھېچكىمدىن ياردەم ئارزۇسىنى ئېسىگە كەلتۈرمەيدۇ.

**سوئال: ئۆزىنى ئەلنىڭ خىزمىتىگە ئاتىغانلار ھەقىقەتەن ئۆلمەيدىكەن. ئۇنداقتا، كونكرېت تۇرمۇش جەريانىدا بۇنىڭغا قانداق ئەمەل قىلىش كېرەك؟**

جاۋاب: ئەلگە خىزمەت قىلىش، ھەممە ئىشتا ئەلنى ئويلاش، ئەلنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش دېگەن گەپلەرنى نۇرغۇن كىشى ناھايىتى تازا چۈشىنىپ كەتمەيدۇ. شۇڭا، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش ئەمەلىيىتىگە تەتبىقلىيالمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇنى ئۇنچە مۇرەككەپ ئويلىۋالماسلىق، كونكرېت ئىشلارغا تەتبىقلاپ، يۈزدە يۈز ماس كېلىشىنى كۆزدە تۇتۇۋالماسلىق كېرەك. ئومۇمەن، كونكرېت ئىشلاردا ئۆزىنىڭ خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش، ئەلگە پايدىلىق ئىش قىلىش، يامان خۇيلاردىن قول يىغىش، ياخشى، ئېسىل پەزىلەتلەرنى ئۆگىنىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش، شەخسىي مەنپەئەت بىلەن خەلق مەنپەئىتىدىن بىرىنى تاللاش توغرا كەلگەندە، چوقۇم خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى تاللاش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، خەلقىمىزنىڭ «ئەرنىڭ بالىسى بولماي، ئەلنىڭ بالىسى بول» دېگەن ھېكمىتىگە ئەمەل قىلغىلى بولىدۇ.





## باشقىلارغا يۈك بولۇش

**سوئال: باشقىلارغا يۈك بولۇش دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ ناچار تەرەپلىرى قايسى؟**

جاۋاب: ئۆزى تىرىشىسىلا قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغان ئىشلاردا باشقىلاردىن ياردەم سوراش، ئۆزى ئىشلەپ پۇل تاپماي باشقىلاردىن قەرز سوراش، قەرزنى قايتۇرماسلىق، باشقىلاردىن ھەرقانداق ئىشتا ياردەم تەلىپىدە بولۇش باشقىلارغا يۈك بولۇش دېيىلىدۇ. بۇنداق كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ھۇرۇن، ئىش خۇشياقماس كېلىدۇ، باشقىلارنى كۆزگە ئىلمايدۇ، ئۆزى قول سېلىپ ئىشلىمەيدۇ، ئىشلىگەن تەقدىردىمۇ قولىنىڭ ئۇچىدا ئىشلەيدۇ، ئىشنى چالا قىلىدۇ.

باشقىلارغا يۈك بولۇش كىشىلىك ئەخلاق ـ پەزىلەتتىكى ئەڭ ناچار خۇيلارنىڭ بىرىدۇر. چۈنكى سىزنىڭ بەش ئەزايىڭىز ساق ـ سالامەت، ئىشلەتسەڭلا كالىلاڭ ئىشلەيدۇ، مىدىراتساڭلا قول ـ پۇتۇڭ باشقىلار قىلغان ھەرقانداق ئىشنى قىلالايدۇ، شۇنداق تۇرۇپ يەنە نېمىشقا ئۆزۈڭ ئىشلەپ ھەرقانداق قىيىنچىلىقنى ھەل قىلماي، باشقىلاردىن ياردەم تەلەپ قىلىسەن؟

باشقىلاردىن قەرز سوراش، ياردەم تەلەپ قىلىش ئادەتتە تۇرمۇشتا دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ، ئەمما ئۇلار قەرزىنى قايتۇرىدۇ، باشقىلار ئۆزىگە ياردەم قىلغىنىدەك، باشقىلارغىمۇ ياردىمىنى ئايىمايدۇ. باشقىلارغا يۈك بولىدىغانلار بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ، ياردەم تەلەپ قىلىدۇ، ياردەم قىلمايدۇ، پۇل سورايدۇ، ئۇنى قايتۇرۇش خىيالىغا كىرمەيدۇ، ئىمكانىيىتى، كۈچ ـ قۇدرىتى يېتىپ ھېچقانداق ئىشنى قىلمايدۇ.

**سوئال: دوست ـ قېرىنداشلار بىلەن قانداق ئۆتۈش كېرەك؟ باشقىلارغا يۈك بولۇش توغرىمۇ؟**

جاۋاب: دوستلار بىلەن ياخشى مۇناسىۋەتنى ساقلاش ئۈچۈن ئۇلارغا يۈك بولۇۋالماسلىق كېرەك. ئىمكان بولسا ئۆزىنىڭ ئېھتىياجلىرىنى باشقىلاردىن يوشۇرۇش، ياردەم سوراشتىن ئۆزىنى تارتىشى لازىمدۇر. مال ۋە پۇل تەلىپىدە بولماسلىق لازىم.

نۇرغۇن ھۆرمەت، ئىكرام، لازىمسىز خىزمەتلەر بىلەن باشقىلارغا ئېغىرلىق چۈشۈرمەسلىك لازىم. ئۆزى قىلىشنى خالىمىغان ئىشنى باشقىلارغا قىلدۇرماقچى بولۇش، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىش دېمەكتۇر. دوستىغا بىر ئىش قىلىش تەكلىپىدە بولمىغان كىشى پەزىلەت كۆرسەتكەن ھېسابلىنىدۇ.

دوستلارنىڭ ناچىرى سېنىڭ ئۈچۈن كۈلپەتكە كىرگەن، سېنى كەچۈرۈم سوراشقا مەجبۇر قىلغىنىدۇر.

**سوئال: باشقىلارغا يۈك بولۇۋالىدىغانلار قانداق يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ؟**

جاۋاب: دەماللىققا يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارمايدۇ، ئەمما ئۇلار «قوي باقماي پاقلان يەيدىغان، ئىشلىمەي ئاق نان يەيدىغان» خۇيدىكىلەر بولغاچقا، بارا ـ بارا جەمئىيەت داشقاللىرىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. مېنىڭ بىر تونۇشۇم بار ئىدى. بۇ كىشى ئۆيىدە يالغۇز ئوغۇل بولۇپ، ئوتتۇرا مەكتەپتىكى چېغىدا ئائىلىسىنىڭ پاراۋان تۇرمۇشىدىن قانغۇچە ھۇزۇر ئالغان ئىدى. مەلۇم بىر ئالىي تېخنىكومنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، بىرنەچچە يىلغىچە تۈزۈك خىزمەت ئىشلىمىدى، ئاتا ـ ئانىسى يول مېڭىپ بىر خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن، بىرەر يىل ئىشلەپ بېقىپ ياراتماي يەنە چىقىۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئون نەچچە يىل بىكار يۈرۈپ كەتتى، يا توي قىلمىدى، ئاتا ـ





ئانىسىنىڭ نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالمىدى، ئۇنىڭ مۇشۇنداق ئىشمۇ قىلماي، تەييارنى يەپ، ھاراق ئىچىپ يۈرۈشلىرىدىن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ غېمى ئېشىپ باردى. بىرنەچچە يىل ئاۋۋال ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى خېلىلا ياش كۆرۈنەتتى، ئەمدى بولسا بىراقلا قېرىپ تۈگىشىپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ ئەل ـ ئاغىنىلىرى دائىم چاقچاق قىلىپ: «سېنىڭ دۇنيادا ياشىغىنىڭنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن، سەن يەر شارىغا يۈك» دېگەندەك گەپلەرنى دائىم قىلىپ تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ بۇ سۆزلەر ئۇنىڭ قىرىغىمۇ كېلىپ قويمىدى. ئۇ ھازىرمۇ شۇ تەرىقىدە ھايات كەچۈرمەكتە.

مانا بۇنداقلار ئۆزلىرىنىڭ باشقىلارغا يۈك بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلالمايدۇ ھەم ئېتىراپ قىلمايدۇ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ، دوست ـ بۇرادەرلىرىنىڭ غېمىنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ. تۈپ ماھىيىتىدىن ئالغاندا، بۇلار ئۆزلىرىنىڭ بىر ئادەمدە بولۇشقا تېگىشلىك ئادەملىك خۇسۇسىيىتىنىمۇ ئۇنتۇغان، ھايات ھەقىقىتىنى تونۇپ يەتمىگەنلەردۇر. ئادەم بولغان ئىكەن ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، تىرىشىش ئارقىلىق يۇقىرى ئۆرلەش، غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك، باشقىلارغا يۈك بولۇشتىن نومۇس قىلىش كېرەك.

**سوئال: مەن ئۆيدىكىلەرنىڭ چوڭى، بىز بىر تۇغقان تۆت ئوغۇل. ئىنىلىرىم كىچىك چېغىدا ئۇنى قىل، بۇنى قىل دەپ يول كۆرسىتىپ ئۆگىتىپ قويغانىكەنمەن، ئەمدى چوڭ بولغاندا، ئۇلار ھەرقانداق ئىشنى مەن قىل دېسەم قىلىدىغان، جىم تۇرسام جىم تۇرۇۋالىدىغان مىجەزلىك بولۇپ قاپتۇ. قىسقىسى، ھەرقانداق ئىشتا ماڭىلا تايىنىدىغان بولۇپ قاپتۇ، بۇ مەسىلىنى قانداق ھەل قىلسام بولار؟**

جاۋاب: بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدە مانا مۇشۇنداق ئەھۋاللار ناھايىتى تولا. ئائىلىلەردە چوڭلارنىڭ سىزىقىدىن چىقماسلىق، ھەممە ئىشنى چوڭلار قىلىپ كۆرسىتىپ بېرىش، چوڭلارنىڭ

ئاغزىغا قاراش تەكىتلىنىپ، بالىلارنىڭ مۇستەقىللىقى تارتىۋېلىنغانلىقتىن، ئاستا ـ ئاستا بالىلار مانا مۇشۇنداق مىجەزلىك بولۇپ ئۆسۈپ قالىدۇ. چوڭ ئاكىسى ئۆيلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئىنىلىرىنىڭ ئىشلىرىنى بېجىرىشكە، پۇلى بولمىسا پۇل بېرىشكە مەسئۇل بولۇشى كېرەك، باشقا قېيىنچىلىقلىرى بولسىمۇ ئەنە شۇنداق ھەل قىلىپ بېرىش كېرەك، دېگەن ئوي پەيدا بولىدۇ، بۇمۇ بىر تەييارتاپلىق بولسا كېرەك.

مەن بىر ئوقۇتقۇچىنى تونۇيمەن، ئۇنىڭ بىلەن دەسلەپتە تونۇشقان ۋاقىتلىرىمدا، ئۇنىڭ جەمئىيەت بىلىمىنىڭ ناھايىتى يۇزە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران قالغانىدىم. كېيىن خىزمەتداشلىرىدىن سورىسام، ئۇلار: «ئۇنىڭ تۆت ئاكىسى بار، ئىككىسى ئەمەلدار، ئىككىسى پۇلدار، ھەممە ئىشنى ئاكىلىرى قىلىپ بېرىدۇ، شۇڭا، ئۇ يەپ ـ ئىچىپ كۈن ئۆتكۈزۈشكىلا مەسئۇل، شۇڭا، گېزىتخانىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى، مۇخبىرنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى زادىلا بىلمەيدۇ، چۈشەندۈرگەن بىلەنمۇ ئۇقمايدۇ، ئاڭقىرالمايدۇ. ئۇنىڭ يېشى ئوتتۇزدىن ئاشقىنى بىلەن كاللىسى ئون بەش ياشتىن ئاشمىدى» دېيىشتى. مەن ئەنە شۇ چاغدا ھەيران قالغانىدىم. باشقىلارغا يۈك بولۇشنىڭ مۇنداق شەكىللىرىنىڭمۇ بارلىقىنى بىلگەنىدىم.

بۇ ئوقۇتقۇچى ئاكىلىرىغا يۆلىنىۋالغاچقا، قول سېلىپ ئىشلىمىگەچكە، چۈشەنچىسى ئەنە شۇنداق يۇزە، غەيرىي خاراكتېردە يېتىلىپ قالغانىدى. مانا بۇمۇ باشقىلارغا يۈك بولۇشنىڭ كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان يامان ئاقىۋەتلىرىدىن بىرى بولسا كېرەك.

ئومۇمەن، باشقىلارغا يۈك بولۇش يامان ئادەت، ئەخلاقسىزلىق، نومۇسلۇق ئىش. بۇنى قەتئىي چۆرۈپ تاشلاش كېرەك.





# بايلىق

**سوئال: بايلىقنىڭ بولۇشى كىشىلەرگە ئامەت ئېلىپ كېلەمدۇ؟ بايلىقنى قانداق سەرپ قىلغان مۇۋاپىق؟**

جاۋاب: بايلىق كىشىلەرنىڭ ئۆز ھاياتىدا ئىشلەپ تاپقان، تىجارەت قىلىپ يىغقان ۋە كىرىم قىلغان پۇل، مال ـ مۈلكىنى كۆرسىتىدۇ. ماھىيەتتىن ئالغاندا، پۇل، مال ـ مۈلۈك يامان نەرسە ئەمەس، بايلىق بىلەن ئەدەپ ـ ئەخلاق، ئىنساپ ـ دىيانەت بىرلەشسە، ئادەمنى ناھايىتى مۆتىۋەر قىلىدۇ، شۇنداقلا يۇرت ئىچىدىكى ئىناۋىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئىززەت ـ ئىكراملىق كىشىگە ئايلاندۇرىدۇ. بىر يۇرتتا كاتتا بايىنىڭ بولۇشى ئەمەلىيەتتە شۇ يۇرتنىڭ ئىناۋىتىنى ئۆستۈرۈپلا قالماي، شۇ يۇرت كىشىلىرىنىمۇ مۇئەييەن مەنپەئەتكە ئىگە قىلىدۇ.

باي بولغان كىشىنىڭ ئىنساپى بولسا، مال ـ مۈلكىنى خەيرلىك ئىشلارغا، جامائەت پاراۋانلىقىغا، يول ـ كۆۋرۈك ياساشقا، يېتىم ـ يېسىرلارنىڭ بېشىنى سىيلاشقا، مەكتەپ قۇرۇشقا سەرپ قىلىدۇ. مانا بۇنداق بايلىق ھەقىقەتەن جايىدا سەرپ قىلىنغان بايلىق ھېسابلىنىدۇ. ئىلگىرى بىزنىڭ دىيارىمىزدىن ئاتۇشتىكى ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلار، تۇرپاندىكى مۇھىتىلار، ئاقسۇ، كۇچا، قەشقەر، يەركەن، خوتەن، غۇلجىدىكى بايلار ئۆزلىرىنىڭ بايلىقىنى مەكتەپ قۇرۇش، زاۋۇت قۇرۇش، كىشىلەرنىڭ ئېڭىنى ئويغىتىشقا سەرپ قىلىپ، ناھايىتى خەيرلىك ئىشلارغا ئىشلەتكەن.

بىر يۇرتتا بىرەر باي كىشى بولمىسا، بۇ يۇرتنى ھەقىقىي

بىر يۇرت دېيىشكە بولمايدۇ، قايسى يۇرتتا باي بولسا، شۇ يۇرتنىڭ جامائەتچىلىكى، ئۆرپ - ئادىتى مەلۇم دەرىجىدە مۇكەممەللەشكەن بولىدۇ. بايلار ئەنە شۇ ئىمكانىيەتلەرنى يارىتىپ بېرىدىغان ئەڭ چوڭ ۋاستىچىلەردۇر.

شۇڭا، ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى، ئەقىل - پاراستىنى ئىشقا سېلىپ پۇل، مال - مۈلۈك توپلاش ھەرگىز يامان ئىش ئەمەس، بەلكى ياخشى ئىشلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى ئىشتۇر؛ بۇ بايلىقنى خەيرلىك ئىشلارغا ئىشلىتىش بولسا تېخىمۇ كاتتا ئىشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن «كۆزۈڭنىڭ بارىدا شەھەر كۆر، چىشىڭنىڭ بارىدا گۆش يە» دېگەندەك، ئادەم ئىمكانىيىتى يەتكەن ھامان چوقۇم بايلىق توپلاشقا، ئىقتىسادىي كۈچىنى ئاشۇرۇشقا، سۈپەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ئىنتىلىشى ھەم بۇ يولدا تىرىشىپ كۆرۈشى كېرەك. بىزدە «ئوشۇق دۆلەت باشنى يارماس» دېگەن بىر ھېكمەت بار. شۇڭا، ئىقتىسادىي كۈچنى كۈچەيتكەندە، قىلىمەن دېگەن ئىشنى دەل ۋاقتىدا قىلغىلى، نۇرغۇن ئارزۇ - ئارمانلارنى بىر - بىرلەپ ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

**سوئال: بايلىقنىڭ كۆپ بولۇشى نىزانىڭ مەنبەسى دەپ قارايدىغان ئەھۋاللار بار، بۇنىڭ ھۆكمى قانداق؟**

جاۋاب: بۇ، ئىلگىرى بايلارنىڭ پەقەت بايلىق توپلاشقىلا ئەھمىيەت بېرىپ، بالىلىرىنى تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكى، ساپاسىز، پۇلدىن باشقىنى تونۇمايدىغان بولۇپ چوڭ بولغانلىقىدىن كېلىپ چىققان پاجىئەلەرگە قاراپ كىشىلەرنىڭ ئېيتقان سۆزلىرى. بىر باي ئۆلۈپ كەتتى، ئۇنىڭ تۆت ئوغلى بايلىقنى بۆلۈشەلمەي تىغ كۆتۈرۈشتى، جەڭگى - جېدەل ئۈزۈن ۋاقىتقىچە ئۈزۈلمىدى. كىشىلەر بۇنىڭغا قاراپ





ئىبرەت ئالدى... ئەمما، شۇ باي ھاياتلىقىدا بالىلىرىنى ئىنساپلىق، دىيانەتلىك، ساپالىق تەربىيىلىگەن، ھېچ بولمىغاندا ھايات چېغىدا ئۆزىنىڭ ئاتىلىق مەجبۇرىيىتىنى جايىدا ئادا قىلىپ، پەرزەنتلىرىگە لايىقىدا مىراس بۆلۈشتۇرسە، ھەرگىز بۇنداق ئىختىلاپ كېلىپ چىقمايدۇ.

ئومۇمەن، نامرات ئۆتكەندىن باي، سۈپەتلىك ياشىغان ئەۋزەل، بايلار جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرىلىتىدىغان ئاۋانگارت قوشۇن، بۇ ئاۋانگارت قوشۇن قانچە كۆپەيسە، جەمئىيەت شۇنچە تېز تەرەققىي قىلىدۇ، قانچە ئاز بولسا ئاستا تەرەققىي قىلىدۇ. شۇڭا، بايلىققا ئىلمىي نۇقتىدىن نەزەر سېلىش، ھەرگىزمۇ قارىغۇيۇق ئەيىبلەش پوزىتسىيىسىدە بولماسلىق كېرەك.

**سوئال: قەدىمدە ئۆتكەن ئاقىللار پۇل ۋە بايلىق ھەققىدە باشقىچىرەك دۇردانىلەرنى قالدۇرغانىكەن، بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟**

قەدىمكى ئاقىللار ئادەمنىڭ خاتىرجەملىكى، ھاياتتا غەم - قايغۇسىز ياشاشنى ئاساس قىلىپ ۋە بۇنداق تۇرمۇشقا ئىنتىلىپ بىرمۇنچە ھېكمەتلەرنى قالدۇرغان. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىدە شۇنداق دېيىلىدۇ: «ئاقىل كىشى ئۆز ئۆمرىنى ئازلا بايلىق بىلەن خۇشال ۋە شادلىقتا ئۆتكۈزىدۇ. نادان كىشى ھېسابسىز مال - دۇنيا بىلەنمۇ دائىم غەم - ئەلەم تارتىپ، سەرگەردانلىقتا كۈن كەچۈرىدۇ. ھەر قانداق ئىشنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولۇشى ئەقىلگە باغلىقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاقىل كىشى بارچىدىن ئۇلۇغ ۋە مۆھتەرەمدۇر. ئەقىللىقلىقنىڭ نىشانىسى شۇكى، ئاقىل كىشى ئۆز نەپسىگە ھۆكۈمران، سەۋر ۋە چىدامغا ئىگە بولىدۇ، ھاۋايۇ ھەۋەسكە بېرىلمەي، ئەقىل دائىرىسىدىن چەتنەپ كەتمەيدۇ. ئەقىل نەپسنىڭ زىندانىدۇر، ھاۋايۇ ھەۋەس نەپس ئارامگاھى

ھېسابلىنىدۇ. ھاۋايى ھەۋەس تۈرلۈك ئىشتىياق ۋە ئارزۇلارنى نەپس ئالدىغا تۆگمە (ئوزۇق، يېمەكلىك) قىلىپ ئېلىپ كېلىدۇ. ئەمما، بۇ بىھۇدە ھەۋەسلەرنى ئەقىل توسايدۇ. دېمەك، كىشىنىڭ نەپسى ھاۋايى ھەۋەسكە مايىل بولۇپ، ئەقىلدىن يىراقتۇر. شۇڭا، ئاقىل نەپس كويىغا كىرمەي، ئەقىل ساداسىغا قۇلاق سالىدۇ، ئىشىنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلايدۇ. كىشى بەخت ـ سائادەتكە نەپس ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى ئەقىل ئارقىلىق ئېرىشىدۇ...»

يۇقىرىدا ئېيتىلغانلار پىخسىق بايلار، مال ـ مۈلۈكنى خەيرلىك ئىشلارغا سەرپ قىلمايدىغانلار ۋە ناتوغرا بايلىق يولىغا كىرىپ قالغانلارغا قارىتىپ ئېيتىلغان، بۇ جەھەتتە ئاقىللارنىڭ يۇقىرىقى پىكىرلىرى بىزنىڭ ھازىر ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقان پىكىرلىرىمىز بىلەن بىردەك.

ئۇمۇمەن، تىرىشچانلىق، ئەقىل ـ پاراسەتكە تايىنىپ باي بولۇش، ئىنساپ ـ دىيانەتنى ئۇنتۇماي مال ـ مۈلكىنى خەيرلىك ئىشلارغا سەرپ قىلىشنىڭ ھېچقانداق يامان تەرىپى يوق. پىلانلىق، ئىنساپ بىلەن بايلىق توپلاپ، نەپسىنىڭ كەينىگە كىرمەي، سۈپەتلىك تۇمۇش كەچۈرگىلىمۇ بولىدۇغۇ؟ ئەنە شۇنداق بايلىقنىڭ قانداق يامان تەرىپى بار ئىكەن؟ ئۇنىڭ ئەكسىچە، بېشىغا تاپسا ئايىغىغا يوق بولۇپ ئۆتكەنلەردىن قانداقمۇ ئۈمىد كۈتكىلى بولسۇن؟ بۆكى چۈشسىمۇ خەقنىڭ يېرىگە چۈشىدىغان ھالەتتە ھايات كەچۈرۈۋاتقانلار قانداقمۇ خەيرلىك ئىشلارنى قىلالىسۇن؟

شۇنىڭ ئۈچۈن، پۇل تېپىش كېرەك، ھالال تېپىش كېرەك، ئۇنى قانداق يەرگە خەجلەشنىمۇ بىلىش كېرەك، پۇلنى خەيرلىك ئىشلارغا سەرپ قىلىشتا ئايانماسلىق كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، بايلىقنىڭ ھەقىقىي لەززىتىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ.





**سوئال: بايلىق ئادەمنىڭ كۆڭلىنى قارايتىۋېتىدۇ، دېيىش توغرىمۇ؟**

جاۋاب: ساپاسىز كىشىلەر بايلىق ئالدىدا كۆزى قىزىرىپ كۆڭلى قارىيىپ كېتىشى مۇمكىن، ئەمما ساپالىق، ئىنساپ ـ دىيانەتنى ئۆزىگە يار قىلغان كىشىلەر ھەرقانچە كۆپ پۇل ـ بايلىق ئالدىدىمۇ كۆڭلى قارايمايدۇ، بەلكى، بۇ پۇلنى خەلققە بەخت يارىتىش، خەيرلىك ئىشلارنى قىلىشقا ئىشلىتىدۇ. ئۇمۇمەن، كۆڭۈلنىڭ قارىيىش ـ قارايماسلىقى شۇ كىشىدىكى ئىنساپ ۋە دىيانەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

# بېخىللىق

**سوئال: بېخىللىقنىڭ ھۆكمى قايسى؟ نېمە ئۈچۈن بېخىللىقتىن قېچىش لازىم؟**

جاۋاب: بېخىللىق سېخىيلىق بىلەن قارشى مەنىدىكى سۆز بولۇپ، مال - دۇنيانى قاراملىق بىلەن يىغىش، لېكىن خەرج - خىراجەت قىلماسلىق، مال - دۇنيا يىغىش يولىدا ۋاستە تاللىماسلىق، ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىشنىڭلا كويىدا يۈرۈش قاتارلىق بىرمۇنچە ئالاھىدىلىكلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. خەلقىمىز ئارىسىدا «بېخىل ئالغاننى ئۇنتۇيدۇ، سېخىي بەرگەننى»، «بېخىل باي بولسا ئاتىسىنى تونۇماس»، «بېخىل بايدىن سېخىي گاداي ياخشى»، «بېخىل سىقىمنىڭ تېشىنى يالار» دېگەن ماقال - تەمسىللەر كەڭ تارقالغان. دېمەك، بېخىللىق ئادىمىيلىك نۇقتىسىدىن ناھايىتى زور ئەيىب، ئەخلاق نۇقتىسىدىن خەلق ئاممىسى قارشى ئالمايدىغان يامان خۇيدۇر. ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە تەسۋىرلىنىدىغان پىخسىق باي، بېخىللار ئەنە شۇ تۇرمۇشتىكى دېتاللار ئاساسىدا ئىجاد قىلىنغان بولۇپ، كۈچلۈك قاراتمىلىققا ئىگە.

بېخىللىق ئادەمنىڭ ئۆز مال - دۇنياسىغا جان دىلىدىن يېپىشىۋېلىشىدۇر. بېخىل ئادەم ئۆزىنىڭ يېيىشى ۋە كىيىنىشى ئۈچۈن پۇل سەرپ قىلىشنىمۇ خالىمايدۇ. نان، مېۋە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ يېڭىسىنى ئېلىشقا كۆچى يەتسىمۇ كونىسىنى سېتىۋالىدۇ، كىيىم - كېچەكلەرنىڭ يېڭىسىنى سېتىۋالماي، كونا ۋە يىرتىقلىرىنى سېتىۋالىدۇ، تازا ۋە پاكىز





يەردە ياشاشنىڭ ئورنىغا قاراڭغۇ، زەي ۋە سالامەتلىككە زىيانلىق جايلاردا ياشايدۇ.

بېخىللىق شۇنداق يامان ئوتتۇركى، بۇ ئوت بېخىل كىشىنى كېچەيۇ كۈندۈز كۆيدۈرۈپ تۇرىدۇ. چۈنكى، بېخىل كىشى كېچە - كۈندۈز مال توپلاش، باشقىلارنى بابلاشنىڭ كويىدىلا يۈرىدۇ، باشقىنى ئاز ئويلايدۇ ياكى ئويلىمايدۇ. ھەرقانداق ئىشتا بىر تىيىننىڭ ئۈستىدە تىك تۇرىدۇ، ئۆزىنىڭ دېگىنىگە كەلتۈرمىگۈچە بولدى قىلمايدۇ، ۋاقىتنىڭ زايە بولۇشى، ئادەمنىڭ چارچىشى ۋە قىينىلىشى بىلەن كارى بولمايدۇ. شۇنداق بولغاچقا، بېخىللار تەرسا، مىجەزى ئوسال ۋە كاج كېلىدۇ، قىلدىن قىيىق كەتسە كەچۈرمەيدۇ، شۇڭا، نېرۋىسى دائىم قوزغىلىپ تۇرىدۇ، ئۆمرىمۇ ئۇزۇن بولمايدۇ، بېخىللار ئىچىدە تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كېتىدىغانلار كۆپ كۆرۈلىدۇ.

بېخىللىق شۇنداق يامان خۇيلاردىن بولۇپ، بېخىل كىشى بىلەن ھېچكىم مەيلى ئىقتىسادىي مۇئامىلە قىلىشنى خوپ كۆرمەيدۇ، كىشىلىك مۇناسىۋەتتە ھەركىم ئۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلىدۇ. ئېلىم - بېرىم ئىشلىرىدا ھەركىم ئۇنىڭغا يول قويغاندەك قىلغىنى بىلەن، كۆڭلىدە رازى بولمايدۇ، دېمەك، بېخىللار كىشىنىڭ ھەققىنى يەيدۇ، شۇنچە مال - دۇنيا كىرىۋاتسىمۇ ئىشى روناق تاپمايدۇ، «بېخىلنىڭ بېغى كۆكەرمەس» دېگەندەك، بېخىل كىشى ھەرقانداق نەرسىدە بېخىللىق قىلىۋەرگەچكە، ئىشلىرى ئالغا سىلجىمايدۇ.

شۇڭا، بۇ يامان خۇيدىن قېچىش، بۇ ئەسكى چاپاننى سېلىۋېتىش ئىنتايىن زۆرۈر. بېخىللىق قىلغان كىشى بۇ دۇنيانىڭ خۇشاللىقلىرىدىن بەھرىمەن بولۇشنى بىلمەيدۇ، خاپىلىقنى كۆپ تارتىدۇ، ئىچى ئاچ كۆزلۈك، ھەسەت ۋە كۆرەلمەسلىك بىلەن تولۇپ كەتكەچكە، يىغىنىنىڭ كۆزىچىلىك پۇرسەتلەرنىمۇ قولدىن بەرمەي مال - مۈلۈك يىغىدۇ،

باشقىلارنىڭ ئېشىپ كېتىشىنى خالىمىغاچقا، كېچە - كۈندۈز ھەسەت، كۆرەلمەسلىك ئوتىدا كۆيىدۇ، شۇڭا، مىجەزى ئۆزگىرىپ سەپرالىشىپ كېتىدۇ. مانا مۇشۇنداق يامان خۇيلۇق بولۇپ ياشىغاننىڭ نېمە پايدىسى بولسۇن؟ دۇنيانىڭ گۈزەللىكىدىن بەھرىلىنەلمەيدىغان ئادەمنىڭ ئارتۇق مال - دۇنياغا ئېرىشىشىنىڭ نېمە ھاجىتى بولسۇن؟

## سوئال: بېخىللىق قانداق پەيدا بولىدۇ؟ ئۇنى قانداق قىلغاندا يوقاتقىلى بولىدۇ؟

جاۋاب: كۆزىتىشلەرگە قارىغاندا، بېخىللىق تۇغما بولىدىغاندەك قىلىدۇ. چۈنكى، ئاتا - ئانىسى مەرد - سېخىي، قولى ئوچۇق بولغان كىشىلەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ سىپى ئۆزىدىن بېخىل بولۇپ قېلىشى دەل مانا مۇشۇ سۆزىمىزنىڭ دەلىلى بولسا كېرەك.

مېنىڭ بىر ساۋاقدىشىم بولۇپ، ئۇنىڭ ئانىسى دوختۇر، ئاتىسى كادىر ئىدى. ئۇلارنىڭ ھال - كۈنى مەھەللىدىكى باشقا ھەرقانداق ئائىلىنىڭكىدىن ياخشى ئىدى، شۇنداق بولسىمۇ بۇ ساۋاقدىشىم سىپى ئۆزىدىن بېخىل بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ مىجەزىگە ساۋاقداشلار، ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرى ئۆچ ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ بىلەن باردى - كەلدى قىلىشتا ھەممىسى ئېھتىيات قىلاتتى. ئۇ قىزلار بىلەن ئارىلاشقاندا باشتا سەل - پەل مەردلىك قىلغىنى بىلەن، ئىككىنچى قېتىم كۆرۈشكەندىن تارتىپ شۇنداق بېخىللىق قىلىدىكەنكى، ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان قىز نومۇس قىلىپ كېتىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۈچىنچى قېتىم كۆرۈشۈشكە بارمايدىكەن. يەنە بىر قىز بىلەن ئارىلاشقاندىن كېيىنمۇ ئەنە شۇنداق ئەھۋال يۈز بېرىدىكەن. بۇ ساۋاقدىشىم مانا مۇشۇ سەۋەبلىك ئوتتۇز نەچچە ياشقا كىرگۈچە توي قىلالماي قېرى بويتاق بولۇپ يۈردى. كېيىن تويمۇ قىلدى، ئىككى يىلمۇ ئۆي





تۇتۇشالمىدى. ھازىرمۇ ئابرۇيىنى تۆكۈپ، ئايىغىنى مايماق دەسسەپ بويتاق يۈرمەكتە، ئۇ بىچارە بېخىللىقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتىۋالدى. ئەمما بۇ خۇيدىن تېخىچە قۇتۇلۇپ كېتەلىگىنى يوق.

ھالبۇكى، بېخىللىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامالى يوقمۇ ئەمەس، ئۇ شۇ كىشىنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەرنى كۆزىتىشى، جاھاندارچىلىق قىلىش شەكلىنى ئۆگىنىشى، پۇل - مال سەرپ قىلىشنى ئۆگىنىشى نەتىجىسىدە مەيدانغا كېلىدۇ. بىر تونۇشۇمنىڭ ئاغىنىسى ئىلگىرى شۇنچىلىك بېخىل ئىكەنكى، گەپ كەتمەيدىكەن. ساۋاقداش، ئاغىنىلىرى كۆپ گەپ قىلىپتۇ. ئاخىر ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن بۇ بېخىل خىزمەتكە چىقىپتۇ. مائاش ئالغاندىن كېيىنمۇ بېخىللىق قىلىۋەرگەچكە، خىزمەتداشلىرى، ئەل - ئاغىنىلىرى ئۇنى ئارىغا ئالمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. بۇنىڭ بىلەن بۇ بېخىل ئاستا - ئاستا خۇيىنى ئۆزگەرتىپ باشقىلاردەك پۇل خەجلەشنى ئۆگىنىپتۇ، بۇنىڭ بىلەن بىر نەچچە يىلغا قالمايلا ئۇ خېلىلا مەردلىشىپ قاپتۇ. «ئۇنىڭ بېخىللىقى ھازىرمۇ بار، ئەمما ئىلگىرىكىگە قارىغاندا خېلىلا مەردلىشىپ قالدى، بىزنىڭ ئارىمىزغا قېتىلىۋالدى» دېدى تونۇشۇم. مەن شۇندىلا بېخىللىقنىڭمۇ ئۆزگەرتىشكە تىرىشسىلا ئۆزگەرتكىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتىم.

## سوئال: قارىغاندا، بالىلارغا كىچىكىدىن باشلاپ مەرد، سېخىي بولۇش، بېخىل بولماسلىق ھەققىدە تەربىيە بېرىش كېرەكمۇ - قانداق؟

جاۋاب: مانا مۇشۇنداق تەربىيە بېرىشنىڭ ئۈنۈمى مېنىڭچە ناھايىتى يۇقىرى بولۇشى مۇمكىن. مەن بايا مىسال كەلتۈرگەن ساۋاقدىشىمنىڭ تۇيۇقسىز ئۆتە بېخىل بولۇپ كېتىشىمۇ، ئۇنىڭ

بالىلىقى قىيىنچىلىق يىللىرىدا ئۆتكەن، شۇڭا، قولىدا پۇل بار بولسىمۇ خەجلىمەي كۆنۈپ قالغان، كېيىنچە بېرىپ پۇل يىغىش ئويى تۇغۇلغان، ئاندىن تېخىمۇ ئەقلىنى ئىشلىتىپ قەيەردە پۇل خەجلەش، قەيەردە پۇل خەجلىمەسلىكنى بىلىۋالغان. شۇنداق قىلىپ سېپى ئۆزىدىن بېخىل بولۇپ يېتىشكەن. ئەگەر ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭغا مەرد، سېخىي بولۇشنىڭ پەزىلىتىنى ئېنىق چۈشەندۇرگەن، مۇۋاپىق هالدا پۇل خەجلەشنى ئۆگەتكەن بولسا، ئۇ بۇ دەرىجىدە بېخىل بولۇپ كەتمەيتتى.

دۇنيادا بېخىلنىڭ بالىسى بېخىل بولىدۇ، سېخىينىڭ بالىسى سېخىي بولىدۇ دەيدىغان قائىدە يوق، لېكىن ئائىلە تەربىيىسىنىڭ قانداق بولۇشى مۇشۇ ئىككى خىسلەتتىن بىرىنى بالىغا بەخشەندە قىلىشى مۇمكىن. شۇڭا، بىز بالىلارغا كىچىكىدىن باشلاپ مەرد، سېخىي بولۇش، بېخىل بولماسلىق ھەققىدە تەربىيە بەرسەك، چوقۇم بۇنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈلىدۇ.





# بىرلىك ۋە باراۋەرلىك

**سوئال: نېمە ئۈچۈن بىرلىك ۋە باراۋەرلىكنى تەكىتلەيمىز ؟**

جاۋاب: بىرلىك ۋە باراۋەرلىك ئىنساننىڭ ئەسلىدىلا بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك بولغان ۋە ئىنتىلىدىغان ھوقۇقى، ئارزۇسىدىن ئىبارەت. ئۇلۇغ خەلقىمىزدە «بىرلىك بولماي تىرىكلىك بولماس» دەيدىغان ھېكمەت بار. دېمەك، بىرلىك ـ ئىتتىپاقلىق ھەممە ئىشتا ئالغا بېسىشنىڭ ئاساسى، جەمئىيەتنى ئالغا ئىلگىرىلىتىدىغان مەنىۋى كۈچتىن ئىبارەت. پەقەت بىرلىك، ئىتتىپاقلىق بولغاندىلا تىرىكلىكنى نورمال داۋام ئەتتۈرگىلى، جەمئىيەتنى ساغلام تەرەققىي قىلدۇرغىلى ۋە گۈللەندۈرگىلى بولىدۇ. يەنە «كۈچ بىرلىكتە، ئىش ئۆملۈكتە» دېگەن ھېكمەت بار، بىرلىككە كېلىپ تەڭ كۈچ چىقارغاندىلا، غايەت زور قىيىنچىلىقلارنى ئورتاق يەڭگىلى، كۈچنىڭ ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى، مۇشكۈللۈكلەر ئۈستىدىن غالىب كەلگىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئورتاق ئىشلەش، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش مەقسىتىدە «بىر يەڭدىن قول، بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ ئىشلەش» دېگەن سۆز دائىم قوللىنىلىدۇ. دېمەك ئورتاق كۈچ چىقارغاندىلا، يەڭگىلى بولمايدىغان قىيىنچىلىق قالمايدۇ.

خەلقىمىز بىرلىك ـ ئىتتىپاقلىقنى كۈچەپ تەكىتلەش بىلەن بىرگە، باراۋەرلىكنىمۇ تەكىتلىگەن. چۈنكى، بىرلىك ـ ئىتتىپاقلىق پەقەت باراۋەرلىك ئاساسىدىلا ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرالايدۇ. باراۋەرلىك بولمىسا بىرلىك ـ ئىتتىپاقلىقتىن سۆز ئېچىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

باراۋەرلىكتە ھەممە ئادەم ئىنتىلىدۇ، باراۋەرلىك بولغاندىلا كىشىلەرنىڭ كۆڭلى توق، ئۆزى خالىغان ۋە ئارزۇ قىلغان ھالدا ئۆزئارا ھەمكارلىق ئورنىتالايدۇ، بىرلىكتە ئالغا بېسىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ، شۇنداقلا گۈزەل كەلگۈسىنى بىرلىكتە يارىتالايدۇ.

ئەگەر كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا باراۋەرسىزلىك كۆرۈلسە، بىرى يەنە بىرىنى تەڭ كۆرمىسە ياكى زۇلۇم قىلسا، بىرەر ئىشنى قىلىشقا مەجبۇرلىسا، زورمۇزور ئىتتىپاقلاشتۇرسا، بۇنداق ئىتتىپاقلىق - بىرلىكنىڭ ئۆلى ناھايىتى بوش ۋە كۈچسىز بولىدۇ، ئازراق سىلكىنىش، بوراننىڭ زەربىسىگىمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ كۆڭلىدە زۇلۇم قىلغۇچىغا نىسبەتەن ئۆچمەنلىك پەيدا بولىدۇ، ئۇلار مۇۋاپىق پەيت كۈتىدۇ، پەيتى كەلگەن ھامان ئۆزلىرىنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئاتلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەقىقىي بىرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن چوقۇم زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق باراۋەرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، باراۋەرلىككە كاپالەتلىك قىلغان ئاساستا بىرلىك - ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش كېرەك.

**سوئال: مەن بىر ئادەتتىكى تىجارەتچى، يېقىندا بىر دوستۇم بىلەن ھەمكارلىشىپ بىر چوڭ سودىغا تۇتۇش قىلماقچى بولغانىدۇق، ئەمما پايدىنى بۆلۈشۈش جەھەتتە بىرلىككە كېلەلمىدۇق. دوستۇم ماڭا پايدىنىڭ ئاز قىسمىنى بېرىمەن دېگەنىدى، مېنىڭ بۇنىڭغا تازا قوشۇلغۇم كەلمىدى، قانداق قىلسام بولار؟**

جاۋاب: قارىغاندا، ئاراڭلاردا باراۋەرلىك كەمچىل ئىكەن، شۇنداق بولغاچقا، بىر - بىرىڭلارغا بولغان ئىشەنچمۇ





تۆۋەنلىشىپ كېتىپتۇ. بۇنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى شۇكى، باراۋەرلىكنى قولغا كەلتۈرۈش، شېرىكلىكىڭلارنى پايدىنى تەڭ بۆلۈشۈشكە كۆندۈرۈشتىن ئىبارەت. ئۇنداق بولمىغاندا، سىلەر ھەمكارلىشىپ ئۇ سودىنى پۈتكۈزگەن، چوڭ پايدا ئالغان تەقدىردىمۇ، بەربىر مۇناسىۋىتىڭلارغا دەز كېتىدۇ، ئاراڭلاردا جېدەل ئۈزۈلمەيدۇ. شۇڭا، ئېنىق توختام بولۇش، ھېساب - كىتاب ئېنىق بولۇش، پايدا - زىيانغا ئىگە بولۇش قاتارلىقلار ئېنىق بولغاندا، كېيىنكى خەتەرنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

**سوئال: بىرلىك ۋە باراۋەرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ قانداق شەرتلىرى بار؟**

جاۋاب: كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا پەرقسىز مۇناسىۋەت ئورناتقاندا، تەڭ قىلغان ئىشنىڭ ھەققىمۇ تەڭ بولغاندا، باشلىق ياكى يېتەكچىلەر قول ئاستىدىكىلەرگە ئادىل، تەڭ - باراۋەر مۇئامىلە قىلغاندا، قانچىلىك ئىشلىسە شۇنچىلىك ھەققە ئېرىشكەندە، قىلغان ئىش، دېگەن سۆزدە ھېچقانداق ساختىلىق بولماي، ئىشنى خالاپ قىلسا، راست گەپنى دېسە، ئاندىن بىرلىك - ئىتتىپاقلىق ۋە باراۋەرلىكتىن سۆز ئاچقىلى بولىدۇ. مانا مۇشۇ ئالدىنقى شەرت ھازىرلانماي تۇرۇپ، ئېغىزدا قۇرۇق داۋراڭ سېلىش ئاقمايدۇ.

خەلقىمىزدە بالا يەتتە ياشتىن ئاشقاندىن كېيىنلا ئۇنى كىچىك بالا قاتارىدا كۆرمەي، ياش ئالاھىدىلىكىگە قاراپ تەربىيىلەيدىغان، ئىشلارغا سالىدىغان ۋە بەزى ئىشلارنى ئۆز ئالدىغا قويۇپ بېرىپ بېجىرگۈزىدىغان، ئون بەش ياشتىن كېيىن مۇستەقىل ئىش بېجىرىشكە يول ئېچىپ بېرىدىغان ئادەتلەر بار. مانا مۇشۇنداق تەربىيە ئۇسۇلىنى قوللانغاندا، چوقۇم

بىرلىك ـ ئىتتىپاقلىق ۋە باراۋەرلىك ئىگىنى باللاردا يېتىلدۈرگىلى، ئىتتىپاقلىق، ئىناقلىق گۈللىرىنى ھەر يەردە ئېچىلدۇرغىلى بولىدۇ. بۇنداق ئىناقلىق ۋە باراۋەرلىك گۈللىرىنى ھەرقايسى كەسىپ، ھەرقايسى ساھەلەردە پورەك ئاچقۇزۇپ، ئىناقلىق ۋە باراۋەرلىك ناۋاسىنى ئۈزلۈكسىز ياڭراتقىلى بولىدۇ.





# پاكلىق ۋە پاكىزلىق

**سوئال: پاكلىق ۋە پاكىزلىقنىڭ ھەقىقىي مەنىسى قايسى؟ پاك ۋە پاكىز بولۇشنىڭ قانداق ئەۋزەللىكلىرى بار؟**

جاۋاب: پاكلىق ۋە پاكىزلىق روھىمىزنى، جىسمىمىزنى، كىيىملىرىمىزنى، ئەسۋابلىرىمىزنى پاك ۋە پاكىز تۇتۇشنى كۆرسىتىدۇ.

پاكلىق ئادەمنىڭ زېھنى ۋە ئىدراكىنى چوڭقۇر، ئۆتكۈر قىلىدۇ، خەلق ئارىسىدا ئېتىبار ۋە شۆھرەتكە سازاۋەر بولۇشقا سەۋەب بولىدۇ. پاكلىق ئارقىلىق ھەر خىل كېسەللىكلەردىن قۇتۇلۇپ، تەن ساقلىقىمىزنىڭ قەدرىنى ئوبدان بىلەلەيمىز. پاك بولۇش سالامەتلىكىمىز، سائادىتىمىز ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. پاك بولمىغان كىشى ئۆزى ئالدىدىمۇ، خەلق ئالدىدىمۇ سۆيۈمسىزدۇر. يىرتىق ۋە كونا كىيىملەرنى كىيىش ئەيىب ئەمەس، بەلكى يېغىي كىيىملەرنى كىر قىلىپ، بەتبۇي پۇرىتىپ يۈرۈش زور ئەيىب ۋە گۇناھ. چۈنكى، بۇ كىشىلىك ئەخلاققا خىلاپ، بەدەن تەربىيىسىگە زىت، بۇ خىل ھالەت باشقا ئەل كىشىلىرىگە بىزنى سەت، خۇنۈك قىلىپ كۆرسىتىدۇ. يەنە شۇ سەۋەبلىك يېغىي كىيگەن كىيىملىرى ئالتە ئايغا بارمايلا يىرتىلىپ تۈگەيدۇ. بۇ ئىسراپچىلىق بولۇپ، بايلىق قەدرىگە يەتمىگەنلىكتۇر. ئىپلاسلىق بالاسىدىن پاكلىق داۋاسى ئارقىلىق قۇتۇلۇش كېرەك. بىلىقنىڭ ھاياتى سۇ بىلەن داۋام قىلغىنىغا ئوخشاش، ئىنساننىڭ سالامەتلىكى ھاۋا بىلەن داۋام قىلغۇسىدۇر. ئەگەر تەن يۇيۇلۇپ پاكلىنىپ تۇرمىسا، خۇددى

قۇلاق كىر بولسا ئاڭلىيالمىغىنىغا ئوخشاش، ئۆزىگە كېرەكلىك هاۋانى ئىچىگە ئالالمايدۇ، ئىچىدىكى هۆللۈكمۇ كىردىن ئۆتۈپ چىقىپ كېتەلمەيدۇ. چۈنكى، بەدەن ئەلگەككە ئوخشاش ئۇششاق كۆزلۈكتۇر. ئەگەر بەدەننىڭ كۆزلىرى كىرلىشىپ قالسا، ئۇنى تۇرماق سۇمۇ ئۆتمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پاكىز بولمىغان كىشىلەر قورقۇنچلۇق كېسەللىكلەرگە ئوڭاي گىرىپتار بولۇپ قالىدۇ ۋە شادلىقلىرى غەمدە، ئالتۇندىنمۇ قەدىرلىك ئۆمۈرلىرى كېسەلخانىلاردا ئۆتۈپ كېتىدۇ. مانا شۇلارنى كۆزدە تۇتقان ئەجدادلىرىمىز بىزگە پاكلىقتىن ئىبارەت قىممەتلىك مىراسنى قالدۇرغان.

## سوئال: پاكلىق ۋە پاكىزلىق ئادىتىنى قانداق يېتىلدۈرۈش كېرەك؟

جاۋاب: يۈز، كىيىم ـ كېچەك، كىتاب ۋە باشقا هەر تۈرلۈك نەرسىلەرنى كىرسىز، چاڭسىز تۇتۇش پاكىزلىق، پاكلىق بولىدۇ. بۇ نەرسىلىرى كىر كىشىلەردىن ئادەملەر يىرگىنىدۇ، قاچىدۇ.

ئادەملەر پاك بولغان ۋە پاك يۈرگەنلەرنى سۆيىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن پاكىزلىق ۋە پاكلىققا ياش ۋاقتىدىن باشلاپ ئۆگىنىش ۋە ئادەتلىنىش لازىم.

پاكىزلىق ۋە پاكلىق ئەڭ ماختاشقا لايىق سۈپەت ئىكەنلىكى هەممىگە ئېنىق. ئەڭ يىرگىنىچلىك، ئىپلاس ئادەملەرمۇ پاكىزلىق ۋە پاكلىقنى سۆيىدۇ، ئىپلاس، نىجىس كىشىلەردىن يىرگىنىدۇ.

مەينەت، ئىپلاس ئادەملەرنىڭ گۈزەللىكلىرىمۇ كۆزگە كۆرۈنمەيدۇ. هەر قانچە گۈزەل بولسىمۇ مەينەت ئادەملەردىن كىشىلەر نەپرەتلىنىدۇ، ئۇلار بىلەن يېقىن يۈرۈشنىمۇ ياقتۇرمايدۇ.





ئەڭ زور زىننەت ۋە ئەڭ ئۇلۇغ بايلىق پاكىزلىق ۋە پاكلىقتۇر. بۇنى هەر ۋاقىت ئەستە تۇتۇش ۋە هەر ۋاقىت شۇنىڭغا ئەمەل قىلىش لازىم.

پاكلىق هەر سائەتتە سوپۇن بىلەن يۇيۇنۇپ تۇرۇش ئەمەس، هەر كۈنى كىر، قول ۋە باشقا نەرسىلەرنى توختىماي يۇيۇشمۇ ئەمەس، بەلكى هەر نەرسىنى ئۆزىنىڭ هاجەت ۋاقتىدا يۇيۇش، يۇيۇلغان نەرسىلەرنى ساپ پېتى تۇتۇشتۇر. ئەكسىچە، ئۆردەككە ئوخشاش بىر ياقتىن يۇيۇنۇپ، بىر ياقتىن پاتقاقتا ئېغىناش پاكلىق ئەمەس.

تازىلىقنىڭ ساغلاملىقنىڭ بىرلەمچى شەرتى ئىكەنلىكىنى بىلىسىز. ئازادىلىك، خۇش پىچىملىق، پاكىزلىقنى بىر ئۆمۈر ئۆزىڭىزگە هەمراھ قىلسىڭىز، ئىشىنىڭكى، ۋاقتى ـ سائىتى كەلگەندە «پەرىشتىدەك قىز (يىگىت) ئىكەن» دېگەن سۆزلەرنى ئاڭلايسىز. هېچقانداق بىر نەرسە ئىنسانغا ئازادىلىك، خۇش پىچىملىق ۋە پاكىزلىق كەبى ئىشەنچ ۋە روھىي مۇۋازىنەت بەخش ئېتەلمەيدۇ.

پاكىز كىيىملەرنى كىيىپ، بىر سورۇنغا كىرگىنىڭىزدە، تۇنجى تەبەسسۇمىڭىزدا چىشىڭىزنىڭ سېرىقى كۆرۈنسە كىشىلەرنىڭ سىز هەققىدىكى پىكرى ئۆزگىرىدۇ. سىزنىڭمۇ روھىي مۇۋازىنىتىڭىز بۇزۇلىدۇ. ئەڭ يېڭى مودا بىلەن كىيىنسىڭىزمۇ چاچلىرىڭىز توزۇپ تۇرغان بولسا، كىشىلەر هەرگىز سىزنى خۇش پىچىم دېمەيدۇ.

يېڭى، چىرايلىق كىيىملەر پاكىز بولمىغان بەدەننى يوشۇرالمايدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، يۇيۇلمىغان يۈزىڭىزگە قانچە ئۇستىلىق بىلەن پەرداز قىلماڭ، تېرىڭىزنىڭ تازا ئەمەسلىكى بەرىبىر بىلىنىپ تۇرىدۇ.

سەزدىڭىزمۇ، خۇش پىچىملىق سىزنىڭ ئۆزىڭىزگە كېرەك. ئىنسان بەدىنىنى بىراۋ ئۈچۈن تازا تۇتىدۇ دېيىش كۈلكىلىك.

دەرۋەقە، تازىلىق، خۇش پىچىملىق پەقەت سىزگە كېرەك.

ئۆز خانىڭىز، ئالاھىدە خانىڭىز بولمىسا ئۆزىڭىز يېتىپ قوپىدىغان جايىڭىز، ئوقۇش قوراللىرىڭىز قويۇلىدىغان يەر ۋە ئىچ كىيىملىرىڭىزنىڭ ئەھۋالى سىزنىڭ قانچىلىك چىچەن، پاكىزلىقىڭىزنى كۆرسىتىدۇ. بۇلارنى بىرەر كىشى كۆرمىگەن بىلەن ئۆزىڭىز كۆرىسىز. بۇلار سېزىلمىگەن ھالدا كەيپىياتىڭىز، روھىيىتىڭىزگە تەسىر قىلىدۇ.

كىتاب ـ دەپتەرلىرىڭىزنىڭ ئەھۋالىمۇ سىزنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىڭىزنى نامايان قىلىدۇ. پايپاق، ئاياغ كىيىملىرىڭىزمۇ ھەم شۇنداق. بۇلار ھەققىدە ئانىڭىزمۇ سۆزلىسە كېرەك؟ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى، تەلەپلىرىنى ھەرگىز زىغىرلاش دەپ چۈشەنمەڭ. ئۇ مۇشۇ ئىشلارنىڭ كېيىنچە ھايات تەرتىپىڭىزگە ئايلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ.

**سوئال: ھەقىقىي گۈزەللىك قەلب گۈزەللىكىدۇر. ئەمما، قەلبى ھەرقانچە گۈزەل بولغان كىشىنىڭمۇ كىيىم ـ كېچەكلىرى كىر، مەينەت بولسا، ئۇ كىشىنىڭ باشقىلار ئالدىدىكى ھۆرمىتىمۇ تۆۋەن بولىدۇ. دېمەكچىمەنكى، تاشقى قىياپىتىمىز باشقىلارغا تۇنجى تەسىر بېرىدىغان يېرىمىزدۇر. شۇڭا، باشقىلارغا پاكىز، خۇش پىچىم، ئىللىق كۆرۈنۈش ئۈچۈن تاشقى قىياپەتكە ئەمەل قىلىش ناھايىتى زۆرۈر ئىكەن ـ دە؟**

جاۋاب: قانداقلا بولمىسۇن، بىرىنچى باھانى تاشقى قىياپىتىڭىزگە قاراپ ئالىسىز. بىر قاراشتىلا يۈرەكنىڭ «جىغ» قىلىشىمۇ تاشقى قىياپەتكە باغلىق. كىشىنىڭ تاشقى قىياپىتىنىڭ ئۇنىڭ ئىچكى ئالىمىنىڭ ئەينىكى ئىكەنلىكىمۇ راست. چۈنكى سىزنىڭ تاشقى قىياپىتىڭىز ـــ قەددى ـ قامىتىڭىز، يۈز ـ كۆزىڭىز، قول ـ پۇتىڭىز، يۈرۈش ـ تۇرۇشىڭىز، قىسقىسى، پۈتۈن ئىش ـ ھەرىكىتىڭىز





تەقدىرىڭىزنى بەلگىلەيدۇ. بۇ سىزنىڭ باشقىلار بىلەن دوستلىشىش، ئائىلىڭىز ۋە كېلەچىكىڭىزنى قۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. چوڭ بولغانسېرى سىزمۇ بۇنى پەقەت ئادەمدىلا بولىدىغان ئىچكى سەزگۈ بىلەن سېزىسىز. شۇنىڭ ئۈچۈن سىز گۈزەل ۋە يېقىملىق بولۇشقا ئىنتىلىسىز، تەڭتۇشلىرىڭىز شۇنداقلا ئەتراپىڭىزكى كىشىلەرنى ئۆزىڭىزگە جەلپ قىلىش، ئۇلاردا ياخشى ۋە خۇش تەسىرات قالدۇرۇش سىز ئۈچۈن ئالىي مەقسەت بولۇپ قالىدۇ. قىسقىسى، باشقىلارغا قارىغاندا چىرايلىقراق بولسام دەيسىز.

ھەر گۈلنىڭ ئۆزىگە خاس پۇرىقى بار دېگەندەك، ھەرقانداق كىشىنىڭ ئۆزىگە يارىشا جازىبىسى بار. دەل ھازىر سىز ئۆز جازىبىڭىزنى تىكلەيدىغان ۋە ئۇنى يۈكسەلدۈرىدىغان ياشتىسىز. بۇ سىزنىڭ قەددى ـ قامىتىڭىزنى قانداق تۇتۇش، كىيىنىش، يۈرۈش ـ تۇرۇش، ھەتتا تاماقلىنىشتا ھەم باشقىلارغا خاس بولغان ئۇسۇل ـ ئۇسلۇبلاردىن پەقەت ئۆزىڭىزگە يارىشىدىغىنىنى تاللاپ ئۆزلەشتۈرىدىغان دەۋرىڭىزدۇر.

**سوئال: ئۇنداق بولسا، قىزلار تاشقى قىياپىتىنى گۈزەللەشتۈرۈش ئۈچۈن قانداق ئۇسۇللارنى قوللىنىشى كېرەك؟**

جاۋاب: تاشقى قىياپىتىڭىزنىڭ گۈزەل، نۇقسانسىز ۋە مۇكەممەل بولۇشىنىڭ ئاساسي ئامىلى ئەلۋەتتە ساغلاملىقتۇر. ئۇلۇغ ھەكىم ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا «بەدەن چېنىقتۇرۇش ساقلىقنى ساقلاشتا ئۇلۇغۋار ئۇسۇلدۇر» دەپ بىكار ئېيتمىغان. «ھەرىكەتتە بەرىكەت» دېگەن خەلق ماقالىنىڭ ھېكمىتىمۇ شۇ يەردە. ئورگانىزمىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشى ۋە مۇستەھكەملىنىشى، قەددى ـ قامەتنىڭ راۋۇرۇس بولۇشى ئۈچۈن جىسمانىي ئەمگەك ۋە بەدەن چېنىقتۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ كېرەكلىكى ھەققىدە كۆپ ئاڭلىغانسىز. ئاتا ـ

ئانىڭىز ۋە ئوقۇتقۇچىلار ھەتتا سىز ئوينايدىغان ئويۇنلاردىمۇ جىسمانىي تەربىيە ئېلېمېنتلىرىنىڭ بولۇشىنى ئىستەيدۇ.

قامىتى تىك، ئالىپتە قىزلارغا مېھىر بىلەن شۇنداق سۈپەت بېرىلىدۇ. دېمەك، ئايال كىشىنىڭ، خۇسۇسەن قىزلارنىڭ گۈزەللىكى ۋە لاتاپىتى چىرايىنىڭ ئىللىقلىقى، چېچىنىڭ بوستانلىقى ياكى ئۇزۇنلۇقى، قاش - كۆزلىرىنىڭ چىرايلىقلىقىدا ئەمەس، بەلكى قامىتىنىڭ تىك ۋە كېلىشكەنلىكى بىلەنمۇ ئىپادىلىنىدۇ. قامەتنى رۇس تۇتۇش كۆپ جەھەتتىن ئىنسان تېنىدىكى ئەزالارنىڭ ئۆز ئارا ماس كېلىشى، شەكلى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. پۈتۈن گەۋدىنى زورۇقتۇرۇپ، ھالىدىن كەتكۈزىدىغان ئېغىر ئىشلارنى قىلىشمۇ گەۋدىنىڭ ناتوغرا راۋاجلىنىشىغا ئېلىپ بارىدۇ. كۆزەتسىڭىز، مەكتەپتىكى جىسمانىي تەربىيە دەرسلىرىدىن باشلاپ چوڭ ياشلىقلارنىڭ مەخسۇس بەدەن چېنىقتۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىشلىرى بۇ نۇقسانلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا قارىتىلغانلىقىنى بىلىسىز. ۋاقتىدا بەدەن چېنىقتۇرۇش قەددى - قامەتنىڭ بېجىرىم، نازۇك ۋە كۆركەم بولۇشىغا ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىدۇ.

بەدەن چېنىقتۇرۇش مەشقلىرى تۈپەيلى مۇنتىزىم ھەرىكەتتە بولىدىغان كۈچلۈك، شۇنداقلا ئەۋرىشىم بولغان مۇسكۇللار قامەتنى گۈزەللەشتۈرىدۇ، ھەرىكەتلەرنى نازۇكلاشتۇرىدۇ. يەڭگىل ۋە ئەركىن ھەرىكەتلەر ئايال كىشىنىڭ تېنىدىكى ياغ توقۇلمىلىرىنىڭ بەدەنگە تەكشى تارقىلىشى، مۇسكۇللارنىڭ نازۇك، بەدەننىڭ ئۆزىگە خاس بولۇشىنىڭ ئاساسى. شۇنداق ئىكەن، ئەلۋەتتە بەدەن چېنىقتۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئېرىنمەڭ. مۇھىمى ئۆزىڭىزگە دىققەت قىلىپ، ئۆزىڭىزنى كۆزىتىشكە ئادەتلىنىڭ. مەسىلەن، سىز ئۆيدە، ئوقۇشتا، ئىشتا، كوچىدا، دۇكاندا ئۆزىڭىزنى قانداق تۇتۇۋاتقانلىقىڭىزغا ئېتىبار بېرىڭ. تېنىڭىزنى ھەمىشە تىك تۇتۇشقا ئادەتلىنىڭ. ئۆزىڭىزنى





بوش قويۇۋەتسىڭىز تېزلا شۇنىڭغا ئادەتلىنىپ قالىسىز. ئەكسىچە ئۆزىڭىزنى كۆزىتىپ، يالغۇز قالغان چاغلىرىڭىزدىمۇ بوشىشىپ، مۈكچىيىپ ئەمەس، قەددىڭىزنى تىك تۇتۇپ، نازۇكلۇق، لاتاپەت بىلەن يۈرسىڭىز، ئىشىنىڭكى، بۇنىڭغا تېزلا ئادەتلىنىپ قالىسىز.

سەرۋى قامەت بولۇشنىڭ ھېچقانداق قىيىن يېرى يوق. ئەمما ئۇ سىزدىن ئىرادە تەلەپ قىلىدۇ. شۇ تۈپەيلى سىز ئۆزىڭىزدىن، قامىتىڭىزدىن رازىمەنلىك ھېس قىلىسىز. بۇ سىز ئۈچۈن بەكمۇ زۆرۈر تۇيغۇ.

## سوئال: قەلب پاكىزلىقى دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئادەتتە، يۈرەك بىلەن قەلب بىر مەنىدە قوللىنىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، يۈرەك كۆكسىنىڭ سول تەرىپىدىكى مۇشتۇمدەك گۆشنى، قەلب بولسا شۇ يۈرەكتىكى قۇۋۋەتنى بىلدۈرىدۇ. قەلب يەنە كۆڭۈلمۇ دېيىلىدۇ. كۆڭۈل ئىنسانلاردا بولىدۇ، ھايۋانلاردا بولمايدۇ.

بەدەندىكى بارلىق ئەزا قەلبنىڭ بۇيرۇقىدا بولىدۇ، ھېس - تۇيغۇلىرىمىز بىلەن ئاڭلىغان ھەرقانداق بىلىملەر يۈرەككە توپلىنىدۇ. ئىشىنىش، قورقۇش، سۆيۈش ئىنساننىڭ قەلبىدىدۇر. قەلبى پاكىز بولغان كىشى ئېتىقادلىق بولىدۇ. قەلبى بۇزۇق بولغان كىشى ئۇنىڭدىن قاچىدۇ. گۈزەل، ياخشى ئەخلاقنىڭ ۋە يامان خۇيلارنىڭ ئورنى قەلبتۇر. قەلبى پاكىز بولغان كىشى ھەركىمگە ياخشىلىق قىلىدۇ. دۇنيادا راھەت، ھۇزۇر ئىچىدە ياشايدۇ. يامان خۇيلار قەلبنى، روھنى كېسەل قىلىدۇ، كېسەللىكنىڭ ئېغىرلىشىشى قەلبنىڭ، روھنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەب بولىدۇ. شۇڭا، ئالدى بىلەن قەلبنى پاكىزلاش زۆرۈر.

قەلب سۆيگۈ ئورنىدۇر. سۆيگۈ بولمىغان قەلب ئۆلگەن

ھېسابلىنىدۇ.

ۋايىغا يەتكەن قەلب پاكىزلىنىدۇ، ئەخلاقى گۈزەل بولىدۇ. ئىلىمدە كامالەت تاپقۇچىلارنىڭ قەلبىدىكى پەيز ۋە نۇر قۇياش نۇرىغا ئوخشاش يېيىلىدۇ. ئۇنى سۆيگەن كىشىلەرنىڭ قەلبىگە قاراپ ئاقىدۇ.

**سوئال: قەلبنى پاكىزلاش ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلىش كېرەك؟**

جاۋاب: قەلبنى قارايتقۇچى يامان خۇي، يامان قىلىقلار ۋە يامان ئىشلاردۇر. شۇڭا، يامان ئىشلاردىن قول ئۈزۈپ، يامان خۇيلارنى تاشلاش كېرەك. مەسىلەن، ئۇيقۇ غەپلەتتۇر، كۆپ ئۇخلاش ئادەمنى زەئىپلەشتۈرىدۇ، ھاياتلىقنى نورمال داۋاملاشتۇرۇشقا توسقۇنلۇق قىلىدۇ، ئىشلارنى ۋاقتىدا بېجىرگىلى بولمايدۇ.

**سوئال: بىر ئىشنى قىلاي دېسەم كۆڭلۈمگە بىر ۋەھىمە كېلىدۇ، قانداق قىلسام بولار؟**

جاۋاب: ئالىملار شۇنداق كۆرسىتىدۇكى: كۆڭۈل تارتمىغان ئىشنى قىلما، نەپسىنىڭ كەينىگە كىرمە. شۇبھىلەنگەن ئىشلىرىڭدا قەلبىڭ بىلەن كېڭەش. شۇبھىلىك ئىشلارغا يولۇققىنىڭدا قولۇڭنى قەلبىڭ ئۈستىگە قويۇشۇڭ لازىم، قەلبىڭ قوشۇلسا ئاندىن ئۇ ئىشنى قىل. ئەگەر بەك يۈرەك سېلىپ كەتسە ئۇ ئىشنى قىلما.

**سوئال: قەلبنىڭ قارايغانلىقى قانداق بىلىنىدۇ؟ بۇنىڭغا قانداق ئامال قىلىش كېرەك؟**

جاۋاب: ئالىملار شۇنداق كۆرسىتىدۇكى: قەلبنىڭ قارايغانلىقىغا تۆت دەلىل باردۇر: بىرىنچى، ئۆگىنىپ ئەمەل قىلماسلىق؛ بىلمەي تۇرۇپ ئىش قىلىش؛ بىلمىگەنلىرىنى





ئۆگەنمەسلىك؛ باشقىلارنىڭ ئۆگىنىشىگە توسقۇنلۇق قىلىش.

ئومۇمەن، نەپس يامان ئىستەكلەردىن، قۇتۇلغاندا قەلب پاكىزلىنىدۇ.

قەلبنى پاكىزلاش ئۈچۈن رىيازەت چېكىش ۋە كۈرەش قىلىش كېرەكتۇر. نەپسىمىز ھەرقانداق نەرسىنى ئارزۇ قىلىدۇ، بۇلارنى رىيازەت چېكىش، نەپسىنىڭ كەينىگە كىرمەسلىك يولى بىلەنلا توسقىلى بولىدۇ.

قەلبنى پاكىزلاش ئۈچۈن: بىرىنچى، كۆپ تاماق يېمەسلىك؛ ئىككىنچى، كۆپ ئۇخلىماسلىق؛ ئۈچىنچى، كۆپ سۆزلەشمەسلىك؛ تۆتىنچى يامان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش كېرەك.

# پەرزەنتلىك بۇرچى

**سوئال: خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىسىدە ھەر بىر پەرزەنت ئاتا - ئانىنىڭ ھەققىنى جايىدا تونۇشى، ئاتا - ئانىسىغا پەرزەنتلىك بۇرچىنى يەتكۈزۈشى كېرەك. مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، پەرزەنتلەر قانداق مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك؟**

جاۋاب: ئاتا - بوۋىلىرىمىز بىز ئۈچۈن تەر تۆكۈپ ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى، قولىدىن كېلىدىغان ھەممە ياخشىلىقنى بىزگە يەتكۈزۈش يولىدا بار ۋۇجۇدى بىلەن ئەمگەك قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىشىمىز لازىم ۋە بۇنىڭ شۈكرانىسى ئۈچۈن، ئۇلارغا ئىتائەت قىلىشىمىز، ئاتىلىرىمىز چارچىغاندا، ياردەم كېرەك بولغاندا، شۇ زامان ياردەملىشىشكە ئالدىرىشىمىز، پەرزەنتلىك بۇرچىنى ئادا قىلىشقا ھەمىشە تەييار تۇرۇشىمىز كېرەك.

ھەر بىر پەرزەنتنىڭ ئاتا - ئانىنى ھۆرمەت ۋە ئېھتىرام قىلىشى ھەمدە ئۇلارغا نىسبەتەن شەپقەت ۋە مەرھەمەتلىرىنى كۆرسىتىشى مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن بىرىدۇر. ئۆز ئاتا - ئانىسىنى رازى قىلمايدىغان، ئۇلارنى رەنجىتىدىغان پەرزەنتنىڭ ئىشلىرى ھېچقاچان ئىلگىرى كەلمەيدۇ ۋە ئۇنىڭ ئەل ئالدىدا ئابرۇيى بولمايدۇ.

شۇنى بىلىش كېرەككى، ئانىمىز بىزنى قاتارغا قوشۇش ئۈچۈن مېھىر - مۇھەببىتىنى ئىشقا سېلىپ، ئارامىدىن كېچىپ، كېچىلىرى كۆز يۇماي، ئاق سۈت بېرىپ، تەربىيىمىزگە مەشغۇل بولىدۇ. خاپا بولۇپ قالساق ياكى كۆڭلىمىز بىر ئاز رەنجىپ قالسا ئەتراپىمىزدا پەرۋانە بولىدۇ، تاۋىمىز قېچىپ قالسا، ھۇزۇر - ھالاۋىتىنى پەرزەنتىگە





بېغىشلايدىغىنىمۇ يەنە شۇ ئانا. مەلۇمكى، باغۋەنسىز بىرەر دەرەخنىڭ يېمىشى ياخشى بولمايدۇ. ئانا بولسا بىزنىڭ باغۋىنىمىزدۇر. ئۇ ھەر دائىم بىزنى پەرۋىش قىلىش كويىدا يۈرىدۇ. بۇنى چۈشەنگەن ھەر قانداق بالا ئۆز ئانىسىنى ھەممە نەرسىدىن ئۈستۈن قويىدۇ ۋە دائىم ھۆرمەتلەيدۇ.

ئەقىللىق پەرزەنت ھېچقاچان ئانا مېھرىنى ئەستىن چىقارمايدۇ، كىچىككىنە بىر ئىشقا كىرىشكەندىمۇ، ئانىسىنى بۇنىڭدىن ۋاقىپلاندۇرۇپ، ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئالىدۇ. ئانىسىنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىپ، مەسلىھەتىگە ئەمەل قىلىدۇ. ھەرقاچان ئانىسىنى مىننەتدار قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ.

بالاغەتكە يەتكەن باللار ياخشى تەربىيە ئېلىپ، بىرەر كەسىپ ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن، ھەر قېتىم ئانىسىنىڭ ئالدىغا كەلگىنىدە، ئۆزىنىڭ شۇ ئانىسىنىڭ ئاق سۈتىنى ئېمىپ چوڭ بولغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئىللىق باغرىدا پەرۋىش تاپقانلىقىنى ئويلاپ، ئانىسىغا ھەرگىزمۇ قاتتىق - يىرىك سۆزلىمەيدۇ، يۇمشاق سۆزلەر بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئالىدۇ. ئانىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن چەككەن جاپالىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، شۇ چەككەن جاپا - مۇشەققەتلىرىنى ئۇنتۇلدۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ كۆڭۈل رازىلىقىنى ئېلىپ، بىر ئۆمۈر شادىمان قىلىدۇ.

ئاتا - ئانىنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ھەر بىر پەرزەنتنىڭ بۇرچىدۇر. ئەمما، بۇ بۇرچ ئاتا - ئانا قاچانكى پەرزەنتنىڭ خىزمىتىگە موھتاج بولۇپ قالغاندا ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ.

پەرزەنتنىڭ ئاتا - ئانا ئالدىدىكى ئەدەپ - ئەخلاقى شۇنداقكى، پەرزەنت ئاتا - ئانا نېمە دېسە دىققەت بىلەن قۇلاق سالىدۇ، ئۇلارنىڭ گەپلىرىگە قوشۇق سالمايدۇ. نېمىنى بۇيرۇغان بولسا (بۇيرۇغان نەرسىلىرىدە خىيانەت ياكى گۇناھ ئىش بولمىسىلا) جان - دىل بىلەن بېجىرىدۇ. ئۇلار ئولتۇرغان جايلىرىدىن تۇرسا پەرزەنتىمۇ ئىرغىپ ئورنىدىن تۇرىدۇ،

چاقىرسا «لەببەي» دەپ جاۋاب بېرىدۇ، ھەمىشە ئۇلارنى خۇرسەن قىلىش كويىدا يۈرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا تەزىم بىلەن تۇرىدۇ، قىلغان ئىشلىرىنى مىننەت قىلمايدۇ، ئاتا ـ ئانىنىڭ قىلغان ئىشلىرىغا ئاچچىقلىنىپ، ئۇلارغا ھومايمايدۇ، ئۇلارنىڭ رۇخسىتىسىز سەپەرگە چىقمايدۇ.

يەنە باشقا ھوقۇقلىرىدىن بەزىلىرى شۇكى، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئەدەپ بىلەن ئولتۇرىدۇ، يېشىنىپ ئولتۇرمايدۇ، بىرەر يېرى ئاغرىۋاتقان بولسا ئاتا ـ ئانىنى تەشۋىشكە سالماسلىق ئۈچۈن، ئىمكانىيىتىنىڭ بارىچە ئۇلاردىن يوشۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىدۇ، شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە ئەدەپ قائىدىلىرىنى جاي ـ جايىغا قويىدۇ.

## سوئال: ئاتا ـ ئانىنىڭ پەرزەنتتە قانداق ھەقلىرى بار؟

جاۋاب: كىتابلاردا بايان قىلىنىشىچە، ئاتا ـ ئانىنىڭ پەرزەنتتە سەكسەن تۆرلۈك ھەققى بار. ئۇلارنىڭ قىرىق تۆرلۈكى ئاتا ـ ئانا تىرىكلىكىدە، قالغان قىرىق تۆرلۈكى ئۆلگەندىن كېيىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. تىرىكلىك چاغدىكى قىرىق ھەقنىڭ ئونى تەنگە، ئونى تىلغا، ئونى دىلغا ۋە ئونى مالغا تەئەللۇقتۇر.

تەنگە تەئەللۇق بولغان ئون ھەق ئاتا ـ ئانىغا چىن دىلدىن خىزمەت قىلىشتۇر. بۇ شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئاتا ـ ئانىغا ھەرۋاقىت ھۆرمەت كۆزى بىلەن قارىلىشى، قىلما دەپ بۇيرۇغان ئىشلار قىلىنماسلىقى، ئۇلارنىڭ مەسلىھەتى ۋە رازىلىقىسىز ئىشلار قىلىنماسلىقى، ئۇلارنىڭ مەسلىھەتى ۋە رازىلىقىسىز ھېچبىر ئىشقا قول ئۇزىتىلماسلىقى لازىم. يەنە ئۇلار سىز ئولتۇرغان جايدا ھازىر بولسا، دەرھال ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ ئۇلارنى كۈتۈۋېلىشىڭىز، ئۇلار ئولتۇرغان بولسا، سىز ئۆرە تۇرۇشىڭىز، ئۇلار رۇخسەت قىلغاندىلا ئولتۇرۇشىڭىز، ئۇلار ئولتۇرىدىغان جايغا سىز ئولتۇرماسلىقىڭىز، يولدا بىرگە





كېتىۋاتقان بولسىڭىز، ئالدىغا ئۆتۈۋالماسلىقىڭىز كېرەك. ئەگەر، توپىلاڭ، لاي، سۇلۇق ياكى ئومۇمەن خەۋپلىك جايلارغا كەلگەندىلا، ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋالسىڭىز بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئوچۇق چىراي بىلەن ئولتۇرۇڭ. قاپىقىڭىزنى سالماڭ، ھومىيىپ قارىماڭ، چاقىرغىنىدا يۈگۈرۈپ بېرىڭ.

دىلغا تەئەللۇق ئون نەرسە شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، بىرىنچى، ئۇلارغا رەھىم ـ شەپقەت بىلەن قاراڭ؛ ئىككىنچى، ئۇلارغا دائىم قولىڭىزدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىلىڭ؛ ئۈچىنچى، سىزنىڭ شادلىقىڭىز ئۇلارنىڭ خۇرسەنلىكى بىلەن بولسۇن؛ تۆتىنچى، ئۇلار غەم چەكسە سىزمۇ قايغۇرۇڭ ۋە ئۇلارنىڭ دەردىگە مەلھەم بولۇش يولىنى ئىزلەڭ؛ بەشىنچى، ئۇلار ئۇشۇقچە سۆزلىسىمۇ مالال كۆرمەڭ؛ ئالتىنچى، ئۇلار تەنبىھ بەرسە خاپا بولماستىن خۇرسەن بولۇڭ؛ يەتتىنچى، ئۇلارغا ھەر قانچە ياخشىلىق قىلسىڭىزمۇ ۋە ھەقلىرىنى ھەر قانچە ئادا قىلسىڭىزمۇ، ئۇلارنىڭ دىللىرىنىڭ زەررىچە ئازار يەپ قېلىشىنى ئۆزىڭىز ئۈچۈن ئار دەپ بىلىڭ؛ سەككىزىنچى، ئۇلارنىڭ قانداق نىيەتلىرى بولسا، شۇ نىيەتلىرىگە يېتىشى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىڭ؛ توققۇزىنچى، ئۇلار قانچىلىك ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرسە، شۇنچىلىك خۇشال بولۇڭ؛ ئونىنچى، قانچىلىك دەردلىك بولسا، كۆڭۈللىرىنى ئېلىشقا شۇنچىلىك تىرىشىڭ.

تىلغا تېگىشلىك بولغان ئون ھەق شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، بىرىنچى، ئاتا ـ ئانىڭىزغا مۇلايىم مۇئامىلە قىلىڭ ۋە دائىم تەۋازۇدا بولۇڭ؛ ئىككىنچى، ئۇلارغا يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلىمەڭ؛ ئۈچىنچى، ئىسمىنى ئاتاپ چاقىرماڭ؛ بەشىنچى، ئۇلار سۆزلەۋاتقاندا سۆزىنى بۆلمەڭ؛ ئالتىنچى، ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرىنى رەت قىلماڭ؛ يەتتىنچى، ئۇلار سىزنى ئىشقا بۇيرۇسا، ياق، دېمەڭ؛ سەككىزىنچى ئۇلار قاتتىق ئاۋازدا گەپ قىلسىمۇ، سىز پەس ئاۋازدا سۆزلەڭ؛ توققۇزىنچى، ئۇلارنىڭ

سۆزلىرىگە ئاھ ـ ئۇھ دەپ كەتمەك...

مالغا تەئەللۇق بولغان ئون ئىش تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: بىرىنچى، ئۆزىڭىزگە كىيىم ـ كېچەك قىلىشتىن ئىلگىرى، ئاتا ـ ئانىڭىزغا قىلىپ بېرىڭ؛ ئىككىنچى، ئۇلارغا ئۆزىڭىز يەيدىغان تائاملاردىنمۇ ئېسىلرەك تائام قىلىپ بېرىڭ؛ ئۈچىنچى، بىر داستىخاندا غىزالىنىۋاتقىنىڭىزدا يېمەكلىكلەرنىڭ ياخشىلىرىنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ قويۇڭ. ھېكايە قىلىنىشىچە، ھەننان ئىبن ئەتىيە ئۆز ئانىسى بىلەن بىر داستىخاندا تاماق يېيىشتىن قورقىدىكەن. ئۇ دائىم: «ئانامنىڭ كۆزى چۈشۈپ، ئەمدى يەي دەپ تۇرغان مېۋىسىنى بىلمەستىن يەپ قويسام، بۇنىڭدىن ئانامنىڭ كۆڭلى رەنجىسە، مەن گۇناھكار بولۇپ قالسام، ئۇ چاغدا ھالىم نېمە بولماقچىدى، مەن شۇنىڭدىن قورقىمەن» دەيدىكەن؛ تۆتىنچى، قانداق نەرسىنى سېتىۋېلىش ئىستىكى بولسا، شۇ نەرسىنى سېتىۋېلىپ بېرىڭ، چۈنكى سىز ياش چېغىڭىزدا نېمىنى خالىسىڭىز، ئۇلار شۇ نەرسىنى سېتىۋېلىپ بەرگەن؛ بەشىنچى، ئۆيلىرىنى ياخشىلاڭ ۋە ئۇنى سەرەمجانلاشتۇرۇپ بېرىڭ؛ ئالتىنچى، سورىمىسىمۇ پۇل بېرىپ تۇرۇڭ. چۈنكى، بۇنى ئۇلار ئاشكارا ئېيتالماسلىقى مۇمكىن؛ يەتتىنچى، ئۇلارغا: «تاپقان ـ تۇتقىنىمنىڭ ھەممىسى سىلەر ئۈچۈن، نېمىنى خالىساڭلار شۇنى بىمالال ئېلىۋېرىڭلار، ھەممىسىنى ئۆزۈڭلەرنىڭكىدەك كۆرۈڭلار» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئاردىكى ئۆيلىش ۋە تارتىنىشلارنى كۆتۈرۈۋېتىڭ؛ سەككىزىنچى، ئاتا ـ ئانىڭىزنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قىلىڭ؛ توققۇزىنچى، ئاتا ـ ئانىڭىزنىڭ دوستلىرىنىمۇ ھۆرمەت قىلىڭ، بۇ ئىشىڭىز بىلەن سىزنىڭ ئاتا ـ ئانىڭىز ئۆز دوست ـ ئاغىنىلىرى ئالدىدا يۈز تاپىدۇ...

پەرزەنتنىڭ ئاتا ـ ئانا ئالدىدا بۇرچى بار بولغىنىغا ئوخشاش، ھەر بىر ئاتا ـ ئانىنىڭمۇ پەرزەنتلىرى ئالدىدا بۇرچى





بار. بۇلار شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ھەر بىر ئاتا ئۆز بالىسىنىڭ نومۇسسىز ئايالدىن تۇغۇلۇشىدىن ھەزەر ئەيلىسۇن، تاكى بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن ئادەملەر شۇ بالا توغرۇلۇق تۇرلۇك تەنىلەر قىلىپ يۈرمىسۇن. بالىغا ياخشى ۋە چىرايلىق ئىسىم قويسۇن. ئۇنىڭغا ئىلىم ـ مەرىپەت ئۆگەتسۇن. ئاتا ـ ئانا ئۆز پەرزەنتىنى ھەمىشە ھالال تائام ـ غىزالار بىلەن ئۆستۈرسۇن. ھارامدىن يېيىلگەن تاماق بالىغا ناتوغرا تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە ھارامخورلۇققا ئۆگىتىدۇ.

دېمەك، ھەر بىر ئاتا ـ ئانا ئۆز پەرزەنتلىرىنى پەقەت ھالاللىق بىلەن تېپىلغان يېمەكلىكلەر بىلەن بېقىشى لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆزى ئالدى بىلەن ھالال غىزا يېيىشى كېرەك، شۇنىڭدىلا پۇشتىدىن بولغان بالىمۇ ھالال ۋە پاكىز بولۇپ تۇغۇلىدۇ. ئانا ھامىلىدارلىق ۋاقتىدا ھارام ۋە شەك چۈشۈپ قالغان يېمەكلىكلەردىن ئۆزىنى تارتىشى زۆرۈر.

پەرزەنتلەر ئاتا ـ ئانىسىغا ئىتائەت قىلىپ، ھەر ۋاقىت ئۇلارنىڭ رازىلىقىنى ئېلىشلىرى كېرەك. ھەر بىر سائادەتلىك ۋە ئەزىز پەرزەنت ھەر بىر ئىشتا ئاتا ـ ئانىسىنى رازى قىلىپ، ئۇلارنى خۇشال قىلىدۇ، ئاتا ـ ئانا خۇرسەنلىكىنى ئۆزىگە كېلىدىغان ياخشىلىقنىڭ باشلامچىسى دەپ بىلىدۇ. نىجات ئىشىكىنىڭ ئاچقۇچى ۋە سائادەت گۈلزارىنىڭ خۇشلۇقى ئاتا ـ ئانا رازىلىقى تۈپەيلى ھاسىل بولىدۇ. پەرزەنت تەربىيىلەشتىن مەقسەت شۇكى، ئۇلار ئىمكانىيىتىنىڭ بارىچە ئاتا ـ ئانا خىزمىتىنى قىلسۇن ۋە ھەرگىز ئۇلارغا ئۇيات ۋە شەرمەندىچىلىك كەلتۈرمىسۇن. چۈنكى، ئۇيات ۋە شەرمەندىچىلىك ئاتا ـ ئانىنىڭ پەرزەنتكە بولغان كۆزقارىشىنى خىرەلەشتۈرىدۇ ھەم بۇنداق يامان پەرزەنتتىن ياتلارنى ياخشىراق، دەپ بىلىدۇ.

بالا يەتتە ياشقا تولغاندا، ئۇ ئىلىم ئېلىشقا ئۆگىتىلىدۇ ۋە

نادانلىق پاتقىقىدىن قۇتۇلدۇرۇشقا تىرىشىلىدۇ. ئەگەر، ئۇنىڭغا ئىلىم ئۆگىتىشنىڭ ئىلاجى بولمىسا، بىرەر ياخشى ھۈنەرگە ئۆگىتىلىشمۇ بولىدۇ.

ئەگەر، سىزنىڭ بايلىقىڭىز قانچە كۆپ بولسا، ئۇلارنى پەرزەنتىڭىزنىڭ ئىلىم ۋە ھۈنەر ئىگىلىشى يولىدا سەرپ قىلىڭ. چۈنكى، مال - بايلىققا ئىشەنگىلى بولمايدۇ، ئىلىم - ھۈنەر بولسا ھېچقاچان ئۆلمەيدۇ. ئىلىم ۋە ھۈنەر ئۆگەتمەيدىغان كىشىلەر توغرىسىدا ئالىملار ئۈچ تۈرلۈك سەۋەب بارلىقىنى ئېيتىشىدۇ. بۇنداق كىشىلەر يا زاھىد، يا ھورۇن، ياكى تەكەببۇر كىشىلەردۇر.

ھەر قانداق كىشى روناق تاپاي دېسە، ئاۋۋال ئىلىم بوستانىغا كىرىدۇ ۋە ئۇ يەردىكى نادانلىق، جاھىللىق خەس - خەشەكلىرىنى يۇلۇپ، يىراققا تاشلايدۇ. كېيىن مۇلايىملىق بوستانىغا كىرىدۇ ۋە بۇ بوستاندا ھەسەت تىكەنلىرى ئۈنگەن بولسا، ئۇلارنى يۇلۇپ تاشلايدۇ. كېيىن ئىخلاس بوستانىغا كىرىدۇ ۋە بۇ يەردە رىيا ۋە بەتگۇمانلىق ئوتلىرى بولسا، ئۇلارنى يۇلۇپ، بوستاننى تازىلايدۇ. ئاندىن كەمتەرلىك بوستانىغا كىرىدۇ ۋە بۇ بوستاندا تەكەببۇرلۇق ھەم مەغرۇرلۇق خەشەكلىرى بولسا، ئۇلارنى يۇلۇپ تازىلايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن رىزا بوستانىغا كىرىدۇ ۋە بۇ بوستاندا مەنمەنلىك، جاھىللىق تىكەنلىرى بولسا، بوستاننى ئۇلاردىن خالىي قىلىدۇ. ئاندىن ئۈمىد بوستانىغا كىرىدۇ ۋە بۇ بوستاندا ئۈمىدسىزلىك، چۈشكۈنلۈك تىكەنلىرى بولسا، ئۇلارنى يۇلۇۋېتىدۇ.

**سوئال: نېمە ئۈچۈن ئاتا - ئانىغا شەرتسىز ئىتائەت قىلىش كېرەك دەيمىز؟**

جاۋاب: ئاتا - ئانىغا ئىتائەت قىلىش بىلەن بىرگە ئۇلارغا چىن دىلدىن ئىشىنىش ۋە ھەر بىر ئىشتا ئۇلارنى سىرداش دەپ





بىلىش لازىم. چۈنكى، بالىلارغا قارىغاندا ئاتا - ئانىلار كۆپنى كۆرگەن، ئەقىل ۋە تەجرىبە ھاسىل قىلغان ھەم ياخشى - ياماننى بىلگەن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاتا - ئانىلار بالىلارغا توغرا يول كۆرسىتىپ نەسىھەت ۋە مەسلىھەتلەر بېرىشى، بالىلار بولسا ئۇلارغا ئەمەل قىلىشى كېرەك، ئاتا - ئانىنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنمىگەن، ئۆزىنى ئۇلاردىن ئەقىللىق ۋە ئىش بىلىدىغان دەپ ھېسابلىغان بالىلار كۆپلىگەن قىيىنچىلىقلار ۋە ھەر خىل ئاپەتلەرگە دۇچار بولىدۇ. چۈنكى، ئىشەنچسىزلىك ئادەمدە ئالدامچىلىق ۋە يالغانچىلىقنى تۇغدۇرىدۇ، يالغانچىلىق بولسا ھەممە قەبىھلىكلەرنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. بىراۋغا يالغان سۆزلەش ئەڭ چوڭ ئەيىب بولۇپ، ئاتا - ئانىنى ئالداش تېخىمۇ يارىماس ئادەتتۇر. ئاتا - ئانىنى غەپلەتتە قالدۇرۇش، ئىش - ئەھۋاللارنىڭ ھەقىقىتىدىن خەۋەرسىز قالدۇرۇش ئاتا - ئانا ئۈچۈن زور ئوقۇبەت ۋە ھاقارەتتۇر. بالىلار قىيىن ئەھۋال ۋە ئېغىر كۈلپەتكە دۇچار بولغىنىدا، ئۆز ئاتا - ئانىسىنى بۇنىڭدىن ۋاقىپلاندۇرسا، ئاتا - ئانىلار ئۆزلىرىنىڭ ئەقلى، تەجرىبىسى بىلەن بۇ قىيىن ھالەتتىن قۇتۇلۇش يولىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

**سوئال: بالىلار ئاتا - ئانا ھەققىنى تونۇشتا قانداق قائىدىلەرگە ئەمەل قىلىشى كېرەك؟**

جاۋاب: ھاياتتا مەيلى كىچىك، مەيلى چوڭ ئىش بولسۇن، بىرەر بالىغا: «بۇنى ئاتا - ئاناڭدىن يوشۇر، ئۇلارغا ئېيتما» دېسە، ئۇ كىشى دوست ئەمەس، بەلكى دۈشمەندۇر. بۇنداق ئادەمنى كۆرگەن بالا ئۇنى دۈشمەن دەپ بىلىپ، ئۇنىڭدىن قېچىشى كېرەك. سۆزنىڭ قىسقىسى شۇكى، ھەر بىر پەرزەنت ئۆزىنىڭ ئاتا - ئانىسىنى ئۆز ئەھۋالىدىن، قىلمۇۋاتقان ئىشىدىن ۋاقىپلاندۇرۇپ تۇرۇش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ ئۆگۈت - نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سېلىشى ۋە ئەمەل قىلىشى لازىم. ئۇلارنىڭ

ياخشى ئىشلىرىدىن ئۆلگە ئېلىشى، تەجرىبىلىرىدىن پايدىلىنىشى كېرەك. ھەر بىر بالا بىرەر تاسادىپىيلىق تۈپەيلى بىرەر خاتاغا يول قويسا، بۇ خاتانى تۈزىتىشكە دەرھال كىرىشىشى، پۈتۈن كۈچ - قۇۋۋىتىنى ئىشقا سېلىپ، ئۆزىنى ئاقلىشى، ئىككىلەنچىلەپ بۇنداق ئىشنى قىلماسلىق ئۈچۈن جان - جەھلى بىلەن كۈرىشىشى لازىم.

باللار چوڭ بولغاندا ئۇلارنىڭ تەلەي - تەقدىرى مۇنۇ ئىككى نەرسىدىن بىرى بولىدۇ: يا بەخت - سائادەتلىك بولىدۇ ياكى گۇمراھلىق يولىغا مېڭىپ، بەختسىز بولىدۇ.

باللار قانداق قىلىپ بەختلىك بولۇشى مۇمكىن؟ ئەگەر، بالا ئاتا - ئانىنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالسا، ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن يولىدىن چىقمىسا، بەرگەن مەسلىھەتلىرىنى جان دەپ قوبۇل قىلسا، ئۇلارغا ئانچىكىم قۇلاق سېلىپلا قالماي، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئەمەل قىلىشقا تىرىشسا ۋە دائىم يادىدا تۇتسا، بۇنداق بالا چوڭ بولغاندا ئەلۋەتتە بەختلىك بولىدۇ.

باللار قانداق قىلىپ بەختسىز بولۇپ قالىدۇ؟ ئەگەر، بالا ئۆز ئاتىسىنىڭ غەرەزسىز، چىن كۆڭلىدىن مېھرىبانلىق قىلىپ ئېيتقان سۆزلىرىگە قۇلاق سالمىسا، بەرگەن مەسلىھەتلىرىنى قۇلاققا ئالمىسا، باشقىلارنىڭ ئۆگۈت - نەسىھەتلىرىنى ئاڭلىمىسا، بارغانسېرى يولدىن ئادىشىدۇ، بۇنىڭ ئاقىۋىتىدە بەختسىز بولۇپ قالىدۇ. بەختسىز باللار چوڭ بولغىنىدا، ئۆزلىرىنىڭ بەختسىزلىكىگە ئۆزلىرىنى ئەيىبلىك دەپ ھېسابلىماي، ئاتا - ئانىسىغا تۆھمەت تاشلىرىنى ئاتىدۇ ۋە بەختسىزلىكىنىڭ سەۋەبچىسى قىلىپ ئۇلارنى كۆرسىتىدۇ.

ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقانلارنى ئىززەت - ئىكرام قىلىش پەقەت ياشلىق كۈنلىرىمىزدىلا ياكى باي - دۆلەتمەن ئۆتكەن چاغلىرىمىزدىلا بولماي، تا ئۆمرىمىزنىڭ ئاخىرىغىچە ۋە كۈچىمىزدىن قالغۇچە بولۇشى كېرەك. چوڭلارنىڭ ئۆز ئارا





مۇناسىۋەت - ئالاقىلىرى باشقىلارغا زور تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە ياشلار بۇ مۇناسىۋەتلەردىن ئۆلگە ئالىدۇ.

بىز ئاتا - ئانىمىز بىلەن بىللە ياشاۋاتقىنىمىزدا ئۇلارنى دائىم خۇشال قىلىشىمىز، ئۇلارغا كۆرسىتىلىدىغان ئىززەت - ئىكرام قائىدىلىرىگە نۇقسان يەتكۈزمەسلىكىمىز، ھەر دائىم ھال - ئەھۋالىنى سوراپ تۇرۇشىمىز لازىم. ئۆي - ئوچاقلىق بولۇپ باشقا يەرگە قورۇ - جاي قىلىپ كۆچۈپ چىقىپ كەتكىنىمىزدىن كېيىن بولسا، ئۇلارنىڭ يېنىغا پات - پات بېرىپ تۇرۇشىمىز، قوللىرىنى سۆيۈپ دۇئاسىنى ئېلىشىمىز، بۇنداق ئىمكانىيەت بولمىغىنىدا خەت ئارقىلىق ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرۇشىمىز كېرەك. ئەگەر، ئىلمىمىز ۋە كەسپىمىز ئاتا - ئانىمىزنىڭكىدىن يۇقىرى بولسا، بۇنىڭغا ئەسلا مەغرۇرلانماسلىقىمىز كېرەك، بۇ ئىنسانىي پەزىلەتلەردىن ھېسابلىنىدۇ. ئاتا - ئانا ئالدىدا ئەمەل ۋە كەسىپ بىلەن ماختىنىپ كېرىلىشتىن كۆرە، نادان ۋە ئىلىمسىز بولغان ئەۋزەلدۇر.

ئاتا - ئانا تىرىكلىكىدە ئۇلارنى خۇش قىلىش، ۋاپاتىدىن كېيىن بولسا ئۇلارنىڭ تىرىكلىكىدە ئېيتقان نەسىھەتلىرى ۋە مەسلىھەتلىرىگە ئەمەل قىلىش، ئۇلارنى ياخشى خىسلەتلىرى بىلەن ئەسلەپ تۇرۇش سادىق ۋە ۋاپادار پەرزەنتلەرنىڭ ئەڭ ياخشى ئادەتلىرىدىندۇر. شۇمۇ مەخپىي قالمىغايكى، ئاتا - ئانىدىن باشقا، يەنە ئۆزىگە ئالىي ھىممەتلىك قىلغان ۋە ياخشىلىق قوللىرىنى سوزغان كىشىلەرنىڭ ئىززەت - ئىكرامىنى بەجا كەلتۈرۈشتىمۇ ھېچقانداق نۇقسانغا يول قويماسلىق كېرەك!

سۆيۈملۈك ئوغۇل - قىزلىرىمىزغا شۇنداق خىتاب قىلىمىزكى، سىلەرنىڭ دۇنياغا كېلىشىڭلارغا سەۋەبچى بولغان ھەم تەربىيىلەپ ئۆستۈرگەن ئاتا - ئاناڭلارنىڭ ھەققىنى كەم -

كۆتىسىز ئادا قىلىپ، ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى بەجا كەلتۈرۈڭلار. ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىشتىن ساقلىنىڭلار. ئۇلارغا بولغان مېھىر ـ مۇھەببىتىڭلارنى تىل ۋە بارلىق ئەمەلىي ھەرىكىتىڭلار بىلەن ئىزھار قىلىڭلار، نەسىھەتلىرىنى بەجانىدىل قوبۇل قىلىپ، ئەمەلدە ئىجرا قىلىڭلار. ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىدىن دائىم خەۋەردار بولۇپ، ھېچ نەرسىگە موھتاج قىلماڭلار. ئۇلار سىلەرگە ھېچقاچان يامانلىق تىلىمەيدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئېيتقان سۆزىگە ئىتائەت قىلىڭلار. سىلەر ئاتا ـ ئاناڭلارغا قانداق مۇئامىلە قىلغان بولساڭلار، بالا ـ چاقاڭلاردىن كەلگۈسىدە شۇنداق مۇئامىلە كۆرىسىلەر. چۈنكى، ئۇلار تۇرمۇشتا سىلەردىن ئۆلگە ئالىدۇ، بۇنى ھەرگىز يادىڭلاردىن چىقارماڭلار. ئاتا ـ ئاناڭلار بەزى ۋاقىتلاردا ئۇقۇشماسلىق سەۋەبىدىن ئەدەپ ـ قائىدىسىز سۆزلەرنى قىلىپ قويۇشى مۇمكىن. بۇنداق چاغدا ئۇلارنىڭ ئېيتقىنى توغرا ئەمەسلىكىنى سىلىق ۋە مۇلايىملىق بىلەن چۈشەندۈرۈڭلار، قاتتىق سۆز قىلماڭلار، ئۇلارنىڭ مۇبارەك دىلىنى ئاغرىتماڭلار. سىلەر ئاتا ـ ئاناڭلارنىڭ مەسلىھىتى ۋە رازىلىقىنى ئالماي ھېچقانداق ئىشقا كىرىشمەڭلار.

بىر دانىشمەننىڭ شاگىرتى: «ئاتا ـ ئانام ۋاپات بولغان ئىدى، ئەمدى قانداق قىلسام ئۇلارنىڭ ھەققىنى تولۇق ئادا قىلغان بولىمەن؟» دەپ سورىغان. دانىشمەن ئۇنىڭغا: «ئاتا ـ ئاناڭنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى ئادا قىل، دوستلىرى ۋە يار ـ بۇرادەرلىرىگە ھۆرمەت بىلدۈر. ئاكا ـ ئۇكا، قېرىنداشلىرىغا شەپقەتلىك بول، ئۇلارغا قولۇڭدىن كېلىشىچە ياردەم قىل. ئۆزۈڭ ئەدەپ ـ قائىدە دائىرىسىدىن چەتكە چىقما» دەپ جاۋاب بەرگەن.

**سوئال: ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنت تەربىيىسىگە ئەھمىيەت بېرىشتە قايسى نۇقتىلارغا ئەمەل قىلىشى كېرەك؟**

جاۋاب: پەرزەنت چوڭ بولۇپ مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرگۈچە





ئارىلىقتا ئاتا ـ ئانىنىڭ قولىدا ئامانەتتۇر. بالىلار گۆھەرگە ئوخشاش پاك، موم كەبى يۇمشاق بولۇپ، ھەر قانداق تەسىرنى ئاسان قوبۇل قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاتا ـ ئانا پەرزەنتلىرىنى بالىلىق چېغىدىن باشلاپ ئەدەپ ـ ئەخلاق قائىدىلىرىگە لايىق تەربىيىلىشى لازىم. قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپى سۇقراتتىن بىرەيلەن: «چوڭلارغا قارىغاندا ياشلار تەربىيىسىگە كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىدىكەنسىز، بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟» دەپ سورىغان. سۇقرات «ياشلار دەرەخنىڭ نوتىسىغا ئوخشايدۇ، قاياققا ئەگسەڭ ئېگىلىدۇ، مېنىڭ ۋەز ـ نەسىھەتلىرىمنى تاشقا مۆھۈر ئويغاندەك كۆڭلىگە ئورۇنلاشتۇرۇۋالىدۇ. شۇڭا، مەن ئۇلارنىڭ تەربىيىسىگە كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىمەن» دەپ جاۋاب بەرگەن.

بالىلارنى ئەدەپ ـ ئەخلاققا ئادەتلەندۈرۈشتە، ئۇلارنى ئۇرۇش، تىللاش توغرا ئۇسۇل ئەمەس. ياخشى ئىش قىلسا، ئۇنى ماختاپ ئەركىلىتىڭ. ئۇنىڭدىن يامان ئىش سادىر بولسا، ئۆزىڭىزنىڭ نارازىلىقىنى بىلدۈرۈپ نەسىھەت قىلىڭ، قىلغان ئىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈڭ. كۆپچىلىك ئالدىدا بالىڭىزنىڭ ئەيىبىنى ئېچىپ ئۇيالدۇرماڭ، نەسىھەتلىرىڭىز خالىي جايدا بولسۇن. بالا ئاتا ـ ئانىسىدىن ئۆلگە ئالىدۇ. تەربىيىلىك ئاتا ـ ئانىنىڭ پەرزەنتلىرى ئۆزىگە ئوخشاش بولۇپ يېتىلىدۇ. ئائىلىدىكى جېدەل ـ ماجىرالار بالىلارنىڭ سەبىي روھىغا قاتتىق تەسىر قىلىدۇ. ئائىلە ئەزالىرى جېدەل ـ ماجىرادىن ساقلىنىپ، تىنچ ۋە ئىناق ئۆتۈشى لازىم.

پەرزەنتلىرىڭىز چوڭ بولغاندا، ئوغۇل بولسا ئۆيلەپ قويۇڭ، قىز بولسا ياتلىق قىلىڭ. بۇ، ناھايىتى مۇھىم ۋە جىددىي مەسىلە. بۇ ئىشقا ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلىڭ. ياشلار ئەقلىدىن كۆرە، ھېسسىياتقا كۆپرەك بېرىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، پەرزەنتلىرىڭىزنىڭ يېڭى ھاياتقا كىرىشىگە ئۆزىڭىز باشلامچىلىق قىلىڭ. بۇ ئىشنى يالغۇز ئۇلارغا، ئۇلارنىڭ

خاھىشىغىلا تاشلاپ قويماڭ.

ئۇنىڭدىن باشقا، باللارنى يات كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئۇرۇپ تەنبىھ بەرمەڭ، مېھمانغا چاقىرىلسىڭىز باللارنى ئېلىپ بارماڭ. ئۆيىڭىزگە مېھمان كەلسە، بالىلىرىڭىز داستىخانغا قول ئۇزاتمىسۇن. يات كىشىلەر ئالدىدا ئائىلىڭىزدىن شىكايەت قىلماڭ. باشقىلارنى كەمسىتىپ، سىزنى ماختىغان كىشىلەرنىڭ يالغان سۆزلىرىگە ئىشەنمەڭ، بالىلىرىڭىزغا بىرەر ئىش بۇيرۇماقچى بولسىڭىز، ياخشى سۆزلەر بىلەن بۇيرۇڭ. تەكەببۇر ۋە ئاچچىق سۆزلۈك بولماڭ، ئائىلىڭىز ۋە دوستلىرىڭىزنىڭ مېھىر - مۇھەببىتىگە ئېرىشىشكە تىرىشىڭ، ئىلگىرى قىلغان ياخشىلىقلىرىڭىز بىلەن ماختىنىپ يۈرمەڭ. ئارىڭىزدىكى قېرىنداشلىق، دوستلۇق مۇناسىۋىتىگە تايىنىپ، ئۇلاردىن پايدىلىنىش ئارزۇسىدا بولماڭ. باشقىلارنى خىجىل قىلماڭ. ئەپسانە لەتىپىلەرنى سۆزلىمەڭ. ھايۋانلارغىمۇ رەھىمدىل بولۇڭ، ئۇلارنى ئۇرۇشتىن ساقلىنىڭ. «يېشىم چوڭ بولغاندىن كېيىن، كىچىكلەرنىڭ يېنىدا نېمە دېسەم بولۇۋېرىدۇ» دەپ ئويلىماڭ. يىغىلىشلاردا ئەر ئايالدىن، ئايال ئېرىدىن شىكايەت قىلمىسۇن، يىغىلىشلاردا بولمىغۇر پاراڭلاردىن ساقلىنىڭ. سوئالىڭىزغا جاۋاب بېرىشنى خالىمىغان كىشىنى جاۋاب بېرىشكە قىستىماڭ. ئەدەپ - قائىدىگە رىئايە قىلىڭ.





# پۇشايمان

**سوئال: پۇشايمان قىلىش قانداق ئىش؟ پۇشايمان قىلىشنىڭ قانداق زىيانلىرى بار؟**

جاۋاب: ئۆتكەن ئىشقا پۇشايمان قىلىش ئادەمگە ئەڭ ئېغىر دەرد كەلتۈرىدۇ. ئاخىرى پۇشايمانلىق بىلەن تۈگەيدىغان لەززەتتىن پايدا يوق. ياخشىلىقنى كۆپ قىلغان كىشىنىڭ پۇشايمىنى كەم بولىدۇ.

پۇشايمان ئۈچ خىل بولىدۇ: بىر كۈنلۈك، بىر يىللىق ۋە بىر ئۆمۈرلۈك. بىر كۈنلۈك پۇشايمان ئەرزىمەس پۇشايمان بولۇپ، ئۇ بىرەر نەرسىنى يېيەلمەي قېلىش، ئەرزىمەس نەرسىگە ئىگە بولالماي قېلىش سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ ۋە تېز ئۇنتۇلىدۇ. بىر يىللىق پۇشايمان بولسا، قولىدىن كەلسىمۇ پەرۋاسىزلىق قىلىپ تەييار يەرگە ئېكىن ئەكمەي ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋېتىش تۈپەيلى كېلىدۇ. ئۆمۈرلۈك پۇشايمان بولسا، ئادىشىپ قېلىپ ئۆزىگە مۇناسىپ بولمىغان مۇرەسسەسىز خوتۇنغا ئۆيلىنىش ئارقىسىدا مەيدانغا كېلىدۇ.

ھەقىقەتەن، نۇرغۇن كىشىلەر بىلىپ - بىلمەي پۇشايمان قىلىدۇ. بىر ئىشنى ناتوغرا قىلىپ قويغانلىقى تۈپەيلىدىن كېلىدىغان پايدىنىڭ ئازلاپ كەتكەنلىكى، لاتارىيىدىن بىر نومۇرنى كەم ئېلىپ قويغانلىقى سەۋەبلىك مۇكاپات چىقمىغانلىقى، پاي چېكىدە ئۆرلىگەندە سېتىۋەتمىگەنلىكى ئۈچۈن ئەمدى تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكى، مۇنۇ ئىشنى مۇنداقراق بېجىرمىگەنلىكى سەۋەبتىن ئوڭۇشسىزلىققا يولۇققانلىقى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئادەمگە مەلۇم مەزگىللىك پۇشايمان

ئېلىپ كېلىدۇ. مەنپەئەتى قانچىلىك چوڭ دەخلىگە ئۇچرىسا، قىلىدىغان پۇشايمانمۇ شۇنچە چوڭ بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر كىمدە ئوخشىمىغان دەرىجىدە پۇشايمان قىلىش تارىخى بولغان بولىدۇ.

ئالىملار پۇشايمان قىلىشنى يامان كۆرىدۇ، ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات، «كېيىنكى پۇشايمان، ئۆزۈڭگە دۈشمەن» دەپ قارايدۇ. بەزى ئەقىللىق كىشىلەر مانا مۇشۇ ھايات ھەقىقەتلىرىگە تولۇق ئەمەل قىلغانلىقى ئۈچۈن، تۇرمۇشى كۆڭۈللۈك ئۆتىدۇ، كۆڭۈلسىزلىكنى شۇ ھامان ئۇنتۇپ كېتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن سالامەتلىكىمۇ شۇنچە ياخشى بولىدۇ.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، پۇشايمان قىلىش ئادەمگە ناھايىتى زىيانلىق روھىي ھالەت بولۇپ، بىر قېتىم پۇشايمان قىلغاندا بەدەنگە ناھايىتى زور مىقداردا زىيانلىق ماددىلار تارقىلىدۇ، شۇنداقلا مېڭىنىمۇ زەھەرلەيدۇ. كۆپ پۇشايمان قىلغان كىشى روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن ئاسان تۈگىشىپ كېتىدۇ، ھەتتا ئىلىشىپ قالىدىغان، ۋاقىتسىز ئۆلۈپ كېتىدىغان پاجىئەلەرمۇ كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا، ئالدىراپ پۇشايمان قىلماسلىق، پۇشايمان قىلغان تەقدىردىمۇ ئۇنى ئىچىگە ئېلىپ كەتمەسلىك، دەرھال ئۇنتۇپ كېتىش، ئۈمىدۋار بولۇش، كەلگۈسىگە ئۈمىد بىلەن قاراش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ھاياتنى تېخىمۇ ياشناتقىلى بولىدۇ.

**سوئال: پۇشايمان قىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە پۇشايمان قىلىدىغان ئىشنى ئۇنتۇپ كېتىش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟**

جاۋاب: خەلقىمىز ئارىسىدا «پۇشايماننى ئالغىلى قاچا يوق» دەيدىغان بىر ھېكمەت بار. بۇنىڭ مەنىسى: بىر ئىشنى ئۆزۈڭ خالاپ قىلغان ئىكەنسەن، ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىساڭمۇ پۇشايمان قىلما، ئەگەر پۇشايمان قىلساڭ، ئۇنى ئېلىپ قويىدىغان





(پۇشايماننى باسىدىغان) قاچا يوق، دېمەكچى. كۆپ پۇشايمان قىلىش ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئاجىزلىتىدۇ، روھىي كەيپىياتىنى تۆۋەنلىتىدۇ، خۇشاللىقنى ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇرۇۋېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پۇشايمان قىلماسلىق، پۇشايمان قىلغان تەقدىردىمۇ ناھايىتى تېزلىك بىلەن ئۇنى ئۇنتۇپ كېتىشكە ھەرىكەت قىلىش كېرەك.

پۇشايماننى ئۇنتۇپ كېتىش ئۈچۈن «بۇ ئىشلار ھامان ئۆتكۈنچى، بۇ ئىشىم بۇ قېتىم قاملاشمىغان بولسا، كېيىنكى قېتىم چوقۇم قاملىشىپ قالار، ھازىر ھەرقانچە پۇشايمان قىلغىنىم بىلەنمۇ ئىش ئورنىغا كەلمەيدۇ، شۇڭا، ئۇنى ئۇنتۇپ كېتەي، ئۈمىدۋارلىق بىلەن كەلگۈسىگە باقاي، تىرىشىپ ئىشلەي، شۇندىلا چوقۇم ياخشى كۈنلەرگە ئېرىشەلەيمەن» دەيدىغان ئۈمىدۋار پوزىتسىيىدە بولۇش كېرەك. بىلىش كېرەككى، ئۈمىدۋارلىق پۇشايماننى يېڭىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك دورىسى، چۈشكۈنلۈكنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى ئۆتكۈر قورالدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۈمىدۋار كىشى تېز قېرىپ كەتمەيدۇ، كۆڭلىرى خۇشال ئۆتىدۇ، راھەت، بەخت ـ سائادەتلىك تۇرمۇش كەچۈرىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، كېيىن پۇشايمان قىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن ئادەمدە پۇختا تەييارلىق بولۇشى، ئىشلارنى ئېھتىياتچانلىق، ئالدى ـ كەينىنى ئويلاپ قىلىدىغان ئىرادە بولۇشى كېرەك. ئىشلار ئېھتىياتلىق قىلىنسا، ئەتراپلىق پىلان تۈزۈلسە ۋە كۆڭۈل قويۇپ قىلىنسا، بۇنداق ئىشتىن چاتاق چىقمايدۇ، چاتاق چىقمىغانىكەن، پۇشايمان قىلىشمۇ بولمايدۇ ياكى ئاز بولىدۇ.

غايىۋى، خىيالىي بولماسلىق، رېئاللىققا يۈزلىنىش، رېئاللىققا ئۇيغۇن كېلىدىغان ھاياتلىق نىشانىسى تۇرغۇزۇش كېرەك. ئادەم رېئاللىققا قانچە يېقىن بولغانسېرى، ئىشلىرى شۇنچە تېز روناق تاپىدۇ، ھەرقانداق ئىشنى رېئاللىقنىڭ تارازىسىغا سېلىپ ئۆلچەيدۇ، رېئاللىق كۆتۈرەلىگۈدەك قىلىدۇ،

رېئاللىقتىن ھالقىپ كېتىدىغان، رېئاللىقتا بويسۇنمايدىغان ياكى رېئاللىقتا قارشى ئىشلارنى ھەرگىز قىلمايدۇ. شۇڭا، ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق يۈرۈشىدۇ، ئىشى ئوڭۇشلۇق بولغان ئادەم ئۈمىدۋار كېلىدۇ، ئۈمىدۋار كىشى پۇشايمان قىلمايدۇ ياكى ئاز پۇشايمان قىلىدۇ.

يۇقىرىدىكى ئۇسۇللار بويىچە پۇشايماننىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە پۇشايماننى ئۇنتۇش بىرقەدەر ئومۇملاشقان قاراشلاردۇر. يەنە پۇشايماننىڭ ئېغىر - يېنىك بولۇشىدا شۇ كىشىنىڭ مىجەز - خاراكتېرىمۇ ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئومۇمەن، سەپرا مىجەز، ئىسسىقى ئېشىپ كەتكەن، تېرىككەك كىشىلەر كىچىك ئىشلارغىمۇ كۆپ پۇشايمان قىلىدۇ. پۇشايمان قىلغانسېرى، تېرىككەنسېرى يەنە پۇشايمان قىلىدىغان ئىشلار ئۈستى - ئۈستىلەپ كېلىپ ئۈزۈلمەيدۇ. بۇنداق كىشىلەر ئەڭ ياخشىسى روھىي جەھەتتىن داۋالىنىشى، سوغۇق قانلىق بىلەن مەسىلىلەرنى ئويلىنىپ كۆرۈشى، ئىشلىرىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئەپلەشمەيۋاتقانلىقىنى مۇلاھىزە قىلىپ كۆرۈشى كېرەك. شۇ چاغدىلا پۇشايمان قىلىشنىڭ بىھۇدە ئىش ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنى قىيناشقا، ئازابلىنىشقا ئەرزىمەيدىغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن كۆرە ئۈمىدۋار بولۇپ، ئالدىغا نەزەر تاشلىغاندا چوقۇم نەتىجە قازانغىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىدۇ.





# پىتنىخورلۇق

**سوئال: پىتنە قانداق يامان خۇيلارنى كۆرسىتىدۇ؟**

جاۋاب: پىتنە كىشىلەر ئارا بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ئۇرۇقى چېچىشنى كۆرسىتىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، پىتنە كىشىلەرنى ئازابقا، زىيانغا، گۇناھقا پاتۇرۇش، كىشىلەرنى ئىسيانغا قۇترىتىشنى كۆرسىتىدۇ.

ئومۇمەن، ئىنسانلارغا ئازاب ۋە زىيان سالىدىغان ھەممە نەرسىدە پىتنىخورلۇقنىڭ كۆلەڭگىسى ساقلانغان بولىدۇ.

**سوئال: پىتنىخورلۇقنىڭ قانداق زىيانلىق تەرەپلىرى بار؟ نېمە ئۈچۈن پىتنىنى قەتئىي چەكلەش كېرەك دەيمىز؟**

جاۋاب: پىتنىخورلۇق قەدىمدىن ھازىرغىچە ئىنسانلارغا ناھايىتى زور زىيانلارنى سېلىپ كەلدى. پىتنىخورلۇق سەۋەبىدىن بەزى پادىشاھلار قانخورلۇق يولىغا كىرىپ قابىل، جاھان پازىللىرىنى قىرغىن قىلدى، پىتنىخورلۇق سەۋەبىدىن باشقا ئەللەرگە تاجاۋۇز قىلىپ، بۇ مەملىكەتلەردە نۇر چاچقان مەرىپەت ئوچاقلىرىنى ۋەيران قىلدى؛ پىتنە سەۋەبىدىن ئەل - خەلققە، ۋەتەنگە خىزمەت قىلىش ئىرادىسى كۈچلۈك، ئىلىمدە كامالەتكە يەتكەن كىشىلەر جاھالەتنى ياقىلىغۇچىلار تەرىپىدىن باستۇرۇلدى ۋە سەرسانلىق كوچىسىغا كىرىپ كەتتى. كىچىك بىر مەھەللىگە نىسبەتەن، ئازراق پىتنە چىقىپ قالسا، كىچىك بولسا ئىككى ئائىلە زىددىيەتلىشىپ ئۇرۇشىدۇ، چوڭ بولغاندا شۇ يۇرت كىشىلىرى ئىككى تەرەپكە ئايرىلىپ ئۇرۇش - تالاش قىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن شۇ يۇرتنىڭ خاراب بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ.

شىنجاڭدا 16 ـ ئەسىردىن 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە داۋاملاشقان ئاق تاغلىقلار (ئىشقىيەچىلەر)، قارا تاغلىقلار (ئىسھاقىيەچىلەر)دىن ئىبارەت تەرىقەت سۇلۇكلىرىنىڭ خەلق ئاممىسى ئارىسىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتىشىغا ئەگىشىپ، قەشقەر ـ يەركەننى مەركەز قىلغان ھالدا ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن ۋە نەچچە يۈز يىلغا سوزۇلغان قانلىق قىرغىنچىلىقلارنى باشتىن ئۆتكۈزگەن. ئەسلىدە بۇ ئىككى تەرىقەت سۇلۇكى بىر، ئاتىسىمۇ بىر بولۇپ، ھەممىسى مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئوغۇللىرىدىن ھېسابلىناتتى. كېيىن بۇلار بىر ـ بىرىنى ياراتماسلىق، پىتنىخورلۇققا ئىشىنىش سەۋەبىدىن ئىككى سۇلۇك بولۇپ شەكىللەنگەن ۋە خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇش، ئۆزلىرىنىڭ خوجىلىق ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن قىلمىغىنى قالمىغان، ناھايىتى زور پاجىئەلەرنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەبچى بولغان. ھەتتا، بۇ خوجىلار بىر ـ بىرىگە قانلىق قەست قىلىشنىمۇ داۋاملاشتۇرغان بولۇپ، تەخمىنەن ئىككى يۈز يىل ئىچىدە ئىككى تەرەپتىن ئون نەچچە خوجا سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسىگە پىتنىخورلۇق سەۋەبچى بولغان. شۇڭا، ھەرقانداق ۋاقىتتا پىتنىگە ئىشەنمەسلىكىمىز، پىتنىخورلۇق قىلماسلىقىمىز، كىشىلەرنىڭ، ئەل ـ يۇرتنىڭ، ۋەتەننىڭ تىنچ ـ ئامانلىقى ئۈچۈن بىر كىشىلىك ھەسسە قوشۇشقا تىرىشىشىمىز لازىم.

**سوئال: پىتنىخورلۇقتىن ساقلىنىشنىڭ قانداق ئەپچىل چارىلىرى بار؟**

جاۋاب: ئالدى بىلەن پىتنىخورلۇقنىڭ كىشىلەر ئارىسىدىكى ئىناق مۇناسىۋەتنى بۇزىدىغان، ئەل ـ يۇرتقا، جەمئىيەت تەرتىپىگە، تىنچ ـ ئاسايىشلىققا زىيان سالىدىغان ئىنتايىن ناچار قىلمىش ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشىمىز، پىتنىخورلۇق قىلىشنىڭ ئىككى كىشى ئارىسىغىلا زىددىيەت سېلىپ قالماي، بىرەر يۇرت ئارىسىغا، ھەتتا دۆلەتكە زىيان سالىدىغانلىقىنى، مۇشۇ سەۋەبلىك نۇرغۇن بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ تالاپەتكە ئۇچرايدىغانلىقىنى ئۇنتۇماسلىقىمىز، بۇ زىياننى ھەرگىز تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئېنىق چۈشىنىشىمىز لازىم.

ئومۇمەن، پىتنىخورلۇقنىڭ ئىنتايىن پەسكەش، ئەخلاقسىز قىلىق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىش، چۈشىنىش كېرەك، شۇندىلا، ھەركىم بۇ يامان خۇينى داۋاملاشتۇرمايدۇ ۋە باشقىلار پىتنىخورلۇق قىلغان تەقدىردىمۇ ئۇنى توسۇشقا ئۇرۇنىدۇ. شۇندىلا، بۇ يامان خۇينى قىلغۇسى بارلارمۇ پەسكويغا چۈشىدۇ.

# تائام يېيىش ئەدەپلىرى

**سوئال: تاماق يېيىش ئادەمنىڭ ماددىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ۋە ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇشتا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلقىمىز ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا قويۇق - سۇيۇق كۆرۈنۈشلۈك، ئىسسىق - سوغۇق تەبىئەتلىك خىلمۇ خىل تائاملارنى ئىجاد قىلىپ ئىستېمال قىلىپ كەلگەن. شۇنداقلا تائام يېيىشكە دائىر بىرقاتار ئۆرپ - ئادەت، قائىدە - يوسۇنلارنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئۇنداقتا، تائام يېيىشتە قانداق قائىدىلەرگە ئەمەل قىلىش كېرەك؟**

جاۋاب: خەلقىمىزنىڭ يېمەك - ئىچمەك ئەنئەنىسىنى چوڭقۇر كۆزىتىدىغان بولساق، ئۇنىڭدا ھەم بەدەننىڭ ئوزۇقلۇق ئېھتىياجىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان، ھەم ساغلاملىققا پايدىلىق بولغان نۇرغۇن ئادەت ۋە ئەنئەنىلەرنىڭ بارلىقىنى كۆرەلەيمىز. بۇنى مۇنۇ بىرنەچچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ: بىرىنچى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ يېمەك - ئىچمەكلىرىدە قاينىتىلغان يېمەكلىكلەر كۆپ، قورۇلغانلىرى ئاز ياكى يوق دېيەرلىك بولغان. تەجرىبىلەردە ئىسپاتلىنىشىچە، خەلقىمىز ئاساسەن قۇرۇق ئىسسىق مىزاجغا مايىل بولغاچقا، بەدەننىڭ بىئولوگىيىلىك ئېھتىياجى تەبىئىي ھالدىلا قورۇلغان ياكى ئوزۇقلۇقى خوراپ كەتكەن تاماقلارنى خالىمايدىكەن؛ ئىككىنچى، ئەجدادلىرىمىز تەبىئىي يېمەك - ئىچمەكلەرنى قەدىرلەپ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۇنى تەبىئىي ھالدا ئىستېمال قىلىپ ساغلاملىقىنى كاپالەتلەندۈرۈپ كەلگەن؛ ئۈچىنچى، ئەجدادلىرىمىز يېمەكلىكلەرنىڭ يېڭى، پاكىز بولۇشىغا ئالاھىدە





ئەھمىيەت بەرگەن؛ تۆتىنچى، ئەجدادلىرىمىز ئادەم بەدىنىگە زىيانلىق بولغان ئىچىملىك، چېكىملىكلەردىن ساقلانغان؛ بەشىنچى، ئەجدادلىرىمىز ھەركىم ئۆز مىزاجىغا قاراپ ئوزۇقلىنىشقا ئەھمىيەت بەرگەن، مىزاجىغا ماس كەلمىگەن ئوزۇقلۇقنىڭ زەھەرلىك رول ئوينايدىغانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن؛ ئالتىنچى، تاماقنىڭ ۋاقتى ۋە قانداق تاماق يېيىش قاراشلىرى خەلق ئاممىسىنىڭ زۆرۈر بىلىمىگە ئايلانغان، ئەمما بىرلا ۋاقىتتا ئىككى - ئۈچ خىل قويۇق ياكى سۇيۇق تاماق يېيىش، بىرلا ۋاقىتتا ئىسسىق ياكى سوغۇق تاماقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلىش، تاماقنىڭ ئالدى ۋە كەينىدە يېيىلىدىغان مېۋىلەرنىڭ تەرتىپىنى بىلمەسلىك قاتارلىق ھازىرقى زامان ئىللەتلىرى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئوزۇقلىنىش ئادەتلىرىدە ئاساسەن بولمىغان.

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئەجدادلىرىمىز بىزگە مانا مۇشۇنداق ئېسىل ۋە ئىلمىي ئوزۇقلىنىش قاراشلىرى ۋە ئادەتلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن، شۇڭا ئۇلارنىڭ بەدەن ساپاسى يۇقىرى بولغان، نۇرغۇن ئۆمۈر چولپانلىرى يېتىشىپ چىققان. شۇڭا ئۇلار ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملىشىپ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن. بۈگۈنكىدەك مۇھىت بۇلغانغان، ئەخلەت يېمەكلىكلەر شەھەرلەرنى ئاساس قىلغان ھالدا كىشىلەرنىڭ يېمەكلىك قۇرۇلمىسىدا بارغانسېرى ئاساسلىق ئورۇننى ئىگىلەۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئوزۇقلىنىش جەھەتتىكى ئېسىل ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە جارى قىلدۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

يېمەك - ئىچمەكلەر ئادەمنىڭ ساق ۋە كېسەللىك ھالىتى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا قەدىمكى ھۆكۈمالىرىمىز «كېسەللىك ئېغىزدىن كىرىدۇ» دەپ ئېيتقان. بەدەننىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىغا نورمال ئوزۇقلۇق يەتكۈزۈلۈپ

ساغلاملىقتا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن يېمەكلىكلەرنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتىنى ياخشى بىلىش بىلەن بىللە، مىقدارىنىڭ ئاز ياكى كۆپ بولۇپ كەتمەسلىكىگە، ھەر ۋاخلىق تاماقنىڭ دەل ۋاقتىدا بولۇشىغا، ھەر ۋاخلىق تاماق تۈرلىرىنىڭ ئۆز لايىقىدا بولۇشىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىم.

ئەتىگەندە مايلىق يېمەكلىكلەرنى ئىمكان بار ئاز يېيىش ياكى يېمەسلىك كېرەك. ئەڭ ياخشىسى ئەتىگەندە مۇۋاپىق مىقداردا سۈت، مېغىز، قۇرۇق ئوزۇملەرنى ياخشى پىشقان نان بىلەن يېيىشنى ئادەت قىلىش كېرەك. چۈشتە كۆچلۈك تاماقلارنى يېيىشكە ئادەتلىنىش لازىم، مەسىلەن، پولۇ، پېتىر مانتا ۋە گۆش تۈردىكى يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىش كېرەك. كەچلىك تاماق ۋاقتى سائەت ئالتىدىن كېچىكمەي قالماسلىقى ھەمدە مۇۋاپىق مىقداردا مېۋە - چېۋىلەر بىلەن ئوزۇقلىنىش لازىم.

ئادەملەرنىڭ يېشى، جىنسى، تۇرار جايى ۋە كەسىپ ئايرىمىسىغا ئاساسەن ئوزۇقلۇق ماددىلارمۇ ھەر خىل دەرىجىدە سەرپ قىلىنىدۇ. شۇڭا بىز ئىستېمال قىلىدىغان ئوزۇقلۇقلار سۈپىتىگە قاراپ مۇنداق بىرقانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ: لەتىپ غىزالار، يەنى ئۆزى يۇمشاق، قۇۋۋىتى يۇقىرى ھەم سىڭىشلىك بولغان غىزالار؛ كەسىپ غىزالار، يەنى قويۇقراق، سىڭىشى تەسرەك بولغان مۆتىدىل غىزالار، كەسىرلىك غىزالار، يەنى مىقدارى ئاز بولسىمۇ، قۇۋۋىتى يۇقىرى غىزالار، مەسىلەن، سۈت، قايماق، چالا پىشقان تۇخۇم، پاقلان گۆشى، سېرىقماي قاتارلىقلار؛ غەلىز تاماقلار، يەنى ئېغىر تاماقلار، قورداق تۈردىكى تائاملار، پىياز بىلەن قىيما قىلىنغان يېمەكلىكلەر، ھايۋانلارنىڭ باش - پاچاقلىرى، قېرىن - ئۈچەيلىرى قاتارلىق تاماقلار بولۇپ، بۇلارنى ئاساسەن چۈشتە يېيىشكە مۇۋاپىق كېلىدۇ. بۇ تاماقلارنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى بولسىمۇ، تەستە ھەزىم بولىدۇ. بۇ خىلدىكى تاماقلار بەدىنى





ساغلام، ياشلار، ئوتتۇرا ياشلىقلار، جىسمانىي ئەمگەك ۋە ھەرىكەت بىلەن كۆپ شۇغۇللانغۇچىلارغا ماس كېلىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلغان تاماقلىرىمىز پەقەت بەدىنى ساغلام، نورمال كىشىلەرگە قارىتىلغان، كېسەللەر، ياشانغانلار بۇنىڭ سىرتىدا. غىزالىنىش جەھەتتە ئۇيغۇر تېبابىتىدە ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كىشىلەر ئۆزىنىڭ تەبىئىي مىزاجىغا قاراپ ئۆزىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان تاماقلار بىلەن غىزالىنىش كېرەكلىكى ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان. ئەتىگىنى يەڭگىل، مۆتىدىل، چۈشتە كۈچلۈك، كەچتە ئوتتۇراھال يەڭگىل تاماق يېيىش بەدەننى مۆتىدىللەشتۈرۈپ، ساغلاملىقنى كاپالەتلەندۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ھەربىر كىشى ئۆزىنىڭ مىزاج - خاراكتېرى، ئوزۇقلۇقلارنىڭ قۇۋۋىتى ۋە ھەرىكىتىنىڭ مىقدارىغا قاراپ، ئۆزىنىڭ كۈندىلىك ئوزۇقلۇق قۇرۇلمىسىنى بەلگىلىۋېلىشى، ھەرگىز قارىغۇلارچە غىزالانماسلىقى كېرەك.

يېگەن تاماق بىلەن ئىچكەن سۇنىڭ ھەجمى پۈتۈن ئاشقازاننىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ئىگىلىگەن بولۇشى كېرەك، ھەددىدىن زىيادە تويۇپ تاماقلىنىش ساغلاملىققا زىيانلىق. ساقسىز كىشىلەر ئەڭ ياخشىسى دوختۇر ياكى تېۋىپلارنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئوزۇقلىنىشقا دىققەت قىلغىنى ياخشى. بۇ يەردە شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، كەچتە ئورۇقلاشنى مەقسەت قىلىپ تاماق يېمەسلىك ياكى ساپلا مېۋىگە تايىنىش سالامەتلىككە زىيانلىق. ھەرقانداق ئىشنىڭ ئۆز يولىدا، نورمال بولۇشى ئەۋزەلدۇر.

ياخشى تەن ھالىتىنى ساقلاپ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەي دېگەن كىشى چوقۇم روھىي كەيپىياتىنى ياخشىلاشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىشى، بولۇپمۇ تائام يېيىشكە تەمشەلگەندە ئەڭ ياخشى روھىي ھالەتتە، ئىشتىھا بىلەن تاماقلىنىشى ئىنتايىن مۇھىم. يەنى غىزانى ياخشى كەيپىياتتا، يېقىملىق مۇزىكىلارنى ئاڭلاپ،

ئادەمگە ھۇزۇر ئېلىپ كېلىدىغان كۆلكىلىك سۆزلەر بىلەن يېگەندە، شۇ تاماقنىڭ بەدەنگە ئاتا قىلىدىغان مەنپەئەتى يۇقىرى بولىدۇ. شۇڭا، ۋاقتىدا، مۇۋاپىق، ئىلمىي ئوزۇقلىنىشقا ھەرگىز سەل قارىماسلىق لازىم. قەدىمكى ھۆكۈمالىرىمىز ئېيتقانىدەك، ئېھتىياج، سان ۋە سۈپەت، ۋاقىت، ئۇسۇل، شەكىل، ئادەتتىن ئىبارەت ئالتە تۈرلۈك شەرتكە ئەمەل قىلىنغاندىلا، ھەقىقىي رەۋىشتە توغرا ئوزۇقلانغان بولىمىز.

خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئوزۇقلىنىش ئادىتىدە بەدەننىڭ ئېھتىياجى ۋە تاماقنىڭ تەبىئىتىگە ئاساسەن، ئادەتتە ئىسسىق تەبىئەتلىك تائام بىلەن سوغۇق تەبىئەتلىك تائامنى، قويۇق تائاملار بىلەن سۇيۇق تائاملارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلىش ئادىتى ھېلىمۇ ساقلىنىپ كەلمەكتە. ئۇنىڭدىن باشقا ھۆل ئىسسىق مىزاجلىق كىشىلەر قۇرۇق سوغۇق تەبىئەتلىك يېمەكلىكلەرنى كۆپرەك ئىستېمال قىلىپ، ھۆل ئىسسىق تەبىئەتلىك يېمەكلىكلەرنى ئازراق ئىستېمال قىلىدىغان ياكى بۇنداق يېمەكلىكلەردىن پەرھىز قىلىدىغان؛ قۇرۇق ئىسسىق مىزاجلىق كىشىلەر ھۆل سوغۇق يېمەكلىكلەرنى كۆپرەك ئىستېمال قىلىپ، قۇرۇق ئىسسىق يېمەكلىكلەرنى ئازراق ئىستېمال قىلىدىغان ياكى ئۇنىڭدىن پەرھىز قىلىدىغان؛ قۇرۇق سوغۇق مىزاجلىق كىشىلەر ھۆل ئىسسىق تەبىئەتلىك يېمەكلىكلەرنى كۆپرەك ئىستېمال قىلىپ، قۇرۇق سوغۇق يېمەكلىكلەرنى ئازراق ئىستېمال قىلىدىغان ياكى ئۇنىڭدىن پەرھىز قىلىدىغان؛ ھۆل سوغۇق مىزاجلىق كىشىلەر قۇرۇق ئىسسىق تەبىئەتلىك يېمەكلىكلەرنى كۆپرەك ئىستېمال قىلىپ، ھۆل سوغۇق ياكى ھۆللۈكى كۆپ يېمەكلىكلەرنى ئازراق ئىستېمال قىلىدىغان ئادەتلەر ھازىرمۇ نۇرغۇن كىشىلىرىمىزنىڭ ئوزۇقلىنىش ئادىتى بولۇپ كەلمەكتە. مانا مۇشۇ ئاساسىي تىببىي بىلىملەر ۋە ئوزۇقلىنىش جەھەتتىكى ئىلمىي





قاراشلارنىڭ تەسىرىدە، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئۆزىنىڭ داۋالاش نەزەرىيىسىنى بارا - بارا بارلىققا كەلتۈرگەن ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ بارغان. ئادەملەردىكى تۆت مىزاج ۋە تۆت خىلت تەلىماتىمۇ ئوزۇقلۇقلاردىكى ھۆل ئىسسىق، قۇرۇق ئىسسىق ، ھۆل سوغۇق، قۇرۇق سوغۇقتىن ئىبارەت تۆت خىل تەبىئەتنى توغرا تونۇش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. ئادەملەردىكى تۆت خىل مىزاجنى ئوزۇقلۇقلاردىكى تۆت خىل تەبىئەت ئارقىلىق تەڭشەش ئارقىلىق مىزاجنى مۆتىدىللەشتۈرۈش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. مىزاج ھەرۋاقىت مۆتىدىل بولسا، ساغلاملىق ھەقىقىي كاپالەتكە ئىگە بولغان بولىدۇ. شۇڭا، نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى خەلقىمىزگە ئىزچىل ھەمراھ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ساغلاملىقىنى كاپالەتلەندۈرۈپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر تائاملىرىنىڭ تەبىئىتى ۋە سىڭىشىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا ئاساسەن، ئەجدادلىرىمىز بۇلارنى ئىستېمال قىلىشتا بىرقاتار ئۈنۈملۈك ئۇسۇللارنى ۋە تەجرىبىلەرنى قالدۇرغان. ئۇ بولسىمۇ قويۇق تائام بىلەن سۇيۇق تائامنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلىش (ئەتىگەندە سۇيۇق تائام ئىستېمال قىلغاندا، چۈشلۈكى قويۇق تائام يېيىش)، ئىسسىق تەبىئەتلىك تائام بىلەن سوغۇق تەبىئەتلىك تائامنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلىش (تۇنۇگۇن پولۇ، كاۋاپ، قورداق قاتارلىق ئىسسىق تەبىئەتلىك تائاملارنى ئىستېمال قىلغان بولسا، بۈگۈن چوقۇم سۇيۇق - سەلەڭ، شورپىلىق، سوغۇق تەبىئەتكە مايىل تائاملارنى ئىستېمال قىلىش)، ھۆل بىلەن قۇرۇقنى تەڭشەش (قۇرۇق ئىسسىق تەبىئەتلىك يېمەكلىكلەرنى يەپ بولغاندىن كېيىن چوقۇم ئۇستىگە سىڭدۈرگۈچىسى بولغان شەربەت، قېتىق، ھۆل مېۋە - چېۋىلەرنى يېيىش) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئەگەر كىشىلەر ئوزۇقلىنىشتىكى مانا مۇشۇ ئاددىي قائىدىلەرنى بىلىۋالغاندا، ساغلاملىقى كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ، قېرىغىچە دوختۇرنىڭ ئالدىغا

بارماي‍مۇ ساغلام ھايات كەچۈرەلەيدۇ.

خەلقىمىز يېگەن تاماقنى ياخشى سىڭدۈرۈشنىمۇ ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن تاماقنى ۋاقتىدا، مۇۋاپىق مىقداردا، ئېھتىياجغا قاراپ، ئوزۇقلۇق قىممىتىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى ھەم مىزاجىغا خىل كېلەمدۇ، يوق، دېگەنلەرنى بىلگەن ئاساستا ئوزۇقلىنىش لازىم. تاماق يېگەندىن كېيىن يەپلا يېتىۋالماي، مۇۋاپىق ئۇسسۇزلۇق ئىچىپ بېرىش، 10 مىنۇت ئەتراپىدا يەڭگىل ھەرىكەت قىلىش، بولۇپمۇ كەچلىك تاماقتىن كېيىن مۇۋاپىق ھەرىكەت قىلىش ئالاھىدە تەكىتلەيدىغان نۇقتىلارنىڭ بىرى. شۇڭىمۇ «ئەتىگەنلىك غىزانى قۇۋۋەتلىك، چۈشلۈك غىزانى تويغۇچە، كەچلىك غىزانى ئاز يە» دېگەن گەپ بىكار چىقمىغان.

ئادەم بەدىنىگە نىسبەتەن «كىرىم» دەپ قارالغان ماددىلارنىڭ تەركىبى بىلەن تەبىئىتى شۇ كىشىگە خىل كەلمىسە، ئۇ «چىقىم»دىنمۇ زىيانلىق ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. شۇڭا، ئۆزىنىڭ ئوزۇقلىنىش مەدەنىيىتىنى بىلگەن ئادەملەر خاتا ۋە ئارتۇقچە ئوزۇقلانمايدۇ. بىلمىگەنلەر بولسا ئىسسىق - سوغۇقنى پەرق ئەتمەي، ئېھتىياجنى بايقىماي، كۆتۈرۈشچانلىقنى مۆلچەرلىمەي تاماقلىنىپ، ئەزالىرىنى مۇددەتتىن بۇرۇن كاردىن چىقىرىدۇ.

تاماق يېيىشتىن مەقسەت بىئولوگىيىلىك ھاياتنى داۋاملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت. ئۇيغۇر تېبابىتى تەلىماتى بويىچە ئېيتقاندا، كەچ ۋە كېچىدە يېگەن تاماق چۆكمە پەيدا قىلىدۇ. ھازىرقى زامان تىلى بىلەن ئېيتقاندا قاننى قويۇقلاشتۇرىدۇ، تومۇرلاردا نۆكچە پەيدا قىلىدۇ، مېڭە تومۇرلىرى قېتىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. دىئابىتنىڭ ئەسلىي سەۋەبى قان قويۇقلىشىش ۋە بەك سەمرىپ كېتىش بولۇپ، روھىي سەۋەبمۇ بىللە قوشۇلۇپ كەلگەندە بۇ كېسەللىكنى ساقايتىش تولىمۇ





مۇشكۇل بولىدۇ. ئومۇمەن، قېنى قويۇق، سېمىز ئەرلەرنىڭ يۈركى ئاجىزكېلىدۇ، ئۇلارنىڭ مېڭىسى نورمال خىزمەت قىلالمايدۇ، ئەرلىك ئىقتىدارى تۆۋەنلەشكە يۈزلىنىدۇ. قىسقىسى، ئۇلارنىڭ بوي - بەستى كۈچ - قۇۋۋەتكە تەتۈر تاناسىپ بولىدۇ. قېنى قويۇق ۋە سېمىز ئاياللاردا قان ئايلىنىشى ناچارلاشقانلىقى، كۆپ يەپ، كۆپ ئىچىسىمۇ قانائەت قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ھەيز بالدۇر توختاپ كېتىدۇ، يۈرەك چوڭىيىدۇ، ئۆتىدە تاش پەيدا بولىدۇ، جىگىرىنى ماي قاپلايدۇ. دىئابىت بىمارلىرىنىڭ 64 پىرسەنتىنىڭ ئاياللار ئىكەنلىكىدەك ستاتىستىكىدىنلا يېيىش - ئىچىشتە قانداق پەرھىزلەر بارلىقىنى بىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىساق بولىدۇ. بىر ئادەمنىڭ بىر كۈن ساق تۇرۇشى ئۈچۈن 600 — 700 گرام ئوزۇقلۇق بولسىلا كۇپايە قىلىدۇ، ئەمما ھازىر شەھەرلەردىكى رېستوران، ئايرىمخانا ۋە ئىشرەتخانىلاردا ئىچىلىۋاتقان ئىچىملىك، يېيىلىۋاتقان تاماقلار ھەربىر ئادەمنىڭ ئېھتىياجى ۋە كۆتۈرۈشچانلىقىدىن تولىمۇ ئېشىپ كەتكەن بولۇپ، بەزىلەر بىر ئولتۇرۇشتا 3 - 4 كىلوگرام نەرسە ئىستېمال قىلىدۇ. دېمەك، ھەددىدىن ئارتۇق يەپ - ئىچىشتەك ناچار ئىللەتلەر بىر تەرەپتىن مەدەنىيەت ۋە ئىنسانلىققا ھاقارەت كەلتۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزىمىزنىڭ ئەزالىرىنى خارلاشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

دېمەك، زىيادە ئوزۇقلىنىش ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەنئەنىسىدە يامان ئىللەت دەپ قارالغان، تېببىي ئىلىمدە بولسا بەتقىلىقلىق دەپ ئەيىبلەنگەنىكەن، مۇھىمى يەپ - ئىچىشتە ئوتتۇراھال يول تۇتقان ياخشى. شۇڭا ئۆزىنىڭ ناچار ئادىتىنى باشقىلارغا تاڭماسلىق، تاماققا زورلاشنى مېھرىبانلىق دەپ چۈشەنمەسلىك، ئەمگەكچان ئاتا - ئانىلار ۋە دېھقانلارنىڭ قەدرىگە يېتىپ، ئۇلارنىڭ ئەمگىكىنى زايە قىلماسلىق لازىم.

**سوئال: كۆپ يېيىش ئادەمنىڭ جىسمانىي تەلپىگە ئۇيغۇن كەلمەيلا قالماستىن، بەلكى روھىغىمۇ پاسسىپ تەسىرلەرنى كۆرسىتىدۇ. كۆپ يېگەن ئادەمنىڭ باشقىلارنىڭ ئالدىدا ھۆرمىتى بولمايدۇ. ئۇنداقتا، كۆپ يېيىشنىڭ قانداق زىيانلىق تەرەپلىرى بار؟ كۆپ تاماق يېيىشتىن قانداق ئىللەتلەر پەيدا بولىدۇ؟**

جاۋاب: ئادەم كۆپ يېيىشنى ئەسلا ئادەت قىلماسلىقى كېرەككى، كۆپ يېيىش راستىنى ئېيتقاندا ھايۋانلارنىڭ ئادىتىدۇر. دېمەك، ئىنسان تاماق يېيىش جەريانىدا ناھايىتى ئېھتىيات قىلىشى لازىم. ئىمكانقەدەر كەم يېيىشى، ئۇدۇل كەلگەن يەردە يەۋەرمەسلىكى، ھەققىي ئىشتىھا كەلگەن چاغدىلا غىزالىنىشى لازىم. ئەنە شۇنداق قىلغان كىشىلا تېۋىپقا ئەسلا موھتاج بولمايدۇ.

يېيىلىدىغان غىزالار تازا ۋە ساپ بولمىقى كېرەك. مەسىلەن، كېسەل تەگمىگەن تازا بۇغداي ۋە شۇ بۇغداي ئۇنىدىن قىلىنغان يېمەكلىكلەر. گۆش ساغلام ھايۋان گۆشىدىن بولۇشى ۋە ياخشى پىشۇرۇلۇشى، شەربەتلەر مىزاجىغا ماس كېلىشى، ئۈزۈم ۋە ئەنجۈرگە ئوخشاش مېۋىلەر ئوبدان پىشقان بولۇشى لازىم.

قورساق توق بولغان ئەھۋالدا ئالدىغا باشقا غىزا كەلتۈرۈلسە، ئۇنى ئەسلا يېمەسلىكى كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا ئېغىر ئەمگەكتىن كېيىن بەزى غىزالارنى، يەنى سۈت ۋە بېلىققا ئوخشاش نەرسىلەرنى يېمەسلىك كېرەك. چۈنكى، بۇ چاغدا ئاشقازان ناھايىتى قىزىپ كەتكەن بولىدۇ ۋە ئۇنىڭغا كىرگەن نازۇك غىزالار قىزىپ كېتىپ تېز بۇزۇلىدۇ. ئاشقازىنى قىزىپ تۇرغان كىشىلەر سوغۇق يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىشى، مەسىلەن، غورا ئۈزۈم ياكى كاۋا يېيىشى كېرەك.

يېمەكلىكلەرنى بىر - بىرىگە ئارىلاشتۇرۇپ يەۋېرىشكە بولمايدۇ. مەسىلەن، قېتىقنى غورا ئۈزۈم سۈيى (سىركە) بىلەن بىللە ئىچىشكە بولمايدۇ، ھەر قانداق غىزادىن كېيىن ئۆرۈك ۋە





شاپتۇل يېيىشكە بولمايدۇ. غورا ئۈزۈم بىلەن بېلىقنى، سىركە بىلەن سامساقنى، يەنە پىياز، سامساق، قىچىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلىشقا بولمايدۇ. ھەرقانداق مېۋىلەرنى يېگەندىن كېيىن سوغۇق سۇ ئىچىشكە بولمايدۇ. ئۇلاردىن تاشقىرى ھەسەل بىلەن قوغۇننى، توخۇ گۆشى بىلەن بېلىقنى، سامساق، پېدىگەن، ئايران - قېتىقنىمۇ ئارىلاشتۇرۇپ يېيىشكە بولمايدۇ.

گەرچە يېمەكلىك شەكسىز ۋە پاكىز بولسىمۇ، ئۇلاردىن كۆپ يېسە تۆۋەندىكىچە زەرەرلەر يۈز بېرىدۇ: بىرىنچى، كۆپ يېيىشتىن ئادەمدە ئېزىلىش، ھەتتا ئۆلۈم ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ، كىشىنىڭ پىكرى بۇزۇلىدۇ. ھەكىملەرنىڭ ئېيتىشلىرىچە، مەيدە قازانغا ئوخشايدۇ ۋە ئۇ دائىم يۈرەك ئاستىدا جۇش ئۇرۇپ قايناپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن چىققان ھارارەت ۋە ھور (بۇس) يۈرەككە تەسىر قىلىپ، ئۇنىڭدا بۇزۇلۇش پەيدا قىلىدۇ. باشقىلارنىڭ ئېيتىشىچە، مېڭە گوياكى بىر ئۆي بولۇپ، ئەقىل بولسا ئۇنى يورۇتقۇچى چىراغتۇر. مەيدىدىن ھاسىل بولىدىغان ھورنىڭ كۆچى مېڭىگە بارغاندىن كېيىن، ئەقىل چىرىغىنىڭ نۇرىنى سۇسلاشتۇرىدۇ؛ ئىككىنچى، ئادەم كۆپ يېيىشكە ئۆگەنگەنسېرى ئۇنىڭدا يېمەكلىككە بولغان ھېرىس ئاشىۋېرىدۇ؛ ئۈچىنچى، كۆپ يېيىشتىن ۋەھىمە ۋە كېسەللىك كۆپىيىپ، كىشىنىڭ پەم - پاراسىتى ئاجىزلىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئالىملار: «كۆپ يېيىش زېرەكلىك ۋە دانالىقنى يوقىتىدۇ» دەيدۇ. باشقا تائىپە تېۋىپلەر بولسا: «كۆپ يېيىش ئەقىلنى يامانلىق تەرەپكە ئۆزگەرتىشتۇر» دېيىشىدۇ؛ تۆتىنچى، كۆپ يېيىشتىن تەن ئېغىرلىشىدۇ. بەدەن سۇسلىشىدۇ، بۇنداق ھالەتتىن بولسا ئۇيقۇسىز قۇتۇلغىلى بولمايدۇ. شۇڭلاشقا: «كۆپ يېدىڭمۇ، دېمەك ئۆزۈڭنى ئۆلگەن ھېسابلا» دېگەندى بەزى دانالار. بىر نەرسە يېيىشتىن ئىلگىرى قولنى يۇيۇش، ئېغىزنى چايقاش لازىم. ماي يۇقى قول بىلەن كىيىم - كېچەك ۋە

داستىخاننى بۇلغاشتىن ئېھتىيات قىلىش كېرەك. ئۈچ تال بارماقتىن باشقىنى غىزاغا تىقماسلىق لازىم. ئېغىزنى يوغان ئېچىپ لوقمىنى چوڭ ئالماسلىق كېرەك. تاماقنى تېز يۇتۇش ۋە ئېغىزدا ئۇزاق تۇرغۇزۇشمۇ ياخشى ئەمەس. بارماقلارنى تائامدىن قولنى تارتماستىن تۇرۇپ يالىماسلىق كېرەك. داستىخاندىكى ھەر خىل يېمەكلىكلەرگە قاراۋەرمەسلىك، ئۇلارنى پۇرىماسلىق ۋە چىشلەپ تېتىپ كۆرمەسلىك لازىم.

**سوئال: تائاملارنى يېيىش قائىدىسىگە قاراپ يېمىگەندە زىياندىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ. مۇشۇ ھەقتە سۆزلەپ بەرسىڭىز قانداق؟**

جاۋاب: شۇنى بىلىشىڭىز كېرەككى، ھەممە غىزالارنىڭ تۈرى يېيىلىش قائىدىسىگە قاراپ پايدا ياكى زىياندىن خالىي بولمايدۇ. «ئەجايىبۇل مەخلۇقات» كىتابىدا يېزىلىشىچە، ئىللەت كىشىلەرنىڭ ئۆز مىزاجىغا ياقمايدىغان يېمەكلىكلەرنى يېگەنلىكى سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدۇ، ئەڭ ياخشى دورا كىشىنىڭ ئۆزى مىزاجىغا ياقىدىغان يېمەكلىكلەرنى يېيىشىدۇر. ئاز يېيىش ئارقىلىق داۋالىنىش ھەممە يېمەكلىكلەردىن ئەۋزەلدۇر. يەپ ـ ئىچىش قائىدىلىرىدىن بىرى شۇكى، ئاۋۋال شىرە ياكى داستىخان ئەتراپىغا ئولتۇرۇلغاي، ئاندىن كېيىن قولنى يۇيۇش كېرەك.

غىزا يېيىلىشتىن ئىلگىرى بىرىنچى بولۇپ ئۆي ئىگىسى قولىنى يۇيىدۇ. غىزادىن كېيىن بولسا ھەممىدىن كېيىن يۇيىدۇ. بۇنداق قىلىشنىڭ سەۋەبى شۇكى، كېچىككەن ياكى تاسادىپىي كېلىپ قالغان كىشى بىلەن غىزالىنىشنى داۋاملاشتۇرۇش، ياكى يېڭى كەلگەن كىشىنىڭ ئۇيىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈندۇر. ئەمما قولغا ئۆي ئىگىسىنىڭ ئۆزى سۇ قۇيۇشى ۋە مېھمانلىرىغا ئۆزى خىزمەت قىلىشى كېرەك.





ئەقىل ۋە پەم ئۇستىلىنىڭ ساھىبلىرى ۋە ئەخلاق داستىخىنىنىڭ لەززەتشۇناسلىرى شۇنداق ئېيتىدۇكى: ئەگەر ئىككى دوست ئۇستەل ياكى داستىخان ئالدىدا ھەمراھ بولۇپ قالسا، ئىنسانىيەت ئەخلاقىنىڭ تەقەززاسىغا ئاساسەن، غىزاغا قول ئۇزىتىشقا ئالدىرىماي، ئۆزئارا تەكلىپ ۋە ئىلتىپات يۈزىسىدىن يول تۇتۇشقاي. خۇددى ئىت ياكى توڭگۇزلارغا ۋە ياكى باشقا ھايۋانلارغا ئوخشاش ئۆزلىرىنى غىزاغا ئېتىشمىغاي، ياش جەھەتتىن كىچىكى يېشى چوڭى غىزاغا قول ئۇزاتمىغۇچە سەۋر قىلىشى لازىمكى، بۇ زۆرۈر ئەخلاق قائىدىلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ. غىزانى ئاز ـ ئازدىن ئېلىپ ئېغىزنىڭ ئوڭ تەرىپىدە چايناش، غىزا بىلەن بىللە قولنىمۇ ئېغىزغا تىقماسلىق كېرەك. ئېغىزدىكى غىزانى ياخشىلاپ چايناپ يۇتقاندىن كېيىنلا باشقا لوقما ئۈچۈن قول ئۇزىتىلغاي، غىزا پەقەت ئۆزىنىڭ ئالدىدىكىدىنلا ئېلىنىدۇ. تائام يېيىلىۋاتقان چاغدا كىشى ئۆزىنىڭ ئالدىغا قاراپ ئولتۇرۇشى، باشقىلارنىڭ تاماق يېيىشىگە قارىماسلىقى لازىم. ئەگەر، ئۇنداق قىلىنسا غىزالىنىۋاتقانلار خىجىل بولۇپ قالىدۇ. غىزانى ئىسسىق پېتى يېمەسلىك ۋە پۈۋلىمەسلىك كېرەك. چۈنكى، پۈۋلىگەندە ئېغىزدىن تۆكۈرۈك چاچراپ غىزاغا چۈشۈشى مۇمكىن. تائام يېيىش ئەسناسىدا ياخشى كىشىلەر ۋە ياخشى ئىشلار توغرىسىدا سۆز بولۇنغاي.

قول بىلەن تاماق يېيىلىۋاتقاندا چەپ قول تاماق ئېلىۋاتقان ئوڭ قولنىڭ تېگىگە تۇتۇلۇپ، دان ياكى ياغنىڭ يەرگە تۆكۈلۈپ كېتىلىشىنىڭ ئالدى ئېلىنىشى، كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئاينىتىدىغان نەرسە ياكى ئىشلار توغرىسىدا پاراڭ قىلىنماسلىقى لازىم. قاچىدا ئاش ئىچىلىۋاتقاندا شالاپشىغان ئاۋاز چىقىرىلماسلىقى، لېكەن ئاستىغا نان قويۇلماسلىقى شەرت.

مېۋىلەرنى يېيىشتىن ئاۋۋال يۇيۇش كېرەك. چۈنكى، كۆپلىگەن جانىۋارلار مېۋىلەرنىڭ ئۈستىگە قونغان بولىدۇ.

بولۇپمۇ ئۇزۇمنى شۇنداق قىلىش كۆپرەك تەكىتلىنىدۇ. يۇيۇپ يېمەسلىك بەزىدە ئۆلۈمگىچە ئېلىپ بارىدۇ. غىزالانغاندىن كېيىن قول ۋە ئېغىزنى يۇيۇپ تازىلاش كېرەك. ئېغىز ۋە قوللار ئۇشنان (سوپۇن دەرىخىنىڭ يىلتىزى) بىلەن يۇيۇلسا، ئۇنى خۇشبۇي ۋە يۇمشاق قىلىدۇ ھەمدە بارماقلاردا قۇۋۋەت پەيدا قىلىدۇ. ئۆي ئىگىسىنىڭ قائىدىسى شۇنداقكى، ئۇ غىزادىن ئاۋۋال ھەممىنىڭ ئالدىدا قولىنى يۇيىدۇ، غىزادىن كېيىن ھەممىنىڭ كەينىدە قولىنى يۇيۇپ، مېھمانلارنى خىجالەت قىلماسلىققا تىرىشىدۇ. قولنى لىباس (داستىخان) غا ئېرتىشقا بولمايدۇ، چۈنكى بۇ پاسكىنىلىقنىڭ بەلگىسىدۇر.

داستىخاندا ئولتۇرۇشتا ئاۋۋال دانا ۋە ئالىم كىشىلەر ئەڭ يۇقىرىغا ئولتۇرغۇزۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يېشى، ئىلمى جەھەتتىن يۇقىرىغا ئولتۇرغۇزۇلغان كىشىلەرگە يېقىنراق كىشىلەر تەكلىپ قىلىنىدۇ. ئەگەر، ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن دەرىجىدىكى كىشىلەر يۇقىرىغا ئۆتۈپ قالغان بولسا، يېشى ۋە ئىلمى تەرەپتىن ئۆزىدىن ئۈستۈن كىشىلەرنى كۆرگەندە ئورۇن بوشىتىپ، ئۇلارنى يۇقىرىغا چىقىرىشى كېرەك.

ئەگەر، داستىخاندا ئېسىل تاماق قويۇلغان بولۇپ ئاز بولسا، ئۇنىڭغا ھېرىس بىلەن تاشلانماسلىق كېرەك. ئەكسىچە ئۇنى ئىلتىپات يۈزىسىدىن باشقىلارغا ئۆتنۈنۈش لازىم. غىزا يېيىلىۋاتقان چاغدا ھەر كىم ئۆزىنىڭ ئالدىدىن يېگەي. شېرىكىنىڭ لوقما ئېلىشىغا قارىماي، بىراق يەل - يېمىش بولسا باشقا جايدىن تاللاپ ئېلىشقا بولىدۇ.

ئېغىزغا سېلىنغان غىزادا سۆڭەك ياكى بىرەر نامۇناسىپ نەرسە بولسا، ئېغىزدىن ئېلىپ داستىخانغا قويۇلمىسۇن. مەسىلەن، ئېغىزدا سۆڭەك بولسا باشقىلارغا كۆرسەتمەي، ئاستاغىنە سۇغۇرۇۋېلىش كېرەك. داستىخاندا باشقىلارنىڭ ئىشتىھاسىنى بۇزىدىغان ۋە نەپرىتىنى كەلتۈرىدىغان قىلىقلارنى





قىلىپ قويۇشتىن ناھايىتى ئېھتىيات قىلىنىشى كېرەك. ئېغىزدىن قايتۇرۇپ ئېلىنغان نەرسە قايتىدىن قاچا - تاۋاقلارغا سېلىنماسلىقى لازىم. شۇنداق يول تۇتۇلسۇنكى، ئۇنىڭدىن ئاشقان تاماقنى تەۋەررۈك سۈپىتىدە يېگۈچى كىشى باشقىلارنىڭ نەپرىتىنى قوزغىماسلىقى لازىم.

كىشى مېھمان بولسا قولىنى ئۆي ئىگىسىدىن ئىلگىرى ئېرتىشقا ھەرىكەت قىلىشى كېرەك. كۆپچىلىك غىزادىن قول تارتسا، ئۆزى ئاچ بولسىمۇ كۆپچىلىككە ئەگىشىشى لازىم. ئەگەر ئۆزى ئۆي ئىگىسى بولسا، مېھمانلار غىزادىن قول تارتقاندىمۇ ئالدىراپ قول تارتماسلىقى لازىم، چۈنكى مېھمانلاردىن بىرەرىدە يېيىشنى داۋاملاشتۇرۇش ئىستىكى بولسا ئۇيىلىپ قالىدۇ.

تاماق يەۋېتىپ چاي ئىچكۈسى كەلسە، ئۇنى ئاۋاز چىقارماي ئاستاغىنە ئىچىش، تاكى باشقىلار ئۇنىڭ سۇ - چاي ئىچكەندىكى ئاۋازىنى ئاڭلىماسلىقى لازىم. كىشىلەر تاماق يەۋاتقاندا چىشلىرىنى كولىماسلىقى لازىم. قول يۇيۇشتا قولنى ۋە چىش ئاراچلىرىنى تازىلاشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىنىشى لازىم.

**سوئال: ھازىر ئەنئەنىۋى تائاملىرىمىزدىن ياتلىشىش ئەھۋالى ئېغىرلاشماقتا. بۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن ئىجتىمائىي ۋە روھىي مەسىلىلەرمۇ كۆرۈلمەكتە. ئەنئەنىۋى تائاملىرىمىزنى ئىستېمال قىلىشنىڭ رولى قايسىلار؟**

جاۋاب: ئەجدادلىرىمىز ياراتقان خىلمۇخىل ئېسىل ئەنئەنىۋى تائاملىرىمىزنى ئىستېمال قىلىشنىڭ ئەمەلىي رولى تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، ئەنئەنىۋى تائاملىرىمىزنى ئىستېمال قىلغانلىق - ئىلىم - پەننى ۋە سۈپەتلىك ھاياتنى تەكىتلىگەنلىك بولىدۇ. ھازىر دۇنيادا مىليونلىغان ئالىم، پروفېسسور، تېخنىك ۋە تەجرىبە خادىملىرى نېمە ئۈچۈن تىرىشىۋاتىدۇ؟ ئىلىم - پەندە

يېڭى نەرسىلەرنى بايقاش ۋە قىيىن بولۇۋاتقان كونا سوئاللارغا جاۋاب تېپىش ئۈچۈن. بىزدە نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان ئەجدادلىرىمىز تەرىپىدىن سانسىز تەجرىبە ۋە ساۋاقلار ئارقىلىق تېپىلغان ئىلىم - پەن نەتىجىلىرى بار. ئۇ بولسىمۇ، خەلقىمىز ياراتقان يېمەك - ئىچمەكلەرنى ئىلمىي ئىستېمال قىلىش تەلىماتلىرى. دېمەك، يېمەك - ئىچمەكلەرنى ئەنئەنە ئاساسىدا ئىلمىي ئىستېمال قىلىشنى تەكىتلەش يەنىلا ئىلىم - پەننى تەرغىب قىلىش ۋە سۈپەتلىك ياشاشنى نامايان قىلىشنىڭ بىر خىل ئىپادىسىدۇر.

ئىككىنچى، ئەنئەنىۋى تائاملىرىمىزنى ئىستېمال قىلغاندا، يۇرتلار ئارا چۈشىنىش ۋە ئىناقلىقنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ئورتاق ئىستېمال خاھىشى ۋە ئورتاق تۇرمۇش ئادەتلىرى جۇغراپىيىلىك جەھەتتىن پەرقلىنىدىغان ھەرقايسى يۇرت خەلقلىرىنى بىر - بىرىگە باغلاپ كەلمەكتە. بۇ، يېمەك - ئىچمەكلەرنى ئۆز مەنىسى بىلەن ئىستېمال قىلالايدىغان كىشىلەر چۈشىنەلەيدىغان ھېكمەتلەرنىڭ بىرىدۇر.

ئۈچىنچى، ئەنئەنىۋى تائاملىرىمىزنى ئىستېمال قىلغاندا، بەدەننىڭ ئېھتىياجى ۋە ئادەملىك خۇسۇسىيىتىگە ئەڭ توغرا شەكىلدە ۋەكىللىك قىلغىلى بولىدۇ. ئەزالارنىڭ تەبىئىتى، ئىقتىدارى ۋە باغلىنىشى، يېمەك - ئىچمەكلەرنىڭ تەبىئىتى ۋە خۇسۇسىيىتى بولىدۇ. ئىنسانىنىڭ ماددىي ۋە روھىي دۇنياسىنى تەشكىل قىلىدىغان مىزاج - خىلتى ھەردائىم ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ تۇرىدۇ. ئىنسانلار ئۆزىنىڭ ھۈجەيرە ۋە ئەزالىرى بىلەن ئىناق مۇناسىۋەتتە بولۇشى، ئەڭ مۇھىمى، ئىنسانلار تەبىئەت بىلەن ئىناق ئۆتەلىشى لازىم. مۇشۇنداق مۇناسىۋەتلەر زەنجىرىنى تەڭشەپ تۇرۇش ئۈچۈن، پۈتۈن جانلىقلار، جۈملىدىن ئىنسانلار توغرا ۋە ئىلمىي ئوزۇقلىنىشى لازىم.





تۆتىنچى، ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا غىزالىنىش بىر خىل ئىلغار دۇنيا قاراشتۇر. سۈپەتلىك ياشاش ۋە ئىلمىي ئوزۇقلىنىش تەكىتلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئەخلەت يېمەكلىكلەر ئىستېمالى دۇنيادا ئاستا خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرنىڭ قايتىدىن ئاۋۇشىغا، ئىنسانلارنىڭ ئۇششاقلىشىش ۋە ئاجىزلىشىشىغا سەۋەبچى بولماقتا. ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا ئىلمىي ئوزۇقلىنىش — دەل مۇشۇ دۇنياۋى پاسسىپ مەسىلىگە تۇتۇلغان ئىلغار ۋە ئاكتىپ پوزىتسىيىدىن ئىبارەت.

يىغىنچاقلىغاندا، تۇرمۇش ۋە كەلگۈسىگە ئۈمىدۋارلىق بىلەن قاراش، ماددىي بايلىق، شان - شەرەپ ۋە كۈچ - قۇۋۋەتكە مۆتىدىل باھا بېرىش، تەبىئەت ۋە ئىنساننىڭ مۇناسىۋىتىگە قېرىنداشلارچە باھا بېرىش، يېمەك - ئىچمەك ئىستېمالىنى بۈيۈكلۈك ۋە ئىلغارلىق بىلەن مەنداش قىلىش — خەلقىمىز يەكۈنلەپ چىققان ياشاش ئۇسۇلىنىڭ يادروسىدىن ئىبارەت. ئىلمىي ئوزۇقلىنىش — مۇشۇ دۇنياقاراشنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئالغان مۆتىۋەر چۈشەنچىلىرىمىزدىن سانىلىدۇ.

# تەمەخورلۇق

**سوئال: تەمەخورلۇق دېگەن نېمە؟ تەمەخورلۇقنىڭ قانداق زىيانلىرى بار؟**

تەمەخورلۇق تەمە ۋە زىللەتنى بويىنىغا يۈكلىۋېلىپ، مال - دۇنياغا ئارتۇقچە بېرىلىپ كېتىشكە قاراپ ئېيتىلىدۇ. ھېرىس ۋە تەمەگە ھەددىدىن ئارتۇق بېرىلگەن بېخىل ھەر قانچە شان - شەرەپ ئىگىسى بولسىمۇ، ئۆزىنى پېقىرلىقتىن ئىبارەت پەسلىك، خارلىقتىن قۇتقۇزالمايدۇ. پېقىرلىق ۋە موھتاجلىقتىن ساقلىنىش نىيىتى بىلەن بېخىللىق ۋە خەسىسلىك يولىنى تۇتقان كىشىلەر ئەقىل ۋە ئېرپان ساھىبى ھېسابلانمايدۇ. خەسىس ئىنسان مىڭ بىر مۇشەققەت ۋە پەسكەشلىك بىلەن يىغقان بايلىقىدىن زاكات ۋە ئۆشرە ئايرىشقا ئاجىز، ئىنسانىي سائادەتتىن مەھرۇم بولۇپ، مەڭگۈلۈك جازاغا مەھكۇمدۇر. يېپەك قۇرتى پىلە ئىچىدە ئۆز ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ، ئەمما مېھنەت ۋە مۇشەققەت بىلەن ھاسىل قىلغان يىپەكىدىن باشقىلار پايدىلىنىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش خەسىس ئىنسانمۇ مال - دۇنيا يىغىش ئۈچۈن ئاۋارە، سەرگەردان بولۇپ، ئەزىز جېنىنى باشقىلارغا سېلىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ دۇنيا ئىززىتىدىن، ھايات لەززىتىدىن بەھرىسىز كەتكىنىگە ئوخشاش، جان بېرەر چېغىدىكى نادامىتىدىنمۇ پايدا يوقتۇر.

تەمەخورلۇق توغرىسىدا مىساللار ناھايىتى كۆپ، كىشىلەر تەمەنىڭ ئىنساننى ئەپسۇس ۋە نادامەتتە قالدۇرۇپ، ئادەملەر ئالدىدا خار، بىئېتىبار قىلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ، ئەمما بەزىلەر





بۇ قائىدىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ نەپسى خاھىشىغا ھەددىدىن ئارتۇق بېرىلىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، تەمەخورلۇق بالاسىغا مۇپتىلا بولۇپ قالىدۇ.

شۇنى بىلىش كېرەككى، ئادەمزات دۇنيادا قولىدا بارىغا قانائەت قىلىشى كېرەك، شۇنىڭدىلا ئۇ باشقىلارغا تەمە قولىنى سوزمايدۇ. كىمكى ئارتۇقچە نەرسە قوغلاشسا، مېھنەت دامىغا چۈشىدۇ، سەۋرسىزلىك ۋە تەمە ئوتى ئۇنى خارلىق كوچىسىغا باشلايدۇ، ئاخىر ئادەملەرنىڭ نەزىرىدىن قالىدۇ. نەتىجىدە، ئۇنداق كىشى نادامەت تورىغا ۋە مالامەت ئوقىغا دۇچار بولىدۇ. بىلگىنكى، تەمەخورلۇق ھەممە بالالارنى كەلتۈرگۈچى ۋە جىمى ئاپەتلەرنى ياغدۇرغۇچىدۇر. ئەگەر قۇشلار تەمەخور بولمىغاندا ئىدى، ئادەملەر قۇرغان قىلتاقنىڭ ھالقىسى بويىنىغا چۈشمىگەن بولاتتى. ئەگەر ئادەم تەمە كەمىرىنى بېلىگە باغلىمىسا، خارلىق پاتقىقىغا پاتمايدۇ.

**سوئال: تەمەخورلۇق بالاسىدىن قانداق قۇتۇلۇش كېرەك؟**

جاۋاب: تەمە بالاسىغا گىرىپتار بولغان كىشىلەردە نومۇس ۋە ھايا دېگەن ياخشى سۈپەتلەر بولمايدۇ. ھازىرقى زاماندا ئارىمىزدا تەمە نېنى بىلەن قورسىقىنى تويغۇزىدىغان كىشىلەر ساناقسىز. ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرەرىدىن: «بۇرادەر، سېنىڭ پۇت - قولۇڭ بېجىرىم، تېنىڭ ساق تۇرۇقلۇق تىلەمچىلىك قىلساڭ، ساڭا ھارام ئەمەسمۇ؟» دەپ سورالسا، ئۇ: «قانداق قىلاي؟ ئاتا - بوۋىلىرىمنىڭ كەسپى تىلەمچىلىك ئىدى، مەنمۇ تەمە كوچىسىدا ئوقەت قىلىۋاتىمەن» دەپ تەمە كەسپىگە «تەۋرەنمەس» دەلىل كەلتۈرۈپ، تۈرلۈك - تۈرلۈك باھانىلەرنى بايان قىلىدۇ.

دېمەك، تەمە نېنى بىلەن سۆڭەكى قاتقان، ئىش ۋە كەسپكە كۆڭۈل قويماي، ھۇرۇنلۇق ۋە بىكار تەلەپلىككە ئۆگەنگەن ۋە ئۇلارنى ئادەت قىلغان كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىدىن ياخشىلىق

ئۈمىد قىلغىلى بولمىغىنىغا ئوخشاش، بالىلىرىدىنمۇ ياخشىلىق كۈتكىلى بولمايدۇ.

ئۇلۇغلىرىمىز: «كىشى قولىدىكى نەرسىگە قىزىقما! تەمەدىن ساقلان! چۈنكى تەمە كۆز ئالدىدىكى پېقىرلىقتۇر. نامىزىڭنى ئادا قىل! ئاندىن ئۆزرە سوراشقا توغرا كېلىدىغان ئىشلاردىن ساقلان» دەيدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەرگىز تەمەخور بولماڭ، كىشىنىڭ بېشىغا تەمەخورلۇقتىن تۈرلۈك بالا كېلىدۇ. ئانچىكىم بىر ئىش ئۈچۈن كىشى غەزەپلەنمەسلىكى كېرەك، چۈنكى كىشى ئۈچۈن بۇ دۇنيادا غەزەپتىن ئېغىر نەرسە يوق. غەزەپ كەلگەن چاغدا كىشى ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى ئۆزى بىلەلمەيدۇ. ھەر قانداق كىشى باشقىلارنى ئۆز پېئىلىغا ماسلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنماسلىقى، بەلكى ئادەملەر قانداق پېئىلدا بولسا شۇ پېئىلغا ماسلىشىشى كېرەك.

تەمەخورلۇق ھەققىدە مىساللار ناھايىتى نۇرغۇن، تەبىرلەرمۇ ناھايىتى كۆپ. يىغىنچاقلىغاندا، تەمەخورلۇق ناھايىتى يامان ئادەت، سېپى ئۆزىدىن ئەخلاقسىزلىقتۇر. چۈنكى، بۇ يامان ئىللەت كىشىنى تىرىشچانلىقتىن، غەيرەت - شىجائەتتىن، گۈزەل ئەخلاق - پەزىلەتتىن مەھرۇم قىلىپ، تەمە، ئاچ كۆزلۈك، ھېرىسلىق كوچىسىدا سەرسان قىلىدۇ.





# تېجەشلىك بولۇش

سوئال: پۇل ۋە مال ـ مۈلۈكنىڭ قەدرىنى بىلىش تېجەشلىك بولۇش جۈملىسىگە كىرىدۇ. مال ـ بايلىق قەدرىنى بىلگۈچى كىشىلەر بىر تىيىننىمۇ ئورۇنسىز خىراجەت قىلمايدۇ، ئەمما ئورنى كەلگەندە ھەرقانچە چوڭ خىراجەتنىمۇ ئايىمايدۇ. ساخاۋەتنىڭ زىتى بېخىللىق بولغىنىغا ئوخشاش تېجەشلىك بولۇشنىڭ زىتى ئىسراپچىلىقتۇر. تېجەشلىك بولۇشقا رىئايە قىلغان كىشىلەر ھەرۋاقىت تىنچ ۋە راھەتتە ياشايدۇ، ھەربىلەر قىش كۈنىدە يېيىش ئۈچۈن بال يىغقىنىدەك، بېشىغا كېلىش ئېھتىمالى بولغان قارا كۈنلەرنى ئويلاپ پۇل ـ مال يىغىدۇ. «تاما ـ تاما كۆل تولار» دەيدۇ ئاتا ـ بوۋىلار. دېمەك، ھەرقانداق نەرسە ئاز ـ ئازدىن كۆپىيىدۇ.

ھازىرقى زاماندا مەقسەتكە يېتىش، ئۆز مىللىتىگە خىزمەت قىلىش، خەلققە يېقىش ئۈچۈن ئىلىم ۋە بايلىق لازىم. ئالەمدىكى ھەر بىر مىللەتنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى ئۇلارنىڭ مال ۋە بايلىقى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. ھەر بىر يەردە باي مىللەتلەر يەلكىنى بېسىپ خوجا بولغىنىدەك، پېقىرلىرى قۇل ۋە تۇتقۇن بولۇپ قالىدۇ. مال ۋە بايلىق تېپىشنىڭ ئەڭ بەرىكەتلىك يوللىرى: ھۈنەرۋەنلىك، چارۋىچىلىق، سودىگەرلىكتۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسىگىلا بۇ زامانىمىزدا بىلىم لازىم. بوۋىلىرىمىزنىڭ «بولسا بولۇر، بولمىسا ئىنز پۇلى» دېگەنىدەك زامانلار ئۆتۈپ، ئەمدى «بىلگەن پۇتەر، بىلمىگەن يىتەر» دېگەن زامان كەلدى. ئامېرىكىلىقلار بىر دانە بۇغداي تېرىپ يىگىرمە قاداق بۇغداي ئېلىۋاتىدۇ. ياۋروپالىقلار بىزدىن ئالغان بەش تىيىنلىك پاختىمىزنى پىششىقلاپ ئىشلەپ ئۆزىمىزگە يىگىرمە بەش تىيىنگە سېتىۋاتىدۇ. ئەمما، بىز

ئاسىيالىقلار قۇيرۇق مايىنى باشقىلارغا سېتىپ بېرىپ، ئۆزىمىز سىڭىر چاينايمىز. باشقىلارغا قايماق بېرىپ، ئۆزىمىز كۆك سۈت ئىچىمىز، نان ئۇرنىغا كېپەك چىشلەيمىز. سۆزنىڭ قىسقىسى، ھازىرقى زامانغا لايىق كىشى بولۇش ئۈچۈن ئىلىم ۋە مەرىپەت كېرەك بولۇش بىلەن بىرگە ئىقتىساد، ئىنساپ، ئۈزلۈكسىز تىرىشچانلىق، چەكسىز غەيرەت لازىم. شۇڭا ئۇلۇغلىرىمىز «ھەر نەرسىدە ئوتتۇرىچە ئىقتىسادچىللىق يولىنى تۇتۇش لازىم. چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىش ۋە تولىمۇ تۆۋەنلىكتىن ساقلىنىش كېرەك» دېگەنىدى.

## سوئال: تېجەشلىك بولۇشنىڭ قانداق ئەۋزەللىكلىرى بار؟

جاۋاب: تېجەشلىك ئادەم ياخشى يەيدۇ، ياخشى ئىچىدۇ، پاكىز كىيىنىدۇ، خۇش ھاۋالىق ئۆيلەردە ئولتۇرىدۇ، كېرەكسىز نەرسىلەرنى سېتىپ ئالىۋەرمەيدۇ، ھەقىقىي زۆرۈر نەرسىلەرنى سېتىۋالىدۇ. كىشىلەرگە قولىدىن كەلگىنىچە ياردەم قىلىدۇ. ياخشىلىق يولىدىكى ئىشلارغا پۇل - مېلىنى ئايىمايدۇ، ساخاۋەتلىك بولىدۇ. ۋەتىنى ۋە خەلقى ئۈچۈن مېلىنىمۇ، پۇلىنىمۇ ئايىمايدۇ.

تېجەشلىك كىشى پۇلنى ھاجەتتىن ئارتۇق خەجلىمەيدۇ. ئۇ سومغا كېلىدىغان نەرسىگە چوڭچىلىق قىلىپ يۈز سوم خەجلىمەيدۇ. پۇلنى پەقەت كېرەكلىك يەرلەرگىلا ئىشلىتىدۇ. ھەر بىر ئىشتا ئوتتۇرىچە يول تۇتىدۇ. ئىسراپچىلىق ئەقىلگە زىت ئىشتۇر. ئىسراپچىلىق كېرەكسىز نەرسىلەرگە بىھۇدە پۇل خەجلەشنى كۆرسىتىدۇ. ئىسراپخورلۇقنىڭ ئاقىۋىتى ھالاكەت بىلەن تۈگەيدۇ. ئىسراپخور ئادەم ھەر قانچە باي بولسىمۇ ئاخىر بېرىبىر كەمبەغەلگە ئايلىنىدۇ. چۈنكى، ئىسراپخورنىڭ خىراجەت ئىشىكى ھامان ئوچۇق بولۇپ، تېجەش دېگەننى بىلمەيدۇ. ئوچۇق ئىشىكتىن ھەر قانداق نەرسە كىرەلىگەنگە ئوخشاش،





كەمبەغەللىكمۇ كىرەلەيدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن تېجەشلىك بولۇش، ھەرگىزمۇ بەتخەج، ئىسراپخور بولماسلىق كېرەك.

## سوئال: پۇل ۋە مالنى قانداق خىراجەت قىلىش كېرەك؟

جاۋاب: پۇل ۋە مالنى لازىم ۋە زۆرۈر بولغان نەرسىلەرگە سەرپ قىلغاندىن كېيىن، ئاشقان پۇلدىن بىر قىسمىنى كەلگۈسى كۈنلەر ئۈچۈن ساقلاش لازىم. شۇ ئارقىلىق ئاز - ئازدىن يىغىلىپ، بىر قىسىم ئىقتىساد ھاسىل بولىدۇ.

ئىقتىساد تېجەشكە ئادەتلەنگەن كىشىلەر بەخت ۋە خاتىرجەملىك بىلەن ئۆمۈر ئۆتكۈزىدۇ. توغرا، ياخشى يېيىش، كىيىش كېرەك. ئەمما، «يوتقانغا قاراپ پۇت سۇن» دېگەن سۆزگە ئەمەل قىلىپ، باشقىلاردىن تەمە قىلمىسا، كۆڭلىمۇ خۇشال بولىدۇ. ئۆز قولىدىكى ئىقتىسادقا قانائەت قىلمىغان ئادەمنىڭ نەپسى پۈتكۈل دۇنيانىڭ ئىقتىسادىغىمۇ قانائەت قىلمايدۇ. ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئىش كۆرمىگەن ئادەم خەسىس ۋە تەمەخور بولىدۇ. تەمەخورلۇق بولسا، داۋاسى يوق كېسەللىكتۇر.

ئىسراپچىلىق — ئەھمىيەتسىز ۋە پايدىسىز ئىشلارغا پۇل - مال سەرپ قىلىشتۇر. قولىدا بار پۇل - مالنى كېرەكلىك جايلارغا سەرپ قىلىشنى بىلىش، ياخشى باشقۇرۇش ئۈچۈن، ئىسراپچىلىقتىن ساقلىنىش لازىم. شۆھرەت قازىنىش ئۈچۈن، ھەشەمەتلىك توي - تاماشا ئۆتكۈزۈپ، ئىسراپچىلىق قىلىش ئىنتايىن نادانلىقتۇر. ئىسراپخورلۇق ئارقىسىدا يوقسۇزلۇق، باشقىلارنىڭ پۇل - مېلىغا تەمە قىلىش ۋە ھەسەت كېلىپ چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىسراپچىلىقتىن ساقلىنىش لازىم.

# تىرىشچانلىق ۋە غەيرەت

**سوئال: تىرىشچانلىق ۋە غەيرەت دېگەن نېمە؟ بۇنىڭ قانداق ئەھمىيەتلىرى بار؟**

جاۋاب: تىرىشچانلىق ۋە غەيرەت دەپ ئۈستىگە يۈكلەنگەن خىزمەتلەرنى ھەرىكەت ئارقىلىق ئادا قىلىشنى كۆزدە تۇتىمىز. ئەقىل يۈزىسىدىن قارىغاندا ھورۇنلۇق قىلىپ، ئىشلىمەي بىكار يۈرۈش دۇرۇس ئەمەس. خەلقىمىزنىڭ ئومۇمىي ئەخلاقى بىزنى تىرىشىشقا دەۋەت قىلىدۇ ۋە بۇيرۇيدۇ. ئىش خۇشياقماسلىق ئىنساننى ھەرقاچان خار ۋە تەمە بالاسىغا گىرىپتار قىلىدۇ. بىرەر ئىشقا مەشغۇل بولغان كىشىلەر ۋاقىتنىڭ ئۆتكىنىنى بىلمەي قالىدۇ، ھورۇن كىشىلەر ئۈچۈن بىرەر سائەتنى ئۆتكۈزۈش قىيامەتتىن قىيىندۇر.

غەيرەت — ۋۇجۇدىمىز سائادىتىنىڭ قۇۋۋىتى ۋە بەختىيار بولۇشىمىزنىڭ سەۋەبچىسىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىرىمىز تىرىشىپ، ئۆز كۈچىمىز بىلەن مەئىشىتىمىزگە كېرەكلىك نەرسىلەرنى تېپىپ، باشقىلارغا موھتاج بولماي راھەت - پاراغەتتە ياشىشىمىز لازىم. ساقلىقىمىز، سائادىتىمىز، بايلىقىمىز، قانائىتىمىز، سەۋرىمىز، پەزىلىتىمىز، قىسقىسى، پۈتكۈل ھاياتىمىز ھەرىكىتىمىز ۋە تىرىشچانلىقىمىزغا باغلىقتۇر. تىرىشچان كىشىلەر مەقسەتلىرىگە تېز يېتىدۇ. ھورۇن كىشىلەر ھەر نەرسىدىن مەھرۇم، دائىم باشقىلارنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولۇپ، خارلىقتا ياشايدۇ.

**سوئال: تىرىشچانلىق روھىنى قانداق يېتىلدۈرۈش كېرەك؟**

جاۋاب: كىشى ياش ۋاقتىدا ئىلىم ۋە مەرىپەت، ھۈنەر ۋە





سەنئەتنى كۆڭۈل قويۇپ ئۆگەنمىسە، ئەلۋەتتە قارا ئىشچى بولۇپ قالىدۇ. سەنئەتكە خىلاپ، قانۇنغا زىت بولمىغان ھەر قانداق ئىشنى قىلىش ئەيىب ئەمەس. ئەگەر بۇ ئىشلارغىمۇ ئۇنىماي، بۇ دېگەن كۆمۈرچىلىك، ئۇ دېگەن تۆمۈرچىلىك، ماڭا مۇناسىپ ئەمەس، دەپ خۇشياقماسلىق قىلىپ لاغايلاپ يۈرسە، بۇ ناھايىتى چوڭ ئەيىب، غەيرەتسىزلىكتۇر. «غەيرەتلىكتىن ھېچقانداق نەرسە قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.» دېمەك، ئىككى دۇنيالىقىمىز ئۈچۈن غەيرەتنى قولدىن بەرمەسلىكىمىز لازىم.

**سوئال: شىجائەتلىك بولۇش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟**

جاۋاب: شىجائەت باتۇر ۋە يۈرەكلىك بولۇش دېگەنلىكتۇر. شىجائەتلىك كىشى ھېچ نەرسىدىن قورقمايدىغان باتۇر ۋە يۈرەكلىك بولىدۇ. تىرىشچانلىق ۋە غەيرەتنىڭ تەتۈرى خۇشياقماسلىق ۋە ھورۇنلۇق بولغىنىغا ئوخشاش، شىجائەتنىڭ زىتى قورقۇنچاقلىقتۇر. قورقۇنچاق سودىگەر پايدا ئالالمايدۇ. قورقۇنچاق كىشى ئۆزىنىڭ سايىسىدىن ئۈركۈيدۇ، ھەر قانداق ئىشنى قىلىشقا پېتىنالمايدۇ. كىشىلەر كۆپىنچە ۋەھىمە ۋە قورقۇنچاقلىقى تۈپەيلى مال - دۇنياسىدىن، جانلىرىدىن، ئەل - يۇرتىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشتا شىجائەتنى قولدىن بەرمەسلىكىمىز لازىم.

شىجائەت ئىنسانىيەتنىڭ ساپ كۆزگۈسى (ئەينىكى)، ئىپپەت، غەيرەت، ئىستىقامەتكە ئوخشاش ياخشى خۇلقلارنىڭ نۇرلىنىشىدۇر. شىجائەتنىڭ ھەقىقىتى قەلبىنىڭ پاكىزلىقىدىن، روھىنىڭ سالامەتتىدىن ئىبارەتتۇر. ھازىرقى زاماندا باتۇرلۇق بايلىق بولۇپ، قايسى دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ بايلىقى بولسا، شۇ ئۈستۈن تۇرۇۋاتماقتا. چۈنكى ھۆكۈمەت ئۈچۈن خەلق، خەلق ئۈچۈن ھۈنەر، ھۈنەر ئۈچۈن ئىلىم، ئىلىم ئۈچۈن پۇل - بايلىق لازىمدۇر.

ئادەم غەيرەت ـ شىجائەتلىك بولغاندىلا كۆزلىگەن مەقسىتىگە بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى يېتەلەيدۇ. غەيرەت ـ شىجائەت يۈرىكىدە جۇش ئۇرغان ئادەم ھەرقانداق ئىشقا تۇتۇش قىلسا، مەيلى ئۇ ئىش شۇنچە ئاددىي ياكى شۇنچە مۇرەككەپ، مۈشكۈل بولسۇن، بەرىبىر ئۇنى بىر باشقا ئېلىپ چىقالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ياشلىرىمىز كىچىكىدىن باشلاپ غەيرەت ـ شىجائەتلىك بولۇشقا بەل باغلىشى، جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن چېنىقىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كەلگۈسىدە ھەقىقىي غەيرەت ـ شىجائەتلىك ئەزىمەتلەردىن بولۇشقا تىرىشىشى لازىم.





# شېرىن تىللىق بولۇش

**سوئال: تىلنى قانداق قىلغاندا ياخشى ساقلىغىلى بولىدۇ؟**

جاۋاب: ھەر بىر مىللەتنىڭ ئۆز ئانا تىلى ۋە ئەدەبىياتىنى ساقلاشنى كۆرسىتىدۇ. ھەر بىر مىللەتنىڭ دۇنيادىكى مەۋجۇتلۇقىنى كۆرسىتىدىغان ھايات ئەينىكى ئۇنىڭ تىلى ۋە ئەدەبىياتىدۇر.

ئومۇمىي مىللىي تىلىنى ساقلاش بىلەن بىرگە خۇسۇسىي ئېغىز تىلىنىمۇ ساقلاش لازىم. چۈنكى، سۆز ئىنساننىڭ دەرىجە ۋە كامالىنى، ئىلىم ۋە پەزىلىتىنى ئۆلچەپ كۆرسىتىدىغان تارازىسىدۇر. ئەقىل ئىگىلىرى كىشىنىڭ دىلىدىكى پىكىر ۋە نىيىتىنى، ئىلىم ۋە قۇۋۋىتىنى، قەدىر ۋە قىممىتىنى ئۇلارنىڭ سۆزلىگەن سۆزىدىن بىلگىلى بولىدۇ.

**سوئال: شېرىن تىللىق بولۇشنىڭ قانداق شەرتلىرى بار؟ تىلنى مۇناسىپ جايىغا ئىشلىتىش ئۈچۈن قانداق ئۇسۇللارنى قوللىنىش كېرەك؟**

جاۋاب: ئەگەر سۆز ئەقىل ۋە ھېكمەتكە مۇناسىپ بولۇپ، ئۆزىگە ۋە ئاڭلىغۇچىغا پايدا بەرمىسە، بۇ خۇددى ھەسەل ھەرىلىرى ئارىسىدا غۇڭۇلداپ يۈرگەن قاپاق ھەرىگە ئوخشاش قۇرۇق غۇڭۇلداش بولۇپ، پەقەت باش ئاغرىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەستۇر. بېشىمىزغا كېلىدىغان قاتتىق كۆلپەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى يۇمشاق تىلىمىزدىن كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتىلار «كۆپ ئويلا، ئاز سۆزلە» دەيدۇ.

تىللارنىڭ ئەڭ ياخشىسى سۆزگە ئۇستا تىل، سۆزلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى چۈشىنىپ ۋە ئاخىرىنى ئويلاپ سۆزلەنگەن سۆزدۇر.

شۇنى ياخشى بىلىش كېرەككى، ئادەم ئۆز تىلىدىن دائىم ئېھتىيات قىلىشى، ھەر بىر سۆزنى ئويلاپ سۆزلىشى لازىم. ئادەم قەيەردە بولسۇن ۋە قاچانلا بولسۇن، تىلىنى يامان سۆزلەردىن ساقلىسا، ئويلاپ سۆزلىسە، دائىم پايدا كۆرىدۇ. ئېيتىلغان سۆز ئېيتىلغان ئوققا ئوخشايدۇ، ئۇنى قايتۇرۇپ بولغىلى بولمايدۇ. كۆپ سۆزلىگەندە خاتالىقمۇ كۆپ كۆرۈلىدۇ، دېيىشىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر ئۆز تىلى تۈپەيلى ئۆزىنى بالاغا مۇپتىلا قىلىدۇ. كۆكرەككە قادالغان نەيزىنى چىقىرىۋالغىلى بولىدۇ، كۆڭۈلگە سانجىلغان سۆز زەھىرىنى چىقىرىۋالغىلى بولمايدۇ.

سوئال: سۆز سۆزلەشتە قانداق ئەدەپلەر بار؟

جاۋاب: ئىنسانىيەت ئەدەپ ـ ئەخلاقىنىڭ ۋە ئادىمىيلىك ئاساسىنىڭ ئۇلۇغ قەسرى تۈۋرۈكلىرىدىن بىرى ـــ سۆزلەش ۋە نۇتۇقنىڭ قىممەتلىك گۆھىرىنى مۇلايىملىق ۋە ئەدەپ ئۈشكىسى بىلەن تېشىشتۇر. ئەخلاق ئوردىسىنىڭ تۆرىسىدە ئولتۇرغۇچىلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئىنسانىيەتنىڭ كامالىتى ۋە بىلىمىنىڭ ئۈستۈن مەرتىۋىلىرىدىن بىرى چىرايلىق سۆزلەش بولۇپ، بۇ باغنىڭ گۈلى ئەقىل باھارىستانىنىڭ مەيىن شامىلى بىلەن ئېچىلىدۇ ۋە ئادەتنىڭ يارقىن جاۋاھىر داستىخىنىنى ئەقىل سودىگىرىلا ئاچالايدۇ. يېقىملىق ۋە قىممەتلىك سۆزلىرى دانالىق ۋە ئىقبال ئەربابىنىڭ تاجى بولغان يۇنان ھەكىملىرىنىڭ ئېيتىشىچە، تىل ھەر بىر ئەقىل ئىگىسى پەزىلىتى خەزىنىسىنىڭ كىلىتىدۇر ۋە ھەر ئادەمنىڭ بىلىمىنىڭ مىقدارى ئۇنىڭ سۆزلىرى ئارقىلىق مەلۇم بولىدۇ.





سوئال: سۆزلەشتە قانداق قائىدىلەرگە رىئايە قىلىش لازىم؟

جاۋاب: سۆزلەش يولى ئېگىز ـ پەس ۋە خەۋپلىك بولۇپ، كۆپ خەتەرلەر ئۇچرايدۇ. ئويلىماي تۇرۇپ بىرەر سۆزنى ئېيتىشقا ئېغىز ئاچماسلىق كېرەككى، ئويلىماي ئېيتىلغان سۆز كۆپلىگەن باشلارنى ئۆلۈم دەرگاھىنىڭ تۈپىسىغا ئايلاندۇرغان، جان خەزىنىسىنى زاۋاللىق ۋە نۇقسان قىمارىغا ئۇتقۇزغان.

سۆزلەشتە بىر نەچچە قائىدە بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە رىئايە قىلىش لازىم. بىرىنچىسى شۇكى، سەۋەبسىزلىك ۋە بىمەھەللىك كىلىتى بىلەن سۆزلىشىش قۇلۇپىنى ئاچماسلىق كېرەككى، گەرچە سۆز گۆھىرى توغرا ۋە ئېنىق بولسىمۇ، بىۋاقىت ۋە ئورۇنسىز ئېيتىلسا، ئىدراك بازىرىنىڭ گۆھەرشۇناسلىرى ۋە قائىدە بىلگۈچىلىرى نەزىرىدە ئېتىباردىن چەتتە قالىدۇ ۋە ھېچكىم ئۇنى ئاڭلاشقا رىغبەت قىلمايدۇ.

شۇنداق تىل باركى، بال كەلتۈرىدۇ، شۇنداق تىل باركى، بالا كەلتۈرىدۇ.

تىل تېزلىكىدىن قەدەم تېزلىكى ياخشى. سۆزلىگۈچى بەتخۇلق كىشى بولسىمۇ، بەزىدە ئۇنىڭ سۆزلىرىگە دىققەت قىلىش كېرەك. گاھىدا يامان ئېغىزدىنمۇ (ياخشى) سۆز چىقىپ قالىدۇ.

سۆزنىڭ ئېيتقۇچىسىغا قارىماڭ، ئېيتقان سۆزىگە قاراڭ. سۆزىگە باقماڭ، كۆزىگە بېقىڭ؛ ئۆزىگە باقماڭ، سۆزىگە بېقىڭ.

ئىككى نەرسە پايدىسىز: ھېكمەتسىز سۆز ۋە تەپەككۇرسىز سۈكۈت.

ھوشيارلىق ۋە ئاڭ نېمىتىنىڭ لەززەتشۇناسلىرىدىن مۇشۇ سۆز قالغانكى، نۇتۇق ۋە بايان بولسا خىيال ۋە تەبىئەت دېڭىزى گۆھىرىنىڭ غەۋۋاسى بولۇپ، ھەر بىر ھۈنەر ئىگىسى ھەمدە ھۈنەرسىز كىشىنىڭ ھالى ئۇلار بىلەن تەتقىق قىلىنىدۇ. ئاقىل

كىشىلەر ئەقلىنى ئەمىرگە، پاراسەتنى ۋەزىرگە، نۇتۇقنى سىپاھقا ئوخشىتىدۇ. چۈنكى، ھەرقانداق نەرسە ئەقىل خاتىرىسىگە كەلسە، پاراسەت ئۇنى تەستىق قىلىدۇ، نۇتۇق بولسا ئۇنى ئىجرا قىلىشقا كىرىشىدۇ. ئەگەر، سۆزدەك خەۋەرچى بولمىغىنىدا ئىدى، دىلخەستە ئاشىقلارنىڭ يۈرىكىدىكى سىرىنى مەشۇق قۇلىقىغا نىمە يەتكۈزەر ئىدى؟! ئەگەر، سۆز باھارىنىڭ بۇلۇتى ۋاستە بولمىغىنىدا، دانالارنىڭ جەۋھەر ئىپادىلىرىدىن پايدا قۇلىقىنى كىم بەھرىمەن قىلار ئىدى؟!

جاھاندا «تىل يۈگۈرۈكى باشقا، پۇت يۈگۈرۈكى ئاشقا» دېگەن ماقال مەشھۇر. نەشتەر جاراھىتىدىن تىل جاراھىتى ياماندۇر. نەيزە زەخمىدىن بەدەن بوستانى كۆپ ئۆتمەي گۈلىستانغا ئايلىنالايدۇ ۋە ئۇنىڭدىن جان ۋە مالغا زاۋال كەمدۇر.

**سوئال: سۆزلەش ئەدەپلىرى قايسىلار؟**

جاۋاب: سۆزلەش ئەدەپى شۇنداقكى، سۆز ئاز سۆزلەنسۇن، چۈنكى ۋات - ۋاتلىق تەنتەكلىكنىڭ بەلگىلىرىدىن بىرىدۇر. بۇزۇرگمېھر: «بىر كىمنىڭ ناھايىتى كۆپ سۆزلەۋاتقانلىقىنى كۆردۈڭمۇ، بىلگىنكى، ئۇ دېۋانىدۇر» دېگەنىدى. كىشى دېمەكچى بولغىنىنى ئەقىل تارازىسىدا ياخشىلاپ تارتمىسا، ئۇنى بايان قىلىشى ماقۇل كۆرۈلمەيدۇ. ھەكىملەر: «ئويناپ سۆزلىسەڭمۇ، ئويلاپ سۆزلە» دېيىشكەن. ئېھتىياج بولمىسا، بىر سۆزلەنگەن سۆز تەكرار سۆزلەنمىسۇن. كىشى بىرەر ۋەقەنى بايان قىلماقچى بولسا، ئاڭلىغۇچىنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋەردارلىقىنى بىلسە، ئۇ ھالدا ئاغزىنى يۇمسۇن، چۈنكى سۆزلىگۈچى ئىزا تارتىپ قېلىشى مۇمكىن. باشقا كىشىدىن سورالغان سوئالغا جاۋاب بېرىشكە ئۇرۇنۇلمىسۇن. چۈنكى، بۇ ئاقساقاللىق ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر، سوئال كۆپچىلىككە قويۇلسىمۇ، ھەممىدىن ئىلگىرى جاۋاب بېرىشكە ئالدىرالمىسۇن. بىرەر كىشىنىڭ بەرگەن جاۋابى ئېنىقراق بولمىسا تاكى ئۇنىڭغا قوشۇمچە قىلماقچى بولسا،





جاۋابىنى ئاستا، سىلىق ئېيتسۇن. ئولتۇرۇش - يىغىلىشلاردىكى مۇزاكىرە ۋە مۇنازىرىلەرگە ئۆزىنىڭ مۇناسىۋىتى بولمىسا، ئارىلاشمىسۇن. چوڭلارغا دارىتما سۆزلەرنى قىلمىسۇن. چۈشىنىش قىيىن بولغان سۆزلەر مىساللار ۋاسىتىسىدە روشەنلەشتۈرۈلسۇن. مۇنازىرىلەردە چەكتىن چىقىپ كېتىلمىسۇن. ھەر بىر كىشىگە ئۇنىڭ دىتى يەتكۈدەك دەرىجىدە سۆزلەنسۇن.

بىر ھەكىمدىن سورىدى: «سىلى نېمىشقا سۆزلەشتىن كۆرە كۆپرەك تىڭشايدىلا؟» ئۇ دېدى: «چۈنكى ماڭا ئىككى قۇلاق، بىر ئېغىز ھەدىيە قىلىنغان.»

سۆزلەش ئەدەپى شۇنداقكى، گەپنى ئۇزۇن قىلماق، ئويلىماي سۆزلىمەك، بىر سۆزنى كۆپ تەكرارلىماق، باشقىلارنىڭ سۆزىنى بۆلمەك، سۆزلەۋاتقاندا ئاۋازىڭىزنى ئوتتۇرىچە قىلىڭ، بىر كىم سىزدىن سۆزنى مەخپىي تۇتسا، ئۇنى بىلىشكە زورلۇق قىلماڭ. راست سۆزلەڭ، ھەق سۆزنى يالغانغا چىقارماڭ، ئورۇنسىز سۆزلىمەڭ، سۆزنى ئەقلىڭىزگە يارىشا سۆزلەڭ، سۆزلەۋاتقاندا پۇت - قوللىرىڭىزنىڭ ھەرىكىتىگە دىققەت قىلىڭ، پايدىسىز سۆزلەرنى قىلماڭ، چېقىمچىنى ئولتۇرۇشقا چىللىماڭ!

مەھمۇد خۇدابەندە شۇنداق دېگەنىدى: «ئۇلۇغلۇق شۇنداق كىشىگە يارىشىدۇكى، ئۇ كىشى ئۆزىنىڭ مۇرۇۋۋىتى بىلەن ئازاد كىشىلەرنى رام قىلىدۇ، ئەسىر كىشىلەرنى بولسا ئازاد قىلىدۇ.» رۇستەمى داستان كۈچ - قۇدرىتى بىلەن دۈشمەنلەرنى يەكسان قىلدى، ئاجىزلارنى بولسا ئازادلىققا ئېرىشتۈردى. بىر كىشى ئۇنىڭدىن سورىدى: «شۇنداق ئۇلۇغ مەرتىۋە ۋە ئالىي دەرىجىگە قانداق قىلىپ ئېرىشتىڭ؟» ئۇ شۇنداق جاۋاب بەردى: «مەن ھاياتتا ئۆزۈمگە شۇنداق دەپ بۇيرۇيتتىم: ھەي جان، مەرد بول، ئەگەر جەڭدە باتۇرلۇق كۆرسىتىپ ئۆلسەڭ ياخشى نامىڭ قالىدۇ، يەڭسەڭ ئەل ھۆرمىتىنى قازىنىسەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلۈمدىن

قورقما، ئۆلۈمگە ھېرىس بول»!

ئالىملاردىن ئادىلى ئېيتىدۇ: بىرسى بىلەن سۆزلەشكىنىمىزدە، سۆزىمىزگە ناھايىتى دىققەت قىلىشىمىز، ئاڭلىغۇچىغا ياخشى تەسىر بېرىش ئۈچۈن ئوچۇق ۋە يەڭگىل ئىبارىلەر بىلەن سۆزلىشىمىز لازىم. سۆزلەشتىن مەقسەت — گەپكە ئۇستىلىقنى كۆرسىتىش ۋە ناتىقلىق قىلىش ئەمەس، بەلكى ھەممىگە چۈشىنىشلىك، يەڭگىل ئىبارە بىلەن سۆزلەشتۇر. ھەر كىمنىڭ ناتىق بولۇشى لازىم ئەمەس، پەقەت ئۆز چۈشەنچە، ھېس - تۇيغۇسىنى توغرا، ئوچۇق ئىبارىلەر بىلەن ئىپادىلىشى لازىم.

يىغىن، زىياپەت قاتارلىق يىغىلىشلاردا بولغان ھەر كىم ئۆز يېنىدا ئولتۇرغان كىشى بىلەن پىچىرلىشىپ سۆزلىشىپ ئولتۇرۇشى مۇمكىن. لېكىن، ناخشا ئېيتىلىۋاتقاندا، مۇزىكا چېلىنغاندا ياكى بىراۋ نۇتۇق سۆزلەۋاتقاندا گەپلىشىش ئەيىب ھېسابلىنىدۇ. سۆزلەش ۋاقتىدا قاقاقلاپ كۈلۈش ئەدەپسىزلىكتۇر.

ئەقىللىق، دانا ئادەم بىر مەسىلە توغرۇلۇق سۆزلىمەكچى بولسا، ئۇنىڭ ماھىيىتىدىن تولۇق خەۋەردار بولۇپ، نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى ياخشى ئويلاپ، ئوچۇق ۋە مەزمۇنلۇق سۆزلەيدۇ. جاھىل ئادەم چۈشەنمەيدۇ، نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنىمۇ چۈشەنمەيدۇ

ئەگەر بىر ئادەمنىڭ كەمچىلىكىنى سېزىپ، ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلماقچى بولسىڭىز، ئاۋۋال ئۇنىڭ مىجەزىنى، روھىي ھالىتىنى ياخشى تەكشۈرۈپ، ئاندىن نەسىھەت قىلىڭ. بولمىسا، قىلغان نەسىھىتىڭىز بىكارغا كېتىدۇ. خەلقە ئېيتىدىغان سۆزلىرىڭىزنى مۇلايىملىق بىلەن قىلىڭ. خەلق سۆزلىگەن سۆزىڭىزدىن سىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىڭىزنى، مەرتىۋىڭىز ۋە دەرىجىڭىزنى بىلىۋالىدۇ. چۈنكى، كىشىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى،





دەرىجىسى سۆزلىگەن سۆزىدىن بىلىنىدۇ. ھەر كىمنىڭ ھالى سۆزىدە يوشۇرۇندۇر. بىر خىل ئىبارە بىلەن ئېيتىلغان سۆز كىشىنىڭ كۆڭلىنى خىرە قىلىدۇ. باشقا بىر خىل ئىبارە بىلەن ئېيتىلغىنى بولسا، خۇددى شۇ سۆزنىڭ ئۆزى بولسىمۇ، كىشىنىڭ كۆڭلىگە شاد - خۇراملىق بېغىشلايدۇ. سۆزگە ئەپچىل، ناتىق، سۆزگە چېچەن ئادەم سۆزنى قانداق ئىبارە بىلەن ئېيتىشنى بىلىدۇ.

## سوئال: چىرايلىق سۆزلەش ئۈچۈن قانداق ئامال قوللىنىش كېرەك؟

جاۋاب: ئىنسانلاردىكى تىل ماھارەت كۆرسەتكۈچى قورال بولۇپ، كۆڭلىدىكى نەرسىلەرنى ۋە يىراقتا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى ئىپادىلىگۈچى بىر تەرجىماندۇر. تىل بىلەن جاۋاب بېرىلىدۇ، كېرەك بولغاندا مەسلىھەت ئېلىنىدۇ، قايغۇلار بايان قىلىنىدۇ، ھەسرەتلەرگە تەسەللى، قەبىھ ئىشلاردىن مەنئى، گۈزەل نەرسىلەرگە ھەۋەس قوزغىتىلىدۇ. توپلار يەتمىگەن جايغا تىل يېتىدۇ، ماشىنىلارنىڭ كۈچى يەتمىگەن ئىشلارنى تىل بېجىرىدۇ.

سۆزلىگۈچى ئەگەر سۆزلەشكە ماھىر، يۇرۇش - تۇرۇشلىرى ماسلاشقان بولسا، ئاڭلىغۇچىلارغا ۋەزلىرىنى يەڭگىل قوبۇل قىلدۇرىدۇ. مۇددىئاسىنىمۇ ئوچۇق چۈشەندۈرەلەيدۇ، رەقىب ئۈستىدىن كۆپ ۋاقىتلاردا غەلىبە قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇئەللىم بولغان كىشى سۆزلەشنى بىلىش توغرىسىدا كامىل ئېتىبار بولۇشى ۋە رېتورىكا ئەدەپلىرىنى ئۆز ئورنىدا ئىشلەتمىكى كېرەك.

مۇئەللىم ئەگەر ئۈگۈت - نەسىھەتلەرنى قائىدىسى بىلەن سۆزلىسە، ئۇ ۋاقىتتا شاگىرتلار تەرىپىدىن ھۆرمەت بىلەن ئىشلىتىلىدۇ، يوقلارغا ۋە كىچىكلەرگىمۇ يەتكۈزۈلىدۇ، شۇنداق سۆزلەنگەن سۆزلەر ھاۋاغا تارقىلىپ تۈگىگەندىن كېيىنمۇ، تەسىرى ھامان ساقلىنىدۇ.

مەشھۇر ۋەزىرلەردىن ھەسەن بىن سەھىل كىندىي ئوغۇللىرىغا خىتابەن: «ئەي ئوغۇللىرىم! نۇتۇق ئۆگىنىڭلار، ئىنسانىنىڭ باشقا ھايۋاندىن پەرقى پەقەت نۇتۇقتىدۇر. نۇتقىڭىز كامىل بولسا، ئىنسانلىقىڭىزمۇ كامىل بولۇر» دەر ئىكەن. لېكىن سۆزلىگەن ۋاقىتتا ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ھاللىرىغا رىئايە قىلىش لازىمدۇر. ئۇلارنىڭ تاقىتى يەتكۈدەك مىقداردىن زىيادە سۆزلەش ياكى ئۇلارغا كېرەك بولمىغان مەلۇماتلارنى بايان قىلىش ئەدەپكە زىتتۇر.

ئىمام جاھىز ھەزرەتلىرى: «سۆزنىڭ غايىسى ۋە تىڭشىغۇچىلار شادلىقىنىڭ چېكى باردۇر. تاقەت يەتكۈدەك بەلكى ھەر كىملەر نەزىرىدە نەپرەتلىكتۇر» دېگەنىدى.

گۈزەل سۆزلەرنى ئومۇمىي پايدا ئۈچۈن ئىستېمال قىلغان كىشى ساۋابقا ئىگە بولغاندىن باشقا، بۇ ھۈنەرى بەدىلىگە مۇكاپاتتىن مەھرۇم قالمايدۇ.

مۇئەللىم سۆزلەش ماھارىتى سەۋەبلىك قىيىن نەرسىلەرنى شاگىرتلارغا ئوچۇق بايان قىلىدۇ ۋە يەڭگىل چۈشەندۈرىدۇ. ماھىر سۆزلىگەن مۇئەللىمنىڭ ئۈگۈت ـ نەسىھەتلىرى شاگىرتلارنىڭ كۆڭۈللىرىگە ئورنىشىدۇ، تاكى قەبرىلىرىگە بارغۇچە ھەمراھ بولىدۇ.

سۆزلەشكەندە، ئوقۇغاندا، يازغاندا خاتا قىلماسلىق ئۇلۇغ كامالەتلەردىندۇر. ئۇلۇغ ئەدىبلەرنىڭ بۇ خۇسۇستىكى سۆز ـ ئىبارىلىرى دىققەتنى تارتىدۇ.

ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بەلگىلەيدىغان مۇئامىلە ئىنسان يۈرىكىنى ئەينەككە ئوخشاش ئەكس ئەتتۈرىدۇ. كىشىنىڭ سۆزىدىن، مۇئامىلىسىدىن ئۇنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىش قىيىن ئەمەس. ئىنسان كامالىتىدە، ھاياتىنىڭ تەرەققىياتىدا، بىرەر ئىش قىلىشتا، ئادەملەرنىڭ ساق ـ سالامەتلىكىنى ئاسراشتا مۇئامىلە ئاساسىي ئامىلدۇر. «بۇغداي





نېنىڭ بولمىسىمۇ، بۇغداي سۆزۈڭ بولسۇن» دەيدۇ خەلقىمىز.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، قەدىمدە بىر پادىشاھ ئۆز خىزمەتكارلىرىغا «ماڭا قوي گۆشىنىڭ ئەڭ تاتلىق يېرىدىن پىشۇرۇپ كەلتۈرۈڭلار» دەپ بۇيرۇپتۇ. ئۇيلاپ بۇ مۆزنىڭ تېگىگە يېتەلمىگەن خىزمەتكارلار ۋەزىرگە مۇراجىئەت قىلىپتۇ. ۋەزىرنىڭمۇ بۇ مەسىلىگە ئەقلى يەتمەي ئۆزىنىڭ ئەقىللىق، دانا، كۆپ كىتاب ئوقۇغان قىزىدىن سوراپتۇ. قىز «قوينى سويۇپ، ئۇنىڭ تىلىنى پادىشاھقا پىشۇرۇپ بېرىڭلار» دەپتۇ. ئۇلار قىزنىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە قىلىپتۇ. ئەتىسى پادىشاھ «:قوي گۆشىنىڭ ئەڭ ئاچچىق يېرىدىن پىشۇرۇپ كەلتۈرۈڭلار» دەپتۇ. خىزمەتكارلار يەنە ھەيران بولۇشۇپتۇ. ۋەزىرنىڭ قىزى بولسا «يەنە بىر قوي سويۇپ تىلىنى پىشۇرۇپ بېرىڭلار» دەپتۇ. خىزمەتكارلار شۇنداق قىلىشىپتۇ. پادىشاھ بۇ ئەقىلنىڭ كىمدىن چىققانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ بىلگەندىن كېيىن، قىزغا، ئۇنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىگە ئاپىرىن ئېيتىپ كاتتا توي ـ تاماشا بىلەن ئۇنى ئوغلىغا ئېلىپ بېرىپتۇ.

شۇنداق، تاتلىقمۇ تىل، ئاچچىقمۇ تىل. خەلقىمىزدە «سۆيدۈرگەنمۇ تىل، بەزدۈرگەنمۇ تىل» دېگەن ئاجايىپ نەقىل بار. تاتلىق تىل بىلەن سەمىمىي مۇئامىلىدە بولۇشقا ئادەتلىنىش ھەر بىر ئىنساننىڭ، بولۇپمۇ ھاياتىمىزنىڭ كۆركى بولغان خوتۇن ـ قىزلارنىڭ، ئانىلارنىڭ ئەڭ ئاساسىي پەزىلىتى ۋە بۇرچىدۇر.

ئەگەر قىز بالا گۈزەل، خۇش قامەت، زىبۇ زىننەتلىرى جايىدا بولسىمۇ، مۇئامىلىسى قوپال، چېچىلاڭغۇ بولسا، ئەتراپىدىكىلەرنىڭ دىلىنى ئاغرىتسا، ئىشىنىڭكى، ئۇنى ھېچكىم، ھېچقاچان گۈزەللەر سېپىگە قوشمايدۇ، ئۇنىڭدىن كۆڭلى قالىدۇ. ھېچقانداق نەرسە كىشىنىڭ ئەقلىنى مۇئامىلىگە ئوخشاش نامايان قىلالمايدۇ. قىزلار ئۆزىگە قانچىلىك زىننەت

بەرمىسۇن، مۇئامىلە مەدەنىيىتىنى، مۇئامىلە سەنئىتىنى بىلمىسە ھېچقاچان باشقىلارنىڭ ھۆرمەت ـ ئېتىبارىغا سازاۋەر بولالمايدۇ. يىگىتلەرنىڭ مۇھەببىتىگە سازاۋەر بولۇش ئۈچۈنمۇ قىزلاردا ئالدى بىلەن مۇئامىلە سەنئىتى يۇقىرى بولۇشى كېرەك.

ياش ۋاقتىدىن باشلاپ قوپال، ئورۇنسىز، زەردىلىك سۆزلەرنى تىلغا ئالماسلىقتا ئادەتلەنگەن ياخشى، چىرايلىق، مەنىلىك، كىشىنىڭ روھىنى كۆتۈرىدىغان سۆزلەر بىلەن پىكىر قىلىشقا، باشقىلارغا ئەدەپ بىلەن سۆزلەشكە ئادەتلەنسىڭىز ھاياتتا ئۆز ئورنىڭىزنى تېپىپ كېتىسىز. مۇئامىلىسى يېقىملىق ئايالنى كىشىلەر «دىلبەر ئايال» دېيىشىدۇ. ئىشىنىڭكى، شۇنداق نامغا سازاۋەر بولغان ئايال، ئەلۋەتتە بەختلىك بولىدۇ. مۇئامىلىنى بىلمەسلىك، تىلنى تىزگىنلىيەلمەسلىك، ئويلىماي سۆزلەشنىڭ ئاقىۋىتى كىشىنى يامان ئاقىۋەتلەرگە، ھەتتا پاجىئەلەرگە سەۋەب بولۇشى مۇمكىن.

لېكىن مۇئامىلىمۇ لايىقىدا بولۇشى زۆرۈر. ھەددىدىن تاشقىرى شېرىن سۆزلۈك بولۇش، تىل ياغلىمىلىق قىلىش، ئېيتقان سۆزىگە ئۆزى ئەمەل قىلالماسلىق ئادەمنىڭ ئابرۇيىنى تۆكىدۇ. ئاچچىقنى يۇتۇپ، ئەقىل ئىشلىتىدىغان، يا بىرەر گەپتىن قالىدىغان، ۋاقتى كەلگەندە ھەق گەپنى ئېيتىشتىن چۆچۈمەيدىغان ئادەملەر مۇئامىلىسىنىڭ ياخشىلىقى بىلەن ئىززەت ـ ئابرۇي تاپىدۇ.





# جاھالەت

**سوئال: جاھالەتنىڭ تەبىرى نېمە؟ نېمە ئۈچۈن جاھالەتتە قېلىش نومۇسلۇق ئىش دەيمىز؟**

جاۋاب: ئوقۇمىغان، بىلمىسىز، ھېچ نەرسىنى چۈشەنمەيدىغان نادانلىق جاھالەت دېيىلىدۇ. جاھالەت ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ زور دۈشمىنى ۋە يامان خۇلقلارنىڭ باشلامچىسىدۇر. مائارىپ، ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەتتىن مەھرۇم قالغان خەلق جاھالەت پەنجىلىرى ئارىسىدا خۇددى خېمىرغا ئوخشاش ئېزىلىپلا قالماستىن، بەلكى تېخى يامان قىلىق، يامان ئىشلاردىن ئۆز نەپسىنىڭ ياقىسىنى بوشىتالمايدۇ. ئىلىم ۋە مەرىپەت ئىگىلىرى ۋايىغا يەتكەن ئەۋزەللىكلىرى سايىسىدە ھەر بىر ئىشنى تەھقىقلەش ۋە كۆزىتىش ئارقىلىق قىلىدۇ. ئەمما، جاھىللارنىڭ بولسا بىرەر نەرسىنىڭ ماھىيىتىنى كۆزىتىشكە ئەقىل ـ پاراسەتلىرى يەتمەيدۇ. چۈنكى، نادانلىق ــ مەنمەنچىلىك ۋە مەسىلىگە يۈزەكى قاراشتىن ئىبارەتتۇر. ھەر بىر نەرسىنىڭ ھەقىقىتىنى بىلىش ئەقىل ۋە ئېرپان، ئىلىم ۋە بىلىم ئىگىلىرى ئۈچۈن خاس بىر خۇشاللىق بولسا، جاھىل ۋە نادانلار ئۈچۈن زور مۈشكۈلچىلىكتۇر. جاھالەت ئەربابلىرى نەدىلا بولسۇن ئېتىبارغا ئېلىنىش شەرىپىدىن مەھرۇمدۇر. ئۇلار ماددىي جەھەتتىن ھەر قانچە باي ۋە دۆلەتمەن بولسىمۇ، مەنىۋى جەھەتتىن شۇنچە پېقىر ۋە بىچارە ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، جاھالەت ئەڭ قورقۇنچلۇق بولغان پېقىرلىق ۋە موھتاجلىقتىنمۇ دەھشەتلىك بىر مۇسىبەتتۇر. ئەقىل ۋە ئىلىمنىڭ ياخشىلىقى ۋە پەزىلىتى قانچە يۇقىرى بولسا، جاھالەتتىن تۇغۇلىدىغان يامانلىقنىڭ بالا ـ

قازالىرى شۇنچە پەس ۋە خار بولىدۇ.

ھەزرىتى ئەلى ئېيتىدۇ: «پەزىلەت ۋە كامالەت ئەربابى جاھىلدىن قانچە ئىزا ۋە جاپا چەكسە، جاھىلمۇ ئەقىل ۋە ئېرپان ئىگىسىگە قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ ئازابلىق بولىدۇ.»

سۇقرات ھەكىم ئېيتىدۇ: «دۇنيادا ئەڭ ئېھتىيات قىلىنىدىغان ئىللەت جاھىللىقتۇر. مەن جاھىلغا ئېچىنغىنىمدەك كورغا ئېچىنمايمەن. چۈنكى، جاھىلنىڭ ئۆز ئىختىيارى بىلەن قىلغان ھەرىكەتلىرى قارىغۇنىڭ ئىختىيارسىز قىلغان ھەرىكەتلىرىگە قارىغاندا تېخىمۇ خۇنۇكتۇر.»

ئەرەبلەر: «نادان كىشى تىرىك ئۆلۈكتۇر» دەيدۇ، بىز بولساق: «نادان دوستتىن ئەقىللىق دۈشمەن ياخشى» دەيمىز. بەزى ئاقىل دۈشمەنلەر باركى، ئۇلارنىڭ كەلتۈرگەن زىيانلىرى نادان دوستلارنىڭ كەلتۈرگەن پايدىلىرىنىڭ نەتىجىلىرىگە قارىغاندا ياخشى ۋە پايدىلىق بولۇپ چىقىدۇ.

ئەپلاتون ھەكىم ئېيتىدۇ: «جاھىلنىڭ ياخشى نىيىتى پازىلنىڭ خۇسۇمىتىدىن زىيانلىقراقتۇر. ئىنسان خۇددى بىر يۇقۇملۇق كېسەلدىن قاچقاندەك جاھىلدىن ئېھتىيات قىلىشى لازىمدۇر.»

دېمەك، جاھالەت ئىنسانىيەت نامىغا ياراشمايدىغان بىر قىلىق بولغانلىقتىن ھەر ۋاقىت ئىلىم يولىدا ھەرىكەت قىلىشىمىز، ساغلام، ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئەزىز جېنىمىزدىنمۇ تاتلىق ئەۋلادلىرىمىزنى جاھالەت ۋە نادانلىق بالالىرىدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن جېنىمىزنىڭ بارىچە، كۈچىمىزنىڭ يېتىشىچە تىرىشىشىمىز زۆرۈر. مۇنداقچە ئېيتقاندا، جاھالەتتە قېلىش ئىنسان ئۈچۈن نومۇسلۇق ئىش ھېسابلىنىدۇ.





## سوئال: قانداق قىلغاندا جاھالەت كىشەنلىرىدىن قۇتۇلغىلى بولىدۇ؟

جاۋاب: بۇنىڭ ئۈچۈن چوقۇم جاھالەتنىڭ، نادانلىقنىڭ زىيىنىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىش، بۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بارلىق كۈچ ـ قۇدرىتى بىلەن تىرىشىش كېرەك. بەزىلەر تاسادىپىي ئېرىشىپ قالغان باياشاتلىق تۇرمۇشىدىن كېرىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ يەيدىغان، ئىچىدىغىنى مول بولسىمۇ جاھالەتتە، نادانلىقتا تۇرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلمايدۇ، بەزىدە ھېس قىلسىمۇ، ئۇنى تۈزىتىشكە چارە ئىزدىمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ نادانلىقى تۆپەيلىدىن بايلىقى بىر كۈنلەرگە بارغاندا ئۆزلىرىمۇ بىلمەيلا شامالغا سورۇلۇپ كېتىدۇ. مانا بۇنىڭ نېگىزىمۇ نادانلىقتىن ئىبارەتتۇر. يەنە بەزى كىشىلەر باردۇركى، قول ئىلكىدە كۆپ بايلىق بولمىسىمۇ، ئەۋلادلىرىنى تەربىيىلەشكە، ئوقۇتۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئۆزلىرىمۇ تۇرمۇشى نامرات بولسىمۇ، مەنىۋىيىتى باي ھالدا تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئوقۇتۇۋاتقان باللىرى يۇقىرى بىلىم ئىگىلەپ، جەمئىيەتتە بىر كىشىلىك مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. دېگەندەك، ئۇلارنىڭ بۇ تىرىشچانلىقى بىكارغا كەتمەيدۇ. ئاخىر بىر كۈنى باللىرى ئۆزى كۈتكەندەك نەتىجىگە ئېرىشىدۇ ـ دە، ئۇلارنىڭ تەقدىرى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ، ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشىپ، بەختلىك ھايات كەچۈرۈشكە باشلايدۇ. مانا بۇ ئاقىللىق بىلەن نادانلىقنىڭ روشەن سېلىشتۇرمىسىدۇر.

بىزنىڭ بىر تۇغقىنىمىز بار ئىدى، بۇلار بىرنەچچە ئەۋلادقىچە تىجارەت قىلىپ يۇرۇپ خېلىلا باي بولۇپ قالغانىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار باللىرىنى ئوقۇتۇشقا زادىلا ئەھمىيەت بەرمەيتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ نادانلىقتا قېلىش ئادىتى

كېيىنكى كۈنلەردە بېشىغا بالا بولۇشقا باشلىدى. بالىلىرىنى ئوقۇتمىغاچقا، مىڭ تەستە يىغقان پۇللىرىنى بۇزۇپ چېچىشقا، قىمار ئويناشقا سەرپ قىلدى. سودىمۇ زامانىۋىلىشىپ كەتكەن بولغاچقا، ئۇلار ئىچكىرى ئۆلكىلەر ۋە چەت ئەلدىكىلەر بىلەن سودا قىلغاندا تىلنى بىلمىگەچكە، شۇنداق قىينالدى ۋە بەزى خىلىلا كۆپ پايدا كەلتۈرىدىغان سودىدىن قۇرۇق قالدى. بۇنىڭغا ئاچچىقى كېلىپ بىر ـ ئىككى بالىسىنى ئالدىراپ ـ تېنەپ ئۈرۈمچىدىكى تىل كۇرسلىرىغا ئوقۇشقا ئەۋەتتى، بىر يىلغا يەتمەيلا بۇلارغا خەجلىگەن پۇلىغا ئىچ ئاغرىتىپ يەنە قايتۇرۇۋالدى. بالىلىرىمۇ ھېچنەرسىنى ئۆگىنەلمىگەن ئىدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار ئىلگىرىلا مەرىپەتلىك ئۆتكەن ئائىلە بولغان بولسىدى، بالىلىرىمۇ كىچىكىدىن باشلاپ مەرىپەتكە يېقىن بولۇپ ئۆسكەن بولاتتى، ئۇلار مەرىپەتكە ئۆچ بولغانلىقتىن، ئاخىر «تېز يېتىشتۇرۇش» چارىسى ئەمەلگە ئاشماي قالدى. دېمەك، جاھالەت قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلىۋېتىپ مەرىپەت قالپىقىنى كىيىش ئۇنچە ئاسان ئەمەس.





# چاقچاق قىلماق

**سوئال: چاقچاقلىشىشنىڭ ھۆكمى قانداق؟**

جاۋاب: چاقچاقلىشىش ـ كىشىلىك مۇناسىۋەت جەريانىدا كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا كەيپىياتنى كۆتۈرۈش، خۇشاللىق ئاتا قىلىش، قايغۇنى خۇشاللىققا ئايلاندۇرۇش مەقسىتىدە قوللىنىلىدىغان پىكىر ئالماشتۇرۇش جەريانى ۋە سۆز سەنئىتىدىن ئىبارەت. كىشىلەر ئۆزئارا چاقچاقلىشىش ئارقىلىق كىشىلىك مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرۇش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

ھالبۇكى، چاقچاقلىشىش لايىقىدا بولغىنى ياخشى، ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەندە ئارىغا ئارازلىق چۈشۈپ قېلىشى، خاتا چۈشىنىپ قالىدىغان ئەھۋاللار كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. شۇڭا، چاقچاقنى لايىقىدا قىلمىغاندا ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. چاقچاقلاشقاندا سورۇنغا، كەيپىياتقا، چاقچاق قىلماقچى بولغان كىشىنىڭ ياش قۇرامىغا، جىنسىغا دىققەت قىلىش ۋە شۇنىڭغا لايىق كېلىدىغان چاقچاقلارنى قىلىش ئارقىلىق كەيپىياتنى كۆتۈرۈش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ، بۇلارغا دىققەت قىلمىغاندا قىلغان چاقچاق ئەكسىچە ئۈنۈم بېرىپ، قارشى تەرەپكە خاتا چۈشەنچە بېرىپ قويىدىغان، ھەتتا ئارىغا ئارازلىق سېلىپ قويىدىغان ئەھۋاللار كېلىپ چىقىشى مۇمكىن.

**سوئال: مەن ئىلگىرى بەك جىمغۇر ئىدىم، كېيىنچە كىتابلارنى كۆپ ئوقۇش، كىشىلەر بىلەن قويۇق ئارىلىشىش، دادىل بولۇش ئارقىلىق ئۆزۈمدە يۇمۇرىستىك خاراكتېر شەكىللەندۈرگەن ئىدىم.**

**شۇڭا، مەن ساۋاقداشلىرىم، تونۇش - بىلىشلىرىم ئارىسىدا قىزىقچىلىق قىلىپ خېلىلا تونۇلۇپ قالدىم. ھالبۇكى، بەزىدە قىلغان چاقچاقلىرىم دەل جايىغا تەگمەي قالدۇ، بەزىدە سورۇنغا دىققەت قىلالمايدىغان ئەھۋاللىرىممۇ بار. قانداق قىلسام بۇ كەمچىلىكلىرىمنى تۈزىتەلەيمەن؟**

جاۋاب: سىزدەك جېمغۇر كىشىنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق يۇمۇرىستىك خاراكتېرگە ئىگە بولۇشى ھەقىقەتەن تەس، سىزنىڭ بۇ پەللىگە يېتىشىڭىزنى ھەقىقەتەن ئالقىشلاشقا ئەرزىيدۇ. گېپىڭىزدىن قارىغاندا، سىز ھەقىقەتەن چاقچاقنى چۈشىنىپ، دەل جايىغا كەلتۈرۈپ قىلالايدىغاندەك قىلىسىز، شۇڭا يېقىن - يورۇقلىرىڭىز ئالدىدا قىزىقچى ئاتىلىپسىز، بۇمۇ ئاسان ئەمەس، ئەلۋەتتە. لېكىن، سىز بەزىدە چاقچاقنى قاملاشتۇرالمايدىغانلىقىڭىزنى، بۇنداق چاغلاردا چاقچاقنى ئۇقايسىز ئەھۋاللارغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىڭىزنى ئېيتتىڭىز، مېنىڭچە، بۇ ھەممە كىشىدە يۈز بېرىدىغان نورمال ئەھۋال. ھازىر «ھايات نەسىردىن ئەپەندى» دەپ تەرىپلىنىۋاتقان ھېسام قۇربانىڭمۇ بەزىدە مانا مۇشۇنداق ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدىغان چاغلىرى بار. چۈنكى، ئادەم ھەر تەرەپتىن مۇكەممەل بولالمايدۇ، بۇ ھاياتتا يا ئۇنداق، يا مۇنداق ئەھۋاللار يۈز بېرىپلا تۇرىدۇ. شۇڭا، بۇ ئىشلارنى كەمچىلىك دەپ ئاتىمىسىڭىزمۇ بولىدۇ.

مۇشۇ پۇرسەتتە، سىزگە چاقچاق قىلغاندا دىققەت قىلىدىغان بىر نەچچە نۇقتىنى ئەسكەرتىپ ئۆتمەكچىمەن: سىز چاقچاق قىلغاندا ئالدى بىلەن سورۇنغا دىققەت قىلىڭ، ئۆزىڭىز بىلەن تەڭتۇشلارغا قىلىدىغان چاقچاقنى يېشى كىچىكلەر ياكى يېشى چوڭلارنىڭ ئالدىدا دېمەڭ، ئەرلەرنىڭ ئالدىدا دەيدىغان چاقچاقنى ئاياللارنىڭ ۋە قىزلارنىڭ ئالدىدا دېمەڭ، ماس كېلەمدۇ - كەلمەمدۇ، بۇنىڭغا دىققەت قىلىپ سۆزلەڭ، بولمىسا ئەڭ





ياخشىسى چاقچاق قىلمىغان دەپ كۆچەپ كەتمەڭ. چاقچاق ئەڭ ياخشىسى تەڭتۇشلار ئارىسىدا بولغىنى خوپ، باشقىلارنىڭ ئارىسىدا مەن قىزىقچى دەپ كەلسە - كەلمەس سۆزلەۋەرگەندە، چاقچاق ئارازلىق، كۆڭۈل ئاغرىقىغا ئايلىنىپ كېتىشى مۇمكىن. كىشىلەر دائىم دەپ يۈرىدىغان «چاقچاق جاقچاققا ئۆزگىرىپ قالمىسۇن» دېگىنى دەل مۇشۇنداق ئەھۋاللارغا قارىتا ئېيتىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ نۇقتىلارغا چوقۇم دىققەت قىلىشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمەن.

**سوئال: پسىخىكا دوختۇرلىرى دائىم كىشىلەردە يۇمۇرىستىك كەيپىياتنى ساقلاپ، كۈلكە - چاقچاق بىلەن ئۆمۈر ئۆتكۈزگەندە، بەختلىك بولغىلى بولىدۇ، دېگەن پىكىرنى كۆچەپ ئىلگىرى سۈرۈۋاتىدۇ. بۇنىڭ بىرەر ئىلمىي ئاساسى بارمۇ؟**

جاۋاب: ھەقىقەتەن، پسىخىكا دوختۇرلىرىنىڭ بۇ تەۋسىيىسىنىڭ ئىلمىي ئاساسى بار، پسىخولوگىيە ئالىملىرى ئۇزۇن يىل تەتقىق قىلىش ئارقىلىق بۇ ئىلمىي يەكۈننى ئىسپاتلاپ چىققان. ئادەتتىمۇ كىشىلەر سەپرا، تېرىككەك ئادەملەرنىڭ كۆڭلىنىڭ ئارامى بولمايدۇ، زەردىگۈش بولۇپ ئۆتىدۇ. بازار ئارىلاپ، مەشرەپ ئويناپ كۈلكە - چاقچاق بىلەن كۈن ئۆتكۈزگەنلەر بولسا بەختلىك، راھەت تۇرمۇش كەچۈرىدۇ، دەپ قارايدۇ. خەلقىمىز ئارىسىدا نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى نەچچە يۈز يىلدىن بېرى خەلقىمىزنى كۈلدۈرۈپ كەلمەكتە، ئۇنىڭدىن باشقا موللا زەيدىن، سەلەي چاققانغا ئوخشاش كۈلكە پىرلىرىنىڭ ئادەمنىڭ كۈلدۈرۈپ ئۈچەيلىرىنى ئۈزۈۋەتكۈدەك دەرىجىدىكى قىزىق لەتىپىلىرى خەلقىمىز ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ يۈرمەكتە. ئۇلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ بۈگۈنكى كۈندە ھېسام قۇربان يېتىشىپ چىقىپ، قىزىق چاقچاقلىرى بىلەن خەلقىمىزگە كۈلكە بېغىشلاپ كەلمەكتە. دېمەك، خەلقىمىز

يۇمۇرىستىك خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، خۇشال - خۇرام تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئۆزلىرىگە ئادەت قىلغان. ئادەتتىمۇ بېشىغا ئېغىر كۈنلەر كەلگەندىمۇ ئۆزلىرىنىڭ قايغۇسىنى چاقچاقتا ئۆرۈيدىغان، غەم - قايغۇسىنى چاقچاق ئارقىلىق چىقىرىۋېتىشكە ئادەتلەنگەن كىشىلىرىمىزمۇ ئاز ئەمەس. خەلقىمىز ئارىسىدىكى ئۆمۈر چولپانلىرىمۇ كۈندە خۇشال كەيپىياتىنى ساقلاپ، يېمەك - ئىچمەككە دىققەت قىلغاچقا، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش مەقسىتىگە يېتەلىگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئامالىنىڭ بارىچە خۇشال كەيپىياتىنى ساقلاش، كۈلەر يۈز، تەبەسسۇم چىراي بولۇش ئادەم ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم، بۇنداق روھىي ھالەت كىشىلەر ئارىسىدا ئىللىقلىق، يېقىنلىق كەيپىياتىنى ئويغىتىدۇ.

**سوئال: چاقچاق قىلغاندا نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟**

جاۋاب: چاقچاق قىلغاندا چوقۇم ياشقا، سورۇنغا، كەيپىياتقا، جىنسقا دىققەت قىلىش كېرەك. سورۇنغا دىققەت قىلمىغاندا ھەر خىل كۆڭۈل ئاغرىقى، زىددىيەت - توقۇنۇش، سۈركىلىشلەر پەيدا بولۇپ قالىدۇ. مانا مۇشۇ شەرتلەرگە دىققەت قىلغاندا، چاقچاق قىلغاندا خاتالىق ئۆتكۈزۈشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

مېنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان بىر ساۋاقدىشىم بار ئىدى، ئۇ ناھايىتى قىزىقچى ئىدى، ئۇنىڭ قىزىق گەپلىرى، قىزىقارلىق ئىشلىرى مەكتەپتىكى مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىلار ئارىسىغا كەڭ تارقالغانىدى. ئەمما، بۇ ساۋاقدىشىم سورۇنغا، كەيپىياتقا، ياش قۇرامىغا، جىنسقا دىققەت قىلمايتتى، ياشتا چوڭ ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدىمۇ، ئايال مۇئەللىملەر ئالدىدىمۇ ئايان قىزىقچىلىق قىلاتتى، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ چاقچاقلىرى دائىم ئەكس تەسىر بېرەتتى، ئۇنىڭدىن رەنجىگەن ئوقۇتقۇچىلار ئۇنى كۈندە نەچچە قېتىم تەنقىدلەپ تۇراتتى، قىز ساۋاقداشلار





ئۇنىڭغا گەپ قىلىشتىن قاچاتتى، ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارمۇ ئۇنىڭغا ئالدىراپ گەپ قىلمايتتى. بارا - بارا بۇ ساۋاقدىشىمنىڭ چاقچاقلىرى جەمئىيەتكىمۇ تارقىلىشقا باشلىدى. ئۇ توي - تۆكۈن، بەزمە - مەشرەپلەردە قىزىقچىلىق قىلىدىم دەپ باشقىلارنىڭ زىتىغا كۆپرەك تېگىپ قويغاچقا، ئۇ ئىككى كۈندە بىر قېتىم تاياق يەيدىغان بولۇپ قالدى. بىر قېتىم ئۇ بەك ئېغىر تاياق يەپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدى. ئۇ ئەنە شۇ چاغدىلا ھوشىنى سەل - پەل تېپىپ قالدى. يېقىندا ئاڭلىسام، ئۇ باشقىلارغا چاقچاق قىلىشتا كۆپ ئېھتىيات قىلىدىغان بولۇپ قاپتۇ.

سىزمۇ مانا مۇشۇ مىسالدىن ئىبرەت ئېلىشىڭىز، چاقچاقلىشىش ئۇسۇلىنى بىلىۋېلىشىڭىز كېرەك، شۇندىلا قىلغان چاقچاقلىرىڭىزدىن كۆڭلىڭىز قانائەت تاپىدۇ.

# چېقىمچىلىق

## سوئال: چېقىمچىلىق قىلىشنىڭ زىيىنى قايسىلار؟

جاۋاب: چېقىمچىلىق كىشىلەر ئارىسىدا سۆز توشۇپ، چېقىمچىلىق قىلىپ، ئىككى تەرەپنى بىر - بىرىگە ئۆچلەشتۈرىدىغان، زىددىيەتلەشتۈرىدىغان، ھەتتا قانلىق پاجىئەلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولىدىغان، بۇزۇق ئەخلاقتىن تۇغۇلىدىغان يامان خۇلقلارنىڭ بىرىدۇر. چېقىمچىلىق ئىككى يۈزلىمىلىك ۋە ئۆسەك - ئىغۋالارنىڭ نېگىزى بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يامان سۈپەتنى ئۆزىگە مەسلەك قىلغان كىشىلەر خەلق نەزىرىدە مۇناپىق سانىلىدۇ. ئىككى كىشى ئارىسىدا سۆز توشۇپ بىرىنى - بىرىگە دۈشمەن قىلىپ، ئىككى ئوتتۇرىغا ئىناقسىزلىق ۋە ئاداۋەت ئوتلىرىنى يېقىپ، بىر - بىرىدىن جۇدا ۋە خانىۋەيران قىلىشنى زەررىچىلىك ئىنساپى ۋە ئىنسانلىق خىسلىتى بار كىشىلەرنىڭ ۋىجدانى ئەسلا قوبۇل قىلمايدۇ. بەزى ئاداۋەتچى ۋە ھەسەتچى كىشىلەر باشقىلارغا ئۇلارنىڭ شەنىدە يوق سۆزلەر بىلەن تۆھمەت ۋە بوھتان چاپلاپ، ئۇ كىشىنىڭ قەدرى ۋە ئابرۇيىنى تۆكۈش، ئېتىبارىنى چۈشۈرۈش قەستىدە ھەر كىمگە سۆزلەپ يۈرىدۇ. مۇنداق كىشىلەرنىڭ ئويدۇرما سۆزلىرىنىڭ تېگى ئاشكارىلىنىپ، باشقىلارغا قازغان ئورىغا ئۆزلىرى يىقىلىپ، خەلق ئارىسىدا چېقىمچى نامى بىلەن ئاتىلىپ، ئابرۇي - ئېتىبارىدىن تېزلا ئايرىلىدۇ. قەلبى ۋە ۋىجدانى ساغلام بولغان ئىنسان بۇ خىل ھىيلە ۋە ئالدامچىلىقتىن تىلىنى تارتىدۇ. چۈنكى، مۇنداق بۇزۇق ئەخلاققا مۇپتىلا بولغان ئىككى يۈزلىمىچى ئادەم خەلق ئالدىدا ئەڭ پەس





سانىلىدۇ.

چېقىمچى ۋە غەيۋەتچى كىشىلەر خۇددى دەرەخ يىلتىزىغا چۈشكەن موزايىبېشىغا ئوخشاش خەلق ئارىسىدا ئىتتىپاق ۋە دوستلۇق كاۋىكىنى كېمىرىپ (غاجاپ، قىرقىپ)، ئومۇمىي خەلق ۋە مىللەتنىڭ ياشىشى ئۈچۈن لازىم بولغان مۇھەببەت دەرىخىنى يىقىتىدۇ. بىراۋنى يامانلاش، يالغان سۆزلەش، ھەقىقەتنى يوشۇرۇش، مۇناپىقلىق يولىغا مېڭىش غەيۋەتتىن ئىبارەت يامان ئىش قىلىش بولىدۇ. شەخسىي غەرەز ياكى شەخسىي مەنپەئەتى ئۈچۈن بىر كىمدىن ئىشىتكەن سۆزنى ئۆز مەقسىتىگە مۇۋاپىق بىر نەچچە تۈرلۈك مەنىلەر بىلەن بۇزۇپ سۆزلەش ناھايىتى چوڭ ئەيىب ۋە گۇناھتۇر.

دېمەك، كىشىلەرگە يامانلىق قىلىش ۋە يامان سۆزلەر بىلەن غەيۋەت قىلىشنى ئادەت قىلغان كىشىلەردىن يىراق تۇرۇش ۋە ئېھتىيات قىلىش لازىم.

ھۆكۈمالاردىن بىرى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «مال ۋە نەرسە ئوغرىلىرىدىن كۆرە ئادەملەر ئارىسىدىن دوستلۇق، ئۈلپەتچىلىك، سۆيۈشمەنچىلىكنى ئوغرىلايدىغان كىشىلەردىن كۆپرەك ساقلىنىش لازىم.»

تارىختىن بۇيان نى - نى ھۆكۈمرانلار چېقىمچىلارنىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئويناپ، ئوردىدا قانلىق پاجىئەلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، يەنە چېقىمچىلارنىڭ سۆزلىرى بىلەن قوشنا ئەللەر بىلەن دۈشمەنلەشكەن، بىگۇناھ پۇقرالارنىڭ تۈركۈملەپ ئۆلۈشى، بىگۇناھ قانلارنىڭ دەريا بولۇپ ئېقىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئوردا ئىچىدىكى چېقىمچىلىق، مۆتىۋەرلەر ئارىسىدىكى كۆرەلمەسلىك ۋە چېقىمچىلىق، يۇرت بەگلىرى، بايلار ئارىسىدىكى چېقىمچىلىق، مەھەللە - كەنتلەردىكى چېقىمچىلىق، بىر - بىرىنى كۆرەلمەسلىكلەر بىرلىكتە قوزغىلىپ، جەمئىيەتنىڭ نورمال يۈرۈشۈشىگە توسقۇنلۇق قىلىپ،

نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىقىغا ئېغىر دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزگەن، بەزىلەرنىڭ ئائىلە ئىناقلىقى بۇزۇلغان، بەزىلەر چېقىمچىلىقتا ئىشىنىپ باشقىلاردىن ئۆچ ئېلىشقا تۇتۇش قىلغان، بەزى يۇرت كاتتىلىرى بۇ سەۋەبتىن ئېچىنىشلىق قىسمەتكە دۇچار بولغان. مۇشۇ بويىچە پىكىر يۈرگۈزسەك، چېقىمچىلىق ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە پۈتمەس - تۈگىمەس بالايىئاپەتلەرنى كەلتۈرگەن ئەڭ يامان خۇيدىن ئىبارەت بولۇپ كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىدۇ. چېقىمچىلىق بۇگۈنكى كۈندىمۇ كىشىلەر ئارىسىنى بۇزۇش جەھەتتە يەنىلا بازار تېپىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ زىيىنىنى تونۇغان ئادەم بۇ يامان ئىللەتتىن يىراق قاچىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئەسلا يولىمايدۇ.

## سوئال: چېقىمچىلىققا قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەك؟

جاۋاب: بىر چېقىمچى سىز بىلەن ياخشى ئۆتىدىغان بىر كىشىنىڭ يامان گېپىنى قىلىپ، ئاراڭلارنى بۇزۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغاندا، سىز تازا دىققەت قىلمىسىڭىز، ئۇنىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئويناپ كېتىشىڭىز مۇمكىن. شۇڭا، سىزدە ئالدى بىلەن چېقىمچىلارنىڭ گېپىنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان ئۆتكۈر كۆز، چېچەن ئەقىل بولۇشى كېرەك. سىز قارشى تەرەپ توشۇپ كەلگەن گەپنى ئەستايىدىل ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ئىچىدە نېمە ھىيلە - مىكىر بارلىقىنى ئاڭقىرالىسىڭىز ۋە قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى بىلسىڭىز، ئۇنداقتا، ھەرگىز چېقىمچىلارنىڭ گېپىگە كىرىپ كەتمەيسىز.

ئۇنداقتا، چېقىمچىلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەك؟ بىرەر چېقىمچى ئىككى ئارىنى بۇزۇش ئۈچۈن بەك كۈچەپ كەتسە، دەسلەپتە بىلدۈرمەستىن ئۆزىڭىزنىڭ بىلگىنى بويىچە ئىش قىلىڭ، ئۇنىڭغىمۇ ئۇنىماي ھەرىكىتىنى توختاتمىسا ئوچۇق - ئاشكارا يۈزىگە سېلىپ بۇنداق قىلماسلىق ھەققىدە





گەپ قىلىڭ، بۇنىڭغىمۇ كۆنمىسە، ئۇنى مات قىلىشنىڭ ئامالىنى قىلىڭ ياكى بولمىسا، چېقىمچىنىڭ ئىشلىرىدىن قارشى تەرەپنى خەۋەرلەندۈرۈپ، ئېھتىيات قىلىشنى ئېيتىڭ، مۇمكىن بولسا ئىككىيلەن بىرلىشىپ چېقىمچىنى مات قىلىشقىمۇ بولىدۇ. بۇ ئەڭ ئاددىي ئۇسۇللارنىڭ بىرى.

ھەقىقەتەن، بەزى كىشىلەر پۈتۈن ئەس - يادى بىلەن چېقىمچىلىق قىلمايدۇ، بەلكى بىلىپ - بىلمەي ئاشۇنداق قىلىشىمۇ مۇمكىن، بۇنداق چاغدا سىزدە چېقىمچىنىڭ سۆزىنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان، ئۇنىڭ نېمە مەقسەتتە شۇ گەپنى دەۋاتقانلىقىنى ئېنىق ئايرىيالايدىغان ئەقىل بولۇشى كېرەك. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە پەرۋا قىلماي، خام خىيالىنى ئەمەلگە ئاشۇرماسلىقىڭىز كېرەك.

بەزىدە چېقىمچىلارنىڭ ئېلىپ كەلگەن سۆزلىرى ئادەمنى ھاياجانغا سالىدۇ، قارشى تەرەپكە قاتتىق غەزىپىمىز تاشىدۇ، ھەتتا چېقىمچىنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ بىرەر ھەرىكەت قوللىنىپ قېلىشىمىزمۇ مۇمكىن. بۇنداق چاغدا ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، خەلقىمىزنىڭ «بۈگۈنكى ئاچچىقنى ئەتىگە قوي» دېگەن ھېكمىتى ھەردائىم ئېسىڭىزدە بولسۇن، ئەگەر سىز ئاچچىقنى ئەتىگە قويالىسىڭىز، سىز چوقۇم ئۆزىڭىزنىڭ چېقىمچىنىڭ سۆزىگە كىرىپ كەتكىلى ئاز قالغانلىقىڭىزنى ھېس قىلماي قالمايسىز.

چېقىمچىلىقنىڭ ھەر خىل ئۇسۇللىرى بار، چېقىمچىلار ئۆز مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ھەرقانداق بەدەل تۆلەشكە رازى بولىدۇ، سىز بىلىپ - بىلمەي بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى ئۇلار قۇرغان تۇزاققا چۈشۈپ قېلىشىڭىز مۇمكىن. تۇزاققا چۈشكەندىن كېيىن پۇشايمان قىلغانلىقنىڭ پايدىسى يوق، شۇڭا، چېقىمچىلاردىن ھەر دائىم ئېھتىيات قىلىشىڭىز لازىم.

## سوئال: مەن ھازىرغىچە نۇرغۇن چېقىمچىلارغا ئۇچراپ باقتىم،

**بەزىلىرىگە ئىشىنىپ قالغان چاغلىرىممۇ بولغان، يېشىمنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ چېقىمچىلارنىڭ سۆزلىرىنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان بولۇپ قالدىم. ئەمما ئەتراپىمدا يەنىلا چېقىمچىلار كۆپ، خىزمەتداشلار بۇ سەۋەبتىن ئىناق ـ ئىتتىپاق ئۆتەلمەيدۇ، بىر ـ بىرىگە ئىشەنمەيدۇ. بۇ خىل ئەھۋالنى يوقىتىش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟**

جاۋاب: چېقىمچىلار كىچىككىنە مەنپەئەت ۋە كۆڭۈل خۇشلۇقىنى دەپ ئىككى ياخشى نىيەتلىك ئادەمنىڭ ئارىسىنى بۇزۇشقا ئۇرۇنىدۇ ۋە بۇ ئىشنى ئوڭۇشلۇق ئەمەلگە ئاشۇرالىغانلىقىدىن خۇشاللىق تاپىدۇ. ئادەم سانى ئوندىن ئاشىدىغان ئىدارە ـ ئورگانلاردا ھەر خىل، ھەر تىپتىكى چېقىمچىلىق ئەھۋاللىرى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە مەۋجۇت. نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق بولىدۇ؟ بۇنىڭدىكى سەۋەب شۇكى، بەزىلەر كىچىككىنە مەنپەئەتنى دەپ باشلىقىقا خۇشامەت قىلىدۇ، ئاندىن باشلىقىقا ياخشى كۆرۈنۈش يۈزىسىدىن ئۈستۈن كەلگۈچىلەرنى باشلىقىقا چاقىدۇ، باشلىق ئارىدا بۇ گەپنى ھەر خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق ھېلىقى كىشىگە يەتكۈزىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئارا بۇزۇلىدۇ، ئۇنى بۇنىڭغا، بۇنى ئۇنىڭغا چېقىش تۈگىمەيدۇ. بۇ ئارىدا ئەڭ زور مەنپەئەتلەنگۈچى باشلىق بولۇپ قالىدۇ، ئۇ مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قانداق قىلىمەن دېسە شۇنداق قىلىدۇ، نېمىنى قىلىشنى خالىسا شۇنى قىلىدۇ، چۈنكى، ئۇ ئىدارىدىكىلەرنىڭ بىر ـ بىرىنى چېقىش، يامان گېپىنى قىلىش بىلەن ئالدىراشلىقىنى، باشقا ھەرقانداق ئىشنى قايرىپ قويغانلىقىنى بىلىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، سىز باشقىلارنىڭ چېقىمچىلىقىقا ياتىدىغان بىرەر گېپىنى ئاڭلىغان ھامان قۇلاق يوپۇرۇۋېلىڭ، ئىمكاس قايتۇرماڭ، مۇمكىن بولسا ئىدارىدىكىلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ چېقىمچىلارنى مات قىلىشقا ھەرىكەت قىلىڭ. باشلىق بولغۇچىغا





ئىدارىنىڭ كەيپىياتىنى تۈزەش، ئىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ئۈندەش كېرەك.

بىزنىڭ ئىدارىدە چېقىمچىلىق ئەھۋالى ناھايىتى ئېغىر ئىدى، بىر كۈنى خىزمەتنى ئەڭ جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەيدىغان بىر كىشىنى ئىشقا يارىمايدىغان بىرى چېقىپ بېرىپتۇ، ھەتتا يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنغا بېرىپ چېقىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىدارە باشلىقى ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ئۇ كىشىنى قوغداپ قاپتۇ. لېكىن، پالانچى سىزنى مۇنداق دەپ چېقىپتىكەن، مەن مۇنداق دەپ قۇتقۇزۇپ قالدىم دەپ قويۇپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ھېلىقى كىشىنىڭ قورسىقى خېلىلا كۆپتى، ھېلىقى كىشى مۇشۇنداق دەپتۇ، مېنى چېقىپتۇ، بىر ئىشخانىدا ئىشلەيدىغانلارمۇ مۇشۇنداق بولامدۇ دەپ كۆڭلى يېرىم بولدى، بىز ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ سۈكۈت قىلىشنى، ھەرگىز بۇ تۈزاققا دەسسەپ سالماسلىقنى ئېيىتسىمۇ ئۇنىمىدى. شۇنىڭ بىلەن ھەممە ئىش ئىزىغا چۈشۈپ كەتتى. باشلىق ئۇنى قۇتقۇزۇپ قالغانلىقىنى پات ـ پات ئېسىگە سالىدىكەن، بىر كۈنى ئۇ باشلىقىقا: مېنىڭ شۇنچىلىك كەمچىلىكلىرىم بولغانىكەن، مېنى ئىشتىن قالدۇرۇۋېتىڭ، بولمىسا مۇشۇ گەپنى مېنىڭ ئالدىمدا دېمەڭ، دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھېچنېمە قىلمىغاندەك يۈرگىنى بىلەن ئارىدا چېقىمچىلىقنىڭ دېپىنى چېلىۋاتقان باشلىق جىم بولۇپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ خىزمەتدىشىمىزنىڭ بېشى ساقايدى، ئۇنىڭ ئالدىدىن ياكى كەينىدىن گەپ قىلىدىغانلارمۇ قۇيرۇقىنى قىستى.

دېمەك، چېقىمچىلار كۆرەڭلەپ كەتكىنى بىلەن، بەربىر ئۇلارنىڭمۇ كەمچىلىكلىرى بولىدۇ، سۈكۈت قىلىپ، پايلاپ تۇرۇپ زەربە بەرگەندە، چوقۇم ئۇلارنى جىمىقتۇرۇپ قويغىلى بولىدۇ.

# خەيرخاھلىق

**سوئال: خەيرخاھلىقنىڭ تەبىرى قايسى؟ ئۇ بىزگە قانداق شان - شەرەپلەرنى ئاتا قىلىدۇ؟**

جاۋاب: ھەرقانداق ئىشتا بىر - بىرىمىزگە پايدا يەتكۈزۈشنى خەيرخاھلىق دەپ ئاتىساق بولىدۇ. خەيرخاھلىق بىر ئىنسانىي بۇرچتۇركى، كىشى ئۆزىگە لايىق كۆرمىگەن ئىشنى باشقا بىر قېرىندىشىغا مۇناسىپ كۆرمەسلىكى ۋە ئۇنى ئەگرى يوللاردىن، يامان ئىشلاردىن كۈچى يەتكەنچە قايتۇرۇشى ھەم ئۇنىڭغا ياردەم قىلىشى لازىم. ئىنسانلار بىرى باشقا بىرىنىڭ ياردىمىگە موھتاج قىلىپ يارىتىلغاندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن يەر يۈزىدىكى ئىنسانلار زامان بارلىققا كەلتۈرگەن نىزام ۋە قانۇن بويىچە بىرى ئىككىنچىسىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆمرىنى ئۆتكۈزىدۇ. كىشى ھەر قانچە باي ۋە ئېتىبارلىق بولسىمۇ، ھېچقاچان موھتاجلىق بالاسىدىن قۇتۇلالمايدۇ.

باي پېقىرگە، پېقىر بايغا، مۇئەللىم شاگىرتقا، شاگىرت مۇئەللىمگە، ئاتا - ئانا پەرزەنتلەرگە، پەرزەنتلەر ئاتا - ئانىغا موھتاجدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر كىم ئۆز ئۈستىگە يۈكلەنگەن بۇرچىنى توغرىلىق ۋە خەيرخاھلىق بىلەن ئادا قىلىشى كېرەك. خەلقىمىزنىڭ ئۆرپ - ئادىتىدە كىشىلەرگە بۇ دۇنيا راھىتى ۋە ئاخىرەت سائادىتى ئۈچۈن قولىدىن كېلىشىچە خىزمەت ۋە ياردەم قىلىش ۋاجىب قىلىپ بەلگىلەنگەندۇر.

**سوئال: خەيرخاھلىق قىلىشنىڭ ئۇسۇللىرى قايسى؟**

جاۋاب: خەيرخاھلىق قىلىشنىڭ ئۇسۇللىرى ناھايىتى كۆپ.





كونكرېت ئېيتقاندا، بىزنىڭ قۇدرىتىمىز يېتىدىغان، بىزگە موھتاج بولغان بارلىق كىشىلەرگە قولىمىزدىن كېلىشىچە ياردەم قىلساق، مانا بۇ نەق خەيرخاھلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

خەيرخاھلىق قىلىش ھەققىدە فەرىدىددىن ئەتتار مۇنداق دەيدۇ: خەيرلىك ئىشلارنى قىلماقچى بولساڭ ئۇنى قولۇڭدا قىل. مېلىڭدىن پېقىرلارغا، دەرۋىشلەرگە ھەسسە ئايرى. ئۆز قولۇڭ بىلەن بەرگەن بىر ئاقچا سەندىن كېيىن بېرىلگەن يۈز ئاقچىدىنمۇ ئەھمىيەتلىكتۇر. قولۇڭدا بەرگەن بىر تازا خورما سەندىن كېيىن (روھىڭ ئۈچۈن) بېرىلىدىغان يۈز مىسقال ئالتۇندىنمۇ مەقبۇلدۇر. ئاچلىق ۋە قولدىن، پۇتتىن ئايرىلغان ھالەتتىمۇ خەير - ئېھسان قىلىشتىن يانما.

بۇ ئىش، خۇددى قۇسقان بىر ئادەمنىڭ يەنە قۇسقىنىنى يېمەكچى بولغىنىغا ئوخشايدۇ. بۇ يىرگىنچلىك ئىشقا كىم رازى بولۇر؟ ئاتا ئوغلىغا بىرئاز نەرسە بەرسە ئۇنىڭدىن كۆپ ئىستەش يارىشۇرمۇ؟ ئوغلۇم: مال ۋە ئالتۇندا خۇشاللىق ئىزدىمە. يەنە بىرسىگە ئېھسان قىلغان نەرسىدىن تەمە قىلما. دۇنيا خۇشاللىقى باشتىن - ئاياغ قازايى - قەدەردۇر. ئۇنىڭ خۇشاللىقى كەينىدە ماتەم باردۇر.

# ناچار خۇيلارنى ئۆزگەرتىش

**سوئال: ئۆزىمىزدىكى ناچار خۇيلارنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن قانداق قىلىشىمىز لازىم؟**

جاۋاب: ئىنسان ئۆز قۇسۇرلىرىنى ياخشى بىلىدۇ. بۇنى ئىشىنىدىغان ئاغىنىسىدىن سوراپمۇ بىلىۋالىدۇ. سادىق دوستلارمۇ ئۇنى تەھلىكىلەردىن، قورقۇنچلاردىن مۇھاپىزەت قىلىدىغان دوستلاردۇر. مانا مۇشۇنداق دوست تېپىش ناھايىتى مۇشكۇلدۇر.

دۈشمەنلەرنىڭ ئۆزلىرىنى تىللاشقا ئىشلەتكەن سۆزلىرىمۇ ئادەمگە ئۆز كەمچىلىكلىرىنى بىلدۈرۈپ قويىدۇ. چۈنكى دۈشمەن ئادەمنىڭ ئەيىبلىرىنى ئىزدەپ، ئۇنى يۈزىگە سالىدۇ. ياخشى دوستلار بولسا ئادەمنىڭ ئەيىبلىرىنى بەك كۆرۈپ كەتمەيدۇ.

باشقا بىرسىدە بىر ئەيىب كۆرگەندە بۇنى ئۆزىدىن ئىزدەش، ئۆزىدە بولسا بۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ كېتىشكە تىرىشىشمۇ، يامان خۇيلاردىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىلىرىدۇر.

**سوئال: ئۆزىمىزدە بولغان يامان خۇيدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟**

جاۋاب: ئۆزىدە يامان خۇي بولغان كىشى بۇنى يوقىتىۋېتىشنىڭ سەۋەبلىرىنى ئىزدىشى، بۇنى يوق قىلىشقا، بۇنىڭ ئەكسىنى قىلىشقا تىرىشىشى لازىم. يامان خۇيدىن قۇتۇلۇش، بۇنىڭ ئەكسىنى قىلىش ئۈچۈن كىشىلەر بىلەن كۆپ ئۇچرىشىش كېرەكتۇر. چۈنكى، ئىنساننىڭ يوقىتىۋالغان نەرسىدىن قۇتۇلۇپ كېتىشى ناھايىتى مۇشكۇلدۇر. يامان





نەرسىلەر نەپسكە تاتلىق بىلىنىدۇ. ئادەمنىڭ يامان ئىشنى قىلىپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن رىيازەت چېكىشى، نەپسكە ئېغىر كېلىدىغان ئىشلارنى ئادەت قىلىشىمۇ پايدىلىق ئىلاجدۇر. يامان خۇيلارنىڭ ئېلىپ كېلىدىغان زىيانلىرى ھەققىدىكى ھېكايىلەرنى ئوقۇش، ئاڭلاشمۇ پايدىلىق ئىلاجدۇر.

**سوئال: ئەخلاق ئۆزگىرەمدۇ؟**

جاۋاب: ئەخلاق ئۆزگىرىدۇ. ھېچقانداق ئادەمنىڭ خۇيى تۇغۇلغان ۋاقتىدىكى بويىچە قالمايدۇ. كېيىن ئۆزگىرىپ بارىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئادەم يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ ئەخلاقىنى ياخشىلاشقا تىرىشىشى، يېتەرسىزلىكلىرىنى تۈزىتىشكە تىرىشىشى، ئەخلاقتا كامالەتكە يېتىشكە ئىنتىلىشى لازىم.

**سوئال: ياخشى خۇيلۇق بولۇشنىڭ چارىسى نېمە؟**

جاۋاب: يامان نىيەت بولمىغان ھېكمەت، ئادالەت، ئىپپەت ۋە شىجائەت ياخشى ئەخلاقنىڭ مەنبەسىدۇر. ياخشى خۇيلۇق بولۇش ئۈچۈن ۋە ياخشى ئەخلاقنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن ياخشى كىشىلەرگە، ياخشى خۇيلۇقلارغا دوستانىلىق قىلىش لازىم.

ئەخلاقنى بۇزىدىغان، شەھۋەتنى ھەرىكەتكە كەلتۈرىدىغان سېرىق كىنو، كىتابلارنى ئوقۇماسلىق، كىنولارنى كۆرمەسلىك كېرەك.

مالنى خەيرلىك ئىشلارغا سەرپ قىلىش، خەيرلىك ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇش، نىيەتنى توغرا تۇتۇش ناھايىتى مۇھىمدۇر.

**سوئال: «قان بىلەن كىرگەن خۇي جان بىلەن چىقار» دېگەن گەپ بار، يامان خۇي ئۆزگەرمەسمۇ؟**

جاۋاب: «قان بىلەن كىرگەن خۇي جان بىلەن چىقار» دېگەن

گەپ غەزەپ ۋە شەھۋەتكە ئوخشاش ئىنساننىڭ ئۆمرىگە مۇناسىۋەتلىك نەرسىلەرنىڭ يوقىلىپ كەتمەيدىغانلىقىغا قارىتا ئېيتىلغان. تەربىيە قىلىش باشقا، يوق قىلىش باشقىدۇر. نەسىھەت بىلەن ئىنسان تەربىيىلىنىدۇ. خۇيىنى ئۆزگەرتىش مۇمكىن بولمىغانلىقى ئۈچۈن، كىچىكىدىن باشلاپ ياخشى تەربىيە مۇھىتىدا ئۆستۈرۈش، ياخشى خۇيلۇق بولۇشقا يېتەكلەش ھەممىدىن مۇھىم.

ئەقىلسىز ھايۋانلارغىمۇ بىر نەرسىلەرنى ئۆگىتىش مۇمكىن بولۇۋاتقان يەردە، يامان خۇيىنى ئۆزگەرتىش ئۇنچىۋالا تەس بولماسلىقى مۇمكىن، بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش پەقەت ئىخلاس قىلىش ـ قىلماسلىق بىلەنلا بەلگىلىنىدۇ.





# دوستلۇق

**سوئال: دوستلۇقنىڭ ھۆكمى نېمە؟ بىز نېمە ئۈچۈن دوستلۇققا موھتاج بولىمىز؟**

جاۋاب: دوستلۇق كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئارىسىدىكى مېھىر ـ مۇھەببەت ئاملى بولۇپ، كۆڭۈلنى ئاۋۇندۇرۇش، زىچ ھەمكارلىشىش، خۇشاللىقتىمۇ، خاپىلىقتىمۇ بىرگە بولۇش ئارزۇسى بويىچە ئورنىتىلغان كۆڭۈل رىشتىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئادەمدە كىچىك چېغىدىن باشلاپلا كۆڭۈل تارتقان كىشىلەر بىلەن دوست بولۇش، يېقىن ئۆتۈش ئارزۇسى تۇغۇلىدۇ، ياشنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ بىرگە ئويناپ چوڭ بولغان، ياخشى ئۆتۈشىدىغان، كۆڭۈل چۈشىدىغان تەڭتۇشلار بىلەن بىلىپ ـ بىلمەي دوستلۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىلىدۇ. ئەگەر بۇ چاغدا ئورنىتىلغان دوستلۇق كېيىنكى سىناقلارغا بەرداشلىق بېرەلىسە، مەڭگۈلۈك دوستلۇققا ئۆزگىرىپ كېتىدۇ.

تىرىك ئادەم ئەلۋەتتە دوستسىز بولمايدۇ. كىم بىلەن دوست بولسىڭىز، ئەلۋەتتە دوستلۇق قائىدىلىرىگە تولۇق رىئايە قىلىشىڭىز كېرەك. ھەر كىم دوستىنى ئېسىگە ئالمىسا، دوستىمۇ ئۇنى ئېسىگە ئالمايدۇ. كىمنىڭ دوستى كۆپ بولسا، ئۇنىڭ ئەيىبى يېپىلىدۇ. يېڭى دوست تاپسىڭىز، كونىسىدىن يۈز ئۆرۈمەڭ.

ياخشى دوست كىشىگە كاتتا خەزىنىدۇر. بەزىلەر سىز بىلەن يېرىم دوست بولىدۇ. ئۇلار بىلەنمۇ ياخشى ئۆتۈڭ. ياخشىلىقىڭىزنى كۆرسە، ئاستا ـ ئاستا سىز بىلەن بىر جان ـ بىر تەن بولۇپ چىن دوستقا ئايلىنىدۇ.

دوست شۇنداقكى، سۆھبىتىڭنى مالال كۆرمەيدۇ، يىراقتا يۈرسەڭ ئۇنتۇمايدۇ، بايلىقىڭدا ۋە كەمبەغەللىكىڭدە ئۆزگەرمەيدۇ، ھاجىتىڭ چۈشسە جان ـ جەھلى بىلەن ئورۇنداشقا كىرىشىدۇ، قىلغان ياخشىلىقىنى مىننەت قىلمايدۇ، بىرەر ھاجىتى بولسا سېنىڭدىن يوشۇرمايدۇ، ھال ـ ئەھۋالىنى سىرت تۇتمايدۇ، ساڭا قانچە كۆپ ياخشىلىق قىلسا، ئۇنى شۇنچە ئاز دەپ ھېسابلايدۇ، سېنىڭدىن ئازراق ياخشىلىق كۆرسە ئۇنى كۆپ دەپ بىلىدۇ. ئۆزىنى ھەممە ئىشتا سېنىڭ بىلەن ھەمنەپەس ھېسابلايدۇ.

دوستلۇق دەپ ھەر كىم ئۆز تەگدىشى، مەسلەكدىشىنى تېپىپ ئۇلپەت بولماقچى ئېيتىلىدۇ. دۇنيانىڭ لەززىتى سادىق دوستلار بىلەن سۆھبەتلەشمەكتىن ئىبارەت.

ئەخلاق ئىلمى يۈزىسىدىن چىن دوست ۋە سادىق يار بىلەن ئۇلپەت بولۇش لازىم. چۈنكى، بەزى كىيسەللىكلەر يۇقىدىغىنىغا ئوخشاش، نادان، ئەخمەق كىشىلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ۋە يامان خۇلقلىرىنىڭ تەسىرى باشقىلارغا يۇقۇشى ۋە ئۆتۈشى مۇقەررەر. ئۇنىڭ ئۈستىگە دوست سۈرىتىدە كۆرۈنىدىغان بەزى ئىككى يۈزلىمە، مۇناپىق دۈشمەنلەرمۇ باردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر قانداق كىشىگە سىنىماستىن، بىلمەستىن دوستلۇق قىلىش، سىر ئېيتىش چوڭ ئەقىلسىزلىقتۇر. چىن دوست بولغان كىشى بېشىڭىزغا كۈلپەت ۋە قايغۇ كەلگەن ۋاقىتلاردا سىز بىلەن بىرگە قايغۇرىدۇ، خاتىرىڭىزدىكى قايغۇنى تەڭ تارتىشىدۇ. بۇنداق دوست سىرىڭىزنى نائەھلى ۋە نادان كىشىلەرگە ئېيتماستىن، ئەيىبىڭىزنى ئارقىڭىزدىن سۆزلىمەستىن يۈزىڭىزگە ئېيتىدۇ، شادلانسىڭىز سىز بىلەن بىرگە شادلىنىدۇ. يالغان دوست سىزگە سىزدىن بىرەر پايدا ئۈندۈرۈۋېلىش ئۈمىدىدە ياكى ئۆز بېشىغا كەلگەن زىياننى قايتۇرۇش غەرىزىدە مۇناپىقانە دوستلۇق قىلىدۇ، سىرىڭىزنى





نائەھلى كىشىلەرگە سۆزلەپ، قەدىر ـ ئېتىبارىڭىزنى پايمال (ئاياغ ئاستى) قىلىدۇ. بۇنداق كىشىلەر بىلەن دوستلاشقاندىن كۆرە دوستسىز يۈرگەن ياخشىراقتۇر.

سۇقرات ھېكىم ئېيتىدۇ:

ئەگەر بىراۋنى ئۆزىڭىزگە دوست قىلماقچى بولسىڭىز، ئاۋۋال ئۇنىڭ تەرجىمىھالىنى ياخشى چۈشىنىڭ. بىرىنچىدىن ئۇ كىشى ياشلىق ۋاقتىدا ئاتا ـ ئانىسىغا قانداق مۇئامىلىدە بولغان؟ ئىككىنچىدىن قېرىنداش ۋە تەڭتۇشلىرى ئۇنىڭ مۇئامىلىسىدىن رازى بولغانمۇ؟ ئۈچىنچىدىن ئۇ ئادەم ياشلىق ۋاقتىدا گۈزەل مۇئامىلىسى بىلەن ھەممىنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە جەلپ ئەتكەنمۇ ياكى ئەخلاقسىزلىق بىلەن ھەممىنى ئۆزىدىن بەزدۈرگەنمۇ؟ تۆتىنچىدىن بىراۋ ياخشىلىق قىلغان بولسا، ئۇ ئادەمدىن مىننەتدار بولغانمۇ، ئۇنىڭغىمۇ ياخشىلىق قىلغانمۇ؟ بەشىنچىدىن كەيپ ـ ساپا، ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلگەنمۇ، ئۆز مەنپەئىتىنىلا كۆزلەمدۇ ـ يوقمۇ؟

**سوئال: دوست تۇتۇشتا قانداق قائىدە ـ پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىش كېرەك؟**

جاۋاب: ھايات يولىڭىزدا سىزگە دوستلارمۇ، دۈشمەنلەرمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ، ئەگەر دوستلۇق قائىدىلىرىگە ياخشى ئەمەل قىلمىسىڭىز، دوستۇم دەپ يۈرگەن كىشىلەر ئارىسىدىن دۈشمىنىڭىزنى تېپىۋېلىشىڭىز مۇمكىن. شۇڭا، دوستىڭىزنىڭ دوستلىرىنى ئۆز دوستۇم، دۈشمەنلىرىنى بولسا دۈشمىنىم دەپ ساناڭ. دوستىڭىزغا دۈشمەن، دۈشمىنىڭىزگە دوست بولغان كىشى ۋە كەم ئەقىل كىشى بىلەن ئەسلا دوست بولماڭ. ئەقىلسىز، نادان دوست ئەقىللىق دۈشمەندىن يامان. دوستۇم كۆپ دەپ، ھەممىگە ئوخشاش قارىماڭ. تۇرمۇشىڭىز مول، پاراغەتتە ئۆتۈپ تۇرغان ۋاقىتتا ئۆزىنى دوست كۆرسىتىپ،

مۇھتاجلىقتا چۈشۈپ قالغىنىڭىزدا تاشلاپ كەتكەن كىشىلەرنى دوستۇم دېمەڭ. چۈنكى، ئۇلار ھەقىقىي دوست ئەمەس، بەلكى «مەنپەئەتنىڭ دوستى» دۇر. سىرىڭىزنى دوستلىرىڭىزدىنمۇ يوشۇرۇڭ. مۇبادا ئۇ بىر كۈنى دۈشمەنگە ئايلانسا، سىزگە زىيان يەتكۈزىدۇ، ئۇ چاغدا پۇشايمان قىلسىڭىز پايدىسى يوق. ئەگەر دوستىڭىز ھېچ سەۋەبسىز سىزدىن كۆڭۈل ئۈزسە، سىزمۇ ئۇنىڭ بىلەن بولغان دوستلۇقنى ئۈزۈڭ. تەمەگەر دوستتىن يىراق بولۇڭ، ئۇنىڭ دوستلۇقى ھەقىقىي ئەمەس، تەمە ئۈمىدىدىدۇر. تەمەخور كىشى ئەسلا دوست بولمايدۇ.

سوئال: قانداق كىشىلەر بىلەن دوستلىششقا بولىدۇ، قانداق كىشىلەر بىلەن دوستلىششقا بولمايدۇ؟

جاۋاب: دانالار «دوستسىز ياشاش مۇمكىن ئەمەس» دېيىشىدۇ. ئەمما ھەر قانداق كىشىنى دوست تۇتقىلى بولۇۋەرمەيدۇ. تۆۋەندىكى ئۈچ تائىپە كىشىلەر بىلەن دوستلىششقا بولىدۇ: بىرىنچىسى، ئىلىم ئەربابلىرى بىلەن، ئۇلارنىڭ سۆھبىتىدىن كىشى سائادەت تاپىدۇ؛ ئىككىنچىسى، ياخشى ئەخلاق ئىگىلىرى بىلەن، ئۇلار دوستىنىڭ خاتاسىنى توغرىلايدۇ، دوستىدىن ھېچقانداق مەسلىھەتنى ئايىمايدۇ؛ ئۈچىنچىسى، غەرەز ۋە تەمەدىن خالىي كىشىلەر بىلەن. دوستلۇقنى ساداقەت ۋە ئىخلاس ئاساسىغا قۇرۇش كېرەك.

ئۈچ گۇرۇھ كىشىلەر بىلەن دوستلىششتىن ساقلىنىش لازىم: بىرىنچىسى، ھەسەتخورلار ئەھلى بىلەن، ئۇلار غەيۋەت بىلەن مەشغۇلدۇركى، يا باشقىلارنىڭ راھىتىنى يا ئۆزلىرىنىڭ ھالاۋىتىنى كۆزلىمەيدۇ؛ ئىككىنچىسى، يالغانچى ۋە خىيانەتكارلار بىلەن، ئۇلار كىشى ئۈچۈن زىيانلىقتۇر. ئۇلار باشقىلار بىلەن سىزنىڭ ئۈستۈڭىزدىن يالغان سۆزلەرنى توقۇيدۇ. سىزگە بولسا باشقىلارنىڭ پىتنە قوزغىغۇچى گەپلىرىنى توشۇپ كېلىپ ئېيتىدۇ؛ ئۈچىنچى، نادان ۋە





ئەقىلسىز كىشىلەر بىلەن نە پايدا يۈزىسىدىن، نە زىيان يۈزىسىدىن ئۇلار بىلەن دوستلىششقا ھەرگىز بولمايدۇ.

**سوئال: ھەقىقىي دوستنىڭ قانداق پەزىلەتلىرى بار؟**

جاۋاب: دوست دوستىنىڭ يېنىدا بولسۇن ياكى يىراق يەردە بولسۇن، ئۇلار بىر ـ بىرىگە نىسبەتەن زادىلا ئۆزگەرمەيدۇ، بىر ـ بىرىنىڭ شادلىقىغا ھەمدەم بولىدۇ، بېشىغا غەم چۈشسە تەڭ قايغۇرۇشىدۇ، دوستىغا ياخشىلىق قىلسا ئۇنى ئۇنتۇيدۇ، دوستى ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلسا ھېچقاچان ئۇنتۇمايدۇ. ئەگەر، دوستىدا خاتالىق يۈز بەرسە كەچۈرىدۇ، دوستىغا ياخشىلىق قىلسا، ئۇ قاچان قايتۇرىدىكىن دەپ تەمە كۆزىنى تىكمەيدۇ.

ئەقىل ئىگىسى بولغان دوست ئارازلىشىپ قالغانلىق سەۋەبىدىن ئۆز دوستىنى تاشلىۋەتمەيدۇ، ئىمكانىيىتىنىڭ بارىچە ئاۋۋالقى دوستلۇقنى قايتا تىكلەشكە ئۇرۇنىدۇ. كىمكى ئەيىبلىك بولسا، ئەيىبلىك كىشى ئالدى بىلەن ئەپۇ سورىسا ۋە ئەيىبىگە ئىقرار بولسا، بۇرۇنقى دوستلۇق قايتا تىكلىنىدۇ. ئەمما، ھەر ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىگە ھومىيىپ، «سەن ئاۋۋال ئەپۇ سورا» دەپ قېيىدىشىپ يۈرسە، ئىتتىپاقلىق ئىتتىپاقسىزلىققا، مۇھەببەت بولسا ئاداۋەتكە ئايلىنىشى مۇقەررەردۇر.

**سوئال: دوستلۇقنىڭ مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەتلىرى قايسىلار؟**

جاۋاب: بىرەر كىم بىلەن دوستلىشىش ۋە سۆھبەتداش بولۇشتا سەككىز تۈرلۈك ھەق بار بولۇپ، ئۇلارغا تولۇق ئەمەل قىلىش زۆرۈر.

بىرىنچىسى، مال ھەققى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۈچ دەرىجە بار: بىرىنچى دەرىجە شۇنداقكى، سىز ئۆز ئائىلىڭىز ۋە بالىلىرىڭىزنى

قانداق مۇھاپىزەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھېچبىر قىينالماي ياشىشىنى بويىنۇڭىزغا ئالغان بولسىڭىز، دوستلىرىڭىزغا نىسبەتەنمۇ شۇنداق يول تۇتۇشىڭىز كېرەك؛ ھەرقاچان، ھەر زامان دوستلىرىڭىزنىمۇ ئۆزىڭىزدەك تەسەۋۋۇر قىلىشىڭىز لازىم. مەسىلەن، سىز ئۆز مال - مۈلكىڭىزگە قانداق ئىگىلىك قىلسىڭىز، ئۇلارنى ئىشلىتىشكە قانچىلىك ئەركىن بولسىڭىز، دوستلىرىڭىزنىڭمۇ شۇنداق يول تۇتۇشىغا ئىمكانىيەت بېرىڭ؛ دوستلىرىڭىزنىڭ ئىشىنى ۋە ئۇلارنىڭ مەنپەئىتىنى ئۆز مەنپەئىتىڭىزدىن يۇقىرى قويۇشىڭىز كېرەك.

ئىككىنچى، نەپس ھەققىدۇر. دوستلىرىڭىزنىڭ بېشىغا كۈن چۈشۈپ، سىزدىن بىرەر نەرسە ياكى ياردەم سوراپ كېلىشتىن ئىلگىرى، سىز ئۇلارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىشقا ئالدىرىشىڭىز كېرەك.

ئۈچىنچى، تىل ھەققىدۇر. دوستلىرىڭىزغا قاتتىق سۆزلىمەڭ، ئۇلارنىڭ ئەيىبلىرىنى يۈزىگە سالماڭ، كەمچىلىكلىرىنى كىشىلەردىن يوشۇرۇڭ، ياخشىلىقلىرىنى ماختاڭ، ئۇلارغا ساختا مۇئامىلىدە بولماڭ، ئۇلارنى شادلاندۇرىدىغان ۋە قۇۋاندۇرىدىغان ھەق سۆزلەرنى سۆزلەڭ.

تۆتىنچى، ئەزالار ھەققىدۇر، يەنى دوستلارنىڭ تەن ئەزالىرىدا بىرەر يامانلىق ياكى نۇقسان كۆرۈلسە، ئۇلار كەچۈرۈلىدۇ. بىرەر ئىشتا ئۆزرىسىنى ئېيتسا، كەچۈرۈلىدۇ.

بەشىنچىسى، ۋاپا ھەققىدۇر. ۋاپانىڭ مەنىسى شۇكى، دوستلۇققا سادىق بولۇش ۋە ئۇنىڭغا ئۆلگۈچە ئەمەل قىلىشتۇر. ئۆلگەندىن كېيىن بولسا بۇ ھەقنى دوستلارنىڭ باللىرىغا ياكى دوستلىرىغا نىسبەتەن داۋاملاشتۇرۇشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن دانالار: «تىرىكلىكىدە كۆرسىتىلگەن كۆپ ۋاپادىن ئۆلگەندىن كېيىن كۆرسىتىلگەن ئازغىنا ۋاپا ئەۋزەلدۇر» دېيىشىدۇ. چۈنكى، دوستلارغا ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىنمۇ داۋاملاشقان ۋاپا ئۇلارنىڭ





تىرىكلىكىدە قىلىنغان ۋاپاغا قارىغاندا ساپ ۋە تازا ھەم رىيادىن خالىي بولىدۇ.

ئالتىنچىسى، ئىخلاس ھەققىدۇر. بۇ شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، دوست ئۆزىدىن يىراقتا ياكى يېنىدا بولغان پەيتلىرىدە، ئۇنىڭغا بىر خىل مۇئامىلە قىلىنىشى، ئۆزگىرەمەسلىكى، ئىككى ئوتتۇرىدا بولغان مۇھەببەت ۋە ساداقەتكە رىئايە قىلىشتا زەررىچە نۇقسانغا يول قويۇلماسلىقى لازىم.

يەتتىنچىسى، يوقلاش ھەققىدۇر. بۇ شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، دوستلار تىرىكلىكىدە ۋە ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ئۇلارنىڭ ئۆزى ۋە ئەۋلادىمۇ ياخشى سۆزلەر بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ. ئۇلارغا ھەمىشە ئامەت تىلىنىدۇ، ئۆزىگە قانداقلىكى ياخشى نەرسە تىلىسە، ئۇلارغىمۇ قوشۇپ تىلەيدۇ.

سەككىزىنچىسى، ئۆزىنى تىزگىنلەشنى بىلىش ھەققىدۇر. بۇ شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ھەر قانداق ئورۇنسىز تەكەللۇپلارغا يول قويۇلمايدۇ. چۈنكى، تەكەللۇپچىلىق نالايىق ئىش بولۇپ، تەكەللۇپ قىلغۇچىنىمۇ، دوستلارنىمۇ قىينايدۇ ۋە قولايسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ.

**سوئال: قانداق كىشىلەر بىلەن دوستلىشىش مەقسەتكە مۇۋاپىق؟ دوستلىششقا بولمايدىغان كىشلەر قايسىلار؟**

جاۋاب: ئۈچ گۇرۇھ كىشىلەر بىلەن دوستلۇق يولىنى تۇتۇش مەقسەتكە مۇۋاپىقتۇر. بىرىنچىسى، ئىلىم ئەھلى بولۇپ، ئۇلار ئۆز ئۆمۈرلىرىنى ئىلمۇ ئەدەپ بىلەن ئۆتكۈزگەن ۋە ھاياتنىڭ ھەممە ئاچچىق - چۈچۈكىنى تېتىغان بولىدۇ؛ ئىككىنچىسى، خۇش تەبىئەتلىك سائادەتمەن كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار ئۆز دوستلىرىنىڭ ئەيىبلىرىنى باشقىلاردىن يوشۇرىدۇ ۋە ھېچقاچان ئاشكارىلىمايدۇ. دوستلىرىدىن سادىر بولغان خاتالارنى خىلۋەت جاي تېپىپ ئۆزلىرىگە ئېيتىدۇ ۋە ئۇلاردىن ئۆگۈت -

نەسىھەتنى ئايىمايدۇ. ئۈچىنچىسى، غەرەزسىز ۋە تەمەسىز كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ دوستلۇقى ھەقىقىي بولىدۇ، بىرەر پايدىنى كۆزلەپ دوستلاشقان بولمايدۇ.

ئۈچ تائىپە ئادەملەر باركى، ئۇلار بىلەن دوستلىشىشتىن ئېھتىيات قىلىش كېرەك. بىرىنچى خىلى، پىتنە - پاساتچى ئادەملەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھىممىتى بۇزۇق نەپسىنىڭ ئاستىدا پۈكۈلگەن بولىدۇ؛ ئىككىنچى خىلى ئەخمەق كىشىلەر بولۇپ، باشقا چۈشكەن زىياننى قايتۇرۇشتا ۋە بىرەر پايدىغا ئېرىشىشتە ئۇلارغا ئىشەنمەسلىك لازىم. كۆپ ھاللاردا ئۇلارنىڭ كەلتۈرگەن پايدىسى زىيان، خەيرلىك ئىشى بولسا ياۋۇزلۇقتىن بەتتەر بولۇپ چىقىدۇ؛ ئۈچىنچى خىلى يالغانچىلار بولۇپ، ئۇلار بىلەن بولغان سۆھبەت جانغا ئازاب، ئۇلپەتچىلىكى بولسا دىل ئۆيىنى خاراب قىلىدۇ، ئۇلار ياتلارغا سىنىڭ توغراڭدا يامان گەپلەرنى تارقىتىشىدۇ، باشقىلار ھەققىدە ساڭا دەھشەتلىك خەۋەرلەرنى يەتكۈزۈشىدۇ.

## سوئال: دوستلۇق دەرىخىنى قانداق ياشنىتىش كېرەك؟

جاۋاب: كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، دوستلار بىر - بىرىدىن ھېچ نەرسىسىنى ئايىماسلىقلىرى، دوستى كەمبەغەل - پەقىر بولسا، ئىلكىدە نېمىسى بولسا ئۇنىڭغا بېرىشى ۋە ياردەم قولىنى سوزۇشى كېرەك.

دوستلۇق يىپى ناھايىتى نازۇكتۇر. شۇڭلاشقا، ھەر ئىككى تەرەپ بۇ يىپنىڭ ئۈزۈلمەسلىكى ئۈچۈن قايغۇرمىقى كېرەك. بىر نامەقبۇل ئىش تۈپەيلى ئارىغا ئارازچىلىق چۈشسە، بۇ ئارازچىلىق ئۇلغىيىپ كېتىشتىن ئىلگىرى ئۆزرە سوراش يولىنى تۇتماق كېرەككى، ئۇ ھالدا ئىككى ئارىدىكى ئارازچىلىق تېزدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. ئارازچىلىق ئۈزىراپ كەتسە، گەرچە





ئۇ يەڭگىل بولسىمۇ مۇھەببەتنىڭ قايتا تىكلەنمىكى قىيىنلىشىدۇ، تىكلەنگەن تەقدىردىمۇ ئاۋۋالقىدەك بولمايدۇ.

## سوئال: دوستلۇقتا يارىمايدىغان ئىشلار قايسىلار؟

جاۋاب: جەمئىيەتتە، دوستلۇقتا يارىمايدىغان ئىشلار ناھايىتى كۆپ. فەرىدىددىن ئەتتار بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: بالام، دوست ساڭا زىيانلىق بولسا ئۇنداق دوستقا ھەۋەس قىلما، ۋازكەچ. ھەركىمنىڭ ئالدىدا سېنى ئوچۇق - ئاشكارا يامانلىغان كىشىلەرنى دوست ھېسابلىما، ئۇنىڭ بىلەن يولداشلىق قىلما. يەنە مەستلەر بىلەن ئەسلا ئولتۇرۇپ قويما. شۇنداق كىشىلەردىن ئۆزۈڭنى يىراقلاشتۇر. زاكات ۋە سەدىقىنى بەرمىگەن بايدىنمۇ ئۆمرۈڭ بولسىلا يىراق تۇر. سېنىڭ بىلەن مەنپەئەت ئۈچۈن كۆرۈشكەن بىر قېرىنداش ئالدىڭدا تىزلانسىمۇ، ئۇنىڭغا يېقىنلاشما.

يولسىزلاردىنمۇ يىراق تۇر. بالام، خەلقتىن ئايرىلىپ قالغان كىشىلەرگە ئەسلا مەرھابا دېمىگەيسەن. كېسەللەرنىڭ زىيارىتىگە بار، چۈنكى بۇ ئادەت ئىنسانلارنىڭ ئەڭ خەيرلىك ئىشىدۇر. قولۇڭدىن كەلسە ئۇسسۇزلارنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇر. مەجلىسلەردە دوستلارغا خىزمەت قىل. يېتىملارنىڭ ھال ۋە خاتىرلىرىنىمۇ سورىغىنكى، ئاللاھ سېنى دائىما ئەزىز قىلسۇن.

چۈنكى بىر يېتىمنىڭ بىردەم يىغلىشىدىنمۇ دەرھال تەڭرى ئەرشى تىترەشكە باشلايدۇ. بىر يېتىمنى يىغلاتقان زالىمنى جەھەننەم ساھىبى ئۆز ئوتىدا كاۋاپ قىلىدۇ. ئوغلۇم، سىرلىرىڭنى ئېچىۋېتىدىغان كىشىلەردىن يىراق تۇر. ياشلىقتا ياشانغانلارغا ھۆرمەت كۆرسەتكىنكى، سەنمۇ باشقىلار تەرىپىدىن ھۆرمەتلىك بولۇرسەن.

يوقسۇللارغا ياردەم قىلساڭ ناھايىتى ياخشىدۇر. چۈنكى بۇ

ئىش ۋەلىلەرگە يارىشىدىغان خۇيلاردىندۇر. توق قارنىڭغا ئەسلا تاماق يېمىگىنىكى، كۆكسۈڭنىڭ قەپىسى ئىچىدىكى يۈرىكىڭنى ئۆلتۈرمەيسەن. ئىنساننىڭ ئىللىتى ئاچ كۆزلۈكتىن كېلىدۇر.
كۆپ يېيىش كېسەللىك مەنبەسىدۇر. بەختسىز جايدا راھەت يوقتۇر. بەختسىز يالغانچىدىمۇ ۋاپا بولماس. ئەخلاقسىزنىڭ تۈۋسى قانداقسىگە ساغلام بولۇر؟ خەسىسلەرنىڭ ۋاپاسى ئاز بولۇر.

ئىككى يۈزلىمىلىكلەرنى دۈشمەن بىل. ئۇلاردىن ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىرىدىن غەملىك بول. دىنىڭنىڭ ساپ سۈدەك بولۇشى ئۈچۈن دائىما ھالال رىزىق ئىستە. ھارام رىزىق پېشىدە چاپقان كىشىنىڭ قەلبى، تېنى تامامەن ئۆلۈمگە مەھكۇمدۇر.





## دۈشمەنلىكتىن ساقلىنىش

**سوئال: بىر ئاغىنەم «بۇ زاماندا كۆپ دوست تېپىشقا ئۇرۇنما، ئەمما دۈشمەن تېپىۋالما» دېگەن بىر سۆزنى قىلدى. ئۇنداقتا، دوست تېپىش زىيانلىقمۇ؟**

جاۋاب: ياق، ئۇنداق ئەمەس. بۇ يەردە دۈشمەن تېپىۋالماسلىق مۇبالىغە قىلىنىۋېتىلگەن. «بىر دۈشمەن مىڭ دوستتىن يامان» دېمەكچى. بۇ يەردە زۆرۈر بولغاننى ئالدىن قىلىش كېرەك، ئالدى بىلەن زىيان يوق قىلىنىدۇ، زىيان يوقىتىلماي تۇرۇپ پايدا تەمىن ئېتىلمەيدۇ. دۈشمەنىنىڭ زىيان سېلىشىغا ياكى يېڭى دۈشمەن تاپماسلىققا پۇرسەت بەرمەسلىك كېرەك.

سىز دوستنى لايىقىدا تاللىمىسىڭىز، ئۇلار دۈشمەنگە ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. كونىلارنىڭ: «دۈشمەن دوست تۇتۇش جەريانىدا پەيدا بولىدۇ، شۇڭا دوستنى ياخشى تاللىمىساڭ، ئۇ كېيىن سېنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنىڭ بولۇپ قېلىشى مۇمكىن» دېگەن پىكرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. شۇڭا، ئەڭ ئالدى بىلەن دوستنى ياخشى تاللاش، سىناپ بېقىش، سىناقتىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن ھەقىقىي مەنىدە دوستلىشىش كېرەك. دوستلىشىشنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى ياخشى، ئەتراپلىق باشلانغاندا، بۇنداق دوستلۇقنىڭ ئاخىرىمۇ خەيرلىك بولىدۇ.

**سوئال: دۈشمەندىن قانداق قىلغاندا ساقلانغىلى بولىدۇ؟**

جاۋاب: دۈشمەنلەرنىڭ تاتلىق سۆزلىرىنى ئىشىنىپ

غۇرۇرلۇق ئىچىگە ئالمىسىلا، ئۇ قانچىلىك تىلياغلىمىچىلىق قىلسۇن، يىلىنىپ - يالۋۇرمىسۇن، بەرىبىر ئۇنىڭ سۆزلىرى ھىيلە - مىكىردىن خالىي بولمايدۇ. ئاداۋەت نىھالى ئۇنىڭ قەلبىدە يىلتىز تارتقانىكەن، شەكسىزكى، بۇ نىھالنىڭ مېۋىسى زىياندىن باشقا نەرسە بولمايدۇ.

بىلگىنكى، دۈشمەن نەسىھەتكە قاراپ ئىش تۇتۇش خاتا، ئەمما نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ قويۇش راۋا. ئۇنىڭ ئېيتقىنىغا قارشى ئىش تۇتسىڭىز توغرا قىلغان بولىسىز. بىر دانا ئېيتقانكى: ئەگەر بىر كىمنىڭ دوست ياكى دۈشمەنلىكىنى بىلمەكچى بولساڭ، ئۇنىڭغا مەسلىھەت سال، بەرگەن مەسلىھىتىنىڭ توغرا ياكى ناتوغرىلىقىغا قارا، شۇنىڭدىن خۇلاسە چىقىرىۋالىسەن!

دۈشمەنىنىڭ سۆزلىرىگە ئاسانلا ئىشىنىپ كەتمەڭ، ئۇنىڭ سۆزلىرى ھىيلە ۋە ئالدامدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ ئۆز مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ئۆزىنى ناھايىتى مۇلايىم قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ئىچكى دۇنياسىنى تاشقى دۇنياسى بىلەن بوياپ كۆرسىتىدۇ. سىزنىڭ غەپلەتتە قالغانلىقىڭىزنى بىلگەندە، تەدبىر ئوقىنى مەقسەت نىشانىسىگە ئاتىدۇ. ئۇ چاغدا سىزگە چارە - تەدبىر كۆرۈش پۇرسىتى كەتكەن بولۇپ، ھەسرەت ۋە نادامەت ياردەم بەرمەيدۇ.

## سوئال: دۈشمەننى كۆپەيتىۋالماسلىقنىڭ قانداق چارىلىرى بار؟

جاۋاب: ئاۋۋال دۈشمەننى كۆپەيتمەسلىككە دىققەت قىلىڭ. مۇبادا بىرەر كىشىنىڭ سىزگە دۈشمەن ئىكەنلىكىنى بىلسىڭىز، خاھ ئاشكارا، خاھ يوشۇرۇن ھالدا ئۇنىڭ خەۋپىدىن، ھەرىكىتىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرۇڭ، غاپىل بولماڭ. ئۆزىڭىزنى ئۇنىڭغا ھەرگىز قورقۇنچاق قىلىپ كۆرسەتمەڭ.

دۈشمەننى كىچىك، ئاجىز دەپ بىپەرۋا يۈرمەڭ. خۇسۇسەن





ئۆزىڭىزگە يېقىن كىشىنىڭ دۈشمەنلىكىدىن بەكرەك ھەزەر قىلىڭ. چۈنكى، ئۇنىڭ قىلغان ئىشىنى دۈشمەن قىلالمايدۇ. سەۋر قىلىڭ، دۈشمەنلىرىڭىزنى كۆپەيتمەڭ، ھەقىقىي دوستلىرىڭىزنى كۆپەيتىشكە ھەرىكەت قىلىڭ.

ئاچچىقىڭىز كەلگەندە ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ. سىلىق ۋە مۇلايىملىق بىلەن سۆزلەڭ. بىرەرسىنىڭ يۈزىگە ئوچۇق ئېيتالمىغان سۆزىڭىزنى ئۇ يوق ۋاقىتتا ئېيتىپ غەيۋەت قىلىپ يۈرمەڭ. ھەرگىز ئىككى يۈزلىمە، مۇناپىق بولماڭ. ئىككى يۈزلىمە كىشىدىن يىراق بولۇڭ، چېقىمچى ئادەمدىن ئېھتىيات قىلىڭ. چۈنكى، چېقىمچىنىڭ بىر سائەتتە بۇزغان ئىشىنى بىر يىلدىمۇ تۈزىگىلى بولمايدۇ. ھەر قانچە ھۆرمەتلىك بولسىڭىزمۇ، ئۆزىڭىزدىن تۆۋەن كىشىلەر بىلەن ئۇرۇشماڭ. فىساغورۇس ھەكىم: «بالادىن قۇتۇلۇشنى خالىساڭ، ئون ئىشنى تەرك قىل. ئۆزۈڭدىن زور كىشى بىلەن ئۇرۇشما، قوپال ۋە جاھىل كىشى بىلەن تالىشىپ ئولتۇرما، ھەسەتخور بىلەن بىر مەجلىستە بولما. نادان بىلەن مۇنازىرە قىلما، سىناشمىغان كىشى بىلەن دوست بولما. يالغانچى كىشى بىلەن مۇئامىلە قىلما، بېخىل ئادەم بىلەن ھەمسۆھبەت بولما، ئاياللار بىلەن مۇئامىلە قىلما، بېخىل ئادەم بىلەن ھەمسۆھبەت بولما، ئاياللار بىلەن بىر يەردە كۆپ تۇرما، قىزىققان ۋە رەشك قىلىدىغان ئادەم بىلەن شاراب ئىچمە، ئابرۇيۇڭدىن جۇدا بولۇپ قېلىشنى خالىمىساڭ، سىرىڭنى كىشىلەرگە ئېيتما» دېگەن.

ئەگەر بىر ئادەم سىزگە ئەيىب - كەمچىلىكلىرىڭىزنى ئېيتسا، قوبۇل قىلىڭ ۋە ئۇنى تۈگىتىشكە غەيرەت قىلىڭ. سىزگە ئېھتىياجى چۈشۈپ ھال ئېيتىپ كەلگەن كىشىنى كەمسىتمەڭ، بەلكى ياردەم قىلىپ، ئۇنى ھاجىتىدىن چىقىرىڭ. ئۆزىڭىزدىن كىچىكلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىڭ، ئۇلارغا مېھرىبان بولۇڭ. چۈنكى، كىچىكلەر سىزنىڭ

ئېكىنزارلىقىڭىزدۇر. كەلگۈسىدە بارلىق ئىشلىرىڭىز ئۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن پۈتىدۇ. ئەگەر ئېكىنزارىڭىز ۋەيران بولمىسا، تۇرمۇشىڭىز تىنچ ئۆتىدۇ. دوست - دۈشمەنلەرگە مۇرۇۋۋەتلىك بولۇڭ. ھەممىنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولۇشنى خالىسىڭىز، كىشىلەرگە خەيرخاھلىق قىلىش يولىنى تۇتۇڭ.

فەرىدىددىن ئەتتار مۇنداق دەيدۇ: ئەي ئەقىل ئىگىسى، دۇنيادا چۈشكۈنلۈككە ئۇچرىماسلىق ئۈچۈن ئىككي كىشىدىن ساقلان.

ئاۋۋال غوۋغاچى تەبىئەتلىك دۈشمەندىن، ئاندىن جاھىللار بىلەن دوست بولۇشتىن يىراق تۇر. ئۆزۈڭنى دۈشمەن بىلەن يىراقلاشتۇرۇش بىلەن تەڭ جاھىل دوستنى يېنىڭدىن ئايرىشقا تىرىش. بالام: خەلققە سەت گەپ قىلما. ئۇلارغا قاتتىق تەگسەڭ سەندىن يۈز ئۆرۈيدۇ. ئەڭ گۈزەل خۇيلۇق كىمدۇر، بىلەمسەن؟ خەلققە ئىنساپلىق ھەرىكەت قىلىپ ئۇنىڭ بەدىلىنى ئىستىمىگەن كىشى. پېقىرلاچە تاتلىق گەپ قىلماق، شۇ كىشىگە يىپەك كىيدۈرۈشتىنمۇ مەقبۇلدۇر.

ئاچچىقنى يەڭمەك ھەرقانداق باشبۇغنىڭ ئادىتىدۇر. بۇ ئىش ئاچچىق بولسىمۇ شېكەردىن تاتلىقتۇر. جاھاندا خەلق بىلەن ياخشى ئۆتمىگەن كىشىنىڭ ھاياتى شۈبھە يوقكى، بەك ئاچچىق ئۆتىدۇ. لەنەتگەردى ۋە خەيرسىز ئادەم ياخشى بىلگىنكى، سۈتى بۇزۇق بىر ئىنساندۇر، ئەزىزىم. خەلقنىڭ گەپ - سۆزىدىن قۇتۇلماقچى بولساڭ، دائىما پاكىز ئىنسانلار بىلەن ئولتۇر.

ئومۇمەن، دۈشمەنلىك بولۇشتىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىڭ، دوستنى كۆپ تۇتۇڭ، ئېھتىيات بىلەن سىنىشىپ دوست ئىزدەڭ، دۈشمەن تېپىۋالماڭ، شۇنداق قىلسىڭىز، كۆنلىرىڭىز مەنىلىك ۋە خاتىرجەملىكتە ئۆتىدۇ.





# دىيانەت

## سوئال: دىيانەتنىڭ ھۆكمى نېمە؟ دىيانەتلىك بولۇشنىڭ پايدىلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: دىيانەت ئادەملەردىكى پاك ۋە مۇقەددەس ئېتىقادنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، ئالەمدە بۇنىڭدىن سۆيۈملۈك نەرسە يوقتۇر.

ئەقىدە ۋە ئېتىقادى چىڭ بولمىغان كىشىلەر ھەقنى باتىلدىن (خاتادىن، يالغاندىن)، پايدىنى زىياندىن، ئاقنى قارىدىن، ياخشىنى ياماندىن ئايرىيالمايدۇ. مۇنداق كىشىلەردىن نە ئۆزىگە، نە باشقا كىشىلەرگە، نە خەلقىگە قىلچە پايدا يوقتۇر.

دىيانەتلىك كىشى باشقىلارغا يامانلىق قىلمايدۇ، ھەسەت، كۆرەلمەسلىك، چېقىمچىلىق، ئورا كولاشتەك يامان خۇيلاردىن يىراق تۇرىدۇ، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ گۈزەل ئەخلاقى، ئېسىل پەزىلىتى، پاك - پاكىز قەلبى بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا شۆھرەتكە سازاۋەر بولىدۇ ھەمدە باشقىلارغا ئۈلگە بولۇش رولىنى ئوينايدۇ. دىيانەتى بار كىشىلەرنىڭ قەلبى يورۇق، ئەقىدىسى ساپ، ماڭغان يولى توغرا بولىدۇ. ئومۇملاشتۇرغاندا، ئادەم دىيانەتلىك بولسا بەختىنىڭ دەرۋازىسى ئېچىلىدۇ، ئىشلىرى روناق تاپىدۇ، ئال - مۈلكىنىڭ بەرىكىتى بولىدۇ ۋە ئۆزى ئېرىشمەكچى بولغان ھەرقانداق نەرسىگە ئېرىشەلەيدۇ. شۇڭا، بۇ دۇنيادا ئىنسانغا نىسبەتەن دىيانەتلىك بولۇشتىنمۇ ئارتۇق شەرەپ بولمايدۇ.

**سوئال: كىشىلەر ھازىر دىيانەتلىك بولۇشتىنمۇ بەك پۇلغا ئەقىدە قىلىدىغان بولۇپ كەتتى. مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، دىيانەتلىك كىشىلەر ئازلاپ كېتەمدۇ - قانداق؟**

جاۋاب: پۇلغا ئەقىدە باغلاش، پۇلنى دوست تۇتۇش، ئۇنى بىردىنبىر بەخت - سائادەتكە يېتىشنىڭ ۋاسىتىسى دەپ بىلىش قەدىمدىن باشلاپ بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىگە ھۆكۈمران بولۇپ كېلىۋاتقان ناچار خاھىشلارنىڭ بىرى. بۇنداق خاھىش بۈگۈنكى كۈندە تېخىمۇ ئەۋج ئېلىپ، نۇرغۇن كىشىلەرنى، بولۇپمۇ ياشلارنى ئازدۇرۇش رولىنى ئوينىماقتا. لېكىن، شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، پۇلغا ئۆزىنى ئاتىۋەتكەن كىشىلەرنىڭ سانى قانچە كۆپ بولغانسېرى، قەلبىدە ئىنساپ - دىيانەت ئويغىنىۋاتقان، ئىنساپنى دوست تۇتقان، ئۆزىنىڭ دىيانىتى ئارقىلىق كىشىلەرنى ئويغىتىۋاتقان، ئۇلارنىڭ روھىنى پاكلاۋاتقان كىشىلەرمۇ ھەسسىلەپ كۆپەيمەكتە. بۇ نۇقتىغا قەتئىي ئىشىنىش كېرەك.

جەمئىيەت ئىنتايىن مۇرەككەپ، ئۇنىڭدا ھەر خىل ھەر تۈرلۈك ئىدىيە - ئېقىملار، تۈرلۈك سۈپەتتىكى كىشىلەر ۋە تۈرلۈك قىيىن، مۇرەككەپ ئىشلار ئۇچراپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز كۆز ئالدىمىزدا بىزگە ئەڭ كۆپ ئۇچرىغان ئىشلارنى كۆرۈپلا، جەمئىيەت مۇنداق بولۇپ كېتىپتۇ، ئۇنداق بولۇپ كېتىپتۇ دەپ جار سالساق ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمايدۇ قالىدۇ. يامان ئىشلار ئەۋج ئالغاندەك كۆرۈنگىنى بىلەن ياخشى، خەيرلىك ئىشلارمۇ راۋاجلانغان، مۇناسىپ تەرەققىي قىلغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەسىلىگە بىر تەرەپلىمە قاراشقا ھەرگىز بولمايدۇ. دىيانەتلىك كىشىلەر ھېلىھەم ناھايىتى كۆپ، جەمئىيەتتە ياخشى كىشىلەر شۇنچىلىك كۆپ بولغىنىغا ئوخشاش، دىيانەتلىك، تەقۋادار، بارلىق گۈزەل خۇلقلارنى ئۆزلىرىگە مۇجەسسەم قىلغان كىشىلەرمۇ شۇنچە كۆپ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قەدىمدىن باشلاپ





ئىنساپ، دىيانەتنى ئۆزلىرىگە يار قىلىپ كەلگەن خەلقىمىز ئىچىدە دىيانەتلىك كىشىلەر ئەلۋەتتە كۆپ ۋە بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ كۆپىيىدۇ، دەپ ئىشىنىمىز.

**سوئال: ھازىرقى دىيانەتلىك كىشىلەرنىڭ بەلگىلىرى قايسىلار؟ ئۇلار ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق بىزگە قانداق ياخشى خۇلقلارنى ئۆگىتىدۇ؟**

جاۋاب: بايا ئېيتىپ ئۆتكەندەك، خەلقىمىزدە ئىنساپ - دىيانەتنى ئۆزلىرىگە ئۆمۈرلۈك دوست تۇتقان كىشىلەر ھېلىھەم ناھايىتى كۆپ، ئۇلار جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ھەر خىل شەكىللەردە مەيدانغا چىقىپ كۆزىمىزگە كۆرۈنمەكتە. بۇنداق كىشىلەر پاك ئېتىقادى يولىدا بارلىق ياخشى ئىشلارنى قىلىشنى نىيەت قىلغانلار ئارىسىدىمۇ، بارلىقىنى خەلقنىڭ مەنپەئەتى، بەختلىك تۇرمۇشىغا ئاتىغانلار ئىچىدىمۇ، خالىس نىيەت، پاكپاكىز قەلبى بىلەن باشقىلارغا توختىماي خەيرخاھلىق قىلىدىغانلار ئىچىدىمۇ تېپىلىدۇ.

قەدىمدە پاكىز ئېتىقادلىق كىشىلەر دائىم بىرەر يېتىم بالىنى بالا قىلىپ بېقىۋېلىپ، ئۇنى چوڭ قىلغاندىن ئۆزلىرىنىڭ قىزىغا چېتىپ قويىدىغان، مال - مۈلكىگە ۋارىسلىق قىلدۇرىدىغان ئەھۋاللار ناھايىتى كۆپ ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە بۇنداق ئىشلارنى ئاندا - ساندا ئۇچرىتىپ تۇرىمىز، لېكىن بىر ئۆمۈر ئۆزىنى كەلگۈسى ئەۋلادلارغا بېغىشلاپ، ئۇلارنى يارامىلىق ئىزباسارلاردىن قىلىپ تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنى باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچ دەپ بىلگەن سۆيۈملۈك ئوقۇتقۇچىلار يىگىرمە - ئوتتۇز يىل قان - تەر سىڭدۈرۈپ، تۈركۈم - تۈركۈم يارامىلىق كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقىدۇ ۋە بۇ يارامىلىق ئوقۇغۇچىلىرىدىن چەكسىز پەخىرلىنىدۇ. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ

2000 ـ يىللىرىدا مائارىپ سېپىدە يېتىشىپ چىققان بىر تۈركۈم ئاقارتقۇچى ئوقۇتقۇچىلار ئەنە شۇنداق كىشىلەرنىڭ تىپىك ۋەكىلى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تەلەپچانلىقى، كۈچلۈك ئىرادىسى ۋە يىراقنى كۆرەرلىكى بىلەن ئەۋلادلار قەلبىگە مەرىپەت نۇرىنى چېچىپ، ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ئۆزلۈكسىز بىر ئەۋلاد ئىزباسارلارنى يېتىشتۈرۈپ بەرگەندى. مائارىپ سېپىدىكى بۇ ئاساسىي قوشۇن توسۇۋالغۇسىز قۇدرىتى بىلەن رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا چوڭقۇر سىڭىپ، مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەلبىنى ئىلىم نۇرىغا چۆمدۈرۈشكە بېغىشلىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دىيانىتى ئارقىلىق بارلىقىنى ئىزباسار تەربىيىلەشكە سەرپ قىلدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، خەلقىمىزنىڭ يازغۇچى ـ شائىرلىرى، ۋىجدانلىق ئەزىمەتلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىسسىق قېنى بەدىلىگە روياپقا چىققان ئەسەرلىرى بىلەن خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىپ، ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش رولىنى ئويناپ، بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ يېڭىچە روھ ۋە دۇنيا قاراشقا ئىگە بولۇشىدا تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. بىز دىيانەتلىك كىشىلەرنى تىلغا ئالغىنىمىزدا، ئىنسانىيەتكە خالىس تۆھپە قوشقان، ئۆزىنى ئىنسانىيەتنىڭ بەختى ۋە تەرەققىياتىغا بېغىشلىغان كىشىلەرنىڭ سىيماسىدىنمۇ تاپالايمىز.

سىز خالىس نىيەت، ساپ ئېتىقاد، پاكىز ئەقىدە، گۈزەل ئەخلاق، ئېسىل پەزىلەتلىك كىشىلەرنىڭ خەلقىمىزگە پايدىلىق ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىڭىزدە، ئۇلارنى دىيانەتلىك كىشىلەركەن، ئۇلار دىيانەتنى ھەرىكىتىدە ۋە روھىدا جارى قىلدۇرۇۋاتقانلار ئىكەن، دەپ بىلسىڭىز بولىدۇ.





# راستچىللىق ۋە توغرىلىق

**سوئال: راستچىللىق كىشىگە قانداق شەرەپلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ؟**

جاۋاب: خەلقىمىزدە راستچىل كىشىلەرنى ئالاھىدە ھۆرمەت قىلىدىغان، راستچىللىقنى قەدىرلەيدىغان ئېسىل ئەنئەنە بار. راستچىللىق شۇنداق زەركى، ئۇ ئۆزىنىڭ مۇكەممەللىكى ۋە نۇقسانسىزلىقى بىلەن كىشىنىڭ ئۇلۇغلۇق ۋە ئېتىبار بازىرىنىڭ روناق تېپىشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئەگەر، ھەركىمنىڭ تەسەررۇپ چۆنتىكىدە ئۇنىڭدىن بىر تىللا بولسا، ئابرۇيى ۋە مۇستەھكەملىكى تىزمىسىنىڭ شېرازىسى ھېچقانداق نۇقساننىڭ تەسىرىدىن پارچىلانمايدۇ. قەدرى ۋە ئېھتىرامىنىڭ باھارىستانى ھېچقانداق ئۇيات ۋە خىجالەتچىلىكنىڭ سېرىق خازانىدىن زاۋالغا يۈزلەنمەيدۇ!

خەلقىمىز ئارىسىدا «راست ئېيتساڭ قۇتۇلىسەن، يالغان ئېيتساڭ تۇتۇلىسەن» دېگەن ھېكمەت بار. بۇ ھەقتە مۇنداق بىر ھېكايەت بار:

بۇرۇنقى زاماندا زادىلا يالغان سۆزلەشنى بىلمەيدىغان، ئاق كۆڭۈل، ئىشچان بىر يىگىت ئۆتكەنىكەن. ئۇ بىر پادىشاھنىڭ ئوردىسىدا قارا ئىشلارنى قىلىدىكەن. نېمە ئىشنى تاپشۇرسا بەجانىدىل، كۆيۈنۈپ ھالال ئىشلەيدىكەن. ناۋادا بىرەر سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويسىمۇ، پەقەت يوشۇرماي راست گەپنى قىلىدىكەن. يىگىتنىڭ بۇ ئېسىل پەزىلىتى پادىشاھقا ياراپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھ ئۇنى باشقا ئىشلارغا سالماي، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ

جەڭگە ۋە ئوۋغا چىققاندىلا مىنىدىغان داڭلىق بىر جۈپ ئېتىنى تاپشۇرۇپتۇ ـ دە:

ــ يىگىت، مەن ئىشىنىپ، بۈگۈندىن باشلاپ ساڭا مۇشۇ بىر جۈپ ئاتنى تاپشۇردۇم. مەن بۇ ئاتلارنى جېنىمدىن ئەزىز كۆرىمەن. ئوبدان بېقىپ، مېنى رازى قىلغىن، ــ دەپتۇ.

ــ خوپ، ــ دەپتۇ يىگىت ۋە شۇ كۈندىن باشلاپ كېچە ـ كۈندۈز ئاتنىڭ ئايىغىدا يۈرۈپ، ئۆز ئىشىنى پادىشاھنىڭ كۈتكىنىدىنمۇ ئوبدان ئىشلەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئاتلار ئۇزۇن ئۆتمەيلا بولماقتەك سەمرىپ، تۈكلىرى پارقىراق، ناھايىتى چىرايلىق بولۇپ كېتىپتۇ.

يىگىتنىڭ راستچىل، سەمىمىي، ھالال ئىش قىلىدىغانلىقىدىن بەك رازى بولۇپ كەتكەن پادىشاھ ئۇنى ئوردىدىكى توي ـ تۆكۈن، سورۇنلارغا ئۇنتۇپ قالماي تەكلىپ قىلىدىغان بوپتۇ. بۇنى ئاز دەپ مۇشۇنداق سورۇنلاردا ئۇنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي ماختايدىغان، ھەتتا ۋەزىر ـ ۋۇزرا، ئەمەلدارلىرىنى بۇ يىگىتتىن ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلىدىغان بوپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئوردا ئىچىدە بۇ يىگىتنىڭ ئابرۇيى كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىشقا باشلاپتۇ.

پادىشاھنىڭ ئادەتتىكى بىر كەمبەغەل ئات باقارنى مۇنچىۋالا ئىززەتلەپ، ماختاپ كېتىشلىرى قىتىغۇر ۋەزىرلەرنىڭ كۆڭلىگە زادىلا ياقماپتۇ. كۈنلەردىن بىرى كۈنى پادىشاھنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى سول قول ۋەزىرىگە مۇنداق دەپتۇ:

ــ تەقسىر، ئەزەلدىن كېلىۋاتقان قائىدە ـ يوسۇنلار دەپسەندە قىلىنىپ، ئوردىدا زادىلا ئەقىلغا سىغمايدىغان غەلىتە ئىشلار يۈز بېرىۋاتىدۇ. پادىشاھىمىز ئەقلىدىن ئېزىپ، نەدىكى بىر يالاڭ تۆش ئات باقارنى يۈزىمىزدىن يۈزىمىزگە ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈۋاتىدۇ. ناۋادا ئىش بۇندىن كېيىنمۇ مۇشۇ تەرىقىدە داۋاملىشىدىغان بولسا، ئۇزۇنغا بارماي بۇ ئەبگاھ يالاڭ تۆش





سىلى ـ بىزنىڭ بېشىمىزغا چىقىۋېلىشى مۇمكىن. بۇنىڭغا ئۆز ۋاقتىدا چەك قويماي بولمايدۇ، قانداق دەيلا؟

ــ شۇنداق، شۇنداق، ــ دەپتۇ سول قول ۋەزىرمۇ بېشىنى گىلدىڭلىتىپ ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ، ــ مەن ئويلايمەن، بۇ يالاڭ تۆشنىڭ ئوردىمىزدا مۇنچىۋالا يۈز ـ ئابرۇي تېپىپ كېتىشىگە ئۇنىڭ يالغان سۆزلىمەيدىغانلىقى سەۋەب بولۇۋاتىدۇ. بىز ئۇنى بىر ئامال قىلىپ پادىشاھنىڭ ئالدىدا يالغان سۆزلىتىپ رەسۋا قىلىۋەتكەن بولساق ناھايىتى بەلەن ئىش بولاتتى. سىلىچە قانداق ئامال قىلساق بولار؟

ئىككى ۋەزىر شۇ تەرىقىدە ئۇزاق مۇلاھىزە قىلىشىپتۇ. لېكىن ھېچبىر ئەپلىك چارە تېپىلماپتۇ. ئاخىرى ھېيلىگەر ئوڭ قول ۋەزىر مۇنداق دەپتۇ.

ــ مېنىڭچە بۇ يالاڭ تۆشنىڭ ئۆيلىنىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى. مەن ئۇنىڭغا ئەڭ چىرايلىق كەنجى قىزىمنى توي قىلىپ بېرەي، باشقا تويلۇق سالماي، «پادىشاھنىڭ سەن بېقىۋاتقان ئاتلىرىدىن بىرىنى سويغىن، ناۋادا پادىشاھ سۈرۈشتۈرۈپ قالسا، بىر ئاتنى ئوغرى ئالدى دېگىن. بۇنىڭغا مەنمۇ گۇۋاھلىقتىن ئۆتىمەن» دەي. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پادىشاھ ئالدىدا يالغان سۆزلەيدۇ. شۇ مەيداندىلا بىز ئەينى ئەھۋالنى پاش قىلىپ، ئۇنى رەسۋا قىلىۋېتەيلى، بۇنىڭدىن باشقا ئامال يوق. مەن مۇشۇ قارارغا كەلدىم.

ــ بەللى ـ بەللى، ئەقىل دېگەنمۇ بار يەردە بار ـ دە! بۇ ناھايىتى بەلەن گەپ بولدى، ــ دەپتۇ سول قول ۋەزىر كۈلۈپ كېتىپ، ــ بۇ قەلەندەر بىر گۈزەل قىز بىلەن توي قىلىدىغان بولدۇم دەپ چوقۇم ئاتتىن بىرنى سويىدۇ ـ دە، پادىشاھنىڭ ئالدىدا يالغان سۆزلەيدۇ!

شۇنداق قىلىپ بۇ ئىككى ۋەزىر ئۆزلىرىنىڭ ئەقىللىقلىقىدىن مەمنۇن بولۇشۇپ، مۇشۇ پىلان بويىچە ئىشقا

كىرىشىپتۇ. بىر كۈنى ھىيلىگەر ئوڭ قول ۋەزىر يىگىتنى ئالدىغا چاقىرىپتۇ – دە، ئۇنىڭغا ئامراقلىقىنى، ئۆزىگە كۆيئوغۇل قىلىۋالماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى، تويىنى بىر نەچچە كۈن ئىچىدىلا قىلىشنى ئېيتىپتۇ ۋە يىگىتتىن قانداق قارايدىغانلىقىنى سوراپتۇ. يىگىت بىر پەس ئولتۇرۇپ كېتىپ:

— جانابىي ۋەزىر ئالىيلىرى، ئۆزلىرى ئېسىلزادىلەر تەبىقىسىدىن تۇرسىلا، مەن بىر ئات باقار تۇرسام، بۇ ئىش قانداقمۇ مۇمكىن بولار؟ — دەپتۇ.

— ئۇ تەرىپىگە بېشىڭنى قاتۇرما ئوغلۇم، — دەپتۇ ۋەزىر ۋە سۆزىنى داۋام قىپتۇ، — بۇ ئىشنى مەن نەچچە قېتىم ئويلانغاندىن كېيىن ئېغىز ئېچىۋاتىمەن. سېنىڭدەك ئاق كۆڭۈل، پەزىلەتلىك يىگىت ئېسىلزادىلەر ئىچىدىمۇ يوق، مەن سېنى يارىتىپ قالدىم. باشقا خىياللارنى قويۇپ ماقۇللۇق بىلدۈرگىن.

— ئۇنداق بولسا، ئۆزلىرىگە مىڭ مەرتىۋە رەھمەت ئېيتىمەن، لېكىن قىزلىرىنىڭ لايىقىدا تويلۇق ئالالمايمەن. بۇنىڭغا قانداق قىلىمەن؟ — دەپتۇ يىگىت.

— خاتىرجەم بول، — دەپتۇ ۋەزىر، — ماڭا باشقا تويلۇقنىڭ كېرىكى يوق. ھەممە نەرسە ئېشىپ – تېشىپ تۇرۇپتۇ. پەقەت رەسمىيەت ئۈچۈن ئاش سۈيىگە بىرلا ئات تاپساڭ، شۇنى سويساقلا بولىدۇ.

— مەندە ئاتمۇ يوق، — دەپتۇ يىگىت. شۇنىڭدىن كېيىن ۋەزىر ئاللىقاچان كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغان پىلان بويىچە ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈشكە باشلاپتۇ

— بۇ ئوڭاي، ئۆزۈڭ بېقىۋاتقان ئاتتىن بىرىنى سويىسەن، پادىشاھ سۈرۈشتۈرسە «ئوغرى ئالدى» دەيسەن، قالغان گەپنى ئۆزۈم توغرىلايمەن.

يىگىت بۇ يەردە ھىيلە – مىكىرنىڭ بارلىقىنى سېزىپتۇ –





يۇ، لېكىن «ئاۋۋال تويىنى قىلىۋالاي، كېيىن بىر گەپ بولار» دەپ ئويلاپتۇ – دە، ماقۇل بوپتۇ.

ئۇزۇن ئۆتمەي يىگىت توي قىلىپ قىزنى ئەمرىگە ئاپتۇ. كۈنلەردىن كۈنلەر ئۆتۈپ، بىر كۈنى پادىشاھ ئوردىدىكى بىر سورۇندا يىگىتتىن ئۇشتۇمتۇت

— ئوغلۇم، بۈگۈن ئېغىلغا كىرسەم ئاتتىن بىرى يوق تۇرىدىغۇ، نەدە بېقىۋاتىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

يىگىت ئورنىدىن دەس تۇرۇپ قوشاق توقۇپ مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ

راست گەپنى بايان ئەيلەي، ئەل – جامائەت ئالدىدا،
باش كەتسىمۇ ئالمايمەن، مەن ئۆزۈمنى دالدىغا.

پادىشاھنىڭ شۇ ئېتى، ۋەزىر داشىدا قاينىدى،
ۋەزىرنىڭ پەرى قىزى پەقىر قولىدا يايرىدى.

ئويلىمىغان يەردىن چىققان بۇ جاۋابتىن ۋەزىرلەرنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كېتىپتۇ. پادىشاھ ئىشنىڭ تېگىگە يېتىپتۇ – دە

— راست گەپ قىلغىنىڭ ئۈچۈن گۇناھىڭدىن كەچتىم. ھەممە گۇناھ مېنىڭ ۋەزىرلىرىمدە ئىكەن! — دەپتۇ ۋە ئىككى ۋەزىرىنى شۇ ھامان زىندانغا تاشلاپ راستچىل يىگىتنى ئۆزىگە ۋەزىر قىپتۇ.

خۇلاسىلىگەندە، راستچىللىق ئادەمگە يارىشىدىغان ئېسىل سۈپەتلەرنىڭ بىرىدۇر ۋە گۈزەل ئەخلاقنىڭ نامايەندىسىدۇر. راستچىل بولمىغان كىشىنى ئەخلاقلىق دېگىلى بولمايدۇ. لېكىن، ئەل – يۇرتنىڭ بۈيۈك ئىشلىرىنىڭ دەخلىگە ئۇچرىماسلىقى، ئۇلۇغ ئىشلارنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىغا پايدىلىق

بولغان بەزى يالغانچىلىقلارنى ئېيتمىشقا بولىدۇ، بۇنداق چاغلاردا راستچىل بولماي دەپ قېيىنىلىپ يۈرۈشنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى يوق. دېمەك، راستچىللىقنى ئەقىل ئىشلىتىپ، جايىدا ئىشلىتىش كېرەك. ھەممە نەرسىنى ئاشكارىلاپ، سىر ساقلىماي ئېيتىلغان راستچىللىق ئادەمنى ئەخمەقلىق ئازگىلىغا ئىتتىرىدۇ ۋە ھالاك قىلىدۇ.

## سوئال: راستچىل بولۇشتا نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟

جاۋاب: توغرا سۆزلۈك كىشى ھەممىنىڭ ئېتىبارىنى قازىنىدۇ. ئۇنىڭ ياخشى ئىشلىرىدىن يەنىمۇ ئۇلۇغراق مەرتىۋىلەرگە تەۋسىيە قىلىنىدۇ. قەدىر - قىممىتى ئاشىدۇ، ھەممە يەردە سۆزى ماقۇل كۆرۈلىدۇ. يالغانچى بولسا بۇ پەزىلەتلەرنىڭ ھەممىسىدىن مەھرۇم بولۇپ، ئادەملەر ئۇنىڭ ئارقىسىدىن نەپرەت بىلەن قارىشىدۇ. يالغانچى يالغان سۆزلىرى بىلەن باشقىلارنىڭ ئابرۇيىنى تۆكمەكچى، ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلماقچى بولىدۇ. ۋەھالەنكى، ئۇنىڭ يالغان سۆزلىرى ئۇنىڭ ئۆزىگە زىيانلىق بولۇپ چىقىدۇ.

ئادەملەر بىلەن مۇئامىلە قىلىشۋاتقاندا ئېھتىيات قىلىش، راست بىلەن يالغان سۆزنى پەرقلەندۈرۈشنى بىلىش كېرەك. خۇشامەتچىلىك پاتقىقىغا پاتقان كىشىنىڭ نەپسىنى تىنىمسىز تەربىيىلەپ تۈزەپ، ئۇنى بۇ دەردتىن قۇتۇلدۇرۇش يولىنى تۇتۇش لازىم. بۇ دۇنيادا خۇشامەت سۆزلىرىنى تولا قىلىدىغانلار كۆپ بولغىنىنىڭ ئەكسىچە، راست سۆزلەرنى چىن كۆڭلىدىن قىلىدىغانلار ئازدۇر. بۇ جەھەتتە ئىبرەت كۆزىنى ئېچىپ، پاراسەت بىلەن ئىش قىلىش كېرەك.

## سوئال: توغرا بولۇشنىڭ ئۆلچىمى نېمە؟

جاۋاب: يالغانچىلىق نەقەدەر يامان بولسا، توغرىلىق شۇقەدەر





ياخشى، گۈزەل ۋە پەزىلەتلىكتۇر. بىر كىشىنىڭ توغرا بولۇشىنىڭ ئالامىتى توغرا سۆزلەش ۋە توغرا ئىش قىلىشتۇر. ئىلىملار ئەڭ توغرا ئەمەل توغرىلىق، ئەڭ يامان ئەمەل يالغانچىلىقتۇر، دەيدۇ. دۇنيادا توغرا ئىنسان كۆرمىدىم دەيدۇ بەزىلەر، ئەگەر ئۇ ئۆزى توغرا بولسا ئىدى، توغرىلارنى كۆپ كۆرگەن بولاتتى.

توغرا بولۇش ئۈچۈن: بىرىنچى، توغرا سۆزلۈك بولۇش؛ ئىككىنچى، توغرىلىق ئۈچۈن نىيەتتە ئىخلاس شەرتتۇر؛ ئۈچىنچى، ۋەدىگە ئەمەل قىلىش لازىم؛ تۆتىنچى، قىلغان سۆزىدە چىڭ تۇرۇش؛ بەشىنچى، توغرا ئىش قىلىش؛ ئالتىنچى، بارلىق ئىشلاردا توغرا بولۇش كېرەك.

## سوئال: ھەققانىيەتلىك بولۇش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟

جاۋاب: ھەققانىيەت دەپ ئىشتا توغرىلىق، سۆزدە راستلىقنى ئېيتىدۇ. ئىنسان سالامەتلىك بوستانىغا، سائادەتلىك گۈلزارىغا ھەققانىيەت يولى ئارقىلىق ئېرىشىدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ يىلتىزى بولغان رەھىمدىللىك، ھەققانىيلىك، ئادىللىق قاتارلىق ياخشى سۈپەتلەرنىڭ ئانىسى ھەققانىيەتتۇر. جانابىي ھەقنىڭ شۇ مۇبارەك نامىنى مۇقەددەس بىلگەن ھەر بىر كىشى ھەققانىيەتتىن ھېچ قاچان ئايرىلمايدۇ. ئەقىل ئىگىلىرى، ۋىجدان ساھىبلىرى ۋە ھەر ۋاقىت كۆرگەن - بىلگەن ۋە قىلغانلىرىنىڭ ھەقىقىتىنى ۋە توغرىسىنى سۆزلەيدۇ. ئىشتا توغرىلىق بىراۋنىڭ ھەققىگە، مېلىغا خىيانەت قىلماسلىق؛ سۆزدە توغرىلىق ھەر ۋاقىت راست سۆزلەشتۇر.

# سالاملىشىش ئەدەپلىرى

**سوئال: خەلقىمىز سالاملىشىشتا قانداق قائىدىلەرگە ئەمەل قىلىدۇ؟**

جاۋاب: ئۆزئارا ئۇچراشقاندا، سالاملىشىش، كۆرۈشۈش ۋە هال - ئەھۋال سورىشىش ھەر بىر مىللەتتە بولۇشقا تېگىشلىك ياخشى خىسلەتلەرنىڭ بىرى. ئادەتتە ئۇ ئۆرپ - ئادەت دائىرىسىگە كىرىدۇ. ئۆرپ - ئادەت شۇ مىللەتنىڭ مىللىي خۇسۇسىيىتىنى تەشكىل قىلغۇچى ئامىللارنىڭ بىرى. شۇڭا بىز مەلۇم بىر كىشىنىڭ قايسى مىللەتتىن ئىكەنلىكىنى سورىماي تۇرۇپلا، ئۇنىڭ كىيىم - كېچەك، سالاملىشىش - كۆرۈشۈش يوسۇنلىرىغا قاراپلا، ئۇنىڭ قايسى مىللەتتىن ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلالايمىز.

خەلقىمىزنىڭ كۆرۈشۈش ئادىتى مۇنداق:

بىر - بىرى بىلەن كۆرۈشكەندە،

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام!

دەپ كۆرۈشىدۇ. مانا بۇ بىزنىڭ سالاملىشىش قائىدىمىز. سالاملىشىش ئىككى تەرەپنىڭ ئورتاق مۇناسىۋىتى بولغاچقا، سالام بەرگۈچى: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دېسە، سالامنى قوبۇل قىلغۇچى: «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشىدۇ. «سالامەتمۇ سىز، ئەھۋالىڭىز ياخشىمۇ، بالا - چاقىلار ئامانمۇ» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن هال - ئەھۋال سورايدۇ. ئادەمنىڭ ھاياتىدا سالامەتلىك، تىنچلىق، ئامانلىق ئىنتايىن مۇھىم. بىزنىڭ سالاملىشىش قائىدىمىزدە مانا مۇشۇ مۇھىم نۇقتىنى





ئاساس قىلىپ، ياخشى تىلەك - ئارزۇلىرىمىزنى بىلدۈرگەنلىكىمىز، بىزنىڭ سالاملىشىشىمىزنىڭ قانچىلىك چوڭقۇر مەنىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

سالاملىشىش — كىشىلىك ھاياتتا كەم بولسا بولمايدىغان بىر پەزىلەت بولۇپ، ئۆزئارا ئالاقىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى، شۇنداقلا ئەدەپلىك، ئەخلاقلىق ۋە مەدەنىيەتلىك بولۇشنىڭ ئۆلچەملىرىدىن بىرى. شۇڭا ئاتا - بوۋىلىرىمىز «سالام بېرىش پەرز، ئىلىك ئېلىش قەرز» دەپ تونۇپ، بۇ ئىشقا بەكمۇ ئەھمىيەت بەرگەن. بۇ ياخشى پەزىلەتكە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى ئىگىلەش، جارى قىلدۇرۇش ۋە داۋاملاشتۇرۇش ياش ئەۋلادلارنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىنىڭ بىرى.

ئادەتتە يېقىن دوستلار، تونۇش بىلىشلەر ئۆزئارا ئۇچراشقاندا بىر - بىرى بىلەن قىزغىن سالاملىشىپ، كۆرۈشۈپ، هال ئەھۋال سورىشىپلا قالماي، بەلكى توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم، سەپەرگە چىقىش، سەپەردىن قايتىش، مېھماندارچىلىق قاتارلىق نۇرغۇن ئىشلاردا سالام ئارقىلىق ئۆزئارا مۇناسىۋەت ئورنىتىدۇ. سالام ئارقىلىق ئۆزئارا بېرىش - كېلىش، دوستلۇق، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىدۇ. شۇڭا بۇ كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا كەم بولسا بولمايدىغان ئالاقە ۋاستىسى.

سالاملىشىش — سالام بېرىش ۋە ئىلىك ئېلىشتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنىڭ يىغىندىسى بولۇپ، ئۇ خۇددى تارازىنىڭ ئىككى پەللىسىگە ئوخشايدۇ.

سالاملىشىشنىڭ ئوبيېكتى ۋە ئۇسۇلى مۇنداق: ئۆزى ياخشى كۆرگەن، ھۆرمەت قىلىدىغان مېھرىبان، قەدىردان دوستلىرىنى، ئۇرۇق - تۇغقان، قوشنا - قولۇملىرىنى، ياشانغان كىشىلەرنى، ئۇستازلارنى ئۇچراتقاندا، قولنى كۆكرەككە قويۇپ، بېشىنى سەل ئىگىپ، خۇش چىراي بىلەن «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دېيىلىدۇ، بۇنىڭ مەنىسى «تەڭرى سىزگە ساغلاملىق ئاتا قىلغاي» دېگەنلىك

بولىدۇ. ئىلىك ئالغۇچىمۇ خۇش چىراي، مۇلايىم ئاۋاز بىلەن «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دەيدۇ، بۇنىڭ مەنىسى «تەڭرى سىزگىمۇ ساغلاملىق ئاتا قىلغاي» دېگەنلىك بولىدۇ. مۇنداق سالاملىشىش سۆزلىرىنى ئىشلەتكەندە سۆز مەنىسىنى بۇزۇشقا بولمايدۇ.

سالاملاشقاندا كىمنىڭ بالدۇر سالام بېرىشى دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلىنىڭ بىرى بولۇپ، بۇنىڭ قائىدىسى مۇنداق: ئوقۇغۇچىلار ئۇستازلارغا، يېشى كىچىكلەر يېشى چوڭلارغا، ئاتلىق ئادەم پىيادىلىكلەرگە، پىيادىلىك ئولتۇرغانغا، ئۆيگە كىرگەن كىشى ئۆيدىكىلەرگە، مەرتىۋىلىك كىشىلەر ئادەتتىكى كىشىلەرگە، مەنسەپدارلار خىزمەتچىلەرگە ئاۋۋال سالام بېرىش كېرەك.

يەنە تونۇش بولغان تەقدىردىمۇ تاپتىن چىقىپ كەتكەن، غەرق مەست، بەتقىلىق ۋە ئالدامچى، لۈكچەكلەرگە ئادەتلەنگەن كىشىلەرگە سالام بېرىشنىڭ ھاجىتى يوق. بۇنداق قىلىش ئۇلارنى يېتىم قالدۇرۇپ، ئىزا تارتقۇزۇپ، ياخشى يولغا باشلاش ئۈچۈن تەنبىھ بېرىش رولىنى ئوينايدۇ.

ئۆزئارا ھۆرمەت يۈزىسىدىن بالىلار ۋە ياشلار چوڭلار بىلەن ئۇچراشقاندا، «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم»دىن كېيىن ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ «ئانا، تاغا، ئاتا، ئاكا، ئاچا» سۆزلىرىنى قوشۇپ ئىشلەتسە بولىدۇ.

كۆرۈشۈش: بىز كىشىلەر بىلەن ئۇچراشقاندا، سالاملىشىپلا قالماي، قول ئېلىپ كۆرۈشىمىز، قول ئېلىپ كۆرۈشكەندە سەممىي، ئوچۇق چىراي بولۇش، كۆزنى كۆزگە تىكىپ تۇرۇپ كۆرۈشۈش لازىم. بەزى كىشىلەر بىلەن كۆرۈشكەندە نائىلاج قول ئۇزىتىدۇ، بەزىلەر قولىنىڭ ئۇچىنى بېرىپ قويۇپ سوغۇق كۆرۈشىدۇ، مۇنداق قىلىشلارنىڭ ھەممىسى ھاكاۋۇرلۇق، ئەدەپسىزلىكنىڭ ئالامىتى، ئاداۋەتلىشىپ قالغان كىشى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن سەممىي كۆرۈشسە ئاداۋەت تۈگەپ،





ئىتتىپاقلىق كۈچىيىدۇ.

خەلقىمىز ئارىسىدا ئۆزئارا كۆرۈشۈشنىڭ تۆۋەندىكىدەك شەكىللىرى بار:

بىرىنچى، ئىككى قوللاپ كۆرۈشۈش: بۇنداق كۆرۈشۈش ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان كۆپچىلىك مىللەتلەرگە ئورتاق بولۇپ، ھەر ئىككى تەرەپ ئىككى قولىنىڭ ئالىقىنىنى بىر - بىرىگە بىرلەشتۈرۈپ بىر نەچچە قېتىم يېنىك قول سىقىشىدۇ، بۇ ئۆزئارا دوستلۇق، سەمىمىيلىكنىڭ ئىپادىسى.

ئىككىنچى، قول بېرىپ كۆرۈشۈش: بۇ دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە ئورتاق بولغان غەربچە كۆرۈشۈش ئۇسۇلى بولۇپ، خەلقئارا ئالاقىلاردا ئومۇملاشقان كۆرۈشۈش ئۇسۇلىدۇر. بۇ ئۇسۇل ھازىر بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزغىمۇ سىڭىپ، زىيالىيلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر، ياشلار ئىچىدە ئومۇملىشىپ كەتتى. قول بېرىپ كۆرۈشكەندە، ھەر ئىككى تەرەپ ئوڭ قولىنى بىر - بىرىگە ئۇزىتىپ، جۈپلەشتۈرگەندىن كېيىن يېنىك سىقىپ بىر نەچچە قېتىم يەڭگىل سىلكىيدۇ. بۇنداق كۆرۈشكەندە بىر - بىرىنىڭ قولىنى قاتتىق سىقىپ ئاغرىتىش — قوپاللىق ۋە ئەدەپسىزلىك بولىدۇ. قول ئېلىپ كۆرۈشكەندە، ئاياللار قول ئۇزاتمىغۇچە ئەرلەر قول ئۇزاتماسلىقى كېرەك. شۇنىڭدەك كۆرۈشۈش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، يامان نىيەت بىلەن ئاياللارنىڭ ئالىقىنىنى غىدىقلاشقا، كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇۋېلىشقا بولمايدۇ. بۇ ئۆتۈپ كەتكەن ئەدەپسىزلىك بولىدۇ.

ئۈچىنچى، قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈش: قېرىنداشلار، يارۇ - دوستلار، ئۆزئارا قەدىردان كىشىلەر ئۇزاق ۋاقىت ئايرىلىپ كېتىپ قايتا ئۇچراشقاندا قۇچاقلىشىپ كۆرۈشىدۇ. بۇنىڭ قائىدىسى: ئەرلەر بىلەن ئەرلەر، ئاياللار بىلەن ئاياللار، ئانا بىلەن بالا، ئاتا بىلەن بالا، ئاكا بىلەن ئۇكا، ئاچا بىلەن سىڭىل، تەڭتۇش بىلەن تەڭتۇشلار باغرىنى باغرىغا يېقىپ يېنىك

قۇچاقلىشىدۇ، بىر - بىرىدىن ھال سورايدۇ . ياۋروپالىقلاردا ئەرلەر بىلەن ئاياللار مەيلى ئۆز ياكى يات بولسۇن، قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈۋېرىدۇ، لېكىن بىزدە ئاممۋى سورۇنلاردا ئەرلەر بىلەن ئاياللار قۇچاقلىشىپ كۆرۈشمەيدۇ. ھەتتا ئۆز ئايالى بولغان تەقدىردىمۇ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈشكە بولمايدۇ. بۇنداق قىلىشنى ئەدەپسىزلىك دەپ قارايدۇ.

تۆتىنچى، سۆيۈپ كۆرۈشۈش: ئاتا - ئانا بىلەن باللار، ئاكا بىلەن ئۇكا، ئاچا بىلەن سىڭىل، ئەڭ يېقىن قېرىنداش، يار - بۇرادەرلەر ئۇزاق كۆرۈشمەي كېيىن ئۇچراشقاندا قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ، بىر - بىرىنىڭ پېشانىسىگە ۋە ئىككى مەڭزىگە سۆيىدۇ. لېكىن ئېغىزغا سۆيۈشكە بولمايدۇ. ئېغىزغا سۆيۈش بىر تەرەپتىن تازىلىق قائىدىسىگە خىلاپ قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆرپ - ئادەتكە توغرا كەلمەيدۇ.

بەشىنچى، ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ كۆرۈشۈشى: ئادەتتە ئۆز ئارا مۇناسىۋىتى قويۇقراق بولغان ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئۇچراشقاندا، كۆرۈشكۈچى ئەر ئايالغا قاراپ ئوڭ تەرىپى بىلەن سەل ئېگىلىپ، ئايالنىڭ يەلكىسىنى تۇتىدۇ، ئايال ئىككى ئالقىنى بىلەن ئەرنىڭ يەلكىسىنى سىلاپ، ئاندىن قولىنى ئۆزىنىڭ يۈزىگە سۈرىدۇ، بۇ ، ئۆزئارا قىزغىن ھۆرمەت بىلدۈرگەنلىكنىڭ ئىپادىسى. ياشانغان ئاياللار ياش ئەرلەر بىلەن كۆرۈشكەندە، ئۇنى ئەركىلىتىش يۈزىسىدىن يەلكىسىگە يېنىك ئۇرۇپ قويىدۇ، بۇ مومايلارنىڭ ئانىلىق مېھرىنى بىلدۈرۈشى ھېسابلىنىدۇ.

ئالتىنچى، ئاياللار بىلەن ئاياللارنىڭ كۆرۈشۈشى؛ ئۇرۇق - تۇغقان ۋە ئۆزئارا يېقىن بولغان ئاياللار كۆرۈشكەندە بىر - بىرىنى يېنىك قۇچاقلاپ مەڭزىنى مەڭزىگە ياقىدۇ. يېشى چوڭراق ئاياللار قىزلار بىلەن كۆرۈشكەندە پېشانىسىگە ياكى مەڭزىگە سۆيۈپ قويىدۇ. ناتونۇش ياكى ئانچە تونۇش بولمىغان





ئاياللار بىر - بىرى بىلەن كۆرۈشكەندە ، ھەر ئىككى تەرەپ قولىنىڭ ئۇچىنى بىر - بىرىگە تەگكۈزۈپ، بېشىنى ئالدىغا سەل ئېگىپ، ئامانلىق سورىشىدۇ.

يەتتىنچى، چوڭ ياشلىق كىشىلەر بىلەن باللارنىڭ كۆرۈشۈشى: چوڭ ياشلىق كىشىلەر ئۆز يېقىنلىرىنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ بارغاندا، قائىدە بويىچە چوڭلار بىلەن كۆرۈشكەندىن تاشقىرى باللارنىڭ روھىنى ئۆستۈرۈش ۋە ئۇلارغا كۆرۈشۈش قائىدىسىنى ئۆگىتىش ئۈچۈن، باللار بىلەنمۇ كۆرۈشۈش لازىم. بۇنىڭ ئۇسۇلى بالىنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويۇش ياكى باش - كۆزلىرىنى سىلاپ قويۇشتىن ئىبارەت. قول ئېلىشىپ كۆرۈشسىمۇ بولىدۇ. لېكىن چوڭلار قول ئۇزاتمىسا، كىچىكلەر قول ئۇزاتماسلىقى كېرەك.

تەكەللۇپ سۆزلىرى: سالاملىشىش ۋە كۆرۈشۈشتە ھال سوراش مەنىسىدىكى بىر مۇنچە تەكەللۇپ سۆزلىرى بولۇپ، بۇنى بىلىۋېلىش ۋە ئۆز جايىدا ئىشلىتىش لازىم.

ئۆزئارا ئۇچراشقاندا سالاملاشقۇچى «سالامەتمۇسىز، ياخشى تۇرۇۋاتامسىز، ئۆي ئىچى تىنچلىقتۇ، بالا - چاقىلار ئامانمۇ» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ھال سورايدۇ. سالام قوبۇل قىلغۇچىمۇ: «خۇداغا شۈكۈر، ئۆزىڭىز سالامەت تۇردىڭىزمۇ، باللار سالامەت تۇرۇۋاتقاندۇ، ئۆيدىكىلەر سالام ئېيتتى، سىز بىلەن كۆرۈشمىگەنگە ئۇزۇن بوپتۇ» دېگەندەك تەكەللۇپ سۆزلىرى بىلەن ياندىشىدۇ.

ئىشىك ئالدىدىن ئۆتكەن ياكى يولدا ئۇچراشقان كىشىلەردىن ھال سورىغاندا: «قاياقتىن كەلدىڭىز، ئۇچراشقىنىمىز بەك ياخشى بولدى. قېنى ئۆيگە كىرەيلى، خىزمىتىڭىزدە بولاي، ئۆيگە كىرىپ بىر پىيالە چاي ئىچىپ كېتىڭ» دېگەن سۆزلەر ئىشلىتىلىدۇ. ئۇچراشقۇچىمۇ: «ئۆزىڭىز ياخشى تۇرۇۋاتامسىز، خوش، ئايرىم يوقلاپ كېلىمەن» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن جاۋاب قايتۇرىدۇ.

ئومۇمەن، سالاملىشىش، كۆرۈشۈش، ئەھۋال سوراشلار بىر - بىرىدىن ئايرىلمايدىغان بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ، سالاملىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن چوقۇم تەكەللۇپ سۆزلىرى بىلەن ھال - ئەھۋال سورىشى لازىم. بىر تەرەپ ھال - ئەھۋال سورىسا يەنە بىر تەرەپنىڭ جىم تۇرۇۋېلىشى ياكى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ سالاملىشىپ كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرۇش كۆرۈشۈش كەيپىياتىنى سۇسلاشتۇرىدۇ. شۇڭا ھال - ئەھۋال سوراشتا قىزغىن، روھلۇق بولۇش كېرەك

سالاملىشىش خەلقىمىز ئۇزاق ئەسىرلەردىن بېرى ئەمەل قىلىپ كېلىۋاتقان ئۆرپ - ئادەتلىرىدىن بىرى بولۇپ، دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بارغانچە مۇكەممەللىشىپ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن. بىز قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ سالاملىشىش ئادەتلىرىنى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە «قۇتادغۇبىلىك»تىن كۆرۈۋالالايمىز. بۇ ئۇلۇغ ئەسەرلەردە خەلقىمىزنىڭ بۇنىڭدىن مىڭ يىللار ئىلگىرىكى سالاملىشىش ئادەتلىرى تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ياشلىرىمىز خەلقىمىزنىڭ سالاملىشىش ئەنئەنىسىگە قەتئىي تەۋرەنمەي ۋارىسلىق قىلىشى ۋە ئۇنى ماھىيىتىنى ئۆزگەرتىۋەتمىگەن ئاساستا تەرەققىي قىلدۇرۇپ، زامانغا لايىقلاشتۇرۇشى كېرەك.

خەلقىمىز ئارىسىدا سالام بېرىش ۋە سالامنى ئىلىك ئېلىش ھەققىدە مۇنداق بىر ھېكايەت تارقالغان:

قەدىمكى زاماندا ئۆتكەن بىر پادىشاھ كۈنلەرنىڭ بىرىدە پۇقراچە كىيىنىپ، نەۋرىسىنى يېتىلەپ ئېكىنزارلارنى ئارىلاپ كېتىۋاتقىنىدا، بىر دېھقان ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلمىسىمۇ، خۇش تەبەسسۇم بىلەن سالام بەجا كەلتۈرۈپتۇ. شاھ ئۇنىڭ سالىمىنى دەرھال ئىلىك ئېلىپ، يۈگۈرۈپ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭ يېرىلغان، قاداق باسقان ئالقانلىرىنى چىڭ سىقىپ قىزغىن ئەھۋاللىشىپتۇ. قايتىشىدا نەۋرىسى شاھ بوۋىسىدىن:





— بوۋا، سىز بىر ئەلنىڭ شاھى تۇرۇپ، ئاشۇ ئەسكى چاپانغا نېمە ئۈچۈن شۇنچە ھۆرمەت كۆرسەتتىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان شاھ نەۋرىسىدىكى ئىنسانىي تەربىيىنىڭ كەملىكىنى ھېس قىلىپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئەي، ئەزىز پۇشتۇم، باشقىلارنى ھۆرمەتلىيەلىگەن ئادەم ھۆرمەتكە سازاۋەر بولالايدۇ. ئېسىڭدە تۇت، بىر ئېغىز سەمىمىي سالام جاللاتنىمۇ تەسىرلەندۈرەلەيدۇ...

ئەجدادلىرىمىز ئەلمىساقتىن بۇيان تونۇشسۇن - تونۇشمىسۇن، ئۇچراشقاندا تەشەببۇسكارلىق بىلەن سالاملىشىپ، بىر - بىرىنىڭ كۆيۈنۈشى، ھۆرمىتى، ھېسداشلىقىغا سازاۋەر بولۇپ كەلگەن. شۇڭا قانچىلىك ئالدىراش بولۇشىمىزدىن قەتئىينەزەر، ئۆزئارا ئەنئەنە بويىچە تەمەنناسىز، سەمىمىي سالاملىشىشتەك گۈزەل ئەخلاقىمىزدىن مەھرۇم بولمىساق! بۇ تولىمۇ ئاددىي، ئەمما بەكمۇ مەزمۇندار ئۆتۈنۈش ئىكەنلىكى ھەمىشە ھەممەيلەننىڭ يادىدا بولغاي!

مۇھەممەد سادىق قەشقەرىينىڭ «ئادابۇسسالىھىن» (ياخشى كىشىلەر ئەدەپلىرى) ناملىق رىسالىسىدە سالاملىشىشنىڭ قائىدە - تەرتىپلىرى مۇنداق بايان قىلىنغان:

سالامنىڭ ئەدەبلىرى بايانى. بۇنىڭدا 10 ئەدەپ بار :

بىرىنچى، ئىككى مۆمىن بىر - بىرىگە ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل كېلىپ قالغاندا، ئۇ مەيلى تونۇش ياكى ناتونۇش بولسۇن، سالام بېرىشلىرى لازىم .

ئىككىنچى ،سالام بەرگەندە « ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دېيىش كېرەك .

ئۈچىنچى، جاۋاب بەرگۈچى «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دېسە بولىدۇ، سالامغا جاۋاب بەرگەندە توختاپ قالماي جاۋاب بېرىش لازىم، سالامنىڭ جاۋابىنى سالام بەرگۈچى ئاڭلىغۇدەك ئاۋازدا بېرىش لازىم. ئەگەر ئىككى كىشى بىر بىرىگە بىرىنچى بولۇپ

سالام بەرگەن بولۇپ ، بىرى ئىلگىرى ، بىرى كېيىن سالام بەرگەن بولسا، جاۋاب بەرمىسىمۇ بولىدۇ. ئەگەر ئىككى سالام بىر ۋاقىتتا تەڭ بېرىلگەن بولسا ،بىر - بىرىگە جاۋاب بولالمايدۇ. شۇڭا ھەر ئىككى تەرەپكە ئالاھىدە جاۋاب لازىم .

تۆتىنچى، ئەگەر كىشى بىر توپ جامائەتنىڭ ئالدىغا كىرسە ، ئۇنىڭ ئىچىدىن بىر كىشىنى ئالاھىدە ئاجرىتىپ سالام بېرىشكە بولمايدۇ، بەلكى ھەممە كىشىگە تەڭ سالام بېرىش لازىم. ئەمما كوچىدا ياكى بازاردا بىر كىشىگە خاس سالام بەرسە بولىۋېرىدۇ. ئەگەر جامائەت بىر كىشىگە سالام بەرگەن بولسا، سالام قوبۇل قىلغۇچى ھەممىنى تەڭ كۆزدە تۇتۇپ جاۋاب بېرىشى لازىم. ئەگەر ئۇلاردىن بىرسىنىلا نىشانلاپ جاۋاب سالام بەرسە، باشقىلارنىڭ سالىمى جاۋابسىز قالغان بولىدۇ. ئەگەر بىر كىشى يەنە بىر كىشىگە باشقا بىرسىدىن سالام ئېيتىپ بەرسە ۋە سالام ئېلىپ كەلگۈچى ئۇنى يەتكۈزسە، دەرھال جاۋاب سالام بېرىش كېرەك . ئەمما سالام ئېلىپ كەلگۈچىنى جاۋاب سالامغا قوشماسلىق ماقۇلدۇر. ئەگەر سالام خەت ئارقىلىق يوللانغان بولسا ، بۇنىڭغا جاۋاب سالام بېرىش كېرەك .

بەشىنچى، سالام بېرىلگەن ۋاقىتتا باشنى تۆۋەن قىلماسلىق كېرەك ۋە يەنە قول پۇلاڭلىتىش ،كۆكسى بىلەن ياكى باش لىڭشىتىپ ئىشارەت قىلماسلىق كېرەك . بۇنداق قىلىش خۇنۇك ۋە يېقىمسىزدۇر .

ئالتىنچى، سالامنى يۇقىرى ئاۋازدا بېرىش كېرەككى ،ئۇنى قارشى تەرەپ ئاڭلىسۇن ۋە ئۇمۇ ئاڭلىتىپ تۇرۇپ جاۋاب بەرسۇن، ئەگەر گاس كىشىگە سالام بېرىشكە توغرا كەلگەندە سالام ھەم ئاۋازلىق ،ھەم ئىشارەت ئارقىلىق بېرىلىشى لازىم، ئەگەر قول ئىشارىتى قىلىنمىسا مۇنداق سالامغا جاۋاب لازىم ئەمەس .

ئەگەر گاس سالام بەرسە، جاۋاب بەرگۈچى ھەم سۆز ھەم





ئىشارەت قىلىشى كېرەك. تىلسىزغا سالام بەرگەندە قول ئىشارىتى ئارقىلىق جاۋاب سالام بەرسە بولىدۇ، ئەگەر تىلسىز سالام بەرسە، جاۋابى تىل بىلەن قايتۇرۇلۇشى كېرەك . يەنە ئىشارەتمۇ قىلغىنى تۈزۈك.

يەتتىنچى، ئۇلۇغ (مەرتىۋىسى چوڭ) ئادەم كىچىككە ،ئاتلىق پىيادىگە، مىڭىۋاتقان كىشى ئولتۇرغۇچىغا، خوجايىن خىزمەتچىگە ،ئازچىلىق كۆپچىلىككە ئاۋۋال سالام بېرىشى لازىم.

سەككىزىنچى، ئەگەر كۆپ كىشى بىر يېگانە چىرايلىق ئايالغا سالام بەرسە ياكى بىر يېگانە چىرايلىق ئايال بىر توپ ئەرلەرگە سالام بەرسە، ئۇ ئىككى خىل ئەھۋالدا سالامغا جاۋاب لازىمدۇر. بۇنىڭ شەرتى ئوتتۇردا پىتنە بولماسلىقى كېرەك .

توققۇزىنچى، تۆۋەندىكى ئەھۋال ئاستىدا سالام بېرىشكە بولمايدۇ، جاۋابمۇ لازىم ئەمەس؛ ھاجەتخانىدىكى كىشىگە، ئايالغا يېقىنلىق قىلىۋاتقان كىشىگە، ئۇخلاۋاتقان كىشىگە ،ھامامدا يۇيۇنۇۋاتقان كىشىگە ، تائام يەپ تۇرغان كىشىگە، پىتنە تارقاتقۇچى، پاسىق ناپاك ۋە زالىمغا ... سالام بەرمەسلىك ،ئەگەر ئۇلار سالام بەرسە جاۋاب بەرمەسلىك كېرەك .

ئونىنچى، ۋىدالىشىش (خوشلىشىش) ۋاقتىدا سالام بېرىش سۈننەتتۇر، بولۇپمۇ ئۆلىمالار ئالدىدا بۇ تېخىمۇ زۆرۈر .

ئۇچىنچى پەسىل : ئۇچرىشىش (مۇلاقات) ئەدەپلىرى باياندا، بۇنىڭدا ئالتە ئەدەپ بار : بىرىنچى، ئۇچراشقاندا كۆرۈشۈش لازىم. ئىككىنچى، ئىككى ئالىقاننىڭ يۈزى بىلەن كۆرۈشۈش ،قول ئۇچى بىلەن ئەمەس، يەنى ئىككى تەرەپ ئالىقاننى بىر - بىرىگە تەگكۈزۈشى كېرەك. كۆرۈشۈشنى بىرىنچى باشلىغان كىشى ھەمراھى قولىنى تارتمىغىچە قولىنى تارتماسلىق كېرەك، ئۈچىنچى، كۆرۈشۈش ۋاقتىدا يۈزنى ئوچۇق تۇتۇش لازىم ...ئالتىنچى، بىئەدەپ، زالىم ، پاسىق ناپاك، بۇزۇق ئەركەك بىلەن قول بېرىپ كۆرۈشۈشتىن ساقلىنىش لازىم .

تۆتىنچى پەسىل: قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈش ۋە قول سۆيۈش ئەدەپلىرى باياندا ، بۇنىڭدا تۆت ئەدەپ بار : بىرىنچى، سەپەردىن كەلگەندە ئۆزىنى كۆرۈپ تۇرغان كىشىلەر بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈشى لازىم، ياش ئوغلانلارنى ھەم قۇچاقلاپ ، ھەم يۈزىدىن سۆيۈپ كۆرۈشسە جائىزدۇر. ئەمما بۇزۇق ئەركەكنىڭ ساھىبجاماللار بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈشى مەنئى قىلىنغان ئىشتۇر. مەيلى مۇساپىر، مەيلى مۇجاۋىر (شۇ جايدا دائىملىق تۇرغۇچى) بولسۇن، ھېچكىم ئۇلار بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشمەسلىكى لازىم. ئىككىنچى، مۇجاۋىرلار كۈندىلىك ئۇچراشقان چاغلىرىدا قۇچاقلىشىپ كۆرۈشمىسىمۇ بولىدۇ. ئارىلىقتا نەچچە كۈنلەر ئۆتكەن بولسا، مەيلى. ئۈچىنچى ، سالىھ (ياخشى) كىشىلەرنىڭ قولىنى سۆيمەك كۆرۈشۈش ۋاقتىدا مۇستەھەب (ياخشى ئىش)دۇر. تۆتىنچى، كۆرۈشۈش ۋاقتىدا ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ قولىنى سۆيسە بولىدۇ.





# سەۋر

**سوئال: سەۋرنىڭ قانداق پايدىلىق تەرەپلىرى بار؟ نېمىشقا كىشىلەر سەۋر قىلىشقا ئۈندىلىدۇ؟**

جاۋاب: سەۋر — بېشىمىزغا كەلگەن بالا ـ قازالارغا چىداپ تاقەت قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. ھەر قانداق ئىشتا سەۋر ۋە سوغۇق قانلىق بىلەن ھەرىكەت قىلىش لازىم. چۈنكى بېشىمىزغا كېلىدىغان بالا ـ قازا، زەخمەت ۋە مۇشەققەتلەرنىڭ ھەممىسى تەقدىر ئىرادە بىلەن بولىدىغانلىقى ئۈچۈن بۇلارغا سەۋرسىزلىك قىلغان كىشىلەر ئەجىردىن قۇرۇق قالىدۇ. سەۋر ئىنسانلار ئۈچۈن بۈيۈك بىر پەزىلەتدۇركى، سەۋر قىلغۇچى كېيىن چوقۇم ياخشى كۈنگە ئېرىشىدۇ ۋە بۇنىڭ مۇكاپاتىنى ئالىدۇ.

ئىنسان ھەر قانداق ئىشتا سەۋرچان ۋە چىداملىق بولسا، مەقسىتىگە تىنچ ۋە راھەتتە يېتىدۇ ۋە ھەممىشە سائادەتتە ياشايدۇ.

نەپسىنى سەۋر بىلەن بويسۇندۇرغان كىشى ھەر قانداق ئىشتا ئالدىراقسانلىق قىلماي، ئەستايىدىل ھەرىكەت قىلىدۇ. نەپسىنى ھالاكەتتىن، مەغرۇرلۇقتىن ساقلايدۇ. سەۋر شۇنداق بىر كۈچلۈك نەرسىدۇركى، شەھۋەتنى ئىپپەتكە، غەزەپنى شىجائەتكە، قاتتىقلىقنى ياۋاشلىققا، چوڭچىلىقنى كەمتەرلىككە، يامانلىقنى ياخشىلىققا ئايلاندۇرۇشقا قادىردۇر.

بىلگىنكى، سەۋرنىڭ خاسىيىتى ۋە مەنپەئىتى ھېسابسىزدۇر. سەۋر شۇنداقكى، مۇسىبەت ۋە بالا كۈنلىرىدە داد ـ پەرياد قىلىنمايدۇ، دەرد ئىچىگە يۇتۇلىدۇ ۋە قاپاق سېلىنمايدۇ، چىراي

ئۆزگەرتىلمەيدۇ. بۇنىڭ يەنە بىر كۆرۈنۈشى شۇنداقكى، ئادەملەر ئارىسىدا بىچارىلىكتىن شىكايەت قىلىنمايدۇ، تاقەت ۋە چىدام يولى تۇتۇلىدۇ.

زۇننۇن مىسرى ئېيتىدۇ: «سەۋر ــ بارلىق مېھنەت ئېغىرلىقىنى مەردانە يېڭىش، بىچارە ۋە ئاجىز بولسىمۇ، ئۆزىنى دۆلەتمەندەك تۇتۇش، كۆرۈنگەنلا كىشىگە ئەھۋالى ھەققىدە شىكايەت قىلىۋەرمەسلىك، غەملىك كۆڭلى بولسىمۇ ئۆزىنى خەندان ۋە خۇش چىراي قىلىپ كۆرسىتىشتۇر.»

## سوئال: سەۋرنىڭ پەزىلەتلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: سەۋر ــ كىشىلىك تۇرمۇشتا ئۇچرايدىغان تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىش، ئاڭلىغان نالايىق سۆزلەرگە ۋە كۆرگەن قايغۇ ـ ئەلەملەرگە تاقەتسىزلىك قىلماي، چىداملىق بولۇشتۇر. سەۋرنىڭ ئىلكىنى چىڭ تۇتقان ئادەم مۇراد ـ مەقسىتىگە يەتمەي قالمايدۇ. قايغۇ ـ ھەسرەتنىڭ دامىغا ئېلىنغان كۆڭۈل سەۋر تۈپەيلىدىن ئازاد بولىدۇ. سەۋر كىشىگە بەخت ـ سائادەت ئىشىكىنى ئاچىدۇ.

سەۋر سۆھبىتى زېرىكەرلىك كۆرۈنسىمۇ، كېيىن مۇراد ـ مەقسەتنى ھاسىل قىلىپ، شادلىق بەخش ئەتكۈچى يولداشتۇر. سەۋر ئاچچىق دورىدەك تۇيۇلىدۇ، لېكىن كېيىنچە سەھەت ـ سالامەتلىك كەلتۈرىدۇ. سەۋر ھىجران تۈنلىرىدەك ئۇزاق ھەم قاراڭغۇ بولسىمۇ، ئاقىۋىتى ۋىسالدۇر.

فەرىدىدىن ئەتتار مۇنداق دەيدۇ: دۇنيادا سەۋرلىكلەردىن بولۇشنى ئىستىسەڭ ماڭ، قوپاللىقلارغا ئۇچراشتىن قاچما.

بالا ۋە پالاكەت ۋاقتىدا يۈزۈڭنى ئېتىۋېلىپ، ئۆزۈڭنى سەۋرلىك قۇللاردىن ھېسابلىما. سېنىڭ سەۋرىڭ شىكايەتسىز بولسا، مەقبۇلدۇر. ئەگەردە، ۋاقتىدا سەۋرلىك ئەمەسسەن. ھەقىقىي ئەرەنلەر ئارىسىدا ھالىغا شۈكۈر قىلغان قۇللاردىن





ھېسابلانمايسەن. دەرۋىشلىكتىن ساڭا بىر خۇشاللىق كەلمىگەن بولسا، تەڭرى پېقىرلىرى بىلەن يېقىنلىق ئىددىئاسىدا قانداق تېپىشالايسەن؟ سېنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىڭ تەڭرى پەرمانى بىلەن بولسىمۇ، خىزمەت سەۋەبىدىن كۆرىدىغان ھۆرمەت بەك كەڭ بولۇر.

قۇل خىزمەت سەۋەبىدىن ئەبەدىي ئالەمگە ئېرىشسىمۇ، ھۆرمەت سايىسىدە تەڭرىسىگە يېتەلەيدۇ. خىزمەتتە ئېرىشكەن ھۆرمەت كۆڭۈل ياشناتقۇچىدۇر. خىزمەت قىلغان بەختىيار ئىنساندۇر. بالام: قاچان مۇۋاپىق بولمىغان ئىشلار ئەتراپىدا يۈرۈشتىن ۋازكەچسەڭ، ساڭا ئۇ چاغدا سەۋردىن لاپ ئۇرۇش يارىشۇر. ئەمما پاراغەت ۋە خۇشاللىق كۆڭلەرنى ساقلىساڭ، بالالارغا سەۋر قىلىش بىلەن ھېچقانداق بىر نەرسىگە ئېرىشەلمەيسەن.

# سۆھبەت ئەھلىنىڭ ئەدەپلىرى

**سوئال: سۆھبەت ئەھلى رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئەدەپلەر قايسىلار؟**

جاۋاب: كۆڭۈل تارتقان دوست ـ بۇرادەرلەر، مەلۇم كەسىپ ئايرىمىسى بويىچە يىغىلىشقان كەسىپداشلار پات ـ پات مەجلىس قۇرۇپ سۆھبەت ئۆتكۈزۈش قەدىمدىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئېسىل ئادەتلەرنىڭ بىرىدۇر. سۆھبەت سورۇنىدا ئۆزىنى قانداق تۇتۇش، قانداق ئەدەپلەرگە رىئايە قىلىش ھەققىدە خەلقىمىزدە مۇكەممەل قاراش ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن، بۇ ھەقتە يېزىلغان رىسالىلەرمۇ ئاز ئەمەس. بىز تۆۋەندە مۇھەممەد سادىق قەشقەرىينىڭ «ئادابۇسسالىھىن» (ياخشى كىشىلەرنىڭ ئەدەبلىرى) ناملىق ئەسىرىدىن مىساللارنى كەلتۈرىمىز:

سۆھبەت ئەھلىگە لازىملىق ئەدەپلەر:

بىرىنچى، سۆھبەتنى خالىي جايدا ئۆتكۈزۈش ، ياخشى نىيەتتە بولۇش، يەنى غەرەزسىز بولۇش لازىم؛ ئىككىنچى، تاھارەت بىلەن بولۇش لازىم؛ ئۈچىنچى، كىيىم ـ كېچەك ۋە بەدەننى پاكىز، خۇشبۇي تۇتۇش، بەتبۇي نەرسىلەرنى سۆھبەت ئورنىدىن يىراق تۇتۇش لازىم. چۈنكى سۆھبەتلەشكۈچىلەرنىڭ تەبىئىتى خىرە بولۇپ قالمىسۇن. شۇنىڭدەك سۆھبەت ۋاقتىدا چىشىنى چىرىگەن نەرسىلەردىن تازىلاش، ئېغىزنى خام پىياز، سامساق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش بەتبۇي نەرسىلەردىن خالىي قىلىپ دوستلارنى نەپرەتلىنىشتىن ساقلاش لازىم؛ تۆتىنچى، ياخشىلار سۆھبىتىگە زوقمەن بولۇش لازىم؛ بەشىنچى، زىكرى سۆھبەت ۋاقتىدا





سۆھبەتداشلار ھالقا شەكلىدە ئولتۇرۇشى كېرەك . بۇنىڭ بىر نەچچە خىل پايدىسى بار: بىر ـ بىرىگە يۈزمۇ يۈز ئولتۇرالايدۇ، بىر ـ بىرىگە نەزەر سېلىشالايدۇ، بۇنداق ئولتۇرغاندا يۇقىرى ـ تۆۋەنلىك بىلىنمەيدۇ، ھەممە ئادەم ئىمتىيازسىز ھالدا بىر خىل ئولتۇرالايدۇ، ئەگەر سۆھبەتلەشكۈچىلەر ئارىسىدا بىرەر ئۇلۇغ (مۆتىۋەر) كىشى بولسا، باشقىلار يۈزلىرىنى ئۇنىڭغا قىلىپ ئولتۇرۇشى كېرەك. ئەگەر ئىككى كىشى سۆھبەتلەشكەن بولسا ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل ۋە تىزمۇ تىز ئولتۇرۇشى كېرەك؛ ئالتىنچى، ھالقىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرماسلىق كېرەك، ئەگەر زۆرۈرىيەت بولسا، جۈملىدىن بىر كىشىگە زۆرۈر سۆزى ياكى بەجا كەلتۈرۈشكە تېگىشلىك بىرەر خىزمىتى بولسا ئولتۇرسىمۇ بولىدۇ؛ يەتتىنچى، مەجلىستە ئەدەپ، ھۆرمەت بىلەن ئولتۇرۇش كېرەك. سۆھبەت ئەھلى ئولتۇرىدىغان يەرنى كەڭ قويۇش، تىزنى ئۆزگىلەرنىڭ تىزىغا قويۇۋالماسلىق، رازىلىقىنى ئالماي تۇرۇپ ئىككى كىشىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بېرىپ ئولتۇرۇۋالماسلىق كېرەك؛ سەككىزىنچى، سول قولنى ئارقىسىدىن يەرگە قويۇپ، تەكيە قىلىپ ئولتۇرماسلىق كېرەك، ئەگەر ئولتۇرۇشقا توغرا كەلسە تىزنى كۆتۈرۈپ ياكى چازا قۇرۇپ ئولتۇرسا بولىدۇ. تىزنى كۆتۈرۈپ ئولتۇرۇش دېگىنىمىز ئىككى تىزنى كۆتۈرۈپ ئىككى قولى بىلەن پاچىقىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇش دېمەكتۇر؛ توققۇزىنچى، سۆھبەت ئەھلى كىرگەن ۋە چىققان ۋاقتىدا ئورنىدىن تۇرۇش لازىم؛ ئونىنچى، مۆتىۋەر كىشىنى يۇقىرى ئولتۇرغۇزۇش ۋە ئۇنىڭغا سالام بېرىش لازىم، بەلكىم ھەرقانداق كىشىنى ئۆزىدىن ئەلا بىلىپ ئۇنىڭغا سالام بېرىش كېرەك؛ ئون بىرىنچى، ئەدەپسىز سۆز ۋە قىلىقلاردىن، يامان ھەرىكەتتىن ۋە ۋە ئورۇنسىز سۆكۈناتتىن ساقلىنىش كېرەك؛ ئون ئىككىنچى، ئۇلۇغ ۋە كىچىكلەرنىڭ ھەر قايسىسىنى ئۆز مەرتىۋىسىگە لايىق ھۆرمەت قىلىش، قېرى كىشىلەرنى ئاتا ئورنىدا كۆرۈپ، ئۇلارنى

ھۆرمەت قىلىش لازىم . يىقىن كىشىلەرنى ئاكا ـ ئۇكا قاتارىدا كۆرۈپ ، ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش ۋە ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قىلىش لازىم. كىچىكلەرنى ئۆز پەرزەنتى قاتارىدا كۆرۈپ ئۇلارغا شەپقەتلىك بولۇش، نەسىھەت قىلىش ۋە ئەدەپلىك مۇئامىلە قىلىش لازىم. ئۇلارنى ياخشى ئىشلارغا دالالەت قىلىش كېرەك. لېكىن بۇزۇق كىشىلەرنىڭ سۆھبىتىدىن پەرھىز قىلىش، ئەگەر زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ سۆھبىتىگە قاتنىشىپ قالغان تەقدىردە كۆزىنى ۋە كۆڭلىنى ئۇلاردىن ساقلاش كېرەك؛ ئون ئۈچىنچى ، كەمتەر كىشىلەرگە كەمتەر بولۇش، كەمتەر ۋە ياخشىلىق قىلغۇچى كىشىلەرگە ئېھسان ۋە خەيرلىك دۇئا قىلىش لازىم؛ ئون تۆتىنچى، ئەگەر جامائەت سورۇنلىرىدا چۈشكۈرۈك كەلسە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە پەس ئاۋازدا مۇلايىم چۈشكۈرۈش، ئاغزىغا يېڭىنى ياكى باشقا بىر نەرسىنى تۇتۇۋېلىش لازىم ...ئون توققۇزىنچى، چۈشكۈرۈك كەلگەنلىكى مۇقەررەر بولسا، مۇۋاپىقراق مەسلىھەت شۇكى، ئۈچىنچى قېتىملىق چۈشكۈرۈكتە تۇمۇ (زۇكام) تەگكەن ـ تەگمىگەنلىكىنى سوراش لازىم؛ يىگىرمىنچى، سۆھبەت ئەھلىگە چىن كۆڭۈل ۋە رىغبەت بىلەن ئۆزى خىزمەت قىلىشى كېرەك؛ يىگىرمە بىرىنچى، سۆھبەت ئەھلىدىن ھېچ نەرسىنى ئايىماسلىق، ئۇلاردىن ھېچ بىرىگە خىزمەت بۇيرۇماسلىق لازىم؛ يىگىرمە ئىككىنچى، مەينەت ۋە تۆۋەن خىزمەتلەردىن، جۈملىدىن خالىيجاي (تاھارەتخانا)نى تازىلاش، تاھارەت چالمىسى تەييارلاش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش خىزمەتلەردىن ھەرگىزمۇ ئار ۋە نومۇس قىلماسلىق كېرەك؛ يىگىرمە ئۈچىنچى، قىلغان خىزمىتىگە مىننەت قىلماسلىق، بەلكى ئۆز خىزمىتىنى سۆھبەت ئەھلىنىڭ قوبۇل قىلغانلىقىدىن بەكمۇ خوشال بولۇش ۋە مىننەتدار بولۇش لازىم؛ يىگىرمە تۆتىنچى، ئاشنا ۋە يېگانە سۆھبىتىدە ئوچۇق چىراي، چۈچۈك تىل بولۇش لازىم ، بۇ گۈزەل ئەخلاق ۋە چىرايلىق ئەدەپنىڭ





ئەۋزىلى ھېسابلىنىدۇ؛ يىگىرمە بەشىنچى، گاھ سۆزدە، گاھ ھەرىكەتتە سۆھبەت ئەھلىگە مۇۋاپىق كەلمەيدىغان ئىشلارغا يول قويۇشقا بولمايدۇ؛ يىگىرمە ئالتىنچى، ئۆز مۈلكىنى سۆھبەت ئەھلىدىن ئايىماسلىق، بەلكى ئۇلارنى ئۆزىنىڭ مۈلكىدەكلا ياخشى كۆرۈش لازىم؛ يىگىرمە يەتتىنچى، سورۇنغا ئاتالغان ھەدىيە كەلسە، ئۇ گەرچە ئۇلۇغلاردىن كەلگەن تەقدىردىمۇ «ئەل ھەدىيە مۇشتەرىكۇن» (ھەدىيە كۆپچىلىككە تەئەللۇق) نىڭ ھۆكمى بويىچە ھەممە كىشىنى ئۇنىڭغا شېرىك قىلىش كېرەك، ئەگەر ئۆزى بىلەن مۇلازىملار سورۇندا بولمىسا، ئۇلارنىڭ نېسىۋىسىنى ئېلىپ قويۇش لازىم؛ يىگىرمە سەككىزىنچى، دوست ـ بۇرادەرلىرىدىن سەۋەنلىك ئۆتكەن بولسا ئۇلارنى ئەپۇ قىلىش، ئۇلارنى ئۆزرىخاھلىق ئېيتقۇزماسلىق ۋە ئەيىبىنى يۈزىگە سالماسلىق لازىم؛ يىگىرمە توققۇزىنچى، ئەگەر بۇرادىرى بۇزۇقچىلىق قىلغان بولسا ،بىرەر خىلۋەتكە چاقىرىپ نەسىھەت قىلىش ۋە توۋا قىلدۇرۇش كېرەك؛ ئوتتۇزىنچى، ئەگەر سۆھبەتداش ئۆلۈپتىدىن بىرەر يامان ئىش ئۆتكەن ياكى بىرەر قەبىھ ھەرىكەت سېزىلگەن بولسا ،بۇنداق ئىشلارنى يوقىتىشقا ھەرىكەت قىلىش لازىم؛ ئوتتۇز بىرىنچى، ئەزىزلەرنىڭ نەسىھەت ۋە پىكىرلىرىنى مىننەتدارلىق بىلەن قوبۇل قىلىش لازىم.

بەزى قىلىق ۋە ئەھۋاللار كۆرۈلسە، سۆھبەت ئەھلى ئۇلاردىن قېچىش لازىم. بۇلار: بىرىنچى، ئەگەر كۆڭلى سىزنىڭ سۆھبىتىڭىزدىن پەرىشان بولۇپ، خاتىرجەملىكى بۇزۇلسا، ئۇنداق كىشى بىلەن سۆھبەت قىلماڭ؛ ئىككىنچى، سۆھبەت ۋاقتىدا ئەسنىمەسلىك، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئەسنەكنى توختىتىشقا ھەرىكەت قىلىش لازىم. بۇنىڭ چارىسى: يۇقىرىقى چىش بىلەن ئاستىنقى لەۋنى مەھكەم چىشلەپ تۇرۇش. ئەگەر بۇنىڭ بىلەنمۇ تۈزەلمىسە، سول قول ياكى يېڭى بىلەن ئاغزىنى تۇتۇۋېلىش كېرەك؛ ئۈچىنچى، سۆھبەت ۋاقتىدا ئويقۇغا

كەتمەسلىك؛ تۆتىنچى، مەجلىستە (سورۇندا) ئۆزىنى باشقىلاردىن ئالاھىدە تۇتماسلىق؛ بەشىنچى ، بىر كىشى سۆزلەپ تۇرغان ۋاقىتتا سۆزلىمەسلىك، تاكى ئۇنىڭ سۆزى تامام بولمىغىچە؛ ئالتىنچى، سۆھبەت ۋاقتىدا سۈكۈت قىلىپ جىم ئولتۇرۇۋالماسلىق، ھەتتا بىر كۈن تامام سۈكۈتتە بولۇش يامان ئادەت ھېسابلىنىدۇ؛ يەتتىنچى، كۆپ سۆزلىمەسلىك؛ سەككىزىنچى، سۆزلەشتە تەكەللۇپ قىلماسلىق، بۇ — چىرايلىق سۆزلەش (پاساھەت) ۋە سۆزدە بالاغەت (پىتۇكلۇك) ئۈچۈن ... توققۇزىنچى، سۆھبەتداشلار بىلەن جەڭگى - جېدەل قىلماسلىق، ئەگەر پىتنە - پاسات يۈز بەرگەندە، بەس - مۇنازىرە قىلسا بولىدۇ. شۇنى بىلىۋېلىش كېرەككى، بۇرادىرى بىلەن ئۈچ كۈندىن ئارتۇق جۇدالىق قىلىش (ئايرىلىش، ئاداۋەت تۇتۇش) توغرا ئەمەس. ئەگەر ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا دۇنيا ئىشلىرى سەۋەبى بىلەن جۇدالىق پەيدا بولغان بولسا، ئاتا پەرزەنتىدىن، ئۇستاز شاگىرتىدىن، ئەر خۇتۇنىدىن بۇنىڭ مىسالىدا ھېكمەت مۇلاھىزە قىلىپ. ئۈچ كۈندىن زىيادە جۇدالىق قىلسا جائىزدۇر. ئۇنىڭ ئۆلچىمى يوقتۇر. سادىق تالىپقا (ئوقۇغۇچىغا) نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھەر قانچە ئاچچىقى كەلگەن تەقدىردىمۇ ئۆز غەزىپىنى بېسىۋېلىشى شەرت؛ ئونىنچى ، دوست - يارانلىرىغا ئارتۇقچە خۇشامەت قىلماسلىق؛ ئون ئىككىنچى، سۆھبەتداشلارغا كۆپ مازاق ۋە ياپتا گەپ قىلماسلىق، نورمال مۇناسىۋەتتە بولۇش لازىم، گاھىدا راست سۆزلەر بىلەن ئەتراپتىكىلەرنى كۈلدۈرسە، بۇنىڭ يامىنى يوق. باللارغا تىلىنى چىقىرىپ ھەرىكەت قىلىپ، ئۇلارنى خوشال قىلسىمۇ بولىدۇ؛ ئون ئۈچىنچى، ھېچكىمنىڭ غەيۋىتىنى قىلماسلىق ۋە غەيۋەتكە قۇلاق سالماسلىق كېرەك. بىر كىشىنىڭ ئارقىسىدىن ئۇنىڭ كۆڭلى خالىمايدىغان ئىشلىرى ئۈستىدە سۆزلەش غەيۋەت دېيىلىدۇ. تۆۋەندىكىدەك ئەھۋالدا غەيۋەت قىلسا جائىزدۇر: مەزلۇم (ئېزىلگەن) كىشى زۇلۇم





ئۈستىدىن پادىشاھقا شىكايەت قىلسا، تېنىۋالىدىغان ئىشنى قىلىدىغان كىشىنىڭ ئارقىسىدىن سۆزلەپ ئۇنى جازالىسا، يامان ئىشلارنىڭ يامانلىقىدىن كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرسا، پاسىق كىشى ئاشكارا ھالدا پىتنە - پاسات تېرىسا ۋە يامان ئىشلارنى قىلسا، بۇنداق قىلىشتىن نومۇس قىلمىسا، بىر كىشىنىڭ لەقىمى قەبىھ بولۇپ ئالغاي ،قىزىل كۆز، سىڭاكۆز، قارىغۇ، گاس، چولاق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش لەقەملەر بىلەن مەشھۇر بولغان بولسا ئۇنى ئەيىبلەش ۋە ھاقارەتلەش ئۈچۈن لەقىمى بىلەن چاقىرىش ياماندۇر؛ ئون تۆتىنچى، مەجلىستە، جامائەت سورۇنىدا ئىككى كىشى بىر - بىرىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ پىنھان سۆزلەشمەسلىكى كېرەك، يەنە شۇنداق تىل بىلەن سۆزلىشىشكە بولمايدۇكى، مەجلىس ئەھلى ئۇ تىلنى بىلىدىغان ۋە بەزىلەر بىلمەيدىغان بولسا، ئەگەر زىياپەت ئۈستىدە تاماق تەرتىپى توغرۇلۇق زىياپەت بەرگۈچى ياكى ئۇنىڭ خادىمى پىچىرلىشىپ سۆزلەشسە جائىزدۇر. ئىككى كىشى بىر مەسىلە ئۈستىدە بىر - بىرىگە سىر ئېيتماقچى بولسا، ئۇنىڭغا ئۈچىنچى كىشى ئارىلاشماسلىق ۋە ئۇلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماسلىقى لازىم .

# سۆكۈت

**سوئال: سۆكۈت قىلىشنىڭ قانداق پايدىلىق تەرەپلىرى بار؟ سۆكۈت قىلىشنى نېمە ئۈچۈن شۇنچە ئەۋزەل دەيمىز؟**

جاۋاب: سۆكۈت قىلىش لايىق بولغاندا سۆزلەش، لايىق بولمىغاندا جىم تۇرۇش، ئېغىز ئاچماسلىق، ئېپادە بىلدۈرمەسلىكنى كۆرسىتىدۇ. سۆكۈت قىلىش ئادەمنى نۇرغۇن خاپىلىقلاردىن، كېلىشمەسلىكلەردىن، تىلدىن بارلىققا كېلىدىغان خەۋپ - خەتەرلەردىن ساقلايدۇ. شۇڭا، ئاقىللار سۆكۈت قىلىشنى ئىزچىل هالدا تەكىتلەپ كەلمەكتە.

سۆكۈت قىلىش ئادەمنى كۆپ سۆزلەپ خاتالىشىپ قېلىشتىن، باشقىلارنىڭ كۆلكىسىگە قېلىشتىن، نەزىرىدىن چۈشۈپ كېتىشتىن ساقلايدۇ. قايسى يەردە، قانداق سورۇندا سۆكۈت قىلىشنى بىلسىڭىز، ئورۇنسىز غەيۋەت - شىكايەتتىن، جېدەل - غوۋغادىن قۇتۇلۇپ قالالايسىز. بىرى بىر ياخشى كىشى هەققىدە غەيۋەت قىلىۋاتقان بولسا، سۆكۈت قىلىشنى بىلسىڭىز، چوقۇم ئۇنىڭغا ئارىلىشىپ قالمايسىز؛ ئەهلى - جامائەت سورۇنىدا سۆھبەت يامان تەرەپكە بۇرۇلۇپ قالسا، بۇ چاغدا سۆكۈت قىلىشنى بىلسىڭىز، خاتالىشىپ قېلىشتىن، ئۆز ۋىجدانىڭىزغا مۇخالىپ ئىش قىلىپ قويۇشتىن ساقلىنالايسىز. شۇنىڭ ئۈچۈن سۆكۈت هەر بىر كىشىگە ناهايىتى مۇهىم.

نۇرغۇن كىشىلەر قانداق يەردە قانداق سۆكۈت قىلىشنى بىلمىگەچكە، ئورۇنسىز جېدەل - غوۋغاغا، ئورۇنسىز ئىشلارغا، غەيۋەت - شىكايەتكە ئارىلىشىپ قېلىپ، بېشىغا بىكاردىن - بىكارغىلا بالا تېپىۋالىدۇ. بەزىلەر ئەقىل ئىشلەتمەي، سۆكۈت





قىلىشنىڭ ئورنىغا تەنتەكلىك قىلىپ، ئاغزىنى چىڭ يۇممىغانلىقى ئۈچۈن، تالاپەتكە ئۇچرايدۇ. شۇڭا، ئۆلىمالار بىزگە سۆكۈت قىلىشنى ئالاهىدە تاپىلايدۇ.

مېنىڭ بىر تونۇشۇم بولۇپ، ئۇنىڭ زېهنىي قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇراتتى، هەرقانداق ئىشنى قىلسا گۈل كەلتۈرۈۋېتەتتى. ئەمما ئۇ ناهايىتى تەنتەك، نۇرغۇن كىشى بار يەردە پەقەتلا ئاغزىنى باسالمايدىغان بولغاچقا، بەزىلەرگە بىرەر ئىشنى قىلىپ بېرىش هەققىدە ۋەدە بەرسە، يەنە بەزىلەرنىڭ گېپىنى تارتىۋېلىپ بىلەرمەنلىك قىلاتتى، يەنە بەزىلەرگە بەزى ئىشلارنى قىلىشنىڭ يولىنى كۆرسىتەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا موهتاج كىشىلەر كۆپىيەتتى، كۈندە دېگۈدەك ئۇنىڭ ئۆيىدىن «هېلىقى ۋەدە ئىشنى قىلىپ بەرسەڭ» دەيدىغانلار ئۈزۈلمەيتتى. شۇنىڭ بىلەن كۈن بويى ئالدىراش يۈرەتتى، هېچقايسى ئىشنى كۆڭۈلدىكىدەك پۈتكۈزەلمەيتتى، شۇ تەرىقىدە يۈرۈپ هېرىپ هالىدىن كېتەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە كۆپچىلىك سورۇنلىرىدا يەنە تەنتەكلىك قىلىپ بەزىلەرگە ئېغىر تېگىپ سالاتتى، بەزىلەرنىڭ كونا ئىشلىرىنى چۇۋۇيتتى، بۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن كىشى ئۇنىڭغا ئىچىدە غۇم ساقلاپ يۈرەتتى، پۇرسەت بولسا ئۇنى جايلاشنىڭ كويىغا كىرگەندى. شۇنداق قىلىپ سۆكۈت قىلىشنى بىلمەيدىغان بۇ كىشى ناهايىتى كۆپ جاپا تارتىۋالدى. كېيىن بىرمۇنچە يېقىن - يورۇقلارنىڭ سەممىي نەسىهتى، ياردەم بېرىشى بىلەن سۆكۈت قىلىشنى ئۆگىنىۋىدى، بۇنىڭ تېزلا ئۈنۈمى كۆرۈلدى. قىلالايدىغان ئىشقا ۋەدە بەردى، ئاڭلاپ قالغان، قىلالمايدىغان ئىشقا ۋەدە بەرمىدى. بۇنىڭ بىلەن تۇرمۇشىمۇ ئىزىغا چۈشتى.

دېمەك، سۆكۈت قىلىش بىلەن سۆكۈت قىلماسلىقنىڭ پايدا - زىيىنى يۇقىرىقى مىسالدىكىگە ئوخشاش روشەن پەرقلىنىدۇ. شۇڭا، ئۆلىمالارنىڭ نەسىهتىگە قۇلاق سېلىپ ئاغزىمىزغا

سۈكۈت مۆھرىنى بېسىشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا ئىشلىرىمىز كۈنسېرى روناق تاپىدۇ.

فەرىدىددىن ئەتتار سۈكۈت قىلىشنىڭ پايدىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

ئەي قېرىنداش، سەن ھەقنى ئىزدەيدىغان ئىنسان بولساڭ تەڭرى بۇيرۇقىدىن باشقا ئىشقا ئېغىز ئاچما. ھەرقانچە كۆپ بىلىمىڭ بار بولسىمۇ، ئاغزىڭغا سۈكۈت مۆھرىنى باس. بالام، نەسىھەتنى ئاڭلا، قۇتۇلۇشنى ئىستىسەڭ تىلىڭنى تارت. كۆپ گەپ قىلىدىغانلارنىڭ كۆكرەك قەپىسىدە يۈرىكى كېسەلدۇر.

ئەقىللىقلەرنىڭ ئادىتى سۈكۈت، جاھىلنىڭ ئادىتى ئۇنۇتقاقلىقتۇر. ئادەمگە غەيۋەت ۋە يالغانچىلىقتا قارىغاندا سۈكۈت كېرەكتۇر. توختىماي سۆزلەشكە ئادەتلەنگەن كىشىلەر ئەخمەقتۇر. قېرىندىشىم، ھەقنى ياد ئەتمەكتىن باشقا سۆز سۆزلىمە. توغرا سۆزنىمۇ خەلقنى خاتالاشتۇرۇش يولىدا سەرپ قىلما. توختىماي سۆزلەشكە ئادەتلەنگەنلەرنىڭ قانداق ھۈنىرى بار بولسا، ھەممىسىنى مۇشۇ ئىش ئۈچۈن سەرپ قىلار. كۆپ سۆزلەش يۈرەكنى بەدەن ئىچىدە ئۆلتۈرۈر. ئۇنداق سۆزلەر كۆپىنچە غەيۋەت ـ شىكايەتتىن باشقا نەرسە بولماس.

سەنئەتلىك سۆز سۆزلەشكە كۈچەيدىغانلارمۇ كۆڭۈللەرگە ئىزتىراپ بېرىدۇ. بېرىپ تىلىڭنى ئاغزىڭغا سولا، خەلقتىن ھېچنېمە كۈتمە، ئۆز ئەيىبىڭنى كۆرەلەيدىغانلارنىڭ روھلىرىدا بىر قۇۋۋەت نامايان قىل.





# سىر ساقلاش

**سوئال: سىر ساقلاشنىڭ قانداق مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرى بار؟ نېمە ئۈچۈن سىر ساقلاشنى مۇھىم دەيمىز؟**

جاۋاب: سىر ساقلاش ناھايىتى ئېسىل ئەخلاقىي سۈپەتلەرنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن بىزنى ئۆز مەقسىتىمىزگە ئاسان ئېرىشتۈرىدۇ. چۈنكى، باشقىلارغا بىلدۈرۈشكە تېگىشلىك بولمىغان ئىشلارنى باشقىلارغا قەتئىي بىلدۈرمەسلىكنىڭ ناھايىتى كۆپ پايدىلىق تەرەپلىرى بار. ئەگەر باشقىلارغا بىلدۈرمەسلىككە تېگىشلىك بولغان ئىشلارنى باشقىلار بىلىپ قالسا، ئۇ چاغدا سىزنىڭ ئىشلىرىڭىز قالايمىقانلىشىپ كېتىشى، قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭىزدا مىڭ بىر توسقۇنلۇقلار كېلىپ چىقىشى، ھەتتا سىز ئويلىمىغان بەختسىزلىكلەرگە دۇچار بولۇشىڭىز مۇمكىن.

ئادەمنىڭ دوست ۋە دۈشمىنى بولىدۇ، بەزىدە سىز دوستۇم دەپ قارىغان كىشىمۇ سىزگە ئاستىرتتىن دۈشمەنلىك قىلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن، شۇنىڭ ئۈچۈن دۈشمىنىم بىلمىسۇن ۋە ئاڭلىمىسۇن دەپ، يوشۇرۇپ يۈرگەن سىرىڭىز بولسا، بۇ سىرنى ھېچكىمگە ئېيتماڭ. ئادەم ۋە ئالەم بىر خىل تۇرمايدۇ، دوست بولۇپ يۈرگەن ئادىمىڭىز بىر كۈنى كېلىپ دۈشمەنگە ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن تاشقىرى قولىڭىزدىن كەلمەيدىغان ئىشنى قىلىمەن دەپ بىر كىمگە ۋەدە بەرمەڭ، خەيرلىك ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئالدىراڭ!

ئومۇمەن، ھەر قانداق ئادەمگە ئىشىنىپ سىرىڭىزنى ئېيتماڭ، ھەر قانداق دۈشمەنگە زۇلمىڭىزنى چەكتىن

ئاشۇرۇۋەتمەك، چۈنكى دۈشمىنىڭىز دوستقا، دوستۇڭىز بولسا دۈشمەنگە ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن.

ھەكىم سەنائىي ئېيتىدۇ: كىشى ئۆزىنىڭ سىرىنى بەش خىل كىشىلەرگە ئېيتماسلىقى كېرەك. بۇلارنىڭ بىرىنچىسى، ھىيلە ـ مىكىرلىك ئادەمگە، ئىككىنچىسى، بالاغەتكە يەتمىگەن بالىغا، ئۈچىنچىسى، تەنتەك ئادەمگە، تۆتىنچىسى، بىراۋغا قارام كىشىگە، بەشىنچىسى سىنالمىغان دوستقا.

يەڭگىلتەك ۋە مىكىرلىك ئايالغا سىر ئېيتقان كىشىنىڭ ئىشى گويا ئوتقا پاختا تاشلاپ، ئۇنىڭغا «كۆيمە»! دەپ بۇيرۇغان كىشىنىڭ ئىشىغا ئوخشايدۇ. بالىلارغا سىر ئېيتقان كىشىنىڭ ئىشى بولسا سۇغا كوزا تاشلاپ، ئۇنىڭغا «چۆكمە»! دەپ بۇيرۇغان كىشىنىڭ ئىشىغا ئوخشايدۇ. تەنتەككە سىر ئېيتقان كىشىنىڭ ئىشى، خۇددى مۈشۈككە گۆش تاشلاپ بېرىپ ئۇنىڭغا «يېمە»! دەپ بۇيرۇغان كىشىنىڭ ئىشىغا ئوخشايدۇ. بىرەر تاسادىپىيلىق تۈپەيلى بىر كىمگە قارام ۋە بېقىندى بولۇپ قالغان كىشىگە سىر ئېيتقان كىشىنىڭ ئىشى گويا ئىت ئالدىغا سۆڭەك تاشلاپ، ئۇنىڭغا «غاجىلىما»! دەپ بۇيرۇغان كىشىنىڭ ئىشىغا ئوخشايدۇ. سىنالمىغان دوستقا سىر ئېيتقان كىشىنىڭ ئىشى دەل ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ، دوستىغا خىتاب قىلغان ھالدا: «مېنى غەرق بولۇشتىن قۇتقۇزۇڭلار»! دەپ داد سالغان كىشىنىڭ ئىشىغا ئوخشايدۇ.

دېمەك، ھاياتىي دۇنيادا سىر ساقلاش ناھايىتى مۇھىم بولۇپ، ئىشلارنىڭ قالايمىقانلىشىپ كەتمەسلىكى، مۇۋەپپەقىيەتلىك پۈتۈشى ئۈچۈن مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىر ساقلىيالىغان ئادەم بالا ـ قازالارغا سەۋر قىلالايدۇ ۋە باشقا ئېسىل پەزىلەتلەرنىمۇ ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، سىر ساقلاشقا ئەھمىيەت بېرىش ناھايىتى مۇھىم.





## شەھۋەت

**سوئال: شەھۋەتخورلۇق خەلقىمىز ئارىسىدا قەدىمدىن ھازىرغىچە ئەيىبلىنىپ كېلىۋاتقان يامان خۇيدۇر. بۇنىڭ قانداق زىيانلىق تەرەپلىرى بار؟**

جاۋاب: شەھۋەت ــ نەپسىنىڭ ياشاش ئىستىكى ۋە زورىدىن ھاسىل بولىدىغان بىر قۇۋۋەتتۇر. تەبىئىي ھېكمەت قانۇنلىرىنىڭ ئەزەلىي كۆرسەتمىلىرىگە كۆرە، شەھۋانىي ھېسسىيات دائىملىق ھاياتقا خاس بىر تۇغما قۇۋۋەتتۇر. شەھۋەت ئىنساننىڭ قىممەتلىك خەزىنىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئۇيغۇن رەۋىشتە سەرپ قىلىنسا، ۋۇجۇدنىڭ زاكاتى (ئىلتىپاتى)، ئىنسان نەسلىنىڭ ھايات مادارى بولىدۇ. ھەر قانداق ئىشتا ھەددىدىن ئېشىش ۋە قېلىپتىن چىقىش ماقۇل كۆرۈلمىگىنىگە ئوخشاش، بۇ خۇسۇستىمۇ خەسىسلىك ۋە ئىسراپچىلىقتىن ساقلىنىش لازىم. ئەگەر شەھۋەت غەيرىي شەرئىي بىر يولدا سۇيىئىستېمال قىلىنسا، ئامانەتكە خىيانەت قىلغانلىق بولىدۇ. بۇ خۇددى يېيىش ئۈچۈن يارىتىلغان بىر نېمەتنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى بىلمەستىن خارلاپ، ئورۇنسىز يەرلەرگە تاشلاپ ئاياغ ئاستى قىلىپ، چوڭ نېمەتنى قولدىن بېرىپ قويغىنىغا ئوخشاشتۇر. ياخشى خۇلقلارنىڭ ئىچىدە پەرىشتىلەرنىڭ ئارزۇلايدىغىنى شەھۋەتنى شەرىئەت قائىدىلىرىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان يەرگە ئىشلىتىشكە رىئايە قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. شەھۋەت ئىنسان ئۈچۈن يارىتىلغان بىر ياخشىلىقتۇركى، ئۇ ئۆز ئورنىغا ئىستېمال قىلىنسا، ۋۇجۇدىمىزنى ھەر خىل تەئەررۇزلاردىن (دەخلى ـ تەرۇزلەر) ساقلايدۇ. ئەگەر ئۇ ئورۇنسىز يەرلەرگە سەرپ

قىلىنسا، ئىنساننىڭ ئىپپىتىنى بەربات قىلىپلا قالماي، بەلكى ھاياتىنى خاراب قىلىدۇ. بىر كىشى قولىدىكى ئەسۋابىغا مەغرۇرلىنىپ، ئۇنى ناباب يەرگە ئۇرۇپ، ئۇتمەس قىلغىنىغا ئوخشاش، مەسئۇلىيەتتىن نەپسىنىمۇ قۇتقۇزالمايدۇ. ئەپسۇس، بىزنىڭ ياشلىرىمىزنىڭ كۆپچىلىكى شەھۋەت ئۇستۇنلۇكى بىلەن بۇزۇق نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ كېتىپ سىفلىس قاتارلىق كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولماقتا. قانچىلىغان مىھنەت ۋە مۇشەققەت بىلەن تاپقان ئالتۇن - كۈمۈشلىرىنى ئۆزلىرىنى باقتۇزماقتا سەرپ قىلىپ، ئالتۇندىن قەدىرلىك ئەزىز ئۆمۈرلىرىنى كېسەلخانىلاردا ئىسراپ قىلماقتا. ئۆلىمالاردىن بىرى: «ھايات ئىنسانىيەتنىڭ ئەسۋابى بولغىنىغا ئوخشاش، شەھۋەتمۇ بەندىلىك خىزمىتى ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىدۇ ۋە بۇ ۋەزىپىلەر ھەقىقىي ئادا قىلىنمىسا، ئىنسانىيەت بىلەن ھايۋانات ئارىسىدا نېمە پەرق قالىدۇ»، دەيدۇ.

**سوئال: ھازىر ياشلارنىڭ ئارىسىدا دىل بۇزۇقچىلىق، شەھۋەتخورلۇق ئەۋج ئېلىپ، نۇرغۇن ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى، ھەتتا قانلىق پاجىئەلەرنى پەيدا قىلماقتا. بۇنداق قىلىشنىڭ قانداق يامان ئاقىۋەتلىرى بار؟**

جاۋاب: يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتۈلگەندەك، ئادەمنىڭ تەبىئىي قۇۋۋىتىدە شەھۋەت بولىدۇ، ئۇ ھاياتلىقنى ياشنىتىش، نەسلىنى داۋاملاشتۇرۇش، ئىنساننى تېخىمۇ ئۇمىدۋار، ھاياتىي كۈچكە تولغان ھالدا ياشاشقا ئۈندەپ تۇرىدۇ. ئۇ بەدەندە يامان يوللارغا ئىشلىتىلمەي ساقلانسا، ئادەمنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىقى ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق، ئەمما كۆڭۈل تارتماستىن تۇرۇپ، ئىجتىمائىي ئومۇمىي ئەخلاققا يات ھالدا، زورلاپ تۇرۇپ سەرپ قىلىنسا، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ناھايىتى يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.





ئالدى بىلەن شەھۋەتخورلۇق ھەر خىل جىنسىي كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ. ئادەتتىكى جىنسىي كېسەللىكلەرنى داۋالاپ ساقايتقىلى بولسىمۇ، ئەمما، شەھۋەتخورلۇق يۈزىسىدىن يۇقتۇرۇۋالغان بەزى كېسەللىكلەرنى ئەسلا ساقايتقىلى بولمايدۇ. ئەيدىز كېسەللىكى مانا مۇشۇ جىنسىي ئىشرەتخورلۇق ئارقىلىق كەڭ كۆلەمدە تارقىلىۋاتقان ئەجەللىك كېسەللىكلەردىن ئىبارەت. بۇ كېسەللىك نېمە ئۈچۈن ئەخلاق بۇزۇلمىغان، جامائەت ئەخلاقى، مىللىي ئەخلاقى مۇكەممەل ساقلانغان ئەل ۋە خەلقلەرگە تارقالمايدۇ؟ چۈنكى، ئەخلاق بۇزۇلغان جايلاردىلا شەھۋەتخورلۇق ئەۋج ئالغان بولىدۇ، شەھۋەتخورلۇق ناھايىتى پاسكىنىچىلىق ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ھەر خىل يۇقۇملۇق كېسەللىكلەردىن خالىي بولۇش ناھايىتى تەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەجەللىك كېسەللىكلەرگىمۇ مۇشۇ يول بىلەن ئېرىشكىلى بولىدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە، بىزنىڭ ياشلىرىمىزغا شەھۋەتخورلۇق بالاسى تېگىپ، كېچىلەپ ئىشرەتخانىلاردىن كەلمەيدىغان، قاچان بۇ رەزىل مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولسا ئاشۇرالايدىغان ھالغا يەتتى. بۇنداق قولاي شارائىت نۇرغۇن نادان ياشلارنى، ھەتتا ساقىلىنى سۆرەپ يۈرىدىغان، نەۋرە - چەۋرىلىك كىشىلەرنىمۇ كۆپلەپ جەلپ قىلدى.

بىر ئاغىنەمنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، مەلۇم بىر يۇرتتا ئاتمىش ياشتىن ئاشقان بىر بوۋاي باشقىلارنىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەن بىر ئىشرەتخانىغا كىرىپ كۆڭۈل ئاچقان. نەتىجىدە ئۇ ئىش ئۈستىدە «قەھرىمانلارچە» ھاياتىدىن ئايرىلغان. ئىشرەتخانىدىكىلەر ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى سىرتقا ئېلىپ چىقىپ تاشلىۋەتكەن. شۇنىڭ بۇ كىشىنىڭ بالا - چاقىلىرى يۇرت ئىچىدە بېشىنى كۆتۈرەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغان.

يەنە مەلۇم بىر يۇرتتا بىر ئابرۇيلۇق كادىر كىشى بولۇپ، ئۇ

خىزمەت ئىشلىگەن يىللاردا، ناھايىتى زور تۆھپىلەرنى ياراتقان. پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن ئاغرىق ئايالىغا قارىغۇسى كەلمەي بىردىنلا قانات چىقىرىشقا باشلىغان. ئۇ يول بويلىرىدا قۇرۇلغان غەيرىي يەرلەردە كۆن بويى لاغايلاپ يۈرىدىغان، ئىشرەتخانىلارغا قاتراپدىغان بولۇۋالغان. ئۇنى ھەممە كىشى تونۇغاچقا، بۇ ئىش ئۇزۇن ئۆتمەيلا بۇ يۇرتقا پۇر كەتكەن. ئۇنىڭ بالا - چاقىلىرى ئاتىسىدىن نومۇس قىلىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن.

شەھۋەتخورلۇق نومۇسلۇق ئىش، بۇنداق نومۇسسىزلىق قانچە ئۇزۇن داۋاملاشسا، شۇنچە تېز ئادەمنى خارابلاشتۇرىدۇ. ھۆكۈمالارنىڭ ئېيتىشىچە، زورلاپ تۇرۇپ ۋە غەيرىي يوللار بىلەن قىلىنغان ئالاقە تەن بىناسىنى خاراب قىلىدۇ، ئۇنى پەقەت تەقەززا قىلغان، خۇشھاۋالىق جايدا، ئۆزىنىڭ ۋاپادار جورىسى بىلەن قىلىش ئەڭ كۆڭۈللۈكتۇر. بۇ ھەقتە يەنە كۆپ سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى بولمىسا كېرەك.





# غەيۋەت

**سوئال: غەيۋەت دېگەن نېمە؟ غەيۋەت قانداق يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ؟**

جاۋاب: باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى ئۇنى يامان كۆرسىتىش مەقسىتىدە ئارقىسىدىن سۆزلەش غەيۋەت بولىدۇ. غەيۋەت قىلىنىدىغان كىشى بەدىنىدە، نەسەبىدە، ئەخلاقىدا، ئىشىدا، سۆزىدە، ئەقىدىسىدە، دۇنياسىدا، ھەتتا كىيىمىدە، ئۆيىدە، ھايۋانلىرىدا بولغان بىر قۇسۇر ئارقىسىدىن سۆزلەنگەن ھامان، بۇنى ئاڭلاپ ئاچچىقلانسا، بۇ غەيۋەت بولىدۇ. دۇنيادا باشقا كىشى خاپا بولىدىغان، ئاچچىقى كېلىدىغان سۆزنى يۈزىگە سېلىشمۇ گۇناھتۇر.

ئىشكىنى چىڭ تاقاپ قويۇپ سۆزلەش، ئىشارەت، ھەرىكەت بىلەن بىلدۈرۈش، خەت بىلەن يېزىپ بىلدۈرۈشمۇ سۆزلىگەنگە ئوخشاشلا غەيۋەتتۇر.

كۆرۈپ تۇرغىنىمىزدەك، غەيۋەت جەمئىيەتتە شۇنچىلىك كەڭ تارقالغانكى، ئۇنىڭ شەكىللىرىمۇ ناھايىتى كۆپ، ئېلىپ كەلگەن زىيىنىمۇ ناھايىتى ئېغىر. يۇقىرىدا ئېيتىلغىنىدەك، مەيلى يوشۇرۇن ياكى ئاشكارا ئېيتىلغان بولسۇن، باشقىلارنى يامانلىغان، باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى ئاچىدىغان سۆز ۋە ھەرىكەتلەردە بولۇنغان بولسىلا، ھەممىسى غەيۋەتكە كىرىدۇ.

غەيۋەت تۈپەيلىدىن نەچچىلىگەن يېقىن دوستلار، ئۇرۇق - تۇغقانلار، ساۋاقداشلار، ھەمشىرىلەر ئارىسىدا ئۇرۇش - تالاش، تىللىشىش، ھەتتا قانلىق پاجىئەلەرمۇ كېلىپ چىقىدۇ. غەيۋەت

كەلتۈرۈپ چىقارغان زىياننى مۆلچەرلەشمۇ مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، غەيۋەتنىڭ ئېغىر زىيىنىنى تونۇپ يېتىش ھەر بىر ئەقىل ئىگىسى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم، ئۇنىڭ زىيىنىنى تونۇپ يەتكەن ئەقىل ئىگىسى ھەرگىز غەيۋەت قىلمايدۇ.

## سوئال: غەيۋەتنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: غەيۋەت قىلىش ھارام بولغىنىدەك، ئۇنى ئاڭلاشمۇ ھارامدۇر. كىشى ئۆز نەپسىگە بولغان لەززەت ئۈمىدى بىلەن بىراۋنىڭ غەيۋىتىنى قىلىش گۇناھ ھەم ئىنسانىيەت نامىغا ياراشمايدىغان ئەڭ يامان، ناچار خۇلقلاردىندۇر. ئىنسان باشقا گۇناھلارنى نەپسىنىڭ لەززىتى ئۈچۈن قىلىدۇ، ئەمما غەيۋەت قىلغۇچى لەززەت ئورنىغا ئۆز بېشىغا ياكى باشقا بىر كىمنىڭ بېشىغا بالا ھازىرلايدۇ. چۈنكى، غەيۋەت سۆز بېرىپ غەيۋەت قىلىنغۇچى كىشىنىڭ قۇلىقىغا يېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ غەزەپ قېنى قىمىرلاشقا باشلايدۇ ۋە غەيۋەتچىدىن ئۆچ ئېلىش پۇرسىتىنى كۈتىدۇ. شۇنداق قىلىپ غەيۋەت تۈپەيلى ئىككى كىشى ئارىسىغا زور دۈشمەنلىك چۈشىدۇ، ھەتتا ئاخىر ئۆلۈم ھادىسىلىرى كېلىپ چىقىدۇ. شۇ تەرىقىدە غەيۋەتتىن تۇغۇلغان ئاداۋەت سوزۇلۇپ، دۈشمەنلىك زورىيىپ، ئىككى ئارىدىكى خۇسۇسىي جاڭجاللار بىلەن ئەزىز ئۆمۈرلىرىنى سورۇۋېتىش نەتىجىسىدە، ئومۇمىي خەلق پايدىسىغا ئىشلىنىدىغان ئىشلاردىن مەھرۇم بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئاھالە ئارىسىدىن ئىتتىپاقلىقنىڭ يوقىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

غەيۋەت قەبىھ پېئىللاردىن بىرىدۇر. غەيۋەت ئاز بولسىمۇ، كەلتۈرىدىغان زىيىنى دېڭىزدەك پايانسىز! بىرەر كىشىنىڭ ئارقىسىدىن سۆزلەش، ئەيىبىنى كوچىلاش، يامانلاش، بالا - چاقىسى، خوتۇنى، خۇلقى، بايلىقى توغرىسىدا تېتىقسىز گەپلەرنى قىلىشنىڭ ھەممىسى غەيۋەت سانىلىدۇ.





ھەسەن بەسرىيگە بىر كىشى: «بىر كىشى سىلىنىڭ غەيۋەتلىرىنى قىلدى» دېدى. ھەسەن بەسرىي غەيۋەت قىلغان كىشىگە شۇ زامان بىر تاۋاق خورما ئەۋەتتى. ئۇ كىشى خورمىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، شۇئان ھەسەننىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭغا: «مەن سىلىنىڭ غەيۋەتلىرىنى قىلغانىدىم، سىلى بولسىلا ماڭا خورما ئەۋەتىپتىلا، سەۋەبى نېمىدۇر؟» دەپ سورىدى. ھەسەن بەسرىي ئۇنىڭغا: «سەن ماڭا ياخشىلىق ئەۋەتكەنىكەنسەن، شۇنىڭ بەدىلىگە خورما ئەۋەتتىم»! دەپ جاۋاب بەردى. بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، غەيۋەت قىلىنغۇچى ئۈچۈن توغرا يول كۆرسىتىشى مۇمكىن، ئەمما غەيۋەت قىلغۇچىغا زىيان سالىدۇ.

چېقىمچى شۇنداق كىشىكى، بىرەر يەردە ئاڭلىغان گەپنى دەرھال باشقا ئادەمگە بېرىپ ئېيتىدۇ، نەتىجىدە ئىككى ئادەم ئارىسىدا پىتنە تۇغدۇرىدۇ. پاك دىل كىشى بىراۋدىن ئىشىتكەن سۆزنى باشقا بىرىگە ئېيتمايدۇ ۋە جىملىق، سۈكۈت يولىنى ئىختىيار قىلىدۇ. ئەگەر، بىر كىشى گەپ توشۇپ كەلسە ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنمەيدۇ، چېقىمچىغا تەنبىھ بېرىدۇ ۋە ئۇنى ئىككىنچىلەپ بۇنداق ئىش قىلماسلىققا ئۈندەيدۇ.

شەيخ زىيائۇللا ئېيتىدۇ: ھەر كىم قۇرۇق گەپ ساتقۇچى ۋە باشقىلاردىن ئەيىب - نۇقسان ئىزدىگۈچى بولسا، ھېچكىمگە ياقمايدۇ. ئەزىز ئۆمرىنى بىھۇدە زايە قىلىدۇ. ھەر كىم خەلققە خەير خاھ بولمىسا، ئەل ھۆرمىتىدىن مەھرۇم قالىدۇ. ھەر كىم دىل ئازار بولسا، خەلقنى رەنجىتسە، ھەمىشە غەم - قايغۇ، خەۋپ - خەتەر ئىچىدە ئۆمۈر كەچۈرىدۇ. ھەر كىم قەھر - غەزەپ ئوتىنى سەۋر - چىدام ۋە مۇلايىملىق سۈيى بىلەن ئۆچۈرمىسە، كېيىن پۇشايمانغا قالىدۇ. ھەر كىم ئىسراپچىلىقتىن ساقلانمىسا، تۇرمۇشتا ئوتتۇرىچە يول تۇتمىسا، موھتاجلىق ئوتىدا قورۇلىدۇ. ھەر كىم تەمەخور، ئاچ كۆز بولسا، خاتىرجەملىك يۈزىنى كۆرمەيدۇ. ھەر كىم گەپدانلىقتىن، يالغان سۆزلەشتىن تىلىنى

يىغمىسا، ھېچكىم ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەيدۇ، خەلق ئارىسىدا بىھۆرمەت بولىدۇ. ھەر كىم قوپال، تىلى زەھەربولسا، خەلقنىڭ نەپرىتىگە دۇچار بولىدۇ.

**سوئال: غەيۋەتتىن قۇتۇلۇشنىڭ ئەپچىل چارىسى بارمۇ؟**

جاۋاب: غەيۋەتنىڭ زىيىنىنى ئېنىق تونۇپ يەتكەندە ئۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، يىلاننىڭ زەھىرىنى تونۇغان ئادەم ھەرگىز يىلانغا يېقىنلاشمايدۇ. غەيۋەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن: بىرىنچى، غەيۋەتنىڭ زىيىنىنى چوقۇم ئېنىق تونۇش، ئۇنىڭ كىشىنىڭ ئىناۋىتىنى چۈشۈرىدىغان، كىشىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتكە تەسىر يەتكۈزىدىغانلىقىنى تونۇش كېرەك؛ ئىككىنچى، غەيۋەت دۇنيا مىقياسىدا ئالغاندىمۇ لەنەتكە لايىق. شۇڭا، غەيۋەت قىلماسلىق، غەيۋەتنىمۇ ئاڭلىماسلىق كېرەك؛ ئۈچىنچى، بىر كىشى باشقا بىرىنى قىزغىنسا، ئۇنى يامانلاشقا تىرىشىدۇ، غەيۋەت قىلىدۇ. غەيۋەت قىلغۇچى شۇ كىشىنى زىيانغا ئۇچراتماقچى بولىدۇ، ئەمما ئەمەلىيەتتە ئۆزىنى پالاكەتكە ئىتتىرىدۇ؛ تۆتىنچى، بەزى كىشىلەرنى كۈلدۈرۈش ئۈچۈن غەيۋەت قىلىنىدۇ، ئەمما بۇ ئاخىرىدا ناھايىتى يامان ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ؛ بەشىنچى، غەيۋەت قىلغۇچى ماختىلىشنى، ھەركىمنىڭ سۆزىنى قوللىشىنى خالايدۇ. بۇ تەرەپتىن ئۆزىنى قوللىتىش ئۈچۈن نۇرغۇن ۋاستىلەرنى قوللىنىدۇ. بۇ جەرياندا نۇرغۇن قاملاشمىغان ئىشلار يۈز بېرىدۇ. بۇنىڭدا غەيۋەت قىلىش ئاساسىي رول ئوينايدۇ؛ ئالتىنچى، باشقىلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ قۇسۇر ئىزدىگەن كىشى ئۆز قۇسۇرىنى كۆرمەي قالىدۇ. ھالبۇكى، ئۆز قۇسۇرلىرىنى ئىزدەش بىلەن مەشغۇل بولغان كىشى باشقىلارنىڭ قۇسۇرلىرىنى كۆرەلمەيدۇ. باشقىلارنىڭ قۇسۇرلىرى بىلەن ئۇچراشقان بىرىنىڭ





ئۆز قۇسۇرىنى كۆرمىگەن بىچارە ئەخمەق ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ؛ يەتتىنچى، نامرات كىشىلەر بايلارنى يامانلايدۇ. «مېلى كۆپ، ئەمما ئۇنى خەجلەشنى بىلمەيدۇ، كادىر بولدى، يەنىلا بولۇشى شۇ» دەيدۇ. بۇنداق دېيىش بىلەن غەيۋەت قىلىنغۇچىنىڭ نە مېلى ئازىيىپ قالمايدۇ، نە مەنسىپى تۆۋەنلەپ كەتمەيدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، قىزغانچۇقلۇق ئوتى غەيۋەت قىلغۇچىنى بارغانچە كۆيدۈرۈپ تۈگەشتۈرۈشكە باشلايدۇ.

مانا بۇ نۇقتىلارنى ئېنىق تونۇپ يەتكەندە، غەيۋەت قىلىشتىن ئۆزىنى تارتقىلى، غەيۋەت قىلغاننىڭ ئورنىدا باشقا بىرەر ئەھمىيەتلىك ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ نەتىجە ياراتقىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ.

**سوئال: كىشىلەرنى لەقىمى بىلەن چاقىرىشمۇ (ئەمەت تاز، نەمەت چوقۇر، ھېزىم ئالغاي... دېگەندەك) غەيۋەت ھېسابلىنامدۇ؟**

جاۋاب: لەقەمنى شۇ كىشىنىڭ ئۆزى قويۇۋالمايدۇ، بەلكى تونۇش - بىلىشلىرى شۇ كىشىنىڭ بىرەر قاملاشمىغان ئىشى ياكى خاراكتېر ئالاھىدىلىكى، جىسمانىي كەمتۈكلۈكىگە ئاساسەن قويۇپ قويىدۇ، بۇنداق لەقەملەر روشەن ھالدا كەمسىتىش، كىشىلەر ئالدىدا ئىناۋىتىنى تۆكۈش مەزمۇنىغا ئىگە. شۇڭا، بۇنداق لەقەم ئالغان كىشى لەقىمىنى ئاڭلىغان ھامان تە بولىدۇ. بەزى لەقەملەر شۇ كىشىنىڭ كەسپ ئالاھىدىلىكىنى چىقىش قىلغان، شۇنداق بولغاچقا، ئاڭلىغان ھالەتتىمۇ ئاچچىقى كەلمەيدۇ. شۇڭا، ئەگەر چاقىرىلغۇچى كىشى ئۆز لەقىمى بويىچە چاقىرغاندا ئاچچىقلانمىسا، بۇ غەيۋەت بولمايدۇ. ئەگەر ئاچچىلانسا، روشەنكى، بۇ سېپى ئۆزىدىن غەيۋەت بولىدۇ. شۇڭا، ئامال بار كىشىلەرنىڭ لەقىمىنى تۇتقا قىلىپ تۇرۇپ چاقىرماسلىق، بولۇپمۇ بىر توپ كىشىلەرنىڭ ئالدىدا بۇنداق

قىلماسلىق كېرەك. بولمىسا، چاقىرىلغۇچى قاتتىق نومۇس قىلىدۇ - دە، ئۆچمەنلىك ساقلايدۇ، بۇنداق ئۆچمەنلىك ئاسانلىقچە يوقىلىپ كەتمەيدۇ.

**سوئال: قېرىنداشلىرىمنى ئاق - قارىنى پەرق قىلىۋالسۇن دېگەن مەقسەتتە، باشقىلارنى پالانچى قىمارۋاز، پۇستانچى زابوي دەپ نەسىھەت قىلسام غەيۋەت بولامدۇ؟**

جاۋاب: غەيۋەت بولمايدۇ. ھاياسىزدىن سۆز ئېچىپ باشقىلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇش كېرەك.





## قانائەت

**سوئال: قانائەتكە قانداق تەبىر بېرىلىدۇ؟**

جاۋاب: قانائەت بىلەكنىڭ ئەمگىكى، پېشانە تەرى ئارقىلىق قولغا كەلگەن نەرسىلەرگە رازى بولۇش، باشقىلارنىڭ قازانغان نەتىجىلىرىگە كۆز تىكمەسلىك دېگەنلىكتۇر.

قانائەت ئېھتىياجىدىن ئېشىپ قالغان نەرسىنى بىر يەرگە يىغماي، خەيرلىك نەرسىلەرگە ئىشلىتىش؛ پېقىرلارغا، ئىگىسىزلەرگە، كېسەللەرگە، ئەل ئۈچۈن كۆرەشكەنلەرگە ياردەم قىلىش دېمەكتۇر.

قانائەت مانا مۇشۇنداق گۈزەل ئەخلاقنىڭ مەنبەسى بولغىنىدەك، ئادەم بەزى نەرسىلەردىن مەھرۇم بولۇپ قىيىنچىلىقتا قالغان ۋاقىتتا سائادەت بىلەن تەمىنلەيدىغان بىر قەلئەگە ئوخشايدۇ.

قانائەت — ئېرىشكەن نېمەت ۋە بايلىقلارغا شۈكۈر قىلىشنى، بېشىمىزغا كەلگەن پېقىرلىك، مۇسىبەت، پالاكەتلەرگە چىداپ، سەۋر قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. قانائەت — ھەسەت، تەمە، ھېرىس، خارلىق قاتارلىق ئىللەتلەرنىڭ داۋاسى، نەپسىمىزنىڭ تىزگىنىدۇر.

قانائەت بىر خەزىنىدۇركى، ئىچىدىكى بايلىقلار كۈنسېرى ئارتىپ بارىدۇ، بۇ خەزىنىگە ئېرىشكەن كىشىلەر ئۆمۈرلىرىنى راھەت - پاراغەتتە ئۆتكۈزىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە قانائەتسىزلىكتىن پەيدا بولىدىغان ھەسەتخورلۇقتىن، جاننىڭ ئەڭ زور دۈشمىنىدىن قۇتۇلىدۇ. چىن ئىنسانلار كىشىلەرنىڭ مېلىغا، مۈلكىگە، سائادىتىگە، مەئىشىتىگە ھەسەت قىلماي،

قانائەتتىن ئايرىلماي ئۆمرىنى راھەتتە ئۆتكۈزىدۇ. ئىنسان ئۆز كۈچى يەتكەنچە بىرەر ئىش بىلەن شۇغۇللىنىشى، قانداق نېمەت بېرىلسە شۇنىڭغا قانائەت قىلىش لازىم. چۈنكى ئىنسان ئۆز مەئىشىتىنى، نومۇسىنى ساقلاش ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىش دەرىجىسىگە قەدەر تىرىشىش، كۈرىشىشكە بۇيرۇلغاندۇر،

ئالەمدە قانائەتتەك دىلنى پاكلايدىغان نەرسە يوقتۇر. جانابىي ھەقنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىش سائادەت بولسا، تەقدىرگە قانائەت قىلىش زىيادە بەختىيارلىقتۇر. ھەزرىتى ئەلى: «دۇنيادا تىرىشىش ـ تىرمىشىش بىلەن مەئىشەت ئۆتكۈزگەن قانائەت ئىگىسى خۇددى ھېچكىمگە موھتاج بولمايدىغان بايلارغا ئوخشاش راھەت ۋە سائادەتتە ياشايدۇ» دېگەنىدى.

ئەپلاتون ھەكىم ئېيتىدۇ: «ئىنساننىڭ سائادىتى قانائىتىنى قولدا تۇتۇش، بايلىق ۋە مەئىشەت تۇغرىسىدا جانابىي ھەقنىڭ پۈتمۈشىگە رازى بولۇشتىدۇر.»

## سوئال: قانائەتنى ئۆزىگە يار قىلغان كىشىلەر قانداق پەزىلەتلەرگە ئىگە بولىدۇ؟

جاۋاب: قانائەت ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ پەزىلىتىدۇر. ئەمما قانائەت قىلىش رىزىق ئىزلەش ۋە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشتىن ئۆزىنى تىزگىنلەش دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى كەسىپ بىلەن تاپقان نەرسىگە شۈكۈر قىلىش ۋە ئارتۇقچىسىغا ئىنتىلمەسلىكتۇر. قانائەتلىك ئادەم ھەر دائىم زىياپەت ئىچىدە ۋە خۇشال ـ خۇراملىق ئارىسىدا يۈرگەنگە ئوخشاشتۇر. چۈنكى، قانائەت يولىنى تۇتقان كىشى ھەر نەرسىگە قايغۇرۇپ، غەم چېكىۋەرمەيدۇ. «پالانچى ئۇنى ئېلىپتۇ، پۇستانچى بۇنى ئېلىپتۇ، مەنمۇ ئېلىشىم كېرەك، پالانى نەرسە ئۇنىڭدا بولىدۇيۇ، مېنىڭدە نېمىشقا بولمايدۇ؟» دەپ جېنىنى قىيناۋەرمەيدۇ.

دانا كىشىلەر ئېيتىدۇ: «قانائەت تۈگىمەس بايلىقتۇر،





قانائەتلىك كىشى ھېچقاچان كەمبەغەل بولماس، چۈنكى ئۇنىڭ ھېچكىمگە ھاجىتى چۈشمەيدۇ. قانائەتسىز كىشى گادايغا ئوخشايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ھەممە نەرسىسى بار بولسىمۇ كۆزى تويمايدۇ، يەنىمۇ كۆپرەك تېپىشقىلا ئىنتىلىدۇ، بىر نەرسە تىلەش ئۈچۈن باشقىلار ئالدىدا تىزلىنىدۇ.»

قانائەتسىز كىشىنىڭ كۆڭلىدە خەسىسلىك ئوتى يالقۇنجىغان بولىدۇ. مال ـ دۇنياسى ھېسابسىز بولسىمۇ، يەنىمۇ كۆپەيتىش كويىدا ھېچقاچان ھېچكىمگە، ھېچ نەرسە بەرمەيدۇ. باشقىلارنى بىر چىشلەم نېنىدىنمۇ بەھرىمەن قىلمايدۇ.

ھەكىملەرنىڭ ئېيتىشىچە، قىيىنچىلىقتا ئۇچرىغاندا داد ـ پەرياد قىلىشتىن ۋە بۇ ئىشتىن دوست ـ دۈشمەنلىرىنى خەۋەردار قىلىشتىن كۆرە، سەۋر ۋە چىدام يولىنى ئىختىيار قىلىپ، قانائەتنى شوئار قىلىش ياخشىدۇر. سەۋەب شۇكى، بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان دوستلار كۆڭلىگە خىجالەتلىك چۈشىدۇ، دۈشمەنلەر بولسا خۇرسەن بولىدۇ. شۇڭا، چىدام يولىنى تۇتۇپ، بۇ بالادىن قانداق قۇتۇلۇش يولىنى ئويلاش كېرەك.

# قورقۇنچاقلىق

**سوئال: قورقۇنچاقلىقنىڭ يامان تەرەپلىرى قايسىلار؟**

جاۋاب: قورقۇنچاق كىشىلەر ۋەھىمە ۋە خىيالەت ئەسىرى بولۇپ، بىرەر ئىشنى قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. قورقۇنچاقلىق ئەڭ يامان خۇلقلارنىڭ بىرىدۇر. چۈنكى، قورقۇنچاق كىشىلەرنىڭ سۆزى ۋە ۋەدىسىگە ئىشەنگىلى بولمىغىنىدەك، ئۇلار بىلەن يول ۋە سەپەردە ھەمراھ بولۇشمۇ خاتادۇر. سەۋەبى شۇكى، يۈرەكسىز كىشىلەردە سەۋر ۋە چىدام، جۈرئەت ۋە غەيرەتكە ئوخشاش ياخشى سۈپەتلەر بولمايدۇ. قورقۇنچاقلىقنىڭ بېشى تەربىيىسىزلىك، ئاخىرى ئۆلۈمدۇر. بىرەر نەرسىدىن قورقۇپ يۈرىكى يېرىلىپ ئۆلۈپ قالىدىغان قورقۇنچاقلارمۇ بولىدۇ. بۇ، بىزنىڭ بالىلىرىمىزنى تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكىمىزدىن كېلىپ چىقىدۇ. «ئەنە قارا، ئالا ئىت كېلىۋاتىدۇ» دەپ قورقۇنچاق ۋە يۈرەكسىز قىلىپ چوڭ قىلىمىز. شۇڭا، بالىلىرىمىز ھېچ نەرسىگە تاقابىل تۇرالمايدىغان، كېچىسى ئۆيىدىن تالاغا چىقالمايدىغان، ھەتتا ئۆزىنىڭ كۆلەڭگىسىدىن قورقىدىغان يۈرەكسىزلەردىن بولۇپ ئۆسۈپ قالىدۇ. ئۇلار چوڭ بولغاندىمۇ پايدىلىق ئىشلارنى قىلىشقا جۈرئەت قىلالماي، پېقىرلىك ۋە موھتاجلىقتا ياشايدىغان بولۇپ قالىدۇ. بەس، قورقۇنچاقلىق قىلىش نەتىجىسىدە ئۆزلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان كىشىلەرنىڭ ئەل ۋە خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزۈشىدىن سۆز ئېچىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

ئومۇمەن، قورقۇنچاقلىق كىشىگە ناھايىتى زور زىيانلارنى





كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، بۇنداق زىيان روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتلەردىنلا ئىپادىلىنىپ قالماي، بەلكى ئىقتىسادىي مەنپەئەتكىمۇ بىۋاسىتە تاقىلىدۇ. شۇڭا، بىز پەرزەنتلىرىمىزنى جۈرئەتلىك، باتۇر، قورقماس قىلىپ تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىشىمىز، ئۇلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشىمىز لازىم.

**سوئال: قورقۇنچاقلىق باتۇرلۇقنىڭ تەتۈرسى. مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، قورقۇنچاقلىق قانداق يامان ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ؟ بۇنى مىساللار ئارقىلىق سۆزلەپ بېرىڭ.**

جاۋاب: خەلقىمىز ئارىسىدا «توشقاندەك يۈز يىل ياشىغۇچە، يولۋاستەك بىر يىل ياشا» دېگەن ھېكمەت بار. بۇنىڭ مەنىسىنى ھەممىمىز ئېنىق بىلىمىز، توشقاندەك قورقۇنچاقلىق بىلەن مۆكۈپ ـ چۆكۈپ يۈز يىل ياشاپ، ھېچقانداق ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرماي، پەقەت يەپ ـ ئىچىپلا ھايات كەچۈرگەننىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق، بىر يىل ياشىساڭمۇ يولۋاستەك باتۇرلۇق بىلەن، ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى قىلىپ، كىشىلەر ئارىسىدا ئىززەت ـ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ ياشىغان ئەۋزەل. قورقۇنچاق كىشى توخۇ يۈرەك بولىدۇ، بىر ئىشنى كەسكىن بىر تەرەپ قىلالمايدۇ، قىلغان تەقدىردىمۇ تېنەپ ـ تەمتىرەپ قارا تەرگە چۆمۈپ كېتىدۇ. تەۋەككۇل قىلىشنى، بىرەر ئىشنى كەسكىن بىر تەرەپ قىلىشنى بىلمەيدۇ، شۇنداقلا باشقىلارنىڭمۇ تەۋەككۇل قىلىشىنى توسىدۇ. كىشىلەر ئارا مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلەر جەريانىدا قورقۇنچاق كىشىلەر ناھايىتى پاسسىپ رول ئوينايدۇكى، ھەتتا بەزى چوڭ ئىشلار مۇشۇ قورقۇنچاقلارنىڭ سەۋەبىدىن بىراقلا يوققا چىقىشى، پۈتكۈل ئەل ـ يۇرتنىڭ ئەجرىنى بىر تىيىنغا ئەرزىمەيدىغان قىلىۋېتىدۇ. قورقۇنچاقلار ئۇرۇش مەيدانىدا، كۈچ چىقىرىدىغان، باتۇرلۇق كۆرسىتىدىغان

جايلاردا ناھايىتى تېزلا يۈز ئۆرۈيدۇ، جاپادىن قاچىدۇ، ھەتتا خائىنلىق قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن چوڭ ئىشلار كۆپۈككە ئايلىنىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن قورقۇنچاقلار ئەمەلىيەتتە جەمئىيەت ئۈچۈن ئەڭ چوڭ ئاپەت مەنبەلىرىدىن بىرىدۇر. بولۇپمۇ ئەرلەر قورقۇنچاق بولۇپ قالسا، پۈتكۈل ئەل - يۇرتنىڭ مەسخىرىسىگە قالىدۇ، كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا يۈزى بولمايدۇ، ھەتتا قىزلارمۇ بۇنداقلارنى ياراتمايدۇ، كېيىنكى ئۆمرىدىمۇ ناھايىتى چۈشكۈن ياشىغاچقا، تاماق يەپ، يەر چىشلىداپ ئۆمۈر كەچۈرىدۇ، بىرەر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز پەرزەنتلىرىمىزگە باتۇر، قەيسەر بولۇش، ھەرگىز قورقۇنچاق بولماسلىق ھەققىدە كۈچەپ تەربىيە بېرىشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا جەمئىيەتتە قورقۇنچاق كىشىلەرنى ئازايتقىلى بولىدۇ.





# قوشنىدارچىلىق

**سوئال: قوشنىلار ئارا قانداق مۇناسىۋەتنى ساقلاش كېرەك؟ قوشنىدارچىلىقنىڭ پەزىلەتلىرى قايسىلار؟**

جاۋاب: قوشنىلارنىڭ كىم ۋە قايسى مىللەت كىشىسى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنى ھۆرمەتلەش ۋە قوشنىلارنىڭ ھەق - ھوقۇقىنى ئادا قىلىش ئادىمىيلىك خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرىدۇر. قوشنىلارنىڭ ئىتتىغا سەۋەبسىز تاش ئېتىش، مۈشۈكىنى پىش! دېيىش ئۇلارنى ھاقارەتلىگەنگە ئوخشاشتۇر.

بىر كىشى دوستىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۆيىدە چاشقان كۆپىيىپ كەتكەنلىكىدىن شىكايەت قىلدى. دوستى ئۇنىڭغا مۈشۈك بېقىشنى مەسلىھەت قىلدى. ئۇ بۇنىڭغا قوشۇلماي: «مۈشۈك باقسام ئۆيۈمدىكى چاشقانلار قوشنامنىڭكىگە قېچىپ چىقارمىكىن، دەپ ئەنسىرەيمەن» دېدى. دېمەك، ئۆزىڭىزگە نالايىق ھېسابلىغان نەرسىنى باشقىلارغىمۇ راۋا كۆرمەڭ!

شۇنىڭ ئۈچۈن قوشنىڭىزغا ياخشىلىق قىلىشتىن ھېچقاچان غاپىل بولماڭ. ئۇلاردىن رەھىم - شەپقىتىڭىزنى ئايىماڭ. سىز ئېسىل تائاملارنى يەپ، راھەتتە ياشىسىڭىز، قوشنىڭىز ئاچلىقتىن قىينىلىپ، غەم - ئازابتا ياشىسا، بىلىڭكى، بۇ ئادىمىيلىكتىن ئەمەس!

**سوئال: ياخشى قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋەتنى ساقلاشنىڭ قانداق ئەۋزەللىكلىرى بار؟**

جاۋاب: ئۆز قېرىنداشلىرىدىن ئالاقىنى ئۈزۈش دۇنيا لەززەتلىرىدىن كۆز يۇمۇشتۇر.

ياخشى قوشنا ياخشى يولغا باشلايدۇ.

ياخشى كۈندە يات ياخشى، يامان كۈندە «ۋاي قېرىنداش» دەيدىغان گەپ بار. قوشنا يامان بولسا ياخشى قوشنىنىڭمۇ ئابرۇيى چۈشۈپ كېتىدۇ. دوستى يامان بولسا ياخشى كىشىنىڭمۇ ھۆرمىتى كېمىيىدۇ.

قوشنىنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىدىن بىرىنى ئېيتسام، بۇ شۇكى، قوشنىغا ھېچ ۋاقىت ئازار بەرمەسلىك ۋە ئۇنى خاپا قىلماسلىقتۇر. قوشنا كېسەل بولۇپ قالسا ئۇنىڭدىن ھال سوراش، بېشىغا مۇسىبەت چۈشسە ياردەم قىلىش، خۇشاللىق ۋە قايغۇلۇق كۈنلىرىدە بىللە بولۇش، ئۇنىڭدىن خاتالىق ئۆتسە كەچۈرۈش، خوتۇن - قىزلىرىغا يامان كۆز بىلەن قارىماسلىق، بىرەر ياققا كەتسە ئۆيىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرۇش مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى قوشنىنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرى ھېسابلىنىدۇ.

كىچىك ۋاقتىمدا كۆرگەن بەزى ئىشلار ھازىرمۇ كۆز ئالدىمدا تۇرۇپتۇ. بىر كوچىدا تۆت ئائىلىلىك بىر - بىرىگە تام قوشنا بولۇپ ئولتۇراتتى. ئەمما ھەر كۈنى چۈشلۈكى قوشنىلارنىڭ يۇندى تۆكۈشى، دارىتمىلاپ گەپ قىلىشى ۋە بالىلىرىنى دۆشكەلىشى بىلەن ئۇرۇش - جېدەل ئۈزۈلمەيتتى. شۇڭا، باشقا مەھەللىدىكىلەر بۇ كوچىدىكىلەرنى «سوقۇشقاقلار كوچىسى» دەپ ئاتىشاتتى. شۇ چاغدا چوڭلار: «مانا كۆردۈڭلارمۇ، قوشنا ياخشى چىقمىسا، مانا مۇشۇنداق باشقا بالا بولىدۇ» دېگەنلىكى ھېلىمۇ قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلاپ تۇرۇپتۇ.

بىر ئاغىنەمنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، مەلۇم بىر يۇرتتا ئىككى قوشنا بولۇپ، ئۇلار ئون نەچچە يىلدىن بېرى قوشنا بولۇپ ئولتۇرغانىكەن. ئەمما بۇ قوشنىلارنىڭ بىرى ناھايىتى گىجىك، چىگىش، سوقۇشقاقلاردىن ئىكەن، يەنە بىرى ناھايىتى ئاق كۆڭۈل، باشقىلارنىڭ ئىشىغا ئارىلاشمايدىغان، ئەل - يۇرتتا يۈز - ئابرۇيلۇق بىر كىشى ئىكەن، ئەمما گىجىك قوشنىسىغا





تاقابىل تۇرۇش جەريانىدا ئۇلار ئارىسىدا نۇرغۇن قېتىم ئۇرۇش - جېدەل يۈز بېرىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ھېلىقى ئابرۇيلۇق كىشىلەرنىڭمۇ ئابرۇيى تۆكۈلۈشكە باشلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يامان قوشنىسىدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئېپىنى ئىزدەپتۇ. بىر تونۇشىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن مەلۇم بىر يۇرتتىن ئىككى ئايالنى ياللاپ كەپتۇ. بۇ ئاياللار مەخسۇس باشقىلارنى تىللاپ رەسۋا قىلىپ كىرىم قىلىدىغانلاردىن ئىكەن. ئۇ ئىككى ئايال كەلگەن پېتى بىر تىللاشقا باشلاپتىكەن، ئەل - يۇرت ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىپتۇ، ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن نىجاسەت ئاقىدىكەن، پەقەتلا چىداپ تۇرغىلى بولمايدىكەن. ئىككى سائەت تىللىغاندىن كېيىن ھېلىقى گىجىك قوشنىلار كۆچۈش تەرەددۇتىغا چۈشۈپتۇ، ھېلىقى ئاياللار توختىماي تىللاشقا باشلاپتۇ. شۇنداق قىلىپ بىرنەچچە كۈنگە بارمايلا ھېلىقى قوشنىلار ئاللىقاياقلارغىدۇر كۆچۈپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يامان قوشنىلاردىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قوشنىنىڭ قانداق بولۇشى تۇرمۇش خاتىرجەم بولۇش - بولماسلىقىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تۇرمۇشتا قوشنىدارچىلىققا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش ناھايىتى مۇھىم.

# كۈلۈش

**سوئال: كۈلۈشكە قانداق تەبىر بېرىلىدۇ؟**

جاۋاب: تەبەسسۇم قىلىش، كۈلەر يۈز بولۇش ناھايىتى ياخشىدۇر. قاقاقلاپ كۈلمەسلىك، ھەر كىمگە تەبەسسۇم بىلەن قاراش، ئىللىق چىراي كۆرسىتىش ئاقىللارنىڭ ئىشىدۇر. قاقاقلاپ كۈلۈش كىشىلەرگە ئانچە بەك يارىشىپ كەتمەيدۇ.

كۈلەر يۈزلۈك بولۇڭ، ئاچچىقلانماڭ، كىشىلەرگە پايدىلىق ئىش قىلىڭ، زىيىنى ئاز بولسىمۇ يامان ئىش قىلماڭ. بىكاردىن ـ بىكار كۈلمەڭ، لازىمسىز تالاش ـ تارتىش قىلماڭ. كىشىلەرنى كەمچىلىكىدىن ئاشۇرۇپ ئەيىبلىمەڭ. يامان، سەت گەپ قىلىشتىن ئۆزىڭىزنى تارتىڭ.

ئاقىللار ئېيتقانكى، كۆپ كۈلگەن كىشىنىڭ ھەيۋىتى تۆۋەنلەيدۇ، كۆپ چاقچاق قىلغان كىشىنىڭ ئىززىتى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، گەپنى جايىدا، مۇۋاپىق قىلىش، ئۇزۇن سۆزلەش، كوتۇلداشتىن ئۆزىنى تارتىش، چاقچاقنىمۇ مۇۋاپىق قىلىش، كۈلدۈردۈم دەپ بەك سەت، بىھايا چاقچاق قىلىشتىن ئۆزىنى تارتىش كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا، كىشىلەر ئالدىدا ئىززەت ـ ھۆرمىتىڭىز بولمايدۇ. چۈنكى، سىز قىلغان بىھايا چاقچاقلارغا كۈلگەن كىشىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى بىھايا، ئىززىتىنى ساقلىمايدىغان كىشىلەردىن ھېسابلىنىدۇ. ئەقلىڭىز بولسا بۇنداق يەردىن يىراق كېتىڭ.

**سوئال: تەبەسسۇم چىراي بولۇشنىڭ قانداق ئەۋزەللىكلىرى بار؟**

جاۋاب: خەلقىمىز ئارىسىدا «خۇشال» لەقىمىنى ئالغان





كىشىلەر ھەرقايسى يۇرتلاردا بار، بۇلار قانداقتۇر بىر جەمەتتىن تارقالغان ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بولماستىن، بەلكى، ئۇلار مۇلايىم، كىشىلەرگە تەبەسسۇم بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان، چىرايىدىن تەبەسسۇم كەتمەيدىغان، ھاياتنى خۇشال ئۆتكۈزىدىغان، ئاز ئاچچىقلىنىدىغان كىشىلەرگە نىسبەتەن قويۇلغان چىرايلىق لەقەمدىن ئىبارەت. بۇنداق لەقەمنى ئاتىغان كىشىلەرمۇ پەخىرلىنىپ تۇرۇپ ئاتايدۇ، شۇنداق لەقەم ئالغۇچىلارمۇ ھۇزۇرلىنىپ تۇرۇپ ئاڭلايدۇ، چوڭقۇرلاپ ئويلاپ كۆرسەك، بۇ لەقەمنىڭ تېگىدە خەلقىمىزنىڭ ھاياتنى خۇشال ـ خۇرام ئۆتكۈزۈش، ئاچچىقلانماسلىق، كىشىلەرگە خۇش مۇئامىلە قىلىش، كىشىلىك مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشقا بولغان ئۈمىد ـ ئارزۇلىرى مۇجەسسەملەنگەن.

شۇنىڭ ئۈچۈن تەبەسسۇم چىراي بولۇش، كىشىلەرگە خۇش مۇئامىلە قىلىش، باشقىلارنى ئورۇنسىز رەنجىتمەسلىك، ھاياتنى خۇشاللىقتا ۋە بەخت ـ سائادەتكە تولدۇرۇش ھەرقانداق بىر ئادەمگە نىسبەتەن ناھايىتى مۇھىم. شۇڭا، خۇش تەبەسسۇم چىرايىمىزدىن ئۆچمىسۇن، ئىللىق تەبەسسۇمىمىز ئارقىلىق ھەرقانداق كىشى ئىللىقلىق ھېس قىلسۇن. خۇش تەبەسسۇم قىلىش ھەرگىز كۆپ كۈلۈش، ئورۇنسىز كۈلۈشتەك بىھايا قىلىق ئەمەس، بەلكى ئىنسانلىق سۈپەتنى ئاشۇرىدىغان، كىشىلەر ئارا مۇناسىۋەتنى يېقىنلاشتۇرىدىغان، مېھىر ـ مۇھەببەت ئاتا قىلىدىغان ئەڭ ياخشى قىلىقلارنىڭ بىرىدۇر.

**سوئال: قاقاقلاپ كۈلۈش، مەسخىرىلىك كۈلۈش، زاڭلىق قىلىپ كۈلۈشلەر نېمىشقا يامان كۆرۈلىدۇ؟**

جاۋاب: قاقاقلاپ كۈلۈش مۇۋاپىق بولسا، ئۆزىگىمۇ، باشقىلارغىمۇ خۇشاللىق ئاتا قىلىشنى مەقسەت قىلغان بولسا، بۇنداق كۈلۈش ئانچە يامان كۆرۈلمەيدۇ. ئەمما، بۇنداق كۈلۈش

قارشى تەرەپنىڭ قايغۇسىغا، ئاچچىقلىنىشىغا سەۋەبچى بولىدىغان كۈلۈش بولۇپ قالسا، سېپى ئۆزىدىن يامان ئادەت ھېسابلىنىدۇ.

مەسخىرىلىك كۈلۈشتە قارشى تەرەپنى مەسخىرە قىلىش ئاساسىي مەقسەت قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، بۇ سېپى ئۆزىدىن يامان قىلىق ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، مەسخىرە قىلىپ كۈلۈش قارشى تەرەپ ئىززەت - ھۆرمىتىنى دەپسەندە قىلماقچى بولغاندا، ھاقارەتلەنگەندە، نومۇس قىلغاندا ئىشلىتىلسە، بەلكىم مۇھىم رول ئوينايمۇ قالىدۇ. ئەمما، چوقۇم جايىنى تېپىپ ئىشلىتىش، باشقىلارنى قالايمىقان مەسخىرە ئوبيېكتى قىلغان ھالدا كۈلمەسلىك كېرەك. بۇ ناھايىتى يامان قىلىقتۇر.

زاڭلىق قىلىپ كۈلۈش قايسىلا تەرەپتىن ئېيتمايلى، سېپى ئۆزىدىن يامان قىلىقتىن ئىبارەت. باشقىلارنى زاڭلىق قىلىش سەل ئەزۋەيلىسە، ئىززەت - نەپسىگە تېگىشكە، باشقىلارنى رەنجىتىشكە، ھەتتا ئۇرۇشۇشقا، قانلىق ۋەقەلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن باشقىلارنى زاڭلىق قىلىش ناھايىتى يامان ئادەت، زاڭلىق قىلىپ كۈلۈش ئۇنىڭدىنمۇ يامان ئادەت ھېسابلىنىدۇ.

**سوئال: خۇشال ياشاش ئۈچۈن چوقۇم كۈلۈپ ياشاشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇنداقتا، قانداق چاغلاردا ۋە قانداق شەكىلدە كۈلۈش مۇۋاپىق؟**

جاۋاب: ئادەم كۈلكىدىن ئايرىلالمايدۇ، بۇ ئادەمنىڭ تەبىئىي خۇسۇسىيىتى ھېسابلىنىدۇ. ھېچكىم ئاچچىقلىنىشنى خالىمايدۇ ۋە ئارزۇ قىلمايدۇ، ئەمما ھەركىم كۈلۈشنى، خۇشال - خۇرام ياشاشنى، ھاياتنى خۇشاللىقتا، بەخت - سائادەتكە چۆمدۈرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئىنتىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن چوقۇم كۈلۈپ ياشاش، ھاياتنى خۇشاللىقتا تولدۇرۇش كېرەك. لېكىن، ئەدەپلىك ئادەم قەيەردە، قانداق كۈلۈشنى بىلىدۇ، قالايمىقان، ھەددىدىن ئارتۇق





كۈلۈپ ئۆزىنىڭ ئىززەت - ئابرۇيىنى يەر قىلمايدۇ. كۈلگەندە ئەتراپتىكىلەرگىمۇ كۈلكە ئاتا قىلىشنى مەقسەت قىلىش كېرەك، ئەتراپتىكىلەرنى رەنجىتىپ قويماسلىق، ئەتراپتىكىلەر قايغۇدا تۇرغاندا گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كۈلۈپ كەتمەسلىك كېرەك. ئەگەر شۇنداق قىلىنسا، كۈلگەن كىشىدىن ھەممە ئادەم رەنجىپ قالىدۇ؛ خۇش خەۋەر كەلگەندە، بىرەر ئىشتا غەلىبە قىلغاندا، مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندا قانچىلىك كۈلسىمۇ ئەرزىيدۇ، بۇنداق چاغدا ئۆزىنى قويۇۋېتىپ كۈلۈشكە، چەكسىز خۇشاللىققا چۆمۈشكە تامامەن بولىدۇ؛ ئەل - يۇرت ئارىسىدا، ئۇرۇق - تۇغقانلار ئارا يېقىن، دوستانە مۇناسىۋەتنى ساقلاش، ئۆزئارا ياردەم بېرىش، ئۆزئارا مەنپەئەتلىنىش مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىش كېرەك، ئورتاق تىرىشىش ئەمگەك مېۋىسىگە ئېرىشكەندە چوقۇم ئورتاق خۇشاللىنىش، بەخت - سائادەت تۇيغۇسىغا چۆمۈش كېرەك. بۇنداق خۇشاللىقتا ھېچنېمە تەڭ كەلمەيدۇ.

# كۆپچىلىككە ئەگىشىش

**سوئال: ھەرقانداق ئىشتا، ھەرقانداق چاغدا كۆپچىلىككە ئەگىشىش كېرەكمۇ ياكى توغرا يولنى تېپىش ئۈچۈن كۆپچىلىككە ئەگىشىش كېرەكمۇ؟**

جاۋاب: ئالدى بىلەن شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئەل ئىچىدە يامان نەرسە ئۆرنەك سۈپىتىدە كۆرسىتىلمەيدۇ. يامان ئىشلارنى ھەر كىم قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇ ئىش بەرىبىر يامان بولۇپ، كۆپچىلىكنىڭ ھەرىكىتىگە، قىلغان ئىشىغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. پەقەت ئىشنىڭ توغرا تەرىپىلا ئەل - جامائەتنىڭ ئورتاق ھەرىكىتىگە ئايلىنالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپچىلىككە ئەگىشىش ئېسىل ئەخلاق - پەزىلەت جۈملىسىدىن بولۇپ، بۇنىڭغا ئەمەل قىلغان كىشىنىڭ ئىشلىرى تېز روناق تاپىدۇ، كۆڭلى يورۇق بولۇپ، ھېچقانداق غەم - تەشۋىشى بولمايدۇ، ھاياتى خۇشاللىق ئىچىدە ئۆتىدۇ. ھەرقانداق ئىشى كۆپچىلىكنىڭ كېڭەش - مەسلىھەتى، توغرا تەدبىرى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغان بولغاچقا، خاتالىقتىن ۋاقتىدا ساقلىنالايدۇ، ھەرقانداق ئىشتا ئەل - جامائەتنى ئويلايدۇ، ئەل - جامائەتكە پايدىلىق ئىشلارنى كۆپرەك قىلىدۇ، ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى ئەل - جامائەتنىڭ تەقدىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلىغان بولىدۇ. بۇنداق كىشى ھەرقاچان، ھەر زامان ماختاشقا سازاۋەردۇر.

دېمەك، كۆپچىلىككە ئەگىشىش ئەل - جامائەتنىڭ ئاكتىپ تەشەببۇسىغا ئەگىشىشنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، خەلقنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلغان ئىشنىڭ خاتاسى بولمايدۇ،





شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپچىلىككە ئەگىشىش، كىشىلەرگە پايدىلىق ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇش، ياخشىلىق، توغرىلىق، ھەققانىيەتتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. مانا مۇشۇنداق ئېسىل پەزىلەتلەرنى ئۆزىدە يېتىشتۈرگەن كىشى ھەقىقىي ئالىيجاناب ھېسابلىنىدۇ.

**سوئال: كۆپچىلىككە ئەگىشىشنىڭ قانداق پايدىلىرى بار؟ كۆپچىلىككە ئەگىشىش ئۈچۈن قانداق شەرتلەرنى ھازىرلاش كېرەك؟**

جاۋاب: ئادەتتە، ھەرقانداق بىر يۇرت كىشىلىرىنىڭ ئورتاق مەنپەئىتى، يۇرتقا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئېسىل ئەخلاق - پەزىلىتى، كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدىغان ئۆرپ - ئادەتلىرى بولىدۇ. كۆپچىلىكنىڭ روھى مانا مۇشۇ قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقلارغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانداق ئادەم كۆپچىلىككە ئەگىشىش، كۆپچىلىكنىڭ ئاكتىپ روھىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ توغرا ئىش قىلىش، ھاياتلىقنى يېڭى مەنىلەرگە ئىگە قىلىش ۋە خەلققە، ئەل - جامائەتكە پايدىلىق ئىش قىلىدىغان يولغا كىرىش كېرەك.

خەلقىمىزدە «ئەل قىلغاننى قىل، بالام»، «ئەل بىلەن ئۆلۈم بەجايىكى توي» دېگەندەك ھېكمەتلەر كەڭ تارقالغان. مانا بۇ ھېكمەتلەرنىڭ تېگىگە يېتىدىغان بولساقلا، كۆپچىلىككە ئەگىشىشنىڭ قانچىلىك مۇھىملىقىنى، ئەرنىڭ ئوغلى بولماي ئەلنىڭ ئوغلى بولۇشنىڭ قانچىلىك قىممەتلىك روھ ئىكەنلىكىنى ئاسانلا بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

بۇرۇنقى زاماندا ئىككى دوست بار ئىدى. بۇلارنىڭ بىرى ناھايىتى ئەقىللىق، جۇشقۇن بولغاچقا، باشباشتاق، ھەممە ئىشنى ئۆز ئالدىغا قىلىشنى ياقتۇرىدىغان، مەنپەئەتپەرەس ئىدى. يەنە بىرى بولسا، ئەقىل - پاراسەتتە دوستىغا

يېتەلمىسىمۇ، ھەرقانداق ئىشنى كېڭەش - مەسلىھەت بىلەن بېجىرىدىغان، ئۆز مەنپەئىتىنى تولا ئويلىمايدىغان، ئەمما ئەل - يۇرتنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن جېنىنىمۇ ئايىمايدىغان ۋىجدانلىق، ھەققانىيەتنى ياقلايدىغان توغرا نىيەتلىك كىشى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ دوستىنىڭ مەسخىرە قىلىشىغا ئۇچراپ تۇراتتى.

— سەن ئەخمەق، نېمىلا ئىش بولسا مەسلىھەت قىلىمەن دەپ تۇرۇۋالىسەن، ئەجەبا، سېنىڭ ئەقلىڭ يوقمۇ؟ كېڭەش قىلمايمۇ بىر ئىش قىلالامسەن؟ — دەيتتى ئۇنى زاڭلىق قىلىپ.

ھېلىقى باشباشتاق دوست جۇشقۇن بولغاچقا، تېز ئارىدىلا كۆپ پۇل تاپتى، پۇل تاپقاندا ئاينىپ، ناشايان ئىشلارنى قىلىشقا باشلىدى، ئاق كۆڭۈل دوستى ئۇنىڭغا يول ياساش، كۆۋرۈك سېلىشنى، يېتىم - يېسىرلارغا خەيرخاھلىق قىلىشنى نەسىھەت قىلسىمۇ، ئۇ كەسكىن رەت قىلىپ:

— مەن ئۆزۈمنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە تايىنىپ پۇل تاپتىم، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ئۆزۈمنىڭ راھىتى ئۈچۈن سەرپ قىلىمەن. مېنىڭ بىلەن كارىڭ بولمىسۇن! — دېدى.

ئۇ مەنمەنچى ناشايان ئىشنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى ۋە گۇناھ ئىشلارنى كۆپ قىلدى. لېكىن ھېلىقى ئاق كۆڭۈل دوست ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى، ئەل - يۇرتقا ئەگىشىش روھى بىلەن تېزلا روناق تاپتى ۋە كۆۋرۈك سالدى، يول ياسىدى، ئاجىز - ئورۇقلارغا خەيرخاھلىق قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىشنىڭلا كويىدا يۈرۈپ، ئەل - جامائەتنىڭ ماختىشىغا، رەھمەت - دۇئاسىغا ئېرىشتى، ئىشلىرى كۈندىن - كۈنگە روناق تېپىشقا باشلىدى.

ھېلىقى باشباشتاق دوستى ھارامدىن بېيىغانلىقى، نۇرغۇن گۇناھ ئىشلارنى قىلغانلىقى ئۈچۈن ناھايىتى تېزلا مال - مۈلكىدىن ئايرىلىپ، چاشقان تۆشۈكى ساراي بولۇشقا باشلىدى. ئەنە شۇ چاغدىلا ئۇ بىر چاغلاردا يېقىن دوست بولۇپ ئۆتۈشكەن،





ھەرقانداق ئىشتا ئەل - جامائەتنى ئويلايدىغان دوستىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئۇنى پاناھ تارتىپ باردى.

— مەن ئەل قىلغاننى قىلمىغانلىقىم، سېنىڭدەك ياخشى نىيەتلىك دوستۇمنىڭ سەممىي نەسىھىتىنى ئاڭلىمىغانلىقىم ئۈچۈن مۇشۇ ئاقىۋەتكە قالدىم... — دېدى قىلمىشىنى بوينىغا ئېلىپ. ھېلىقى ئاق كۆڭۈل دوست ئۇنىڭغا تەسەللىي بېرىپ دېدى:

— خەلقىمىزدە: «ئەلنىڭ كۆزى ئەللىك» دەيدىغان ھېكمەت بار، ھەركىم قىلمىشىغا لايىق جازاغا ئۇچرايدۇ. سەن گۇناھقا پېتىۋېدىڭ، ئۇنىڭ جازاسىنى كۆردۈڭ، ئەمدى توۋا قىلغانىكەنسەن، چوقۇم بۇنىڭ مۇكاپاتىنىمۇ كۆرىسەن!

كۆپچىلىككە ئەگىشىش قانداقتۇر كۆپچىلىكنىڭ خاتا بولسىمۇ ئەگىشىشنى كۆرسەتمەيدۇ. بەزىدە شۇنداق ئىشلارمۇ يۈز بېرىپ قالىدۇكى، بەزى يۇرتلاردا «كۆپچىلىك» تونىغا ئورۇنۇۋالغان يامان نىيەتلىك كىشىلەر توپى بولىدۇ، ئۇلار ھەر خىل يوللار بىلەن خەلقنى شىلىيدۇ، زالىم ھۆكۈمدارلار بىلەن ئېغىز - بۇرۇن يالىشىپ، ئاق كۆڭۈل، ھەققانىيەتنى سۆيىدىغان، توغرا سۆزلۈك كىشىلەرنى چەتكە قاقىدۇ، ئۇلارنى يوقىتىشنىڭ كويىغا چۈشىدۇ. بۇنداق يۇرتلاردا كىشىلەرنىڭ ئومۇمىي روھىدا ئاكتىپ ھالەت ساقلانغان بولسىمۇ، ئەمما ناھايىتى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ، بىر قارىماققا كىشىلەرنىڭ روھىنى جاھالەت ئىگىلەپ كەتكەندەك كۆرۈنىدۇ. ئەمما، ئەل - يۇرتنىڭ پاكىز روھى يەنىلا يوشۇرۇن ساقلانغان بولىدۇ. شۇڭا، «كۆپچىلىك» تونىغا ئورۇنۇۋالغانلارنىڭ دامىغا چۈشمەي، ئۇلارغا ئەگەشمەي ئۆتۈش، خەلقنىڭ روھىدىكى ئاكتىپ ئامىللارنى كۆرۈپ يېتىش، ئارزۇسىنى چۈشىنىش كېرەك.

**سوئال: ئۇنداقتا، سىز دەۋاتقان كۆپچىلىككە ئەگىشىش**

قانداقتۇر بىر يۇرتتىكى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن پىكىر ئېقىمىغا ئەگىشىش بولماستىن، بەلكى، بىر پۈتۈن خەلقنىڭ ئاكتىپ روھىي ھالىتىگە ئەگىشىشنى كۆرسىتەمدۇ ـ قانداق؟

جاۋاب: توغرا ئېيتتىڭىز. كۆپچىلىككە ئەگىشىشتە قانداقتۇر تار يولغا كىرىۋېلىشقا، تار مەنپەئەت كۆزقارىشىنى ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇۋېلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. نەزەرنى يىراققا سېلىپ، ئەل ـ يۇرتنىڭ، توغرىسىنى ئېيتقاندا خەلقنىڭ ئومۇمىي روھىغا ۋارىسلىق قىلىش، ئۇنىڭدىكى ئاكتىپ ئامىللارنى بايقاپ، ئۇنىڭغا ئەگىشىشكە ھەرىكەت قىلىش، خەلققە پايدىلىق ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇش، بۇ يولدا بىر كۈنمۇ چېكىنمەسلىك كېرەك. ئەنە شۇنداق قىلغاندىلا، كۆپچىلىككە ئەگىشىشنى ھەقىقىي ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ.





# كېڭەشلىك ئىش قىلىش

**سوئال: نېمە ئۈچۈن كېڭەشلىك ئىش قىلىشنى تەشەببۇس قىلىمىز؟**

جاۋاب: خەلقىمىزدە «كېڭەشلىك ئىش بۇزۇلماس» دېگەن ھېكمەت بار. دېمەك، بىز بەزىدە بىر ئادەم ھەل قىلىپ كېتەلمەيدىغان قىيىن مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىمىز، بەزى ئىشلارنى قىلىپ كەتكىلى بولغان تەقدىردىمۇ، نەق چارىسىنى تاپالماي قىينىلىپ قېلىشىمىز، نېمە قىلىشنى بىلمەسلىكىمىز مۇمكىن. مۇشۇنداق چاغلاردا يېقىن دوست ـ بۇرادەرلەر بىرگە كېلىپ باش قوشۇپ، بۇ ئىشلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتكەندە، ئارتۇقچە زورۇقۇشتىن ساقلانغىلى، خاتالىقتىن خالىي بولغىلى ھەمدە كېڭەش ئەھلىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

بىز بەزى كىشىلەرنى ئۇچرىتىمىز، ئۇلار ئەقىللىق، پەملىك ۋە قابىلىيەتلىك بولغاچقا، ئۆزلىرىگە ئارتۇقچە ئىشىنىپ كېتىپ، ئىشى چىقىپ قالسا يېقىن ـ يورۇقلىرىغا مەسلىھەت قىلماي، ئۆزىلا قىلىپ كېتىدۇ، نەتىجىدە بەزى قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ بولالماي، تېز ئارىدىلا قىسقا يول بىلەن يېتىدىغان مەنزىلگەن ئايلىنىپ، تاغ ـ داۋانلاردىن ئېشىپ ئاران دېگەندە يېتەلەيدۇ، بۇ جەرياندا بىھۇدە جاپا تارتىپ ئۆزىنى خېلىلا خورىتىۋالىدۇ؛ يەنە بەزى كىشىلەر بار، ئۇلار ئەقلىي قابىلىيەتتە ئادەتتىكىچە بولسىمۇ، بىرەر ئىشقا دۇچ كەلگەندە يېقىن ـ يورۇقلىرىغا مەسلىھەت سالىدۇ، ئۇلار بىرەر ياخشى چارە تاپالمىغاندا شۇ ئىشنىڭ ئەھلىلىرىنى ئىزدەپ تېپىپ

مەسلىھەت ئالىدۇ، بۇ جەرياندا هاردىم - تالدىم دېمەيدۇ، مەسلىھەتنى پىشۇرغاندىن كېيىن تەييارلىقنى پۇختا قىلىپ ئىشقا تۇتۇش قىلىدۇ - دە، دېگەن قەرەلدە پۈتكۈزىدۇ. بۇ جەرياندا دوستلىرى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىدۇ، ئىشلىرى تېخىمۇ ئاسانلىشىدۇ. مەسلىھەت، كېڭەشكە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنىڭ پايدىسى ئەنە شۇ يەردە كۆرۈلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلۇغ خەلقىمىز ئۇزۇن ئەسىرلىك هايات تەجرىبىلىرى ئاساسىدا «كېڭەشلىك ئىش بۇزۇلماس» دېگەن هېكمەتنى بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن. بۇ هېكمەتكە ئەمەل قىلىدىغان بولساق، قىيىن ئىشلىرىمىز دائىم ئاسانلىشىپ بارىدۇ.

**سوئال: كېڭەشلىك ئىش قىلغاندا نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟**

جاۋاب: كېڭەشلىك ئىش قىلىشتا ئەلۋەتتە بەزى پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىش كېرەك، بولمىسا كېڭەشلىك ئىش قىلغاننىڭ پايدىسىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. ئالدى بىلەن كېڭەش ئەھلىنى مۇۋاپىق ۋە جايىدا تاللاش كېرەك. كېڭەش ئەھلىنى مۇۋاپىق تاللىماي، بىر توپ نادانلارنى ۋە شۇ ئىشنىڭ ئەھلى بولمىغانلارنى توپلاپ كېڭەش قىلغاندا، ئىش ئاسان تاماملانمايلا قالماستىن، بىرمۇنچە ئاۋارىچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن. شۇڭا، كېڭەش قىلغان ئادەملەر شۇ ئىشنىڭ ئەھلى بولسۇن، پىشقەدەم، كۆپنى كۆرگەن، تۇرمۇش بىلىمى مول كىشىلەر بولسۇن ھەمدە ئوقۇغان، بىلىملىك كىشىلەر بولسۇن، مانا مۇشۇنداق كىشىلەر جەم بولۇپ كېڭەش قىلغاندا ئىشتىكى چوقۇم ئاسان ھەل بولىدۇ ۋە كۆزلىگەن مەقسەتكە ئاسانلا يېتەلەيسىز. كېڭەش قىلغاندا ئادەم بەك كۆپ بولۇپ كەتسىمۇ، گەپ جىق، ئىش ئۇنۇمى ئاز بولۇپ قالىدۇ، شۇڭا كېڭەش





ئەھلىنىڭ ئاز ۋە ساز بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئامال بار «ئاز مەبلەغ بىلەن كۆپ ئۈنۈم قازىنىش» ئۇسۇلىنى قوللىنىش كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن، كېڭەش قىلىدىغانلارنىڭ سىز بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بارلىقىغا دىققەت قىلىش كېرەك. كېڭەش ئەھلى سىزگە كۆيۈنىدىغان ھەقىقىي يېقىن - يورۇقلىرىڭىز بولۇشى، غەيرىي نىيەتتىكىلەر ئارىلىشىپ قالماسلىقى كېرەك. ئەنە شۇ چاغدىلا كېڭەشنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. مانا مۇشۇ ئۇسۇللارغا دىققەت قىلغاندىلا، كېڭەشلىك قىلغان ئىشىڭىزدىن ھەرگىز چاتاق چىقمايدۇ.

**سوئال: بەزى ئىدارىلەرنىڭ باشلىقلىرى مەلۇم بىرەر ئىشلارنى قارار قىلىشتىن ئىلگىرى قول ئاستىدىكىلىرى بىلەن كېڭەش قىلىپ، ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئېلىپ قىلسا ياخشى بولامدۇ ياكى ئۆز ئالدىغا بېكىتسە ياخشى بولامدۇ؟**

جاۋاب: باشلىق بولغان كىشى قابىل، تەشكىللەش ئىقتىدارى يۇقىرى بولۇشتىن تاشقىرى، ئەڭ مۇھىمى قول ئاستىدىكىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا ماھىر بولۇشى، قول ئاستىدىكىلەرنىڭ مەنپەئەتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشى ۋە ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق شۇ ئورۇننىڭ ھەرقايسى جەھەتتىن يۈكسىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك. بۇ جەرياندا بەزى چوڭ ئىشلارنى قول ئاستىدىكىلەرنىڭ مۇزاكىرىسىگە قويۇشى، ئۇلارنىڭ مۇۋاپىق تەكلىپ پىكىرلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلاپ، ماس كېلىدىغانلىرىدىن پايدىلىنىشى زۆرۈر. مانا مۇشۇنداق قىلالايدىغان باشلىقلارلا قول ئاستىدىكىلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلەيدۇ، ئۇ رەھبەرلىك قىلغان ئورۇنمۇ مەيلى ئىقتىسادىي جەھەتتىن بولسۇن، ئىناۋەت جەھەتتىن بولسۇن مىسلىسىز گۈللىنىشنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ.

يەنە بىر قىسىم باشلىقلار باركى، ئۇلار كۆرۈنۈشتە قول

ئاستىدىكىلەرنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتكەندەك، ئىدارىنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى شۇلارنىڭ تەكلىپ پىكرىنى ئېلىپ قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ. تەكلىپ پىكىرلەرنىمۇ ئاڭلايدۇ، ئەمما ئاخىردا ھەممە تەكلىپ پىكىرلەرنى نۆلگە تەڭ قىلىپ، ئۆزىنىڭ گېپىنى يورغىلىتىدۇ. بۇنداق قىلىش باشلىقلارنىڭ ئىناۋىتىنى تۆكىدۇ. ئىككىنچى قېتىم تەكلىپ پىكىر ئالماقچى بولغاندا قول ئاستىدىكىلەر يا تەكلىپ پىكىر بەرمەيدۇ ياكى بولمىسا گەپ يورغىلىتىپ، باشلىقنى كولدۇرلىتىشنى ئويلايدۇ، بۇنىڭ بىلەن تەكلىپ پىكىر ئېلىش ئويۇنغا ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. بۇنداق كېڭەش قىلىشنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق، شۇڭا، بۇنداق قىلىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

ئەقىللىق باشلىق ئىدارىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك پىلانىنى مۇكەممەل تۈزۈۋېلىپ، شۇ بويىچە قول ئاستىدىكىلىرىگە ۋەزىپە تاپشۇرىدۇ، ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارغا ئارىلىشىۋالمايدۇ، قول ئاستىدىكىلىرىنىڭ كۆزىگە كىرىۋالمايدۇ، ئۆزىنىڭ باشلىقلىق سالاپىتىنى نامايان قىلىپ، پۇرسەت كەلگەن ھامان قول ئاستىدىكىلىرىگە ئۆزىنىڭ دانالىقىنى، ئوبرازىغا دىققەت قىلىدىغان رەھبەر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويىدۇ. يەنە پۇرسەت كەلگەن ھامان قول ئاستىدىكىلىرىنى ئىقتىسادىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن مۇكاپاتلاپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇشقا تىرىشىدۇ.

ئومۇملاشتۇرغاندا، ئاقىل باشلىق ھەممە ئىشنى كېڭەشكە سالىمەن دەپ ئاۋارە بولمايدۇ، كېڭەشكە سالغان ئىشنى كۆپچىلىكنىڭ تەلىپى بويىچە بېجىرىپ بېرىدۇ، كۆپچىلىكنىڭ مۇۋاپىق تەكلىپ پىكرىنى ئاڭلايدۇ ۋە ئىجرا قىلىدۇ، ۋەدىسىدە تۇرىدۇ، قىلىپ بېرەلمەيدىغان ئىشلارغا ئالدىراپ ۋەدە بەرمەيدۇ.





# كىتاب ئوقۇش

**سوئال: كىتاب ئوقۇشنىڭ قانداق پايدىلىرى بار؟ قانداق كىتابلارنى ئوقۇش ئەڭ مۇۋاپىق؟**

جاۋاب: كىتاب ئوقۇش ئەڭ ھۇزۇرلۇق، ئەڭ گۈزەل ئادەتلەردىن بىرى بولۇپ، زېھنىنى ئاشۇرۇش، ئىلىم ـ مەرىپەت ھاسىل قىلىش، ئومۇمەن، ئىلىم، تەربىيە ئۆگىنىش ئۈچۈن ناھايىتى كېرەكلىك بولغان ئىشلارنىڭ بىرىدۇر. بىر ياخشى كىتاب ئوقۇش بىلەن قايغۇلار تارقىلىدۇ، لېكىن ئالدى بىلەن شۇنى ئېيتىمەنكى، بىزنىڭ ئۈچۈن توغرا ۋە دۇرۇس كىتابلارنى كۆرۈشتىن پايدىلىقراق ھېچ نەرسە يوق. ئەگەر ياخشى كىتاب قانداق تاللىنىدۇ دەپ سورىسىڭىز، سىزگە شۇنداق جاۋاب بېرىمىز: زېھنىڭىزنى تۈزەتكەن، كېرەكلىك ئىشلىرىمىزنى بىزلەرگە بىلدۈرگەن ۋە سەزدۈرگەن، بىزنى ياخشى خۇلق ئىگىسى بولۇشقا ئۈندىگەن كىتاب ياخشى كىتابتۇر. بۇنىڭ ئەكسىچە، بىزدە بۇزۇق پىكىرلەرنى ئۆگىتىدىغان، ياۋۇز ـ يامان خۇلقلارنى ياخشى خۇلقلارغا ئوخشاش كۆرسىتىدىغان، بىزنى يالغان ئويلارغا باشلاپ، توغرا ئويلاردىن چالغىتىدىغان كىتاب بولسا، يامان كىتابتۇر. ئۇنى تېزلا قولدىن چۈشۈرۈش كېرەك.

ئالدى بىلەن ھەرقانداق مۇئەللىپنىڭ ئىلمىي، ئەدەپ ۋە ئەخلاقتا ئۈرنەك ئېلىشقا ئەرزىيدىغان ئەسەرلىرىنى ئوقۇڭ. ئۇنداق كىتابلارنىڭ ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان پايدىلىرى باردۇر.

ئۇنىڭدىن باشقا، يېڭىچە ئىلىم ـ پەن كىتابلىرى، ئادەمنى تەپەككۇر يولىغا باشلايدىغان كىتابلار، ئىنتىلىش ـ ئارزۇسىنى

ئەكس ئەتتۈرىدىغان، ئەنئەنە دۇنياسىغا باشلاپ، ئەجداد روھىغا چۆكتۈرىدىغان كىتابلارنى ئوقۇشمۇ مەقسەتكە تولىمۇ مۇۋاپىق.

ئومۇمەن، ئوقۇغان كىتاب بىزنى چۈشكۈنلەشتۈرۈۋەتمەيدىغان، يامان خۇيلارنى ئۆگەتمەيدىغان، چاكىنىلاشتۇرمايدىغان بولۇشى كېرەك. ئاكتىپ ئىدىيە، گۈزەل ئارزۇ ـ ئارمانلارغا يار ـ يۆلەك بولىدىغان، بىلىمنى يېڭىلاش ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدىغان كىتابلارنى ئوقۇش ئىنتايىن پايدىلىقتۇر.

## سوئال: كىتابنىڭ قانداق خۇسۇسىيەتلىرى بار؟

جاۋاب: كىشى ئۇچۇن كىتابتىن ئەزىز ۋە يېقىملىقراق سۆھبەتداش يوقتۇر. كىتاب پاساھەت، بالاغەت، لاتاپەتتە تەڭدىشى يوق، مۇناپىقلىقتىن خالىي ھەمراھتۇر. يالغۇزلۇق ۋە غەملىك كۈنلەردە يېقىن ئۈلپەتتۇر. ئۇنىڭدا نە نىفاق، نە گىنە يوقتۇر. ئۇ شۇنداق ھەمدەمچىكى، سۆزلىرىدە يالغان ۋە خاتا بولمايدۇ، سۆھبىتىدىن كىشىگە مالاللىق يەتمەيدۇ. ئۇ ئۆز دوستىنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتمايدۇ ۋە يۈرىكىنى سىقمايدۇ. ئۇ شۇنداق دوستتۇركى، كىشى ئارقىسىدىن غەيۋەت قىلمايدۇ. ئۇنىڭ سۆھبىتىدىن سىزگە شۇنداق ئېسىل پايدىلار كېلىدۇكى، بۇنداق پايدىنى ئادەملەردىن تاپالمايسىز. ئەكسىچە، كۆپلىگەن كىشىلەر سۆھبىتىدىن كىشىگە زىيان يېتىدۇ. كىتابتىن ئىبارەت بۇ دوست ئىچىدە بارلىق ئىلمۇ ھېكمەت مۇجەسسەمدۇركى، ئۇ كىشىلەرنى ئۆتمۈشتىن ۋە كېلەچەكتىن خەۋەردار قىلىدۇ. شۇڭا، «كىتاب ــ ئەقىل قەلئەسىدۇر» دېيىشكەن. كىتاب ــ ئالىملار پىكرىنىڭ پاناھگاھى، دانا كىشىلەر بوستانىنىڭ چىمەنى، ئاددىي كىشىلەرنىڭ تاماشاخانىسىدۇر. ئۇ يالغۇز كىشىلەرگە دىل ئاچقۇچى باغ، كۆڭلى زېرىدىلەرگە رەھنەمادۇر. ئۇ ھەممە يەرگە بارچە بىلەن دوستۇئاشنا، دەردلىك كىشىلەر دىلىغا داۋادۇر.





## سوئال: كىتاب ئوقۇش ئادىتىنى قانداق يېتىلدۈرۈش كېرەك؟

جاۋاب: كىتاب مەيدانغا كەلگەن كۈندىن باشلاپ ئىنسانىيەتنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ جەۋھىرىنى ئۆز قوينىدا ساقلاپ، ئۇنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈپ بېرىش ۋە ئەجدادلار بىلەن ئەۋلادلارنىڭ قەلبىنى تۇتاشتۇرۇش رولىنى ئويناپ كەلدى. ئۇ بىلىمنى ساقلىغۇچى بولۇپلا قالماي يەنە بىلىمنى يەتكۈزگۈچىدۇر. دەل مۇشۇنداق بولغاچقا، كىتاب قەدىمدىن بۇيان ئەڭ قەدىرلىك بۇيۇم سۈپىتىدە ئەتىۋارلىنىپ كېلىنگەن.

بىزنىڭ دەۋرىمىزگە كەلگەندە كىتاب ئۆزىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ۋە بىلىمنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىنى ئىنچىكە ئەكس ئەتتۈرۈش باسقۇچىغا كىردى. ئىلگىرى ئۇستا كۆرۈپ ئۆگىنىلىدىغان ئىلىم بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە كىتاب ئارقىلىق ئۆگىنىلىدىغان ھالغا يەتتى، قىسقىسى، كىتاب ھەرقانداق بىر بىلىم ۋە ھۈنەرنى ئۆگىنىشتە كەم بولسا بولمايدىغان ۋاسىتىچىغا ئايلاندى.

بۇ ۋاسىتىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئۈچۈن، كىشىلەر، بولۇپمۇ ياش ـ ئۆسمۈرلەر ئەتراپلىق ۋە ياخشى بولغان كىتاب ئوقۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش، كىتابتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئەتراپلىق تەربىيىلىنىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك.

ياخشى بولغان كىتاب ئوقۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن:

بىرىنچى، ئۆزى قىزىقىدىغان ساھەدىكى كىتابلارنى پىلانلىق، ئەتراپلىق سېتىۋېلىشقا ئەھمىيەت بېرىش، كىتاب سېتىۋېلىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن كىتابقا خەجلىگەن پۇلغا ھەرگىز ئېچىنماسلىق، كىتابقا خەجلىگەن پۇلنى ئەھمىيەتلىك خەجلىدىم دېگەن ئادەتنى يېتىلدۈرۈش كېرەك.

شۇنداق قىلغاندىلا، كىتابنىڭ قەدرىگە يەتكىلى ۋە ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغىلى بولىدۇ.

ئىككىنچى، كىتابنى مەقسەتلىك ئوقۇش، بىلىم تولۇقلاشقا ئەھمىيەت بەرگەن ئاساستا ئوقۇش كېرەك. بۇنداق قىلغاندا ئادەمنىڭ بىلىمدە قايسى تەرەپكە بەكرەك ئېھتىياجى بولسا، شۇ تەرەپنى ۋاقتىدا تولۇقلىغىلى، بىلىمنى ئاشۇرغىلى ۋە ۋايىغا يەتكۈزگىلى بولىدۇ.

ئۈچىنچى، كىتاب يىغىپ ساقلاشقا ئەھمىيەت بېرىش، كىتابنى ئاسراش، ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن يەنە پايدىلىنىشنى ئەستايىدىل ئويلىشىش كېرەك. بۇنداق قىلغاندا كىتابنى قارىقويۇق ئوقۇشتىن ساقلانغىلى، كىتابنى پىلانلىق، مەقسەتلىك ۋە نىشانغا تەگكۈزۈپ ئوقۇش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

تۆتىنچى، كىتاب ئوقۇغاندا بىلىم قۇرۇلمىسىنى تولۇقلاشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. بىلىم قۇرۇلمىسى ئادەمنىڭ ئۇنىۋېرسال بىلىم ساپاسىنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، ئادەمنىڭ ئۇنىۋېرسال بىلىم قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۈرۈشى ئۈزۈنغا سوزۇلىدۇ ۋە چىدام - غەيرەت تەلەپ قىلىدۇ. ئۇنىۋېرسال بىلىم قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن چوقۇم ئۆزى كەسىپ قىلىپ تاللىغان ساھەدىكى بىلىملەرنى پىششىق ئىگىلەش بىلەن بىرگە ئۇنىڭغا ياندىشىدىغان ساھەدىكى بىلىملەرنىمۇ قېتىرقىنىپ ئۆگىنىشكە، تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بىر يازغۇچى بولۇش ئۈچۈن يالغۇز ئەدەبىيات بىلىملىرىنى ئۆگىنىشلا كۇپايە قىلمايدۇ، يەنە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، فولكلورى، جۇغراپىيە، تارىخى، مەدەنىيەت، مېمارچىلىق، ئارخېئولوگىيە قاتارلىق تەرەپلەردىن ئەتراپلىق بىلىمگە ئېرىشكەندە، يېزىقچىلىقتا يۇقىرى سەۋىيىلىك ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەسىرلەرنى يېزىپ چىققىلى بولىدۇ. بىر تەبىئىي پەن ئالىمىمۇ ئۆزىنىڭ كەسپىدە ئىزدىنىپ تەتقىق قىلىپ نەتىجە ياراتقاندا، ئەگەر تىل ۋە





ئەدەبىيات بىلىمى چولتا بولۇپ قالسا، تەتقىقاتىنى مەقسەتتىكىدەك ئىپادىلىيەلمەي قالىدۇ ۋە ئىلمىي ژۇرنال، مەتبۇئاتلارغا يارىغۇدەك قىلالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ دۇنيادا يەككە پەن مەۋجۇت ئەمەس، شۇنداقلا ئۇلار بىر - بىرىگە چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن بولىدۇ. شۇڭا، كىتاب ئوقۇغاندىمۇ ئاساسىي نىشاننى بىر بېكىتىۋېلىش، ئۇنىڭغا يەنە بىلىم قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۈرىدىغان ۋە مۇكەممەللەشتۈرىدىغان كىتابلارنىمۇ ئوقۇپ، ئەتراپلىق بىلىم ئىگىلەشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، كىتاب ئوقۇغاننىڭ پايدىسىنى ھەقىقىي ھېس قىلغىلى بولىدۇ.

**سوئال: مېنىڭ بالام ئۈچىنچى سىنىپقا چىقتى، كىچىكىدىن باشلاپ ئۇنىڭغا خىلمۇ خىل كىتابلارنى ئېلىپ بېرىمەن. لېكىن، يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان ئۇنىڭ كىتاب ئوقۇشقا قىزىقماس بولۇپ قالغانلىقىنى، تاپشۇرۇق ئىشلىگەندىن باشقا ۋاقىتلاردا مەن ئېلىپ بەرگەن كىتابلارغا قارىمايدىغانلىقىنى، تاپشۇرۇق ئىشلەپ بولۇپلا تېلېۋىزورغا مىختەك قادىلىپ ئولتۇرىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدىم. بالامنى كىتاب ئوقۇشقا قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن قانداق ئاماللارنى قوللانسام بولار؟**

جاۋاب: سىز بالىڭىزنىڭ ئوقۇش ئەھۋالى، يېمەك - ئىچمىكى ۋە روھىي كەيپىياتى، كۈندىلىك پائالىيەتلىرىنى بىر مەزگىل كۆزىتىپ بېقىڭ. بۇنداق غەيرىي ئەھۋاللارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا بالىلارنىڭ ئەخلەت يېمەكلىكلەرگە ئۆگىنىپ قېلىشىمۇ سەۋەبچى بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى، بۈگۈنكى كۈندە ئەخلەت يېمەكلىكلەر بىزنىڭ ئەتراپىمىزنى قورشاپ تۇرماقتا. بالىڭىز ئۆيدە ئەتكەن تاماقنى يېمەي تەييار چۆپ، سوغۇق ئىچىملىك، ئۇششاق - چۈششەك يېمەكلىكلەرگە ئۆگىنىپ قالدىمۇ، يوق؟ ئەگەر بالىڭىز مۇشۇنداق يېمەكلىكلەرگە ئۆگىنىپ قالغان بولسا، سىز

ئوزۇقلۇقشۇناس دوختۇرلارنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە بالىڭىزنى بۇنداق يېمەكلىكلەرنىڭ قويىنىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىپ، زىيانسىز، ئەنئەنىۋى يېمەكلىكلەرنى يېيىشكە ئادەتلەندۈرۈشىڭىز كېرەك. چۈنكى، يېقىنقى تەتقىقاتلاردا ئاشكارىلىنىشىچە، يېمەكلىك خۇرۇچلىرى قوشۇلغان ھەر خىل تەييار يېمەكلىكلەرگە، ئەخلەت يېمەكلىكلەرگە ئۆگىنىپ قالغان بالىلارنىڭ زېھنىي قۇۋۋىتى جىددىي تۆۋەنلەپ، جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىقى زور دەرىجىدە ناچارلىشىدىكەن. بىر نەرسىگە قىزىقمايدىكەن، پەقەت ئاتا ـ ئانا، ئوقۇتقۇچىلار مەجبۇرلىسىلا ئوقۇش پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرىدىكەن. كۈندىلىك پائالىيەتلىرىدىن ئۆزى خۇش بولغۇدەك خۇلاسە چىقىرالمايدىكەن. قىسقىسى، ھەممە ئىشى مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىش ئۈچۈنلا بولىدىكەن، شۇنداق بولۇپ قالغان ئەھۋالدا، بالىلارنىڭ مەجبۇرىيەت ھېسابلانمىغان دەرستىن سىرتقى كىتاب ئوقۇشقا قىزىقماسلىقى تۇرغانلا گەپ.

ئەگەر بالىڭىزدا ئەخلەت يېمەكلىك بىلەن ئۇچرىشىش ناھايىتى ئاز بولغان ئەھۋالدا، ئۇنىڭ نېمىگە قىزىقىدىغانلىقىنى بايقاپ، شۇ بويىچە كىتاب ئوقۇشقا يېتەكلەپ كۆرۈڭ. ئاتا ـ ئانىلار كۆپىنچە بالىلىرىنىڭ قىزىقىشىغا پەرۋا قىلماي، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئىرادىسى بويىچە تەربىيىلەشكە، ئۆزلىرى قىزىققان ساھەلەرگە بالىلىرىنىمۇ قىزىقتۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ. بۇ ناھايىتى خەتەرلىك ئەھۋال، چۈنكى، بۇنداق بالىلار ئاتا ـ ئانىنىڭ ئارزۇسى بويىچە تەربىيىلەنگەن تەقدىردىمۇ، كېيىن بەربىر نەتىجە قازىنالمايدۇ. ئۆزلىرى قىلىۋاتقان ئىشنى پەقەت مەجبۇرىيەت يۈزىسىدىن، قورساق بېقىش سەۋەبىدىن قىلىۋاتقاندەكلا ھېس قىلىپ قالىدۇ. بۇنداق ھېسسىياتتا قىلغان ئىشنىڭ ھېچقانداق لەززىتى بولمايدۇ. مەلۇم بىر ئالىي مەكتەپنىڭ ياش ئىنگلىز تىلى ئوقۇتقۇچىسى ماڭا مۇنداق بىر





ئىشنى سۆزلەپ بەردى: يېڭى ئوقۇش مەۋسۇمىدە ئۇ ئىنستىتۇتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئىككىنچى يىلىغا قەدەم قويغان ئوقۇغۇچىلارغا دەرسكە كىرگەن ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئىنگلىز تىلى كىتابىدىن دەرس بېرىشكە باشلىغان. ئۇ ئوقۇغۇچىلارنى قوزغىتىدىغان ھەر خىل ئاماللارنى ئىشقا سېلىپ باققان، ئارىسىدىن ئون نەچچە بالا ئۇنىڭ دەرسىگە ماسلىشىپ بەرگەن، قالغانلىرى كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ئولتۇرۇشقان. ئۇ دەرس ئۆتۈشكە ئامالسىز قېلىپ، دەرسنى توختىتىپ قويۇپ ئوقۇغۇچىلاردىن ئەھۋال ئىگىلەشكە باشلىغان. نەتىجىدە، بىر سىنىپتىكى 35 نەپەر ئوقۇغۇچى ئىچىدە ئىنگلىز تىلى ھەرپلىرىنى تونۇيدىغانلارنىڭ ئوننەچچە ئىكەنلىكى، قالغانلىرىنىڭ ھەتتا ھەرپلەرنىمۇ بىلمەيدىغانلىقى مەلۇم بولغان. ئىككىنچى ئوقۇش يىلىغا قەدەم قويغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇنداق ھالدا بولۇشىغا ئىشەنمەي قالغان بۇ ئوقۇتقۇچى بالىلارنىڭ ئىنگلىز تىلىغا قىزىقىدىغان ـ قىزىقمايدىغانلىقىنى سورىغان، نەتىجىدە، ھېلىقى ھەرپنىمۇ تونۇمايدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ ئوقۇۋاتقان كەسپىگە قىزىقمايدىغانلىقىنى، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ، ئاكا ـ ئاچىسىنىڭ ئارزۇسى، يول مېڭىشى بىلەنلا مۇشۇ كەسپتە ئوقۇپ قالغانلىقىنى ئېيتىشقان. دېمەك، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئارزۇسىنى ئاقلىماقچى بولغان، ئەمما ئۆزىنىڭ قىزىقىشىغا ئېرىشەلمىگەن بۇ بالىلارنىڭ كەلگۈسى شۇنىڭ بىلەن نابۇت بولۇش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن. شۇڭا، ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنىڭ قىزىقىشىنى بايقاشقا ئەھمىيەت بېرىشى، قىزىقىشىغا ھۆرمەت قىلىشى ۋە ئارزۇ ـ غايىلىرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا تۈرتكە بولۇش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا بالىلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق قوزغاتقىلى بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ كىتاب ئوقۇشقا

مۇۋاپىق دەرىجىدە يېتەكلەپ بېرىشى، بەزى كىتابلارنىڭ گېپىنى قىلىپ بېرىپ قىزىقىشىنى ئاشۇرۇشى ۋە بىللە ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇپ، ئاستا ـ ئاستا كىتاب ئوقۇشقا يېتەكلەپ كېتىشى كېرەك. بۇ خىل ئۇسۇلنىڭ ئۈنۈمى ناھايىتى يۇقىرى. بەزى بالىلار مانا مۇشۇ يېتەكلەشنىڭ كەمچىللىكى سەۋەبىدىن كىتاب ئوقۇشقا قىزىقمايمۇ قالىدۇ، بۇ جەھەتتە ئاتا ـ ئانىنىڭ يېتەكلەپ بېرىشى ئىنتايىن مۇھىم.

ئومۇمەن، كىتاب ئوقۇشنىڭ ئىنتايىن مەدەنىي، ئالىيجاناب ئىش ئىكەنلىكىنى بالىلارغا تونۇتۇش ئىنتايىن مۇھىم، بالىلارغا مۇشۇ نۇقتىنى تونۇتقاندا، ئۇلاردا گۈزەل ئارزۇلار جۇش ئۇرىدۇ ـ دە، كىتاب ئوقۇشقا تەبىئىيلا بېرىلىپ كېتىدۇ.

## سوئال: كىتابنىڭ زىيانلىق تەرەپلىرىدىن قانداق ساقلىنىش كېرەك؟

جاۋاب: قەدىمدىن ھازىرغىچە ئۇلۇغلىرىمىز كىتاب ھەققىدە نۇرغۇن ھېكمەتلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن. كىتابنىڭ رولىنى ماختىمايدىغان، كىتابنىڭ ئەھمىيىتىنىڭ غايەت زور ئىكەنلىكىنى، قىممىتىنىڭ چەكسىزلىكىنى چۈشەنمەيدىغان بىرمۇ مەدەنىي ئىنسان بولمىسا كېرەك. شۇنداق تۇرۇپ، كىتابنىڭمۇ زىيانلىق تەرەپلىرى بولامدۇ؟ دەپ سوراپ قېلىشىڭىز مۇمكىن. دەرۋەقە، كىتابنىڭمۇ زىيانلىق تەرەپلىرى بار. شۇنىڭ ئۈچۈن كىتابتىن ئۈنۈملۈك پايدىلانماقچى بولغان ئادەم چوقۇم كىتاب ئوقۇش ئۇسۇلى ۋە پوزىتسىيىسىنى توغرىلىشى لازىم. بىلىم پايدىلىق بىلىم ۋە زىيانلىق دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ، پايدىلىق نەرسىلەر بايان قىلىنغان كىتابلار ياخشى كىتابلار، پايدىسىز، ئادەمنى خاتا يولغا باشلاپ قويىدىغان كىتابلار ناچار كىتابلار ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، پايدىلىق بىلىملەر بايان قىلىنغان كىتابلارنى ئوقۇشقا ئەھمىيەت بېرىش، ئۆزىنىڭ





قىزىقىشى، ئارزۇسى ۋە غايىسىگە ئاساسەن كىتاب ئوقۇش، كىتابنى ئۆز ئىزدىنىشلىرىنىڭ شوتىسى قىلىشقا تىرىشىش كېرەك. كىتابنى كۆپ ئوقۇسا پايدىلىق ئىكەن دەپ ئۇدۇل كەلگەن كىتابنى ئوقۇش، ئارىلاشتۇرۇپ ئوقۇش ۋە نىشانسىز كىتاب ئوقۇشلارنىڭ ھەممىسى كىتاب ئوقۇشتىكى ناتوغرا پوزىتسىيە بولۇپ، جىددىي تۈزىتىشكە تېگىشلىك. چۈنكى، ھازىر نەشر قىلىنىۋاتقان كىتابلارنىڭ سانى بەك كۆپ، ئىسمىنى ساناپ بېرىشمۇ تەسكە توختايدۇ، كۈندە نەچچە مىڭ خىل كىتاب نەشر قىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇلارنىڭ قايسىبىرىنى ئوقۇپ بولالايسىز؟ شۇنىڭ ئۈچۈن پايدىلىق بىلىملەر سۆزلەنگەن، سىزنىڭ قىزىقىشىڭىزغا مۇناسىپ كېلىدىغان، بىلىم دائىرىڭىزنى كېڭەيتىدىغان، سىزنىڭ ئېھتىياجىڭىزغا لايىقلاشقان كىتابلارنى ئەستايىدىل ئوقۇشىڭىز، ئۇلاردا سۆزلەنگەن بىلىملەرنى ئۆزلەشتۈرۈشكە ھەرىكەت قىلىشىڭىز كىتاب ئوقۇشتىكى ئەڭ توغرا پوزىتسىيە ھېسابلىنىدۇ.

# كىيىم كىيىش ئەدەپلىرى

**سوئال: خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىم كىيىش ئەدەپلىرى قايسىلار؟ كىيىم كىيىشتە قانداق ئەمەللەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟**

جاۋاب: خەلقىمىز ئۇزۇن ئەسىرلىك تەرەققىيات جەريانىدا ئۆزلىرىگە خاس كىيىم مەدەنىيىتى ياراتتى. بۇ كىيىملەرنىڭ ياش پەرقى، جىنس پەرقى، پەسىل پەرقىنىڭ شۇنچە چوڭ ۋە ئىنچىكە ئايرىلغانلىقى، كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىمىزنىڭ جازىبىسىنى ئاشۇرۇپ تۇرۇپتۇ. خەلقىمىز بىرقاتار كۆزنىڭ يېغىنى يەيدىغان كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىنى ياراتقان ۋە كىيىم كىيىشتە رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك بىرمۇنچە قائىدە ـ يوسۇنلارنى شەكىللەندۈرگەن. بۇلار كىيىمنى يېڭى، پاكىز كىيىش، كونا بولسىمۇ پاكىزلىققا دىققەت قىلىش، چاپان كىيگەندە ئوڭ يەڭدىن قول سېپىش، ئاياغ كىيىم كىيگەندە ئوڭ پۇتتىن كىيىش، سالغاندا سول پۇتتىن باشلاپ سېلىش، ئىچىگە يەڭگىل، يۇمشاق رەختلەردىن كىيىم كىيىش، سىرتىغا كۆركەم، رەڭدار ۋە سىپتا كىيىملەرنى كىيىش، ئۇنىڭدىن باشقا ياش پەرقىگە، جىنس ئايرىمىسىغا ئاساسەن كىيىم كىيىش قاتارلىقلار ئالاھىدە تەكىتلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ كىيىملىرىمىزدە دوپپىنىڭ ئەللىك ـ ئاتمىش خىلى، كۆڭلەكنىڭ ئوتتۇز ـ قىرق خىلى ۋە باشقا كىيىملەرنىڭمۇ نۇرغۇن خىللىرى بار. مانا بۇلار خەلقىمىزنىڭ كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىنىڭ رەڭدارلىقىنى ئاشۇرۇپ تۇرۇپتۇ.





خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىم كىيىش ئەدەپلىرى تۆۋەندىكىچە بولۇپ، بۇلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ھازىرقى تۇرمۇشىمىزغىمۇ ماس كېلىدۇ: بىرىنچى، كۆڭلىنى بىرلا كىيىمگە باغلىماسلىق، قانداق كىيىمگە مۇيەسسەر بولسا شۇنى كىيىش كېرەك؛ ئىككىنچى، كىيىمگە تەكەللۇپ، تارتىنىش كەتمەيدۇ. ئەكسىچە قوپال بولسىمۇ ۋاقىتقا قاراپ كىيىم كىيىش كېرەك؛ ئۈچىنچى، كۆڭلەك ۋە لىباسنىڭ يېڭىنى قولنىڭ بەندىگىچە، ئۇزۇن بولغاندا بارماقلارنىڭ ئۇچىغىچە ئۇزۇنلۇقتا قىلىش لازىم. ئۇنىڭدىن ئۇزۇن بولۇپ كەتسە ئادەتكە مۇخالىپتۇر. يەڭنى كەڭ قىلىش ياخشىدۇر، تار بولۇپ قالمىسۇن. كۆڭلەك ۋە ئىشتاننىڭ ئۇزۇنلۇقى پاچاقنىڭ يېرىمىغىچە، ئۇزۇن بولغاندا تويۇق (ھوشۇق) قىچە بولسا بولىدۇ، ئۇنىڭدىن زىيادىسى ئارتۇقچىدۇر؛ تۆتىنچى ، ئاق كىيىم كىيىش ياخشىدۇر؛ بەشىنچى، كىيىمنى پاكىز تۇتۇش كېرەك. ھەممە نەرسىنى پاكىز تۇتۇش ماقۇلدۇر ، خۇسۇسەن ، كىيىم ـ كېچەك تازىلىقىغا تېخىمۇ رىئايە قىلىش كېرەك؛ ئالتىنچى، قول ئىلكىدە بار كىشىلەر ياخشى كىيىملەرنى كىيسە بولىدۇ. بۇنىڭ شەرتى كىبىر، مەنمەنلىك بولۇپ قالمىسۇن. تەرىقەتنىڭ چوڭلىرى شۇنداق دەيدۇ: كىيىم ـ كېچەكنى پۇزۇر كىيىش شۇنداق كىشىلەرگە جائىزكى، قىڭغىر ياسانچۇقلۇقتىن قۇتۇلغان، ھاۋايى ـ ھەۋەستىن ئۆزىنى تۇتقان بولۇشى شەرت؛ يەتتىنچى، يېڭى كىيىم كىيگەندىن كېيىن كونا كىيىمنى سەدىقە قىلىۋېتىش كېرەك.

# گۈزەل ئەخلاق

**سوئال: گۈزەل ئەخلاقلىق كىشىلەرنىڭ قانداق خىسلەتلىرى بار؟**

جاۋاب: ياخشى ئادەم بولۇش ئۈچۈن ئەلۋەتتە گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇش، يامان خۇيلاردىن يىراق تۇرۇش ئىنتايىن مۇھىمدۇر.

گۈزەل ئەخلاق ئىلىم ۋە ئەدەپ ئۆگىنىش بىلەن، ياخشى كىشىلەر بىلەن دوست - يارەن بولۇش بىلەن ئېرىشكىلى بولىدۇ. يامان خۇيلار بولسا بۇنىڭ ئەكسىدۇر. يەنى جاھىل پېيتى قىلىش، ئەدەپسىز بولۇش، يامان كىشىلەر بىلەن دوستلىشىش بىلەن ھاسىل بولىدۇ.

ياخشى ئىنسان ياخشى ئەخلاقلىق ئىنسان دېمەكتۇر.

گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇشنىڭ ئالامەتلىرى مۇنداق: ئىنساپلىق بولۇش، دوستلىرىنىڭ خاتاسىنى كۆرمەسلىك، يامان خۇيدىن قېچىش، دوستلىرىنىڭ ئەزىيەتلىرىگە كۆكسىنى كېرىپ چىقىش، ئۇلاردىن شىكايەتچى بولماسلىق، ئۆزىنىڭ ئەيىب ۋە قۇسۇرلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇش، نەپسىنى يىغىۋېلىش، تەبەسسۇم چىراي بولۇپ ھەركىمگە يېقىملىق مۇئامىلە قىلىش قاتارلىقلاردۇر.

گۈزەل ئەخلاقلىق كىشى ئەدەپلىك بولۇپ ئاز سۆزلىشىدۇ، خاتاسى ئاز بولىدۇ، غەيۋەت قىلمايدۇ، ئامانەتكە خىيانەت قىلمايدۇ، قوشنىسى ۋە دوستىنى قوغدايدۇ، بۇ خىسلەتلەرنىڭ بېشى بولسا ھايادىن ئىبارەت.





**سوئال: ياخشى كىشى بولۇش ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلىش كېرەك؟**

جاۋاب: قەتئىي ئەقىدە بىلەن ھېچكىمگە يامانلىق قىلمايدىغان، ئۆزىگە يامانلىق قىلغانلارغا سەۋر قىلىدىغان، كىشىلەرنىڭ مېلىغا، جېنىغا، نومۇسىغا كۆز تىكمەيدىغان؛ ئىشلىگەندە، ئېلىم - بېرىم قىلغاندا كىشىنىڭ ھەققىنى يېمەيدىغان؛ شۈبھىلىك نەرسىلەردىن قاچىدىغان، زالىملارغا يانتاياق بولمايدىغان، ئىلىم ۋە ئەخلاق ساھىبلىرىغا ھۆرمەت كۆرسىتىدىغان كىشىلەردىن بولۇش كېرەك.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە ياخشى كىشىلەر دوستلىرىنى سۆيىدۇ ۋە ئۆزىنى سۆيدۈرىدۇ؛ يامان كىشىلەرگە نەسىھەت قىلىدۇ ۋە ئۇلارغا ئەگەشمەيدۇ. كىچىكلەرگە مەرھەمەتلىك ۋە شەپقەتلىك بولىدۇ؛ كەيپ - ساپانىڭ كەينىدىن يۈگۈرمەيدۇ، زىيانلىق ۋە ھەتتا پايدىسىز بىر نەرسىنى سۆزلىمەيدۇ؛ ھېچكىمگە قوپاللىق قىلمايدۇ، مەرد بولىدۇ، مېلىنى ياخشى ئىشلارغا سەرپ قىلىدۇ.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، گۈزەل ئەخلاقلىق كىشىنىڭ پۈتۈن ئەس - يادى كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىش بىلەن نەتىجىلىنىدۇ، يامان ئىشلارنىڭ بىرىنىمۇ قىلمايدۇ ۋە باشقىلارنىڭ قىلىشىغىمۇ يول قويمايدۇ. بۇنداق ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلەتكە ئىگە بولۇش ئۇنچە ئاسان ئەمەس، ئۈزلۈكسىز تىرىششقا، كۆپرەك جاپا تارتىشمۇ ئەقىدىسىدە چىڭ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

**سوئال: ياخشى خۇيلۇق بولۇشنى ساقلاش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟**

جاۋاب: ياخشى خۇيلۇق بولۇش ئۈچۈن ۋە ياخشى خۇينى ساقلاش ئۈچۈن سالىھ كىشىلەرگە، ياخشى خۇيلۇقلارغا دوستلۇق

كۆرسىتىش لازىم. مال ـ دۇنيا، مەرتىۋە كەينىدە يۈگۈرگەنلەردىن ھېچكىم مۇرادىغا يېتەلمەيدۇ. مال ـ مۈلكىنى خەيرلىك ئىشلارغا ئاتىغان، خەيرلىك ئىشلار ئۈچۈن سەرپ قىلغان كىشى راھەتكە، ھۇزۇرغا ئېرىشىدۇ.

پايدىسىز نەرسىلەردىن، ئويۇنلاردىن، زىيانلىق مۇنازىرىلىشىش ۋە تالاش ـ تارتىش قىلىشتىن ساقلىنىش لازىم. ئىلىم ئۆگىنىش ۋە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىش لازىم.

مانا بۇ خىسلەتلەرنى يېتىلدۈرگەندىن كېيىن ئىزچىللاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش، قەتئىي ئىرادە بىلەن يامان ئىشلارنى قىلىشتىن باش تارتىش ۋە يامان كىشىلەرنىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئويناشتىن ساقلىنىش كېرەك. ياخشى، ئەدەپ ـ ئەخلاقتا كامالەتكە يەتكەن، بىلىملىك، ئەقىدە ـ ئىخلاسلىق كىشىلەر بىلەن كۆپرەك باردى ـ كەلدى قىلغاندا، ئۆزىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىرادىسىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىگىلى، ئەل ـ جامائەت ئالدىدا شۆھرەت قازانغىلى، ياخشى نام قالدۇرغىلى، ئەۋلادلارنى ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۈنسىز تەربىيىلەش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

**سوئال: قانداق قىلغاندا باشقىلارنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئاسان ئېرىشكىلى بولىدۇ؟**

جاۋاب: باشقىلارنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئاسان ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلساق، بىزمۇ ئۇلارغا ئەينى شەكىلدە مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك. بىزنى كۈلۈپ تۇرۇپ قارشى ئالسۇن، چاي تۇتسۇن دەپ ئويلىساق، بىزمۇ باشقىلارنى كۈلۈپ تۇرۇپ قارشى ئېلىشىمىز، ئۇلارغا كېرەكلىك ئىكرامدا بولۇشىمىز كېرەك.

سۆيۈلۈش، باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن





ھەركىمگە سەمىمىي مۇئامىلە قىلىش، كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ سالام بېرىش، ھال ۋە ئەھۋال سوراش كېرەك. ئۆزىمىزگە سەمىمىي ئىكەن دېگەن تەسىراتنى قالدۇرۇشقا ھەرۋاقىت تىرىشىشىمىز لازىم.

ئۆزىنى سۆيدۈرۈشنىڭ يولى ياخشى ئىنسان بولۇشتۇر. ياخشى ئىنسان بولسا گۈزەل ئەخلاقلىق بولغان كىشىدۇر. گۈزەل ئەخلاق دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ تەبىرى مۇنداق: ئۆزۈڭدىن يىراقلاشقانلارغا يېقىنلىشىش، زۇلۇم قىلغانلارنى ئەپۇ قىلىش، ئۆزىنى مەھرۇم قىلغانلارغا (ئۆزىگە بىر نەرسە بەرمىگەنلەرگە) ئېھسان قىلىش گۈزەل خۇيلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**سوئال: مەن مۇشۇ يېشىمغىچە نۇرغۇن كىشىلەرنى ئۇچراتتىم، بۇلارنىڭ ئىچىدە گۈزەل ئەخلاقلىق كىشىلەرمۇ ئاز ئەمەس. ئەمما مېنىڭ بىر ئەپسۇسلىنىشىم بار، بەزى كىشىلەرنىڭ مىجەزى ياخشى، سەمىمىي، بارلىق گۈزەل خۇيلارنى ئۆزلىرىگە مۇجەسسەم قىلغان بولسىمۇ، بەزىدە بەزىبىر يامان خۇيلاردىن خالىي ئەمەس ئىكەن. بەزى كىشىلەرنىڭ ھاراق ئىچىپ جېدەل چىقىرىدىغان، ھاراقتىن خۇشاللىق تاپىدىغان يامان خۇيى بار ئىكەن، بەزىلەر ھاراق ئىچمىگەن بىلەن غەيۋەت ـ شىكايەت، چېقىمچىلىقتىن خالىي بولالمايدىكەن. قىسقىسى، ئۇلارنىڭ ئەخلاقى مۇكەممەل ئەمەس ئىكەن، ئۇنداقتا، جەمئىيىتىمىزدىكى كىشىلەرنىڭ ئەخلاقىغا قانداق باھا بېرىش كېرەك؟**

جاۋاب: ئادەم مۇكەممەل بولمايدۇ، ھەرقانچە ئەخلاقلىق كىشىلەرنىڭمۇ بەزىبىر سەۋەنلىكلىرى بار بولىدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا شۇ كىشىنىڭ ياخشى تەرەپلىرىنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، يىگىنىنىڭ كۆزىچىلىك كەمچىلىكىگە ئېسىلىۋېلىپ قارىلاشقا ھەرگىز بولمايدۇ. بەزى گۈزەل ئەخلاقلىق كىشىلەرنىڭ

ھەقىقەتەن بەزى كەمچىلىكلىرى بار، بۇنى بەزى ئاز ساندىكى كىشىلەر كۆرۈپ قالىدۇ ياكى بىلىدۇ، مانا بۇ كەمچىلىكلەر ئۇلارنىڭ ئۇستىدىن غەيۋەت توقۇلۇشىغا سەۋەب بولۇپ قالىدۇ. مېنىڭچە، ئەخلاقلىق بولۇشقا ئىنتىلگەن ھەر بىر ۋىجدانلىق كىشى ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۆزىنىڭ كەمچىلىكلىرىنى تولۇقلاشقا ئەھمىيەت بېرىدىغانلا بولسا، بۇ كەمچىلىكلىرىنىمۇ تۈزىتىپ كېتەلەيدۇ. شۇڭا، بىر ئادەمنىڭ ئەخلاقىنى باھالاشتا كىچىك ئىشلارغا ئېسىلىۋېلىشتىن ساقلانغاندىلا، ھەرقانداق ئادەمگە ئوبيېكتىپ، توغرا باھا بەرگىلى بولىدۇ.





# گۈزەللىك

**سوئال: ئادەمدە قانچە خىل گۈزەللىك بولىدۇ؟ ئادەم ھەقىقىي گۈزەل بولۇش ئۈچۈن قانداق قىلىشى كېرەك؟**

جاۋاب: كىشىدە ئىككى خىل گۈزەللىك بار بولۇپ، ئۇلار ئىچكى ۋە تاشقى گۈزەللىككە بۆلۈنىدۇ. تاشقى گۈزەللىككە كىشىنىڭ ھەممە ئەزالىرى، مەسىلەن، كۆز، قۇلاق، چىش، قاش، يۈز، لەۋ، ئېغىز، قول، ئاياغ، قامەت كىرىدۇ. ئىچكى گۈزەللىك بولسا، كىشىنىڭ يېقىملىق خۇلقلار بىلەن بېزىنىشىدۇر. بۇ خۇلقلار مۇلايىملىق، ساخاۋەت، شىجائەت، ئىلىم، كەمتەرلىك، ئىپپەت ـ نومۇس ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلاردۇر.

ئىككى نەرسە ئىككى كىشى قولىدا ئۇۋال: گۈزەللىككە مەغرۇرلىنىدىغان كىشىگە بېرىلگەن ھۆسن، گۈزەللىك قەدرىنى بىلمەيدىغان كىشىگە چۈشۈپ قالغان خوتۇن!

گۈزەللىكمۇ ئۇلۇغ نېمەت بولۇپ، ئۇ ھەممىلا كىشىگە بېرىلىۋەرمەيدۇ.

ئېتى گۈزەلنىڭ ئۆزىمۇ گۈزەل بولۇۋەرمەيدۇ.

كىشىنى گۈزەل قىلىپ كۆرسىتىدىغان ئۇنىڭ چىرايى ئەمەس، بەلكى چىرايلىق خۇلقىدۇر. چىرايلىق خۇلق كۆرۈمسىز كىشىنىمۇ چىرايلىق قىلىپ كۆرسىتىدۇ. گۈزەل خۇلق گۈزەل كىشىلەردە مەۋجۇت بولسا، نۇر ئۈستىگە نۇر ياغقان بولىدۇ.

**سوئال: قەدىمدىن ھازىرغىچە ئاقىللار چىرايى گۈزەل بولۇشنى ئەمەس، قەلبى گۈزەل بولۇشنى قوغلىششنى تەشەببۇس قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئەمما ئىنسانلاردا ھۆسن گۈزەللىكنى قوغلىشىدىغان**

**خاھىش شۇنچىلىك كۈچلۈككى، گۈزەللىك دېگەندە مانا مۇشۇ تاشقى قىياپىتى گۈزەللەر كۆزدە تۇتۇلىدىغان ئەھۋال ناھايىتى كۆپ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشقى گۈزەللىك بىلەن ئىچكى گۈزەللىك باشقا ـ باشقا نەرسە ئەمەس، بەزىدە تاشقى گۈزەللىك بىلەن ئىچكى گۈزەللىك بىرلىشىپ كېتىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار، قەلبى ئىنتايىن گۈزەل، ھۆسنىمۇ ھەر ھالدا گۈزەل، يېقىملىق بولغان كىشىلەرمۇ خېلى كۆپ نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ. ئۇنداقتا، مۇشۇنداق ئەھۋالدا گۈزەللىكنىڭ ئۆلچىمى زادى قانداق بولۇشى كېرەك؟**

جاۋاب: سىز ناھايىتى ئوبيېكتىپ بىر مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويدىڭىز. دېمىسىمۇ، تاشقى گۈزەللىك بىلەن قەلب گۈزەللىكى ئايرىم ـ ئايرىم نەرسە ئەمەس. قەلبىلا گۈزەل بولۇپ، چىرايى بەتبەشىرە، سەت كىشىلەر ناھايىتى ئاز نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ؛ ئەكسىچە چىرايى ئايىنى خىجىل قىلغۇدەك دەرىجىدە گۈزەل بولسىمۇ، قەلبى گۈزەل بولمىغان، تەبىئىتىدىن ياۋۇزلۇق يېغىپ تۇرىدىغان كىشىلەرمۇ ناھايىتى ئاز نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ؛ چىرايىمۇ گۈزەل، قەلبىمۇ گۈزەل، سەممىي كىشىلەر يەنىلا كۆپ نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە قارىغىنىمىزدا، بىزنىڭ بۇ دۇنيارىمىز گۈزەللىككە تولغان. مۇھىمى مۇشۇ گۈزەللىكنى ھېس قىلىدىغان، ئۇنىڭدىن بەھرىلىنەلەيدىغان يۈرەك بولۇشى كېرەك. شۇڭا بىز گۈزەللىكنى مۇھاكىمە قىلغاندا چوقۇم تاشقى گۈزەللىك بىلەن ئىچكى گۈزەللىكنى بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلىشىمىز، بىر ـ بىرىدىن قەتئىي ئايرىۋەتمەسلىكىمىز كېرەك.

رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، لەيلى قاراقۇمچاق، چىرايى ئادەتتىكىچە بىر قىز ئىكەن، مەجنۇن (قەيس) بولسا ئۇنىڭ ئىشقىدا كۆيۈپ چۆللەردە سەرسان ئىكەن، ئۇلارنىڭ ئىشقى ـ مۇھەببىتى توغرىسىدىكى ھېكايە يىراق ـ يېقىنغا تارقالغاندىن كېيىن، پادىشاھ «مەجنۇننى كۆيدۈرگەن لەيلى قانچىلىك





چىرايلىقتۇر؟» دېگەن نىيەت بىلەن ئۇنى ئوردىغا ئەكەلدۈرگەن ۋە يۈزىنى ئاچقۇزۇپ كۆرۈپ: «يائاللا، قەيس ئىشقىدا كۆيۈپ مەجنۇن بولغان لەيلىنى ئاي مەسەللىك قىزمىكىن دەپ ئويلاپتىكەنمەن، ئەمما چىرايى ئادەتتىكىچە ئىكەنغۇ؟...» دەپ ھەيران بولغان. بۇ چاغدا مەجنۇن: «شاھ ئالىيلىرى ئەگەر مېنىڭ كۆزۈمدە لەيلىگە قارىغان بولسا، لەيلى ناھايىتى گۈزەل بولۇپ كۆرۈنەتتى» دېگەن. شۇنىڭدىن كېيىن خەلق ئارىسىغا «لەيلىنى كۆرەر بولساڭ، مەجنۇننىڭ كۆزى بولغىن» دېگەن سۆز تارقالغان. خەلقىمىزدە يەنە «چىرايلىق چىرايلىق ئەمەس، سۆيگەن چىرايلىق» دېگەن ھېكمەت بار. بۇنىڭ مەنىسىمۇ لەيلى ـ مەجنۇننىڭ ئېيتقىنىغا ئوخشايدۇ. دېمەك، گۈزەللىكنىڭ مۇقىم ئۆلچىمى يوق، بىردىنبىر ئۆلچىمى ئالدىدىكى شۇ گۈزەللىكنى قەلبىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ھېس قىلالىشىغا باغلىق. ئەلۋەتتە، بۇ چاغدا بۇنىڭ قەلبى گۈزەل، بۇنىڭ ھۆسنى گۈزەل دەپ ئولتۇرغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ قەلب گۈزەللىكى بىلەن ھۆسن گۈزەللىكى بىرلىشىپ شەكىللەندۈرگەن مىجەز ـ خاراكتېرىنى قارشى تەرەپ ياقتۇرغان بولسىلا، شۇ كىشى ئەڭ گۈزەل ھېسابلىنىدۇ.

ئومۇمەن، گۈزەللىك ئىچكى ۋە تاشقى گۈزەللىكنىڭ مۇجەسسەمى بولۇپ، ئىككىلىسى ۋايىغا يەتكەن بولسا، ئۇنداقتا بۇ كامالەتكە يەتكەن گۈزەللىك ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئادەتتىكىچە بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ يەنىلا ئايرىم كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە تەڭداشسىز گۈزەللىك ھېسابلىنىۋېرىدۇ. ئومۇمەن، ھۆسن گۈزەللىكىگە ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىللە قەلب گۈزەللىكىنى ۋايىغا يەتكۈزۈش ھەقىقىي گۈزەللىك ئالامىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

# گۇناھنى ئۆزىدىن ئىزدەش

**سوئال: نېمە ئۈچۈن گۇناھنى ئالدى بىلەن ئۆزىمىزدىن ئىزدەيمىز؟**

جاۋاب: كىشىلىك مۇناسىۋەت جەريانىدا، ھەممە ئىشنىڭ ئوڭۇشلۇق يۈرۈشۈپ كېتىشى ناتايىن، بەزىدە كېلىشمەسلىكلەر يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. بۇنداق چاغدا گۇناھنى باشقىلارغا قويۇپ، يامانلاپ يۈرۈشكە بولمايدۇ. كەمچىلىك ئىككى ئوتتۇرىدا يۈز بەرگەنىكەن، چوقۇم خاتالىقمۇ ئىككى تەرەپتىلا بار بولغان بولىدۇ، ھېچ بولمىغاندا ئازراق بولسىمۇ كەمچىلىك بولىدۇ. شۇڭا، ئۆزىنى تاختا بېشىغا ئېلىپ قويۇپ باشقىلاردىن يامانلاش قائىدىگە سىغمايدۇ. شۇڭا، بىز كىشىلىك مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلغاندا، كۆپىنچە گۇناھنى ئۆزىدىنمۇ ئىزدەپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلىمىز.

گۇناھنى ئۆزىدىن ئىزدەش ئادەمنى مەسىلىلەر ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈشكە، مۇلاھىزە قىلىپ بېقىشقا يېتەكلەيدۇ. ئادەمنى ئارتۇقچە گۇمانخورلۇقتىن، ھەسەت قىلىشتىن، غەيۋەت - شىكايەتتىن خالىي قىلىدۇ.

سوئال: بىرەر كېلىشمەسلىك يۈز بەرگەندە، سەۋەنلىكنىڭ ھەممىسىنى قارشى تەرەپ سادىر قىلغان تەقدىردىمۇ گۇناھنى يەنىلا ئۆزىدىن ئىزدەش كېرەكمۇ؟

جاۋاب: ئەمەلىيەتتە، گۇناھنى ئۆزىدىن ئىزدەش قانداقتۇر باشقىلارنىڭ گۇناھلىرىنىمۇ ئۆز ئۈستىگە ئېلىۋېلىش دېگەن مەنىنى ئىپادىلىمەيدۇ. قارشى تەرەپنى گۇناھ، سەۋەنلىك ئۆتكۈزدى، بارلىق جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئېلىش كېرەك، دەپ





تاپا - تەنە، خورلاش، بېسىم چۈشۈرۈشتىن ساقلىنىش، بۇ كېلىشمەسلىك زادى قانداق يۈز بەردى، نېمە سەۋەبتىن يۈز بەردى دېگەنلەرنى ئەيتايىدىل ئويلىنىش، كىمدە قانچىلىك گۇناھ، سەۋەنلىك ئۆتكەن بولسا شۇنى دادىللىق بىلەن ئۈستىگە ئېلىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق قىلغاندا، ئىككى ئارىدىكى مۇناسىۋەتمۇ يىرىكلىشىپ كەتمەيدۇ، ئۇرۇش - تالاشمۇ بولمايدۇ، ھەرقانداق يامان ئاقىۋەتنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ ئۇنۇملۇك ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. گۇناھنى ئۆزىدىن ئىزدەشنىڭ مانا مۇشۇنداق پايدىلىق تەرەپلىرى بار.

## لەقەم قويۇش

**سوئال: بىرسىگە لەقەم قويۇش ياكى لەقىمى بىلەن چاقىرىشقا بولامدۇ؟ لەقەمنىڭ ماھىيىتى زادى نېمە؟**

جاۋاب: لەقەم ھەر خىل ئېھتىياج ۋە سەۋەبلەردىن پەيدا بولىدۇ، بەزىلىرى ئوخشاش ئىسىملىكلەرنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلسىمۇ، كۆپ قىسىملىرى كەمسىتىش، چۆكۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر بۇنداق لەقەم بىلەن چاقىرسا ياكى ئاتىسا ياخشى بولمايدۇ.

تارىخ بېتىنى ۋاراقلايدىغان بولساق، لەقەمنىڭ كىشىلىرىمىزنىڭ ئارىسىدا شۇنچە كەڭ قانات يېيىپ كېتىشىدە مۇنۇ بىرقانچە سەۋەبلەرنىڭ بارلىقىنى بايقىۋېلىش تەس ئەمەس. بىرىنچى، لەقەم قويۇش بىر يۇرت كىشىلىرى ئارىسىدا ئوخشاش ئىسىملىكلەرنىڭ كۆپ بولۇشى، ھەتتا ئۇرۇق - تۇغقانلار ئارىسىدىمۇ بۇ خىل ھادىسىنىڭ يۇقىرى بولۇشىدىن كېلىپ چىققان. بىز بىلىمىزكى، ئىلگىرى بىر سىنىپتا ئوقۇيدىغان ساۋاقداشلاردىن ئايشەم ئىسىملىكلەردىن تۆت - بەشى، مەمەت ئىسىملىكلەردىن بىرنەچچىسى بارلىقى ناھايىتى نورمال ئىش بولۇپ قالغان. بۇنداق چاغدا ئايشەملەرنى سېرىق ئايشەم، كىچىك ئايشەم، چوڭ ئايشەم دەپ پەرقلەندۈرۈشكە ياكى ئۇلارنىڭ فامىلىلىرى بىلەن پەرقلەندۈرۈپ چاقىرىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمما بەزىدە بۇنىڭغىمۇ ئىمكان يوق، چۈنكى ئىسمىمۇ، فامىلىسىمۇ ئوخشاپ قالىدىغانلار چىقىپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭدا تەبىئىي ھالدىلا لەقەم پەيدا بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق لەقەملەر شۇ





كىشىنىڭ چىراي - تۇرقى، مىجەز - خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى چىقىش قىلغان بولىدۇ. شۇڭا، كەمسىتىش تۈسى قويۇق بولىدۇ. مەھەللىلەردە تەڭتۇشلار* ئارىسىدا ئوخشاش ئىسىملىكلەر ئاز بولغان تەقدىردىمۇ كىشىلەر يەنىلا لەقەمدىن قۇتۇلالمايدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ جەمەت لەقىمى بولىدۇ، ھەتتا بەزىلەرنىڭ ئاتىسىنىڭ «كالا» دېگەن لەقىمى بولسا، بالىسىغا «موزاي» دەپ لەقەم قويۇلىدىغان ئىشلار ناھايىتى كۆپ ئۇچراپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق لەقەملەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى كەمسىتىش، مەسخىرە قىلىش مەنىسىگە ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەدەپ - ئەخلاقلىق بىر كىشى قارشى تەرەپتىكى بىرەيلەننى ھەرگىز لەقىمى بىلەن ئاتىمايدۇ؛ ئىككىنچى، بەزى لەقەملەر شۇ كىشىنىڭ ياكى جەمەتىنىڭ ھۈنىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، مەمەت زەرگەر، تۇردى قەلەيچى، سەمەت ياغاچچى... دېگەندەك. بۇنداق لەقەملەردە ھۆرمەتلەش ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، ئەمما كەمسىتىش مەنىسى ناھايىتى ئاز بولىدۇ؛ ئۈچىنچى، قەدىمدە يازغۇچى - شائىرلار ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇسى، ھايات نىشانى، ئىجادىيەت غايىسىگە ئاساسەن بەزى ئەدەبىي تەخەللۇس (لەقەم) ئىشلەتكەن. ئەلىشىر نەۋايى، خۇشھال غەرىبىي، ئەھمەد زىيائىي، ئابدۇرەھىم ئۆتكۈر، بىلال نازىم... دېگەندەك. بۇلار شۇ كىشىلەرنىڭ ئارزۇسى ۋە ئىجادىيەت غايىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھۆرمەتلىنىپ تىلغا ئېلىنىدۇ.

ئىلگىرى خەلقىمىز ئارىسىدا لەقەمنىڭ سەلبىي مەنىسى ئاساسىي ئورۇندا تۇراتتى. ھەتتا شۇنچە سەت، ئاڭلىسا نومۇسى كېلىپ كېتىدىغان لەقەملەرمۇ كۆپ ئىدى. بۇنداق لەقەملەر ھېلىھەم داۋاملاشماقتا. ئەمما، زاماننىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ لەقەملەرمۇ يېڭى مەنىلەرگە ئىگە بولۇۋاتىدۇ، سەت لەقەملەر بىرىبىر تۈگەشكە يۈزلىنىۋاتىدۇ، جەمئىيەتنىڭ ئاكتىپ

تەرەققىياتىغا ماسلاشقان يېڭى لەقەملەرمۇ پەيدا بولۇۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەر ھەرقانداق ئەھۋالدا كەمسىتىش، مەسخىرە قىلىش مەنىسىدىكى لەقەملەرنى ئىشلىتىشنى ئەدەپسىزلىك، ئەخلاقسىزلىق دەپ چۈشىنىشى، كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىنى ئاشۇرىدىغان لەقەملىرىنى بولسا ناھايىتى ئېھتىيار بىلەن تىلغا ئېلىشى ۋە ئاتىشى، لەقەملەرنىڭ ئاكتىپ رولىدىن پايدىلىنىش ئۇنۇمىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم.

**سوئال: بەزىدە كىشىلەرنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن لەقەمدىن پايدىلىنىشقا توغرا كېلىدۇ، مۇشۇنداق چاغلاردا سەت لەقىمى بارلارنى قانداق ئاتاش كېرەك؟**

جاۋاب: بەزىلەرنىڭ شۇنچىلىك سەت لەقەملىرى باركى، ئاڭلىغان ئادەمنىڭ نومۇسى كېلىپ كېتىدۇ، شۇنداقلا لەقىمى بىلەن ئاتىسا چىچاڭشىپ ئاچچىقتىن ساراڭ بولاي دەيدۇ. بۇنداقلارنى ھەرگىز سەت لەقىمى بىلەن ئاتاشقا بولمايدۇ. بىر دوستۇمنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، مەلۇم بىريۇرتتا «تاز» لەقەملىك جېلىخور بىر كىشى بولغانىكەن، ئۇنىڭ لەقىمىنى پەقەت ئىككىلا كىشى چاقچاقلاشقاندا دارىتمىلاپ دېيەلەيدىكەن. باشقىلار دېيىشكە جۈرئەت قىلالمايدىكەن. بىر قېتىم بىر كىچىك بالا ئۇنىڭ لەقىمىنى دەپ قويۇپ، ئۇنىڭدىن تاياق يەپ ئۆلۈپ قالغىلى تاس قالغانىكەن. بىر ئىنىسى ئۇنىڭ بىلەن تاكاللىشىپ قالغاندا لەقىمىنى دەپ سېلىپ، تا ئۇن يىلغىچە گەپ قىلىشقا پېتىنالمىغانىكەن... يامان يېرى، بەزى لەقەملەر ئەنە شۇنداق سەت بولۇپ، ئاتىماققىمۇ سەت ئاڭلىنىدۇ، لەقەم ئىگىسىمۇ ئېغىر ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق لەقەملەرنى قەتئىي ئاتىماسلىق كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە مانا مۇشۇنداق سەت لەقەملەر ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىغىمۇ قويۇلۇپ قالىدۇ. ئۇ كىشىلەرنىڭ چېچى قومۇشتەك يىرىك ھەم قويۇق بولغان





قىزلىرىمۇ «تاز» لەقىمىگە ۋارىسلىق قىلىپ قالىدۇ. بۇنداق لەقەملەرگە مەجبۇرىي ۋارىسلىق قىلدۇرۇش بەزى يامان نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ، شاڭخوچىلارنىڭ ئىشى، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇلارغا ئەگىشىپ كەتمەسلىك كېرەك. سەت لەقىمى بارلارنى ئاتاشقا توغرا كەلگەن تەقدىردىمۇ ئىسىم - فامىلىسى بىلەن ئاتاش، چىراي سۈپىتىنى چۈشەندۈرۈش، تىل بايلىقىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا خاتالىشىشتىن ساقلانغىلى، قارشى تەرەپنىڭمۇ ھۆرمىتىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

**سوئال: بەزىلەر ھازىر خەلقىمىز ئارىسىدىكى لەقەملەرنى جەمەت فامىلىسى ئورنىدا ئىشلىتىش كېرەك، دېگەننى كۆچەپ تەشەببۇس قىلىۋاتىدۇ. لەقەملەرنى فامىلە ئورنىدا ئىشلىتىشكە بولامدۇ؟ بۇنىڭ بىرەر ئىلمىي ئاساسى بارمۇ؟**

جاۋاب: ئوبيېكتىپ جەھەتتىن قارىغاندا، بەزى جەمەتلەرنىڭ لەقىمىنىڭ داۋاملاشقىنىغا نەچچە يۈز يىل بولغان بولۇپ، بۇلارنىڭ لەقىمى تەبىئىي ھالدىلا ئۇلارنىڭ فامىلىسىلىك رولىنى ئويناپ بولغان، شۇڭا بۇلارنى تامامەن فامىلە قىلىپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھۈنەر - كەسىپ لەقەملىرىنىمۇ فامىلە ئورنىدا ئىشلىتىشكە بولىدۇ. چۈنكى، فامىلە تېگىدىن ئېيتقاندا ئادەمنىڭ جەمەت يىلتىزىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان ئەينەكتىن ئىبارەت، شۇنىڭ ئۈچۈن، ھۈنەر - كەسىپ تۈسىنى ئالغان لەقەملەرنى فامىلە ئورنىدا ئىشلەتكەندە، ئاتا - بوۋاڭ نېمە ئىش قىلغان ئادەم ئىكەن؟ دېگەن سوئالغا قىينالمايلا جاۋاب بەرگىلى، ئەجداد روھىغا ناھايىتى ئوخشۇشلۇق، ئوڭاي يول بىلەن ۋارىسلىق قىلغىلى بولىدۇ. ھازىر خەلقىمىز ئارىسىدا فامىلە قوللىنىش دولقۇنى كۆتۈرۈلۈپ، خېلى بىر قىسىم كىشىلىرىمىز فامىلە قوللىنىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ فامىلە ئالاھىدىلىكىنى كۆزەتكىنىمىزدە، قەدىمكىناملار

ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىگەن ھالدا، يەنە بەزىبىر لەقەملەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن لەقەملەردىن ئۇنۇملۇك پايدىلانغان ئاساستا فامىلىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مەقسىتىگە يېتىشنىڭ ئەپچىل يولى. سەت، كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئاسان ئېيتقىلى بولمايدىغان، لەقەم ئىگىسىمۇ لەقىمىنى ئاڭلىغاندا ئاچچىقلىنىدىغان، چىچاڭشىيدىغان سەلبىي مەنىگە ئىگە لەقەملەرنى فامىلە قىلىپ قوللىنىشقا ئەرزىمەيدۇ. چۈنكى، فامىلە ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا ئۆلىنىپ بارىدىغان جەمەت بەلگىسىدۇر، سەت، قوپال لەقەملەرنى فامىلە قىلىۋالغاندا كېيىنكى ئەۋلادلار ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن ئاغرىنىدىغان، ھەتتا بۇنداق فامىلىدىن ۋاز كېچىدىغان ئەھۋاللار كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. شۇڭا، بۇ ھەقتە ئەتراپلىق ئويلىنىپ كۆرۈشكە، كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ خاھىشىغا بويسۇنۇشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، لەقەمنى باشقىلار شۇ كىشىگە قويىدۇ، ئەمما فامىلىنى بولسا شۇ كىشى ئۆزى ياخشى كۆرگەن بىرەر نامنى ئۆزى قويىدۇ. ھەرقانداق كىشىنىڭ خاھىشى سەت، بولمىغۇر لەقەملەرگە تارتمايدۇ، ئەلۋەتتە!





# ماختاش ۋە ماختىنىش

**سوئال: ھەقلىق بولغان تەقدىردىمۇ بىر كىشىنى يۈزىدىن يۈزىگە ماختاشقا بولامدۇ؟**

جاۋاب: ماختاش ــ بىر كىشىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى مەدھىيىلەشنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ماختاش چىن يۈرەكتىن چىقىشى، سەمىمىي بولۇشى كېرەك، ماختاشقا غەرەز ئارىلىشىپ قالسا، ئەكسىچە ئۈنۈم بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ماختاش مۇۋاپىق بولۇشى، چەكتىن ئاشۇرۇلماسلىقى، شۇ كىشىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى، قازانغان نەتىجىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغان بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەگەر ماختاش چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىلسە، كۆپتۈرۈلسە، قولغا كەلتۈرگەن ئازراق نەتىجىسى كۆككە كۆتۈرۈپ ماختالسا، بۇنداق ماختاشقا چوقۇم غەيرىي غەرەز ئارىلاشقان بولىدۇ. بۇنداق ماختاش ئەمەلىيەتتە ماختالغۇچىنىڭ ئىززەت ـ ئابرۇيىنىڭ تۆۋەنلىشىگە سەۋەبچى بولىدۇ. تېگىشلىك بولسا، ھەقلىق بولسا مۇۋاپىق ماختاش كېرەك، لېكىن چەكتىن ھەرگىز ئاشۇرۇۋەتمەسلىك، ماختاش ئوبيېكتىنىڭ ئابرۇيىنى ئۆستۈرۈشنى مەقسەت قىلىشى كېرەك. شۇندىلا ماختاشنىڭ ئىجابىي روھىنى نامايان قىلغىلى بولىدۇ.

**سوئال: چەكتىن ئاشۇرۇپ ماختاشنىڭ قانداق زىيانلىق تەرەپلىرى بار؟**

جاۋاب: بىر كىم سىزنى سىزدە يوق سۈپەتلەر بىلەن ماختىسا، سىز قازانمىغان نەتىجىلەرنىمۇ سىزگە يۈكلەپ كۆككە

كۆتۈرسە، شۇ كىشىنىڭ چوقۇم سىزدە بىرەر مەقسىتى يوشۇرۇنغان بولىدۇ، ھېچ بولمىغاندا ئۇ مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق سىزنىڭ ئابرۇيىڭىزغا مەلۇم دەرىجىدە دەخلى يەتكۈزىدۇ. بەزىلەر ياخشى نىيەتتە بىلەن سىزنى يېقىن كۆرۈپ كۆككە كۆتۈرۈپ ماختىشى، كۆككە كۆتۈرۈشى مۇمكىن، ئەمما بۇنداق قىلىش دوستلار ئارىسىدا، چاقچاق يۈزىسىدىن ئېيتىلسا، بۇنىڭ ھېچقانداق چوڭ زىيىنى بولمايدۇ، بەلكى دوستلار ئارىسىدىكى كەيپىياتنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، يېقىنلىقنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئەمما، دوست ـ دۈشمەن، تونۇش ـ ناتونۇشلار ئارىسىدا بۇنداق ماختاش سۆزلىرى كۆپ ئېيتىلسا، بۇنىڭ زىيىنىنى مۆلچەرلەش ھەقىقەتەن قىيىن. بەزىلەر بۇ ماختاش سۆزلىرىنىڭ بەزىلىرىدىن سىزنىڭ سۈپىتىڭىزنى تاپالمايدۇ ـ دە، سىزگە گۇمان بىلەن قارايدۇ، قارىغاندا مۇشۇنداق ماختاشنى ئۆز ئاغزى بىلەن ئېيتقان ئوخشايدۇ، تازا ماختانچاق بىر نېمە ئوخشايدۇ بۇ دېگەندەك ئويلاردا بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئابرۇيىڭىز تۆكۈلۈپ كېتىدۇ. سىز قازانغان ئازراق نەتىجىلەر بەك كۆپتۈرۈۋېتىلسە، باشقىلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشەلمەيلا قالماستىن، بەلكى بۇنداق ماختاش باشقىلارنىڭ خاتا چۈشەنچىدە بولۇپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ماختاش لايىقىدا بولۇشى، بەك ئاشۇرۇۋېتىلمەسلىكى، كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىنى قوزغايدىغان دەرىجىدە بولغىنى ياخشى، بولمىسا چوقۇم ئەكس تەسىر پەيدا قىلىدۇ. بۇنداق قىلىش ماختىغۇچىغىمۇ، ماختالغۇچىغىمۇ ياخشى نەتىجە ئېلىپ كەلمەيدۇ.

**سوئال: بەزى كىشىلەر باركى، ياخشى ئىش قىلسۇن ياكى يامان ئىش قىلسۇن، ئۇلارنى پەقەت ماختاشقىلا بولىدۇ، قىلغان**





**ئىشىغا تۈزىتىش پىكرى بېرىشكە قەتئىي بولمايدۇ. بولمىسا بۇلار ئاسانلا تېرىكىپ قالىدۇ، ئىچىدە غۇم ساقلايدۇ، ھەتتا پۇرسەت تېپىپ ئۆچ ئېلىشتىنمۇ يانمايدۇ. بۇنداقلارغا قانداق ئامال قوللىنىش كېرەك؟**

جاۋاب: سىز ئېيتقان بۇ تۈردىكى كىشىلەر ماختىنىش كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغانلار بولۇپ، باشقىلاردىن قىلغان ـ ئەتكەن ئىشلىرى ئۈچۈن توختىماي ماختاشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر قارشى پىكىر بېرىپ قويسىڭىز سىزگە قارىمايدۇ ياكى پۇرسەت تېپىپ ئۆچ ئېلىشتىنمۇ يانمايدۇ. بۇنداق كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۇزۇن ۋاقىت بىرەر ئىدارىنىڭ رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن، قول ئاستىدىكىلەرنى ئاق دېسە ئاق، قارا دېسە قارا دېگۈزۈپ ئۆگىنىپ قالغان، يېشى ئەللىكتىن ئاشقان كىشىلەردە كۆرۈلىدۇ. يەنە ھوقۇقى بەك چوڭ بولمىسىمۇ، ئەمما بىرەر ئىشقا مەسئۇل بولۇپ خىزمەت قىلىۋاتقان ئاخبارات ـ نەشرىيات ئورۇنلىرىنىڭ ئوتتۇرا قاتلام كادىرلىرىدىمۇ بۇ خىل پسىخىكا ئۈستۈن ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ئۇلار قانداقتۇر باشقىلاردىن ئۆزىنىڭ خىزمىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشنى، ماختاشنى، كۆككە كۆتۈرۈشنى خالاپ تۇرىدۇ، گەپ ـ سۆزى، قىلىق ـ ھەرىكەتلىرىدىن مانا مۇشۇنى تەلەپ قىلىدۇ. بەزى سەگەك كىشىلەر بۇلارنىڭ بۇ ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ كەلسە ـ كەلمەس ماختاپ، ئۆزىنىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ ياكى بولمىسا بىرەر پايدىغا ئېرىشىۋالىدۇ. بۇنداق كىشىلەرنى ماختاشقىلا بولىدۇ، كىچىك بالىنى ئەخمەق قىلىدىغان ماختاش بولسىمۇ بۇلار كۈلۈپ قوبۇل قىلىدۇ. مانا بۇ تىپىك ماختىنىش كېسەللىكىدۇر.

بىر دوستۇمنىڭ دەپ بېرىشىچە، ئۇلارنىڭ ئىدارىسىنىڭ مەسئۇلى يىگىرمە نەچچە يىلدىن بۇيان باشلىق بولۇپ كەلگەنىكەن، ئىدارىنى بىر ھۆكۈم بىلەن باشقۇرىدىكەن، قىلىمەن

دېگەننى قىلماي قويمايدىكەن، باشقىلار ماختىسىلا خۇش بولىدىكەن، ئۇيغۇن كەلمىگەن، مۇناسىپ بولمىغان سۆزلەر بىلەن ماختىسىمۇ خۇش بولۇۋېرىدىكەن، ئاندىن ماختىغان ئادەم ئېپىنى تېپىپ بەزى نەرسىلەرنى تەلەپ قىلسا، تارتىنمايلا قول قويۇپ ھەل قىلىپ بېرىدىكەن. ئۇلار ئىش بېجىرىش، مەلۇم ئىشلىرىنى ھەل قىلىش، قول قويدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ئايدا بىرنەچچە قېتىم باشلىقنى ماختاشقا مەجبۇر بولىدىكەن.

مەلۇم ناھىيىدە يېزىقچىلىقتا خېلىلا داڭ چىقارغان بىر قەلەمكەش دوستۇم بار ئىدى. ئۇ ماڭا مۇنداق قىزىقارلىق ھېكايىنى سۆزلەپ بەردى. بىر كۈنى تۇيۇقسىز ئۈرۈمچىدىن مەلۇم بىر ژۇرنالنىڭ مەسئۇلى ئۇلارنىڭ يۇرتىغا كېلىپتۇ. ئۇمۇ بۇ باشلىقنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇغان سالاھىيەتتە سورۇنلىرىغا قاتنىشىپتۇ. بۇ باشلىق ھە دېسە ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىنى ماختاپ، «ھە، شۇنداقمۇ؟» دەپ ئۇنىڭدىن سورايدىكەن. ئۇ دوستۇم بۇ باشلىقنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ باقمىغان بولسىمۇ، «ھەئە، شۇنداق...» دەپ ئاغزىغا كەلگەنچە ماختاپ يۈرۈپتۇ. بۇنداق سورۇنلار بىرقانچە قېتىمغا يەتكەندە، دوستۇم ئۇ باشلىقنى ماختايدىغان سۆز تاپالماي قاپتۇ، سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بېرەلمەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ مەسئۇل كىشى ئۇنىڭدىن رەنجىپ قاپتۇ. دېمەك، جەمئىيىتىمىزدە ماختىنىش كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان، ئەھۋالى ئىنتايىن ئېغىر بولغان مۇشۇنداق كىشىلەرمۇ تېپىلىدۇ.

خەلقىمىز «ئۆزىنى ماختىغان چوڭ ئەخمەق» دەيدىغان ھېكمەت بار. ئەمما جەمئىيىتىمىزدە بۇ ھېكمەتنى ئاڭلاپ باقمىغاندەك، يېشى ئاتمىشقا تاقاشقان، ئەمما ماختىسىلا خۇش بولىدىغان كىشىلەر ناھايىتى كۆپ.

**سوئال: ماختىنىش كېسەللىكىدىن قانداق قۇتۇلغىلى بولار؟**

جاۋاب: ئالدى بىلەن ئىدىيىنى توغرىلاش كېرەك. ماختاش





ياشلار ئارىسىدا ئەۋج ئالغان كېسەللىك بولسا، ماختىنىش ياشانغانلار ئارىسىدا ئەۋج ئېلىۋاتقان كېسەللىكتۇر. لېكىن يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ياشلار ئارىسىدىمۇ كىچىككىنە قازانغان نەتىجىسىنى ئۆزى كۆككە كۆتۈرۈپ ماختىنىدىغانلار، «مەشھۇر»لۇق تەختىگە چىقىۋالغانلار ناھايىتى كۆپىيىپ كەتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنى ھەرقانچە ماختىغان بىلەنمۇ، قىلغان ئىشلىرى ھەم ئاز ھەم چالا بولغاچقا، نامى قالغۇدەك بىرەر ئىش قىلغان ـ قىلمىغانلىقىنى زادىلا بىلگىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ۋاقتىدا ئۆزىنى يىغىشتۇرۇۋېلىشى، مەن ئۆزۈمنى ماختىغۇدەك نېمە ئىش قىلالىدىم؟ دېگەن سوئالنى ئۆزىگە قويۇپ بېقىشى، دوپپىسىنى ئالدىغا قويۇپ تۇرۇپ ئويلىنىشى، ئاندىن ماختىنىشنىڭ ئادەمگە كەلتۈرىدىغان زىيىنىنى ۋاقتىدا تونۇپ يېتىشى، ۋاقتىدا تۈزىتىشكە ھەرىكەت قىلىشى كېرەك. ئەنە شۇ چاغدىلا ماختىنىشتىن ئىبارەت بۇ يامان ئادەتتىن، قىلىقسىزلىقتىن، ئەدەپسىزلىكتىن ئۈزۈل ـ كېسىل قۇتۇلغىلى بولىدۇ.

# مالنى خەيرلىك ئىشلارغا سەرپ قىلىش

**سوئال: مالنى خەيرلىك ئىشلارغا سەرپ قىلىشنىڭ پەزىلىتى نېمە؟**

جاۋاب: ئادەم بۇ دۇنيادا ياشىغانىكەن، مەلۇم دەرىجىدە مال ـ مۈلۈككە، ئىقتىسادىي دەسمايىگە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. جەمئىيەتتىكى نۇرغۇن ئىشلار ئىقتىسادنى ۋاستە قىلىپ يۈرۈشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھاياتلىقتا مەلۇم دەرىجىدە مال ـ مۈلۈككە ئىگە بولۇشقا ئىنتىلىش ئىنسانىيلىقتىكى تەبىئىي ئىنتىلىش بولۇپ، ئۇنىڭ ھېچقانداق يامان يېرى يوق.

ھالبۇكى، مال ـ دۇنيا توپلاشقا بەك بېرىلىپ كېتىش ئادەمنىڭ پىسخىكىسىدا ئاچ كۆزلۈكنى، بېخىللىقنى، زالىملىقنى ۋە ۋەھشىيلىكنى پەيدا قىلىپ قويىدۇ. ئەگەر سىزنىڭ مال ـ مۈلكىڭىز ئېھتىياجىڭىزدىن ئاشقان ھالەتتە، ئاجىز ـ ئورۇقلارغا، قارىغۇچىسى يوق ياشانغانلارغا مال ـ دۇنيا خەير ـ ئېھسان قىلىسىڭىز، مال ـ مۈلكىڭىزنىڭ بەرىكىتى ئاشىدۇ، ئۆزىڭىزمۇ خۇشاللىققا چۆمىلەيسىز، ئەل ـ يۇرتنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىپ، ئابرۇيىڭىز ھەسسىلەپ ئاشىدۇ. مالنى خەيرلىك ئىشلارغا سەرپ قىلىش پەقەت باشقىلارنى قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزۇش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. بۇ ئارقىلىق مال ـ دۇنيا سەرپ قىلغۇچىنىمۇ، مال ـ دۇنياغا ئېرىشكۈچىنىمۇ، ئەل ـ يۇرتنىمۇ خۇشال قىلىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. بۇ خۇشاللىققا ھېچقانداق نەرسىنى تەڭ قىلغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مالنى خەيرلىك ئىشلارغا





سەرپ قىلىشنى ئەڭ ئېسىل ئىنسانىي پەزىلەت دېمەي تۇرالمايمىز.

**سوئال: مالنى خەيرلىك ئىشلارغا سەرپ قىلىش ئۈچۈن قانداق شەرتلەرنى ھازىرلاش كېرەك؟**

جاۋاب: مالنى خەيرلىك ئىشلارغا سەرپ قىلىش ئۈچۈن موھتاج بولماسلىق، چوقۇم مال ـ مۈلكى ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىغا يەتكۈدەك بولۇش، پۈتكۈل نىيىتى بىلەن مالنى خەيرلىك ئىشلارغا سەرپ قىلىشقا بەل باغلىغان بولۇش ۋە ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرغان بولۇش كېرەك. ئۆزى موھتاج تۇرۇپ باشقىلارغا خەير ـ ئېھسان قىلىمەن دېيىش ئەقىلگە سىغمايدۇ، بۇ ياخشى نىيەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ ئىشلەپ خەير ـ ئېھسان قىلغۇدەك دەرىجىگە يېتىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

مالنى خەيرلىك ئىشلارغا سەرپ قىلىش پەقەت ئاجىز ـ ئورۇق، يېتىم ـ يېسىرلارغا خەير ـ ئېھسان قىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. بەلكى ئەل ـ يۇرتقا قۇلايلىق بولۇشى ئۈچۈن يول، كۆۋرۈك ياساش، يېتىم ـ يېسىرلارنىڭ بېشىنى سىلاش، مەكتەپ قۇرۇش، ئەلگە ئىلىم نۇرى چاچىدىغان، مەدەنىيەت تارقىتىدىغان ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇش، ئاممىۋى سورۇنلار قۇرۇلۇشى قىلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مالنى خەيرلىك ئىشلارغا سەرپ قىلىش دائىرىسىگە كىرىدۇ. ئومۇمەن، ئەلگە نەپ يەتكۈزىدىغان، كىشىلەرنى توغرا، ياخشى يولغا يېتەكلەيدىغان ئىشلارنىڭ ھەرقاندىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**سوئال: خەلقىمىز ئارىسىدا مالنى خەيرلىك ئىشلارغا سەرپ قىلىش ئەنئەنىسى قەدىمدىن ھازىرغىچە ناھايىتى كەڭ كۆلەمدە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. مەكتەپ سېلىش مانا بۇنىڭ تىپىك**

مىسالى. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مەرىپەتپەرۋەر بايلار، زىيالىيلار ھەرقايسى يۇرتلارغا مەكتەپ سېلىپ مەرىپەت نۇرىنى تارقاتقان بولسا، بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئىدىيىسى ئويغاق يېڭى بايلىرىمىز بۇ ئەنئەنىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە. مۇشۇلارغا بىرلەشتۈرۈپ مالنى خەيرلىك ئىشلارغا سەرپ قىلىشنىڭ ئەھمىيىتىنى سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز؟

جاۋاب: ھەقىقەتەنمۇ، خەلقىمىز مەرىپەتنى قىزغىن سۆيىدىغان، مەرىپەتكە ئىنتىلىدىغان، ئۆز تارىخىدا نۇرغۇن مەدەنىيەت مېۋىلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن قەدىمىي مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەۋلادلارنىڭ قەلبىگە مەرىپەت نۇرىنى چېچىشنى ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس ۋەزىپىسى دەپ بىلىپ كەلدى ۋە بۇ يولدا ئىزدىنىپ، نۇرغۇن ئۆچمەس ئىزلارنى ۋە ئېسىل ئەنئەنىنى بىزگە قالدۇرۇپ كەتتى. بولۇپمۇ 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئاكا ـ ئۇكا مۇساباييېفلار، مۇھىتىلارنى ۋەكىل قىلغان ھالدا ھەرقايسى يۇرتلاردا يېڭى ئىلىم نۇرلىرى چېچىلىپ، خەلقىمىزنىڭ ھازىرقىدەك قۇدرەت تېپىشىدا، ھازىرقى زامان ئىلىم ـ پېنىنىڭ بارلىققا كېلىشىدە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان ئىدى. ئۇلار ئۆز خىراجەتلىرى بىلەن مەكتەپ سېلىپ، زاۋۇت قۇرۇپ، يېڭىچە پەننىي مەكتەپ ۋە سانائەتلىشىشنىڭ تۇنجى قەدىمىنى باسقان ئىدى. ئۇلار باشلاپ بەرگەن بۇ يول بىلەن خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، مەيلى ئىجتىمائىي پەنلەردە بولسۇن ۋە مەيلى تەبىئىي پەنلەردە بولسۇن نۇرغۇن يۈكسىلىشلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىدە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىدى. جاھالەت باسقان قەلبلەر ئىلىم نۇرى بىلەن يورۇپ، بىر تۈركۈم زىيالىيلار قوشۇنى بارلىققا كېلىپ، ئۇيغۇر مىللىتى ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق يېڭى دەۋرگە خاس مىللەتلەر قاتارىدىن





ئورۇن ئالدى. مانا مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەجدادلىرىمىزنىڭ مەكتەپ قۇرۇپ مەرىپەت تارقىتىش قانداقتۇر بىر توپ كىشىلەرنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىپ قويۇش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىغان، بەلكى نۇرغۇن ئەھمىيەتلىرى بىلەن بىزنىڭ يۈكسىلىشىمىزگە، قەددىمىزنى كۆتۈرۈشىمىزگە تۈرتكە بولغان، بىزگە ھاياتىي كۈچ بەرگەن، بىزنى ئىلىم ـ پەن بىلەن قورالландۇرغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بايلارنىڭ يېڭىچە مەكتەپ سېلىشى ھەقىقىي مەنىدە مالنى خەيرلىك ئىشلارغا سەرپ قىلىشتۇر.

دېمەك، مالنى خەيرلىك ئىشلارغا سەرپ قىلىشنىڭ يولى ئىنتايىن كەڭ، مەزمۇنىمۇ ناھايىتى چوڭقۇر، ئومۇمەن، مالنى خەلققە نەپ يەتكۈزىدىغان، ھەقىقىي پايدىلىق ئىشلارغا سەرپ قىلىشنىڭ ئۆزى ناھايىتى يۈكسەك دەرىجىدىكى ئىنسانىي پەزىلەتتىن ئىبارەت. مانا بۇ ئېسىل پەزىلەتنى ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرۇش ھەممىمىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچىمىزدۇر.

# مەردلىك ۋە سېخىيلىق

**سوئال: مەردلىكنىڭ پەزىلىتى قايسىلار؟**

جاۋاب: مەردنىڭ ئاز ئىشى پېخسىقنىڭ كۆپ ئىشىدىن ئۈستۈن بولغىنىدەك، مەرد بولغان جاھىلمۇ، پېخسىق ئالىمدىن ئۈستۈندۇر.

مەردنىڭ قولىغا كەلتۈرگەن مەرتىۋىسى، تاپقان مېلى بەرىكەتلىك بولىدۇ. مەردلىكى سەۋەبىدىن مېلى ئېشىپ بارىدۇ. مېھماننىڭ رىزقى بىلەن كېلىدىغانلىقى، قىرىق بەرىكەت ياغدۇرىدىغانلىقى، سەدىقە بېرىش بىلەن مالنىڭ كېمىيىپ قالمايدىغانلىقى نۇرغۇن دانىشمەنلەرنىڭ كىتابلىرىدا پۈتۈلگەن ئالتۇن سۆزلەردۇر.

شۇڭا مەرد بولۇشقا تىرىشىشىمىز، پېخسىقلىقتىن ساقلىنىشىمىز كېرەك. بەزى كىتابلاردا: «پېخسىقلىقتىن ساقلىنىڭلار، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرمۇ پېخسىقلىقتىن ھالاك بولغاندۇر» دېيىلگەن.

**سوئال: خەسىسلىك دېگەن نېمە؟ مەرد بولۇش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟**

جاۋاب: خەسىسلىكتىن قۇتۇلۇپ مەرد بولۇش ئۈچۈن، خەسىسلىكنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى زىيانلىرىنى، مەردلىكنىڭ پايدىلىرىنى ياخشى بىلىش ۋە ئىشىنىش كېرەك.

مەردنىڭ يېمىكى داۋا، خەسىسنىڭ يېمى بولسا كېسەللىكتۇر.

يۇقىرىدىكى قول تۆۋەندىكىدىن، بەرگەن قول ئالغان قولدىن





ئۈستۈندۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن مەرد بولۇش، پېخسىق بولماسلىق، سېخىي بولۇش، خەسىس بولماسلىقنى ئۆگىنىش، مەردلىكنىڭ ئېسىل پەزىلەت ئىكەنلىكىنى، مەردلىكنىڭ ئادەمگە نۇرغۇن شان - شەرەپلەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئەتراپلىق چۈشىنىش كېرەك. ھاتەمى تەيىنىڭ ھېكايەتلىرى پۈتكۈل جاھان مىقياسىدا مەردلىك، سېخىيلىقنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىدۇ. نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟ چۈنكى، ھاتەم ناھايىتى مەرد، سېخىي كىشى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ نامى تىللاردا داستان بولۇپ كەلمەكتە.

خەلقىمىز مەردلىكنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان، قەيسەرلىك، جەسۇرلۇق، باتۇرلۇقنى قەدىرلەيدىغان ئۇلۇغۋار روھقا ئىگە مىللەت، شۇنىڭ ئۈچۈن پېخسىق كىشىلەر قەدىمدىن بۇيان ھەجۋىي قامچىسى ئاستىغا ئېلىنىپ تەنقىدلەنگەن، ئىبرەتلىك ھېكايەتلەرگە كىرگۈزۈلۈپ، بىزنىڭ ئىبرەت ئېلىشىمىزغا قالدۇرۇلغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتا - ئانىلىرىمىزمۇ بالا تەربىيىلىگەندە مەرد، سېخىي بولۇشنى تەربىيىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئارىمىزدا ھەقىقىي مەرد، ئوغۇل بالىچىلىقى كۈچلۈك كىشىلەر ھېلىھەم ناھايىتى كۆپ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەردلىكنى ئاخىرغىچە قەدىرلەش ناھايىتى مۇھىم.

**سوئال: مەردلىك دېگەن نېمە، قانداق ئادەملەرنى مەرد دەيمىز؟**

جاۋاب: مەردلىك ھېچقانداق تەمەدە بولماي ئېھساندا، باشقىلارغا ياردەمدە بولۇشتۇر. تەشەككۇر بىلدۈرۈشنى، ماختىنىشنى تەمە قىلىشمۇ مەردلىككە ياراشمايدۇ. كەرەم ساھىبى بىر مەرد كىشىدىن سوراپتۇ:

– موھتاجلارغا بەك كۆپ ئېھسان قىلىدىكەنسەن. ئەجەبا ئۇلار

ساڭا مىننەتدارلىق ھېسسىياتىدا بولۇۋاتامدۇ؟

— ھېچبىرى ماڭا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ يۈرمەيدۇ. يەنى ئۇلارغا ئاشۇ ھېسسىياتنى قوزغايدىغان شەكىلدە ھەرىكەت قىلمايمەن. بىر نەرسە بەرگەندە ئۆزۈمنى ئاشپەزنىڭ قولىدىكى چۆمۈچ دەپ بىلىمەن. چۆمۈچنىڭ ماختىلىشقا، مىننەتكە سەۋەب بولۇشقا ھەققى يوقتۇر.

بىر زات شۇنداق دېگەن: «ھەيۋەتنى ۋە ئابرۇينى بىلەن دۆلەتلەرنى سېتىۋالغان، ئەمما ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن كۆڭۈللەرنى سېتىۋالمىغان ئادەمدىن چۆچۈيمەن.»

خەسىسلىك ۋە مەردلىكنىڭ ئۆلچىمى ئىنساندىن ئىنسانغا ئۆزگىرىپ بارىدۇ. مەسىلەن، بەزى نەرسىلەر پېقىر ئۈچۈن نورمال ھېسابلانسا، باي ئۈچۈن ئەيىبلىنىدۇ. يات كىشىلەرگە نورمال ھېسابلانسا، ئائىلە ئەزالىرى ئۈنى ئەيىبلەيدۇ. ياشلارغا نورمال بولغان بىر ئىش ياشانغانلار ئۈچۈن خۇش كۆرۈلمەيدۇ. بەزى ئىشلارنى ئەرلەر قىلسا يامان، ئەمما ئاياللار قىلسا ئانچە ئېغىر ئېلىنمايدۇ.

قاسساپتىن، باققالدىن ئالغان نەرسىدە ئازراق نۇقسان بولۇپ قالسىلا، كەينىگە ياندۇرۇپ ئېلىپ بارغان كىشى خەسىستۇر. بىر نەرسىنى يېگەندە، دېرىزىدىن ئۆيگە بىرى كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، يەۋاتقان نەرسىسىنى يوشۇرۇپ قويغۇچى خەسىستۇر.

مال ـ دۇنيانى قولغا كىرگۈزۈش ياكى نەپسىنىڭ يامان ئارزۇلىرىغا يېتىش ئۈچۈن بېرىشمۇ مەردلىك ھېسابلانمايدۇ. ھېچقانداق جاۋاب كۈتمەستىن بېرىش مەردلىكتۇر.

مال ئىنسانلارغا پايدا بولۇشى ئۈچۈن بېرىلگەندۇر. ئۇ مالنى ساقلاپ پايدىلىق ئىشلارغا ئىشلەتمەسلىك خەسىسلىكتۇر. پايدىلىق ئىشلار ئىشەنچ ـ ئەقىدىنىڭ ۋە مۇرۇۋۋەتنىڭ بېرىلىشىنى ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلەردۇر. مۇرۇۋۋەت پايدىلىق بولۇش، ياخشىلىق قىلىش ئارزۇسىدۇر. ئىنسانلىق يىگىتلىك





دېمەكتۇر.

مەردلىك ھېچقانداق جاۋاب كۈتمەستىن تۇرۇپ بېرىشنى كۆرسىتىدۇ. يەنى موھتاجلارنى كۆزەتمەي تۇرۇپ بېرىشتۇر. مۇھتاجلارنى كۆزەتمەي تۇرۇپ بېرىش ۋە بەرگىنىنى ئاز بولۇپ قالدى دەپ ھېسابلاش مەردلىكتۇر.

زامان ئېتىبارىدىن كېيىنكى كۈنلەردە قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالماسلىق ئۈچۈن مالنى، پۇلنى ساقلاش ئاۋام ئۈچۈن خەسىسلىك ھېسابلانمىسىمۇ، ئىلىم ئەھلى، سالىھ كىشىلەر ئۈچۈن خەسىسلىكتۇر. ئەقىدە ـ ئىشەنچنىڭ ۋە مۇرۇۋۋەتنىڭ ئورنىغا كەلتۈرگەن كىشى خەسىسلىكتىن قۇتۇلغان تەقدىردىمۇ، مەرت ھېسابلانمايدۇ.

كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى ماختىشى ۋە تەشەككۈر بىلدۈرۈشى ئۈچۈن بەرگەن كىشىمۇ مەرد ھېسابلانمايدۇ. مەن بۇنى بېرەي، ئۇمۇ ماڭا بىر نەرسە بېرىدۇ، بەرمىسەم ئەيىب بولىدۇ، بولمىسا مېنى خەسىس دېيىشىدۇ، دېگەندەك چۈشەنچىلەر بىلەن بەرگەن كىشىمۇ مەرد ئەمەستۇر. بۈيۈكلەر: «بەرگەن كىشىنى ئەمەس، بەرگىنىگە سۆيۈنگەن كىشىنى مەرد دەيمىز» دېيىشكەن.

مەردلىكنىڭ ئۈستۈن مەرتىۋىسى بولغانغا ئوخشاش، خەسىسلىكنىڭمۇ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىسى باردۇر. بۇمۇ ئۆزىگە كېرەككە كەلمەيدىغان نەرسىنى بەرمەسلىكتۇر. جېنى ئىستىگەن نەرسىلەرنى ئېلىشقا كۈچى يېتىپ تۇرۇپ پۇل كېتىدىكەن دەپ ئالمايدۇ. ھەتتا كېسەل بولۇپ قالسىمۇ، بىكارلىق داۋالىنىش يوللىرىنى ئىزدەيدۇ. بۇنىمۇ تاپالمىسا داۋالىنىشتىن ۋاز كېچىدۇ.

**سوئال: ئاۋۋال جان ئاندىن جانان دېيىش توغرىمۇ؟ لازىملىق بىر نەرسىنى باشقا بىرسىگە بېرىش گۇناھمۇ؟**

جاۋاب: ئاۋۋال جان ئاندىن جانان دېيىش توغرىدۇر. يەنى

ئالدى بىلەن ئۆزىمىزنى قۇتۇلدۇرىمىز، ئاندىن باشقىلارنى. ئۆز ئېتىقادىمىز، ئەخلاقىمىز توغرا بولمىسا، باشقىلارنى قانداقمۇ قۇتۇلدۇرغىلى بولىدۇ.

ئومۇمەن، مەردلىكنىڭ ئاقىۋىتى ناھايىتى خەيرلىك بولىدۇ، ئەمما خەسىسلىكنىڭ ئاقىۋىتى ناھايىتى ئېچىنىشلىق بولىدۇ. مانا بۇ تالاي ھايات سىناقلىرى ئارقىلىق يەكۈنلەنگەن قىممەتلىك تەجرىبىدۇر. شۇڭا، مەردلىك ئادەمنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ زىننىتى، ئۇنىڭغا ئېرىشىشكە ئىنتىلىش ھەر بىرىمىزنىڭ نىشانى بولۇشقا تېگىشلىك دەيمىز.

شەمسۇلمەئالى ۋەشمىگىر قابۇس مەردلىك ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئەي ئوغۇل، مەردلىكنىڭ ئەسلى ئۈچ نەرسە: بىرى، سېخىيلىق. يەنى بىر ئىشقا كىرىشسەڭ ئۇنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشىڭ لازىم. بىر سۆزنى سۆزلىسەڭ ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرغايسەن. يەنە بىرى ساداقەت ـ توغرىلىقتۇر. ھەرقانداق شارائىتتا توغرا ـ راست سۆزدىن بۆلەك (يالغان) سۆزلىمىگەيسەن. يەنە بىرى، ھەر ئىشتا سەۋرچان، بەرداشلىق، ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرگۈچى بولۇشنى ئادەت قىلغايسەن. ھەرقانداق سۈپەت ـــ سېنىڭ قەلبىڭگە تەئەللۇق بولغان بۇ ئۈچ سۈپەتتىن كەلگەن.

ئەي ئوغۇل، ئەگەر سەن مېنىڭ شۇنچە بايانلارنى سۆزلىگىنىمدىن ئۇ ئىشلارنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىپ بىلەلمىسەڭ، ساڭا تەپسىلىي ھالدا يەنە بايان قىلاي. مەردلىكنىڭ سۈپەتلىرى ناھايىتى كۆپ. ھەممىسى بۇ ئۈچ سۈپەتنىڭ بۆلەكلىرىگە ئوخشاشتۇر. بۇ ئۈچ سۈپەتنىڭ بۆلەكلىرىدىن بىرى شۇكى، ئىسراپخور، بەتخەج بولمىغايسەن. مال ـ مۈلكۈنى، پۇلنى خىراجەت قىلغۇچىلار ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى، ئۆز ئورنىغا خىراجەت قىلىدۇ. مۇنداق كىشى سېخىي، يەنى مەردتۇر. يەنە بىرى، ئورنىغا خىراجەت قىلمايدۇ. مۇنداق كىشى ئىسراپخوردۇر.





مەرد ئادەم ئۆز ئورنىغا خىراجەت قىلسا، ئۇ سېخىي دېيىلىدۇ. ئىسراپخور ئەگەر مىڭ ئاقچىنى ئورۇنسىز يەرگە بەرسە، ھامان ئىسراپخور بولىدۇ. ئۇنى ھېچكىم مەرد دېمەيدۇ. چۈنكى، ئورۇنسىز يەرگە ئاقچا بېرىش روزا تۇتقان كىشىگە سۇ بېرىشكە ئوخشاشتۇر. روزا تۇتقان كىشىگە سۇ بېرىش، ئۇنىڭ روزىسىنى بۇزۇش گۇناھىغا ئىگە قىلسا، سۇ بەرگۈچى روزىنى بۇزدۇرغان ئېغىر گۇناھقا ئىگە بولىدۇ. ھېچكىم ئۇنى ئۇسسىغان كىشىگە سۇ بېرىپتۇ، ياخشى ئىش قىلىپتۇ دىمەيدۇ. دانا ۋە ھوشيار ئۇلۇغ كىشىلەر ئالدىدا شۇنداق ئادەمنى مەرد، دەپ ئاتايدۇكى، ئۇنىڭ بىرقانچە ھۈنەر ـ بىلىم، پەزىلەتلىرى بولۇش بىلەن يۈرەكلىك، مەردانە بولىدۇ. ھەر ئىشتا سەۋرلىك ـ چىداملىق، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلغۇچى، ئىپپەت ـ نومۇسلۇق (ئۆزىنى يامان ئىشلاردىن ساقلىغۇچى.) قەلبى، كۆڭلى ساپ بولىدۇ. ئۆز پايدىسى ئۈچۈن باشقىلارغا زىيان كەلتۈرۈشنى خالىمايدۇ. ھەتتا خەلقنىڭ ۋە دوستىنىڭ پايدىسى، خاتىرى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ زىيىنىغا رازى بولىدۇ. ئەسىرلەرگە قول ئۇزاتمايدۇ، يەنى ئۇلارنىڭ نەرسىسىنى ئېلىۋالمايدۇ، ئازار بەرمەيدۇ. ھەتتا دۈشمەنلىرىگىمۇ خەيرخاھلىق قىلىدۇ. زالىم ـ مۇستەبىت بىر زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىغا زۇلۇم قىلسا، زالىمغا يول قويمايدۇ ـــ قارشى تۇرىدۇ، سۆزى ۋە ئىشىدا توغرا بولىدۇ. ھالال ـ توغرا كەسىپ بىلەن ھايات كەچۈرىدۇ. كىشىنىڭ ياخشىلىقىغا نىسبەتەن يامانلىق قىلمايدۇ. خوتۇنلارنىڭ سۆز، قىلمىشلىرىنى ئەرلەر ئارىسىدا سۆزلەشتىن نومۇس قىلىدۇ. ئەگەر ھەققانىيەت ئۈچۈن بېشىغا بالا ـ ھادىسە كەلسە راھەت بىلىدۇ.

قىسقىسى، ئۆزىدە سېخىيلىق، ئىلىم، ساداقەت سۈپەتلىرىنىڭ خىسلەتلىرى تېپىلغان ئادەم مەرد دەپ ئاتىلىدۇ.

...

ئەي ئوغۇل، مەردلىك شۇكى، ھەر زامان، ھەر قاچان ئۆز

مۈلكۈڭ ئۆزۈڭگە بولسۇن. خەقنىڭ مال - مۈلكى، ئەھلى - ئاياللىغا تەمەگەر بولمىغايسەن. خەلققە خىيانەت، ھىيلىگەرلىك قىلمىغايسەن. خەلققە ياخشىلىق قىلالمىساڭمۇ يامانلىق - زىيانكەشلىك قىلما، بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياخشىلىققا سازاۋەر بولۇپ، ياخشىلىق ۋە ياخشى نام بىلەن يادلانغايسەن.

مەردلىك ئەنە شۇنداق قۇدرەتلىك مەنىۋى كۈچ، ھەركىم مانا مۇشۇ قۇدرەتلىك كۈچكە ئىگە بولالىسا، ئۇنىڭ ئىشلىرى يۈرۈشۈپ، ئىشلىرى ئوڭغا تارتىدۇ.

**سوئال: سېخىيلىقنىڭ ئالامەتلىرى قايسىلار؟**

جاۋاب: سېخىي ئادەم دۈشمەنلىك ۋە ئاداۋەتتىن قاچقان، ئۆز قەلبىدە مۇھەببەتكە يول ئاچقان بولىدۇ. سېخىي كىشى مىستىن ياسالغان كوزىغا ئوخشايدۇكى: ئۇ تېز تەييارلىنىدۇ - يۇ، ئەمما ئۇزۇن چىدايدۇ. ئاچ كۆز ئادەم مۇھەببەتتىن قاچقان، ئۆز قەلبىدە ئاداۋەتكە يول ئاچقان بولىدۇ. ئاچ كۆز كىشى ساپال قاچىغا ئوخشايدۇ: ئۇنى ياسىماق قىيىن، لېكىن ئاسان سۇنىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن دانالار شۇنداق نەسىھەت قىلىدۇ: ئىمكانىيىتىڭ كۆتۈرۈشىگە قاراپ سېخىيلىق قىل، بىر كىملەرنى دوراپ سېخىيلىق قىلما! قەرز ئېلىپ قىلىنغان سېخىيلىق قانداقمۇ سېخىيلىق بولسۇن، باشقىلارنىڭ مېلىدىن ئېلىپ بىراۋلارغا يېدۈرۈشتىن نېمە پايدا؟!





# مۇلايىملىق

**سوئال: مۇلايىملىقنىڭ قانداق سۈپەتلىرى بار؟**

جاۋاب: مۇلايىملىق — كەلسە - كەلمەس ئىشلارغا ئاچچىقلانمايدىغان، كىشىلەرگە يېقىملىق مۇئامىلە قىلىپ ئىللىق تەسىر بېرىدىغان، ئىتائەتمەن، ئاق كۆڭۈل، ھەققانىيەتچى، ئارسلان يۈرەكلىك، يۇمشاق تەبىئەتلىك بولۇشنى كۆرسىتىدۇ.

مۇلايىملىق ئىنسانلارنىڭ مىجەزىدىن خۇسۇمەت، ئاداۋەت، غەزەپ، قىزىققانلىق قاتارلىق ناچار خۇلقلارنى يوقىتىدىغان، ھەر كىمگە مۇناسىپ كېلىدىغان بىر خىل ئېسىل سۈپەتتۇر. مۇلايىملىق ئەخلاق ئىلمى يۈزىسىدىن ئىنسانغا ئەڭ كېرەكلىك نەرسىدۇر.

بىز مەدەنىيەتلىك ئىنسان بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن مۇلايىملىقنى، ئىللىق چىرايىنى ياقتۇرىمىز، ئەكسىچە، قوپاللىق، ھۆرمەتسىزلىكنى، ناچار خۇيلارنى ئەسلا ياقتۇرمايمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇلايىملىقتىن قۇۋۋەت ئېلىپ، ئۇنىڭغا يېقىن تۇرۇشقا تىرىشىمىز، ئۇنى قەدىرلەيمىز، مۇلايىم ئىنسانلار ئارقىلىق ھاياتنى خۇشاللىققا، مېھىر - مۇھەببەتكە تولدۇرۇشقا تىرىشىمىز.

نەپسىنىڭ راھىتى، قەلبىنىڭ خۇشاللىقى، پىكرىنىڭ ساغلاملىقى، ۋىجدانىنىڭ ھالاۋىتى مۇلايىم تەبىئەتلىك بولۇش ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ. چۈنكى، مۇلايىم كىشىلەر ھەر قانداق قۇۋۋەت ۋە قۇدرەت ئىگىسى بولسىمۇ، ئۆزىدىن ئاجىز كىشىلەرگە قوپال مۇئامىلە قىلمايدۇ. پىكرى ساغلام كىشىلەرنىڭ

كۆڭلى يۇمشاق، مىجەزى ئوبدان كېلىدۇ. چۈنكى، ۋۇجۇدىمىزدىن پەيدا بولىدىغان قىلىقلىرىمىز ۋە ھەرىكىتىمىزنىڭ مەنبەسى ھەۋەس ۋە ئارزۇدىن ئىبارەت. بۇ ھەۋەس ۋە ئارزۇلار ئۈستىدىن پەقەت مۇلايىملىق، ياۋاشلىق بىلەنلا غالىب كېلەلەيمىز ۋە بۇ ئارقىلىق توغرا يولغا كىرىپ، ياخشى خۇلق ئىگىسى، دىن ۋە مىللەت خادىملىرىدىن بولالايمىز. دۇنيادا چىن ئىنسان بولۇش ئۈچۈن ھەۋەسنىڭ قولىغا نەپسىنىڭ تىزگىنىنى تۇتقۇزمايدىغان، كەلسە - كەلمەس ئىشلارغا ئاچچىقلانمايدىغان، سوغۇق قان، يۇمشاق تەبىئەتلىك، سىلىق سۆزلۈك، مۇلايىم ۋە سەۋرلىك بولۇشىمىز لازىم.

**سوئال: مۇلايىملىق ئىنسانغا ئەڭ يارىشىدىغان ئېسىل سۈپەتلەرنىڭ بىرى ئىكەن. لېكىن، بەزىبىر مۇلايىم دەپ قارىلىدىغان كىشىلەرنى كۆرىمىزكى، ئۇلارنىڭ مۇلايىملىقى چەكتىن ئېشىپ كەتكەچكە، ئېزىلەڭگۈ، بوشاڭ بولۇپ قالغان. مۇلايىملىقنى ئەڭ توغرا، ساغلام شەكىلدە ئىپادىلەش ئۈچۈن قانداق ئۇسۇل قوللىنىش لازىم؟**

جاۋاب: سىز ئېيتقاندەك، مۇلايىملىقمۇ مەلۇم چەكتىن ئېشىپ كەتسە ئادەمنى ھەددىدىن ئارتۇق تارتىنچاق، ياۋاش، بوشاڭ، سۇس قىلىپ قويىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەم مۇلايىم بولۇش كېرەك، ھەم ئارسلان يۈرەكلىك، ھەققانىيەتچى بولۇش كېرەك. سىرتىدا كىشىلەرگە يۇمشاق سۆزلۈك، ئىللىق چىراي بولۇش، ئەمما ئىچىدە قىزغىن، باتۇر، يۈرەكلىك، قەيسەر بولۇش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا ھەقىقىي مۇلايىملىقنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

مېنىڭ بىر تونۇشۇم بار بولۇپ، ئۇ ناھايىتى خۇش چىراي، ئاق كۆڭۈل، سىپپى ئۆزىدىن مۇلايىم كىشى ئىدى. لېكىن، مۇلايىملىقنى بەك چەكتىن ئاشۇرۇۋەتكەن، باشقىلارنىمۇ ئۆزىگە





ئوخشاش كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، دائىم مىخقا ئۇسۇۋېلىپ، زىيان تارتىپلا يۈرەتتى. بىرنەچچە يېقىن بۇرادىرى ئۇنىڭغا بەزى ئىشلارنىڭ ئېپىنى ئۆگەتكەن، مۇلايىم بولۇش، ئەمما سۇس بولماسلىق ھەققىدە كۆپ نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئۇزۇن يىللاردىن بېرى شەكىللەندۈرگەن تەبىئىتىنى زادىلا ئۆزگەرتەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بوشاڭ، مۇلايىم پېتىچە قېلىۋەردى. ئۇنىڭغا ئىشەنگەن، ئۇنى دوست تۇتقانلارمۇ بارا - بارا ئۇنىڭدىن بىزار بولۇشقا باشلىدى. دېمەك، مۇلايىملىق ھەرگىز چەكتىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك.

سۇقرات ھەكىم ئېيتىدۇ: «كىشىلەر ماڭا قاتتىقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا، مەن ئۇلارغا ئۇلۇغۋارلىق ۋە مۇلايىملىق بىلەن قارشى تۇرىمەن. چۈنكى مۇلايىملىق قاتتىقلىقنى، دۈشمەنلىكنى پەسەيتىدۇ. لېكىن، كىشىنى ئاجىز ۋە خارلىق دەرىجىسىگە چۈشۈرىدىغان مۇلايىملىقتىن بىزارمەن.»

بۇ سۆزدىن چۈشىنىشلىكى، چەكتىن ئاشقان قولى ئوچۇقلۇق بۇزۇپ - چېچىش بولغانغا ئوخشاش، ئورۇنسىز ياۋاشلىق قىلىش ئىنساننىڭ غۇرۇرى ۋە ئېتىبارىنى ئاياغ ئاستى قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇلايىملىق چەك - چېگراسىدىن چىقماي، غەزەپلىنىدىغان، ئاچچىقلىنىدىغان يەرلەردە مۇلايىملىق قىلىپ، نەپسى خاھىشىنى پەسەيتىش كېرەك. لېكىن، تەپسە تەۋرىمەس، تۇرتسە مىدىرلىماس بولۇۋېلىپ، غەيرەت، شىجائەتلىك قىلىدىغان يەرلەردىمۇ ياۋاشلىق قىلىش — مۇلايىملىق چېگراسىدىن ھالقىپ، بوشاڭلىق، گالۋاڭلىق دۇنياسىغا غەرق بولغانلىقتۇر. بۇنداق مۇلايىملىقتىن يىراق تۇرۇش، ھەزەر ئەيلەش كېرەك.

ئوچۇق يۈز خۇشخۇي ۋە خۇش مۇئامىلە ئادەم ئەقىل - پاراسەت ئىگىسى بولىدۇ. شۇنداق گۈزەل سۈپەتلەرگە ئىگە ئادەم بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇش — يامان خۇلقلىق، كۆرۈمسىز بىر ئالىم بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇشتىن ياخشىراق. بىر پازىلدىن:

«قايسى پەزىلەت ئەڭ ياخشى ھېسابلىنىدۇ؟» دەپ سورىدى. پازىل: «خۇش چىراي، شېرىن سۆز، خۇش مۇئامىلىلىك بولۇش» دەپ جاۋاب بەردى.

**سوئال: خۇش مۇئامىلە ھەممە كىشىگە يارىشىدىغان ئېسىل سۈپەتلەرنىڭ بىرى، ئۇ مۇلايىملىقنىڭ ئەڭ چوڭ بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ. لېكىن بەزى كىشىلەر ھەجىيىپ، خۇش تەبەسسۇم قىلىپ يۈرگىنى بىلەن، ئىچىدە توڭگۇز قاترايدىغانلار يەنىلا كۆپ، بەزى كىشىلەرنىڭ چىرايى جىددىي، قوپال كۆرۈنگىنى بىلەن، يۇمشاق كۆڭۈل، مۇلايىم، ھەققانىيەتچى كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ چىرايىغا قاراپ باھا بەرگىلى بولمايدۇ. ئۇنداقتا، ھەقىقىي مۇلايىم كىشىلەرنى قانداق پەرقلەندۈرۈش كېرەك؟**

جاۋاب: سىز ئېيتقاندەك، ساددا تۇيغۇ بويىچە ئېيتقاندا، كۈلۈپ يۈرىدىغان، چىرايىدىن تەبەسسۇم ئۆچمەيدىغان بەزى كىشىلەر بار، ئەمما، ئۇلار مۇلايىم كىشىلەر ھېسابلانمايدۇ، يەنى نىيىتى بۇزۇق، ئالاكۆڭۈل، باشقىلارغا ئورا كولاشتىن باشقىنى بىلمەيدىغانلارمۇ بار؛ يەنە بەزىلەر باركى، ئۇلارنىڭ گەپ - سۆزى قوپال، چىرايى سۇرلۇك، توڭ قاپاق كۆرۈنىدۇ، ئەمما ئۇلار بىلەن ئارىلىشىپ كۆرگەندىن كېيىن، ھەقىقىي ئاق كۆڭۈل، مۇلايىم، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان، ھەققانىيەتچى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

ھالبۇكى، شۇنى ئېيتىپ قويۇش كېرەككى، تەبەسسۇم چىراي بولۇش، يېقىملىق بولۇش، خۇش مۇئامىلە قىلىش مۇلايىملىقنىڭ مەڭگۈلۈك بەلگىسى، ھايات تەجرىبىسى مول كىشىلەر تەبەسسۇم قىلىپ كۈلۈۋاتقان كىشىلەر ئارىسىدىن يەنىلا ھەقىقىي مۇلايىملەرنى تېپىشقا قادىر بولالايدۇ. چىرايىدىن تەبەسسۇم ئۆچمەيدىغان، ئەمما ئىچىدە توڭگۇز قاترايدىغانلار بولسا يەنىلا ناھايىتى ئاز ساندا، ھايات تەجرىبىسى مول كىشىلەر ئۇلارنىڭ





ساختا تەبەسسۇم نىقابىنى تېزلا يىرتىپ تاشلىيالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بايا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن توڭ قاپاق، گەپ - سۆزى قوپال، ئەمما كۆڭلى يۇمشاق، ھەققانىيەتچى كىشىلەرمۇ باشقىلارغا ياخشى تەسىر بېرىشكە تىرىششى، ئامال بار ئۆزىنىڭ ياخشى كۆڭلىنى چىرايىدىمۇ ئىپادىلەشكە ھەرىكەت قىلىشى لازىم. ئەنە شۇنداق قىلغاندىلا، مۇلايىملىق بىلەن مۇلايىم بولماسلىقنىڭ چەك - چېگراسى ئېنىق ئايرىلىدۇ.

بەزى ھەكىملەرنىڭ پىكرىچە، خۇش خۇلقلىقنىڭ ئون نىشانىسى بار. ئۇلار مۇنۇلار: بىرىنچى، ياخشى ئىشلاردا ھەمىشە ئادەملەر بىلەن بىرگە بولماق؛ ئىككىنچى، نەپسى كويىغا كىرمەسلىك، ئۈچىنچى، ئۆزگىلەرنىڭ ئەيىبىنى ئىزلىمەسلىك؛ تۆتىنچى، بىراۋدىن بىرەر ئەيىب يۈز بەرسە، ئۇنى ياخشىلىققا بۇرىماق؛ بەشىنچى، ئەيىبدار كەچۈرۈم سورىسا، ئەيىبىنى كەچۈرمەك؛ ئالتىنچى، موھتاجلارنى ھاجىتىدىن چىقارماق؛ يەتتىنچى، ئۆزىنىڭلا غېمىنى قىلماي، باشقىلار توغرىسىدىمۇ قايغۇرماق؛ سەككىزىنچى، ئۆز ئەيىبىنى تەن ئالماق؛ توققۇزىنچى، ئوچۇق چىراي بولماق؛ ئونىنچى، خۇش مۇئامىلىلىك بولماق.

دىلىڭىزغا مۇلايىملىق ۋە سابات نۇرى بىلەن ئارا بېرىڭكى، مۇلايىم كىشىنىڭ دىلى گۈزەل بولىدۇ. مەنىلەر گۆھىرىنىڭ خەزىنىسى جەلالىددىن رۇمىينىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرى بۇ مەنىگە گۇۋاھدۇر: ئەگەر سەن ھاياتىم ياخشى ئۆتسۇن دېسەڭ دوستىقىمۇ، دۈشمەنگىمۇ ئوچۇق يۈزلۈك بول. ئۆزۈڭنى چوڭ تۇتۇشقا ئۇرۇنما، ئولتۇرغاندا بارماقلىرىڭنى بىر - بىرىنىڭ ئاراچىلىرىغا كىرىشتۈرۈپ ئولتۇرما، ئۇزۇكۇڭنى ئوينىما، تىرنىقىڭ بىلەن چىشلىرىڭنى كولىما، بارمىقىڭ بىلەن بۇرنۇڭنى تۇتما، ئادەملەرگە قاراپ كېرىلمە!

# مېھماندارچىلىق ئەدەپلىرى

**سوئال: تاماق ئەتكۈچىنىڭ قانداق ئەدەبلىرى بار؟ تاماق ئەتكەندە نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟ ئۆزى قول سېلىپ تاماق ئېتىشنىڭ قانداق ئەھمىيىتى بار؟**

جاۋاب: ئۇيغۇرلار پاكىزلىقنى سۆيىدىغان مىللەت بولغاچقا، يېمەك - ئىچمەكلەرنىڭ تازىلىقىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ. تاماق ئەتكۈچىنىڭ چىراي - تۇرقى يېقىملىق، قولى چېۋەر، ئەتكەن تامىقى ئوخشايدىغان بولسا، بۇنداق قىز (ياكى ئايال)نىڭ تەرىپىنى قىلمايدىغان كىشى بولمايدۇ.

ئومۇمەن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلە تەربىيىسىدە، قىزلار 7 ياشتىن ئاشقاندىن كېيىنلا ئۇلارغا ئۇششاق - چۈششەك ئائىلە ئىشلىرىنى قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئاستا - ئاستا تاماق ئېتىشكە ئۆگىتىلىدۇ. 15 ياشقا كىرگۈچىلىك قىزلار 10 - 5 خىل تاماقنى ئېتەلەيدىغان، ئۆي يىغىشتۇرۇش، تازىلىقنى قىلالايدىغان ھالەتكە يەتكۈزۈلىدۇ. بويىغا يەتكۈچىلىك تاماق ئېتىشنى بىلمىگەن قىزلارنى ئاتا - ئانىسى ياتلىق قىلىشتىن ئەيمىنىدۇ، شۇنداقلا تاماق ئېتەلمەيدىغان قىزلارنى يىگىتلەرنىڭ ئاتا - ئانىسىمۇ ئېلىپ بېرىشنى تازا خالاپ كەتمەيدۇ. ئۇيغۇر ئائىلىرى بىر قىزنىڭ تاماق ئېتەلەيدىغان ياكى ئېتەلمەيدىغانلىقىغا قاراپلا، شۇ قىزنىڭ ئائىلە تەربىيىسىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. قىز - يىگىت ياخشى كۆرۈشۈپ توي قىلغان بولسىمۇ، ئەمما قىزنىڭ تاماق ئېتەلمەسلىكى ياكى تاماقنى ئوخشىتىپ ئېتەلمەسلىكى





سەۋەبىدىن تۇتقان ئۆيى ئۆي بولمايدىغانلار ناھايىتى نۇرغۇن.

مۇنداقچە ئېيتقاندا، لەڭمەننى ھەممە ئايال ئېتەلىشى مۇمكىن، ئەمما ئوخشىتىپ ئېتەلەيدىغانلار ئۇنچە كۆپ بولماسلىقى مۇمكىن. يەنە بىر جەھەتتىن، بىر ئايالنىڭ ئەتكەن لەڭمىنى بۈگۈن بەك ئوخشاپ كەتكەن بولسىمۇ، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئوخشاش خۇرۇچ، ئوخشاش قازاندا پىشۇرغان لەڭمىنى ئانچە ئوخشىماي قېلىشىمۇ مۇمكىن.

شۇنىڭ ئۈچۈن، تاماق ئەتكەندە كەيپىياتنى تەڭشەش، تازىلىققا رىئايە قىلىش، تاماق ئەتكەندە خۇرۇچلارنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىك تەرتىپىگە دىققەت قىلىش، ئۆزىگە خاس ئۇسۇل بىلەن تاماقنى ئوخشىتىدىغان ھالەتنى شەكىللەندۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم. شۇڭا تاماق ئەتكەندە تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا چوقۇم ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىم:

بىرىنچى، ئالدى بىلەن بىرەر تاماقنى ئوخشىتىپ ئېتىشكە بولغان ئىشەنچ ۋە ئىنتىلىش بولۇشى لازىم. شۇ ۋاقىت، شۇ سائەتتە تاماقنى ئوخشىتىپ ئېتىش ئارقىلىق، تاماق يېگۈچىلەرنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولۇش، بۇ ماختاش ئارقىلىق ھاياتقا ۋە ئۆزىگە بولغان ئىشەنچنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

ئىككىنچى، يېمەكلىك تازىلىقىغا چوقۇم دىققەت قىلىش، ھېچقانداق شەك كەلمەيدىغان دەرىجىگە يەتكەندىلا تاماق ئېتىشكە تۇتۇش قىلىش، تاماق ئەتكۈچى چوقۇم تازىلىقنى سۆيىدىغان، پاكىز، سۆيۈملۈك بولمىقى لازىم. مانا بۇ ئەتكەن تاماقنىڭ ئوخشىشىغا كاپالەتلىك قىلغۇچى مۇھىم ئامىلدۇر.

ھەر بىر تاماقنى ئەتكەندە چوقۇم ئۇنىڭ ئېتىلىش تەرتىپىگە چوقۇم رىئايە قىلىش، قايسى خۇرۇچنى ئالدىدا، قايسى خۇرۇچنى كەينىدە سېلىش، قانچىلىك، قاينىتىش، قانچىلىك قورۇش ۋە دۈملەش قاتارلىق تەرتىپلەرگە چوقۇم ئەمەل قىلىش كېرەك. بۇ جەھەتتە ھەرگىز قۇرۇق كىتابىي بىلىملەرگىلا

ئېسىلغۇالماسلىق، چوقۇم تامىقى ئوخشايدىغان ئاياللاردىن ھەرقاچان، ھەر زامان ھۈنەر ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا تاماق ئېتىش ھۈنىرىنى تاكامۇللاشتۇرغىلى بولىدۇ.

تۆتىنچى، تاماق ئەتكەندە چوقۇم كەيپىياتقا دىققەت قىلىش كېرەك. تاماقنى خۇشال كەيپىياتتا ۋە خالاپ تۇرۇپ ئېتىش، تاماق شىرەسىدىمۇ خۇشال كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈش، تاماق يېگۈچىلەرنىڭ ئىشتىھاسىنى قوزغايدىغان گەپلەرنى قىلىش شۇ تاماقنىڭ يېگۈچىلەرنىڭ ئاغزىدا قېلىشى ۋە ياخشى ھەزىم بولۇشىغا ياردىمى كۆپ بولىدۇ. خالىماي تۇرۇپ تاماق ئېتىش، داستىخان ئۈستىدە ئىشتىھا تۇتىدىغان سۆزلەرنىڭ كۆپ بولۇشى كەيپىياتنىڭ ناچار بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنداق كەيپىياتتا يېيىلگەن تائامنىڭ سىڭىشى ۋە تەنگە ئوزۇق بولۇش رولى ئەلۋەتتە ناھايىتى تۆۋەن بولىدۇ، ئوخشىغان تاماقمۇ ئېغىزغا تېتىماي قالىدۇ.

بەشىنچى، تاماق ئەتكۈچى ئەگەر ئائىلىدە تاماق ئەتكەن بولسا چوقۇم ئىسسىق تەبىئەتلىك تاماق بىلەن سوغۇق تەبىئەتلىك تاماقنى، قويۇق تائام بىلەن سۇيۇق تائامنى ئارىلاشتۇرۇپ، شۇ ئائىلىدىكى كىشىلەرنىڭ مىزاجىنى تەڭشەپ تۇرۇشقا ماھىر بولۇشى، تائامنى توغرا ئىستېمال قىلماسلىقتىن كېلىپ چىقىدىغان كېسەللىكلەر ۋە ساقسىزلىقلارنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئېلىشى كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا بەزىبىر زۇكام، قىزىتما، باش ئاغرىش قاتارلىق كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدىغان يېمەكلىكلەرنى ئېتىشنى بىلىشى تولىمۇ زۆرۈر. چۈنكى، بىر ئائىلىدە زۇكام بولۇش، قىزىتما قاتارلىقلار دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ.

*ئالتىنچى، تاماق ئەتكۈچى تاماقنىڭ ۋاقتىغا كاپالەتلىك قىلىشى، ئۈچ ۋاخلىق تاماقنىڭ بىر - بىرى بىلەن بولغان*





ئارىلىقى مۇۋاپىق بولۇشى كېرەك. ئەتىگەنلىك تاماقنى كۈنچىقىشتىن ئاۋۋال يېيىشكە كاپالەتلىك قىلىش ۋە بۇ چاغدا سۇيۇق - سەلەڭ، كۈچلۈك تاماقلارنى يېيىش؛ چۈشلۈك تاماقنىمۇ دەل ۋاقتىدا يېيىش ۋە ئۇنىڭدا قۇۋۋەتتى مول، ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى تاماقلارنى تاللاپ يېيىش؛ كەچلىك تاماقنى كۈن ئولتۇرۇشتىن ئىلگىرى يەپ بولۇش، يېيىلگەن تاماق چوقۇم سىڭىشلىك، يەڭگىل بولۇشى لازىم. تاماق ئەتكۈچى ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان مۇشۇ ئەنئەنە ۋە قائىدىگە ئاڭلىق رىئايە قىلالىسا، بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ ساغلاملىقى كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ.

يەتتىنچى، ئۆيگە مېھمان كېلىپ قالغاندا، ئەر - ئايال ئوچۇق چىراي، تەبەسسۇم بىلەن كۈتۈۋېلىشى خەلقىمىزنىڭ گۈزەل ئەخلاقىدۇر. بۇ چاغدا ئۇتتەك قىزغىنلىق بىلەن مېھمانغا چاي كەلتۈرۈش، ھاردۇق سوراش ۋە قانداق تاماقتا كۆڭلى تارتىدىغانلىقىنى ئەدەپ بىلەن سوراش، قانداق تاماقتا كۆڭلى تارتسا ئوخشىتىپ ئېتىپ بېرىپ كۆڭلىنى ئېلىش خەلقىمىز رىئايە قىلىپ كېلىۋاتقان ئەدەپلەرنىڭ بىرىدۇر. بۇ چاغدا تاماق ئەتكۈچى مېھماننىڭ كەيپىياتىنى تەڭشەپ، ئۇنىڭ ئىشتىھاسىنى ئېچىشقا ھەرىكەت قىلىشى، تاماق ئېتىش جەريانىدىكى كەيپىياتقا ئەلۋەتتە دىققەت قىلىشى، تاماق پىشقاندىن كېيىن ئۇنى خۇشال كەيپىياتتا يېيىشكە شارائىت ھازىرلىشى كېرەك. بۇنداق بولغاندا مېھماننىڭ كۆڭلىمۇ ئېچىلىپ، كۆڭلى ئازادىلىشىدۇ. ئۆي ئىگىسىنىڭمۇ ھاردۇقى چىقىدۇ.

تاماق ئېتىشنىڭ مۇنداق بىرنەچچە جەھەتتىن ئالاھىدىلىكى بار:

بىرىنچى، تاماق ئېتىش ئارقىلىق ھاياتلىقنى كاپالەتلەندۈرگىلى ۋە گۈزەللەشتۈرگىلى، بۇ ئارقىلىق بىر ئائىلە، بىر يۇرت ۋە پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ قاينام - تاشقىنلىق

ئىچىدە ھاياتلىقنى داۋاملاشتۇرغىلى بولىدۇ.

ئىككىنچى، تائامنى ئوخشىتىپ ئېتىش بىر قىز ۋە ئايالغا نىسبەتەن ناھايىتى قىممەتلىك ھۈنەر ھېسابلىنىدۇ. بىر ھۈنەرنى پىششىق ئىگىلىگەن كىشى چوقۇم چېۋەر ۋە چاققان بولىدۇ. تاماق ئەتكۈچىلەر تاماق ئېتىش ھۈنىرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش جەريانىدا ئۆزىدە مانا مۇشۇنداق چاققانلىق ۋە چېۋەرلىكنى يېتىلدۈرەلەيدۇ.

ئۈچىنچى، ئۇيغۇرلاردا تاماق ئېتىشنى بىلىش ۋە ئۇنى كامالەتكە يەتكۈزۈش بىر خىل تەربىيە كۆرگەنلىكنىڭ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ شۇ قىزنى كۆڭۈل قويۇپ ئەتراپلىق تەربىيىلىگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى، دەپ قارىلىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن، تاماق ئېتىش ھاياتلىقنى كاپالەتلەندۈرىدىغان مۇھىم ھۈنەرنىڭ بىرى بولغاچقا، بۇ ھۈنەرنى بىلىدىغان قىز چوقۇم بىر ئائىلە، بىر جەمئىيەت ئۈچۈن ئۇن ـ تىنسىز تۆھپە قوشالايدۇ. باللىرىنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشى، ئۇلارنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى ئۈچۈن يول ئاچالايدۇ. ئائىلىنىڭ ئىناقلىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلالايدۇ، قىزغىن ئائىلە كەيپىياتىنى شەكىللەندۈرەلەيدۇ.

قىسقىسى، ئەجدادلىرىمىز ياراتقان تائام مەدەنىيىتى قولى چېۋەر ئانىلىرىمىز، تەربىيە كۆرگەن قىزلىرىمىزنىڭ قولى ئارقىلىقلا ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كەلگەن ۋە بۈنىڭدىن كېيىنمۇ ئەنە شۇ يول بىلەن تېخىمۇ راۋاجلىنىدۇ. خەلقىمىزنىڭ قىممەتلىك بايلىقى سۈپىتىدە مەڭگۈ ساقلىنىدۇ.

**سوئال: تاماق ۋاقتىدا قانداق ئەدەپلەرگە دىققەت قىلىش لازىم؟**

جاۋاب: تاماق ۋاقتى بىزنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىمىزدە ئەڭ قىممەتلىك ۋاقىتلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. بىر كىشىنىڭ





تاماق ۋاقتىغا قانداق قارىشى، تاماق ۋاقتىدىكى ئىشى، سۆزى، قىلىقى قاتارلىقلار ئارقىلىقلا، ئۇنىڭ قانداق كىشىلىكىگە باھا بەرگىلى بولىدۇ. شۇڭا، تاماق ۋاقتىدىكى ئۆرپ ـ ئادەتلەر كىشىنىڭ تۇرمۇشىدىكى مۇھىم نۇقتا ھېسابلىنىدۇ.

تاماق ۋاقتىدىكى ئۆرپ ـ ئادەتلەر ئۆزىنىڭ ئورنى، دائىرىسى، خاسلىقى ۋە ئاممىۋىلىقى بىلەن ئادەتتىكى ئائىلىۋى تاماق ۋاقتىدىكى ئۆرپ ـ ئادەتلەر، مېھمان ۋە مېھماندارچىلىق تاماق ۋاقتىدىكى ئۆرپ ـ ئادەتلەر، توي ـ تۆكۈن تاماق ۋاقتىدىكى ئۆرپ ـ ئادەتلەر، نەزىر ـ چىراغ تاماق ۋاقتىدىكى ئۆرپ ـ ئادەتلەردىن ئىبارەت بىر نەچچە تۈرگە ئايرىلىدۇ.

ئادەتتە تاماق ۋاقتىدا داستىخاندا ئەرۋەك ـ سەرۋەك كىيىنىپ ئولتۇرۇش، يالاڭباشتاق ئولتۇرۇش، ماڭقا ـ پوتلىسىنى ئېقىتىپ ئولتۇرۇش (بولۇپمۇ كىچىك بالىلاردا)، بۇرنىنى كولاش، مىشقىرىش، تۈكۈرۈش، ئوسۇرۇش، قىچىشقان جايلىرىنى قاشلاش ـ تاتىلاش، ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ئەسنەش، كېكىرىش، ئاغزىنى توسۇماي چۈشكۈرۈش قاتارلىقلار ئىنتايىن يامان ئېلىنىدۇ ھەم قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ.

شىرەگە ياكى داستىخانغا ۋاقتىدا كېلىپ ئولتۇرۇش تەلەپ قىلىنغاندىن باشقا، يەنە ئەڭ مۇھىمى قولنى چوقۇم پاكىز يۇيۇش (ئۈچ قېتىم چايقاش)، يالاڭباشتاق ئولتۇرماسلىق، رەتلىك ئولتۇرۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. يۇمىلاق ياكى چاسا شىرەگە ئائىلە ئەزالىرى ئاتىنى مەركەز قىلغان (ئاتا بولمىسا ، ئۆينىڭ تۆۋرۈكى سۈپىتىدە چوڭ ئوغۇل مەركەز قىلىنىدۇ) ئاساستا چۆرىدىشىپ ئولتۇرىدۇ. شىرە يېنىدا ئولتۇرغاندا، ئىككى قولنىڭ شىرە ئۈستىگە ئېلىنىشى تەلەپ قىلىنىدۇ، تاماق ئاۋۋال ئاتىغا (ئايرىم ئەھۋالدا كىچىك بالىلارغا) تارتىلىدۇ، ئەگەر ئۆيدە مېھمان ياكى ئائىلە ئەزالىرىدىن باشقىلار بار بولسا، تاماق ئاۋۋال شۇنىڭغا تارتىلىدۇ. ئاندىن باشقىلارغا، يەنى ئائىلىنىڭ باشقا ئەزالىرىغا

تارتىلىدۇ. ھەممەيلەنگە تاماق تارتىلىپ بولغاندىن كېيىن، تاماق يېيىلىدۇ. تاماق يېيىشتە ھاپىلا ـ شاپىلا يېيىش، ئاۋاز چىقىرىپ يېيىش (شالاپشىتىش) كۆپ گەپ قىلىش، تاماقنى ئېغىزىغا سېلىۋېلىپ گەپ قىلىش، تويغانلىقىنى بىلدۈرۈپ كېكىرىش، تاماقتىكى بىر قىسىم كۆكتات ياكى ياغلارنى، خېمىرنىڭ تۈگۈرلىشىپ قالغانلىرىنى ئىلغاپ چىقىرىۋېتىش، تاماقنى يەپ بولۇپلا ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىش قاتارلىق قىلىق ـ ھەرىكەتلەر ئىللەت سانىلىپ، قاتتىق چەكلىنىدۇ. ھەممەيلەن تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن، ئاتىنىڭ دۇئاغا قول كۆتۈرۈشى بىلەن دۇئا قىلىدۇ، ئاندىن بىر ـ بىرلەپ ئورنىدىن تۇرىدۇ، ئاخىرىدا بىر ـ بىرلەپ قوللىرىنى قايتىدىن يۇيۇپ، تاماقنىڭ قولدا قالغان يۇقۇندىلىرى ياكى مايلىرىنى تازىلايدۇ.

**سوئال: ساھىبخانىنىڭ مېھمانغا كۆرسىتىدىغان ئەدەپلىرى قايسىلار؟**

جاۋاب: ئۇيغۇرلار مېھماندوست مىللەت. ئۇلار مېھماننى ۋە مېھماندوستلۇقنى ئالاھىدە قەدىرلەيدۇ. ھەر بىر ئائىلىگە مېھمان كەلسە، مېھمانغا ياخشى ئىززەت ـ ئىكرام ۋە ئېھتىرام بىلدۈرىدۇ، ئەڭ ياخشى تامىقىنى ئېتىپ، ئەڭ سىپايە، يېقىملىق سۆزلەرنى قىلىپ، قۇربىنىڭ يېتىشىچە پايپېتەك بولۇپ ئەلا مۇلازىمەت قىلىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقىدىكى مېھماندوستلۇق قەدىمدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئېسىل ئەنئەنىلەرنىڭ بىرى. ئۇيغۇر خەلقى مېھمان كەلسە «رىزقىنى ئۆزى ئېلىپ كېلىدۇ»، مېھمان كەلسە «بەخت كېلىدۇ» دەپ قارايدۇ. شۇڭا ھەرقانداق شارائىت ئاستىدا مېھمان كەلسە قىزغىن قارشى ئالىدۇ. ئۆيدە بارىنى مېھمانغا ئېلىپ چىقىدۇ، يوقنى تەييارلايدۇ.

مەھمۇد قەشقەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا: «كۆركەم





تونۇگىنى ئۆزۈڭ كىي، تاتلىق ئېشىڭنى باشقىلارغا بەر، مېھماننى ئىززەتلە، شۆھرىتىڭنى ھەممىگە يايسۇن» (1 ـ توم، 64 ـ بەت) دېسە، يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا مېھماننى ياخشى كۈتۈش ھەققىدە مۇنداق دېگەن:

قىچىرماق بولۇرسەن ئەگەر كىشىنى،
قىچىر، ياخشى قىلغىن كۈتۈش ئىشىنى.
سېلىپ كۆرپە، داستىخان، قاچا تازا قىل،
يېمەك ـ ئىچمىكىڭنى ئوبدان خىلىلغىن.

ئۇيغۇر خەلقى چاقىرىلغان مېھمان ياكى تاسادىپىي كېلىپ قالغان مېھمان بولسۇن، كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئوخشاش قەدىرلەپ كۈتىدۇ. مېھماننى ئەڭ ئېسىل، ياخشى تاماق، ياتاقلار بىلەن كۈتۈشتىن تاشقىرى، ئات ـ ئۇلاغلىرى بولسا ئۇنىڭغا قارايدۇ.

ھەرقانداق ئائىلە مېھمان كەلگەن ھامان ئۇنىڭ قولىغا سۇ بېرىپ داستىخان سالىدۇ. ئالدى بىلەن سىنچاي بىلەن كاكچا نان ياكى قاتلىما نان قويىدۇ، چېيىغا قەنت ياكى ناۋات سالىدۇ. ئاندىن ئۆز ھالىغا قاراپ سۈتلۈك چاي ياكى ھالۋا ئېتىپ كىرىدۇ. چايدىن كېيىن*ياز بولسا ھۆل مېۋە كەلتۈرىدۇ ۋە مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مېھماندىن قانداق تاماق يېگۈسى بارلىقىنى سورايدۇ. مېھمان خالىغان تاماقنى ئېتىدۇ. ئەگەر مېھمان تۈزۈت قىلىپ تاماق بۇيرۇمىسا، ئۆزلىرى ياخشى كۆرىدىغان تاماقلار، مەسىلەن، كاۋاپ، پېتىر مانتا، بولاق مانتا، پولۇ، ئۈگرە، چۆچۈرە، لەڭمەن دېگەندەك تاماقلاردىن بىرىنى ئېتىدۇ (بۇ ئەلۋەتتە ئائىلە ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ.) كۆپ ھاللاردا مېھمان تامىقى جۈپ بولۇپ، پولۇ ئەتسە ئارقىدىن ئۈگرە، شورپا سالسا ئارقىدىن چۆچۈرە دېگەندەك

تاماقلار قوشۇپ ئېتىلىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئادىتىدە ئەگەر مېھمان تۈن يېرىمىدە كېلىپ قالغان بولسىمۇ، ھېچقانداق ئېرىنمەي ھاردۇق ئېشى، ئۇگرە قاتارلىق سۇيۇق تاماقلارنى ئېتىپ بېرىش ئادىتى بار. چاقىرىلغان ئايال مېھمانلار بولسا ياخشى گۆشتۈشتىن تاشقىرى مېھمانلار قايتىش ۋاقتىدا پولۇ، مانتا قاتارلىق تاماقلاردىن زەللە قىلىدۇ (ئاش يۆگەيدۇ). ئەر مېھمانلارغا پىششىق گۆش بىلەن نان ئالدۇرۇش، ئەڭ بولمىغاندا ئىككى نان تۇتۇش ئادىتى بار.

يەنە بىر جەھەتتىن، ئۇيغۇرلار ئۆيگە مېھمان كەلسە «بەخت كېلىدۇ» دەپ قارايدۇ. مېھماندوستلۇق نۇرغۇن جەھەتلەردىن ئىپادىلىنىدۇ.

ئۆيگە كەلگەن مېھماننىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئالاھىدە داستىخان سېلىنىدۇ. ئەقەللىيسى قايناق سۇ، زاغرا بىلەن بولسىمۇ مېھمان قىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ مېھماندوستلۇقى ھېيت - ئايەملەردە ئالاھىدە گەۋدىلىك كۆرۈلىدۇ.

ئۆيگە مېھمان كەلگەندە، ئۆي ئىگىسى ئوچۇق چىراي، خۇشال كۈتۈۋالىدۇ، ئېمىسى بولسا، شۇ نەرسىسىنى مېھماننىڭ ئالدىغا قويىدۇ، بۇغداي نېنىڭ بولمىسىمۇ، بۇغداي سۆزۈڭ بولسۇن دېگەن ماقالىنىڭ روھى بويىچە، ئۆيگە كەلگەن مېھماننىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئالاھىدە داستىخان سېلىنىدۇ، مېھماننىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرىدۇ. مېھمان ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن، ئايرىم ئۆيگە، يەنى مېھمانخانىغا — سارايغا ياكى ئايرىم ئۆيگە باشلايدۇ ۋە تۆرگە ئولتۇرغۇزىدۇ، ئاستىغا كۆرپە (مۇمكىن بولغىنىدا قوشلاپ) سېلىنىدۇ. مېھماننىڭ دۇئاغا قول كۆتۈرۈشى بىلەن تەڭ دۇئا قىلىنىدۇ، ئاندىن تىنىچ - ئامانلىق سورىشىدۇ ۋە ئۆز - ئارا سالامەتلىك تىلىشىدۇ. مېھمان بار ئۆيگە ئۆششاقلار - باللارنىڭ كىرىشى، تالا - تۈزدە يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلىشى ياكى ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشى، نەرسە - كېرەكلەرنى تاراقلىتىشى





چەكلىنىدۇ، شۇنىڭدەك گەپ - سۆزلەرنىڭ سىلىق - سىپايە بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا، مېھمان شۈبھىلىنىپ قالىدۇ - دە، ئۆي ئىگىسىنىڭ مېھمان كۈتەلمەيدىغانلىقىنى پەملەيدۇ. ئەگەر ئۆي ئىگىسىنىڭ باللىقتىن ئاشقان ئوغۇل - قىزلىرى ياكى كېلىن - كېتەكلىرى بولسا، ئۇلار مېھمان بار ئۆيگە بىر - بىرلەپ كىرىپ، مېھمانغا سالام بېرىشىدۇ. ئاخىرىدا مېھمان ئەر كىشى بولسا، ئۆي ئىگىسىدىن ئەر كىشى (يەنى ئاتا) مېھمانغا ھەمراھ بولۇپ؛ مېھمان ئايال كىشى بولسا، ئۆي ئىگىسىدىن ئايال كىشى (يەنى ئانا) ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ مۇڭدىشىدۇ.

مېھمان ھۆرمەتكە سازاۋەر دەپ قارىلىپ، مېھمانغا چاي ياكى تاماق پەتنۇس بىلەن سۇنۇلىدۇ. نائىلاج بىر قول بىلەن بېرىش توغرا كېلىپ قالسا، «بىر قولۇم بولۇپ قالدى، ئەپۇ قىلسىلا» دەپ ئۆزرە ئېيتىلىدۇ. شۇنداقلا مېھمان ياكى چوڭلارنىڭ قولىدىن بىر نەرسە ئالغاندىمۇ ئىككى قوللاپ ئېلىش — بۇ ئومۇمىي ئادەت. مېھمانغا چاي قۇيغاندا ياكى باشقا نەرسە سۇنۇلغاندا ئوڭ قول ئىشلىتىلىدۇ. سول قولنى ئىشلىتىش مېھمانغا نىسبەتەن تولىمۇ ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ.

ئەر - خوتۇن دەرقەم تۇرۇپ مېھمان كۈتۈۋاتقاندا، ئۆي ئىگىسى بولغان ئايال ئەر مېھمانغا توغرىدىن توغرا چاي ياكى تاماق سۇنمايدۇ، پەقەت ئېرى ئارقىلىق سۇنىدۇ.

مېھمانغا چاي قۇيۇلغان ياكى تاماق ئۇسۇلغان قاچىنىڭ پۇچۇق ياكى دەز بولۇپ قالماسلىقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىنىدۇ. ئەگەر دىققەتسىزلىكتىن دەز ياكى پۇچۇق قاچىدا چاي ياكى تاماق كەلتۈرۈپ قالغان بولسا، ئۆي ئىگىسى سەزگەن ھامان يەڭگۈشلىۋېتىدۇ ۋە مېھماندىن ئەپۇ سورايدۇ. مېھمانغا چاي قۇيغاندا پىيالىنى تولدۇرۇپ قۇيمايدۇ، چاينى پىيالىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇپ كۆپۈكلەشتۈرۈۋېتىش ناھايىتى ئەيىب بولىدۇ.

شۇڭا چاي پىيالىنىڭ يان تەرىپىگە قويۇلىدۇ. پىيالىدىكى كونا چاي ئۈستىگە يېڭى چاي قۇيۇلماستىن، كونا چايىنى تۆكۈۋېتىپ چايىنى يېڭىلايدۇ.

ئۇيغۇرلار ئۆيىگە مېھمان كەلسە «خۇش كېلىپسىز»! دەپ ئوچۇق چىراي بىلەن كۈتىۋالىدۇ. مېھماننى ئوچۇق يۈزلۈك بىلەن كۈتۈۋالغانلىق ئۇنى كاتتا زىياپەت بىلەن كۈتۈۋالغانغا ئوخشاش، دەپ قارايدۇ. ساھىبخانا مېھماننىڭ ئالدىغا كىرىۋاتقاندا ـ چىقىۋاتقاندا ياكى تائام يېيىلىۋاتقاندا ئوچۇق يۈزلۈك، شېرىن سۆزلۈك ۋە خۇش پېئىل بولۇشقا تىرىشىدۇ. مېھمانلارنىڭ ئالدىدا ئۆيىدىكى بالا ياكى باشقا ئەزالارنى خاپا قىلماسلىق، تېرىكمەسلىك، قاتتىق سۆزلىمەسلىك، ئۇلار تەرىپىدىن بىرەر سەۋەنلىك ياكى كەمچىلىك يۈز بەرسە، تەنبىھ ۋە تەنە سۆزلەرنى ئېيتىشتىن ساقلىنىدۇ. ئەگەر ئۆيىگە كەلگەن مېھمانلارنىڭ سانى ئاز بولسا، ساھىبخانا بىللە ئولتۇرىدۇ، ئەگەر كۆپ بولسا ئۆزى تۇرۇپ خىزمىتىنى قىلىدۇ. ئارىلاپ ـ ئارىلاپ: «قېنى، مەزىلەردىن ئالغاچ ئولتۇرسىلا (ئېلىڭلار، يېڭلار، تەمى قانداقراق بولدىكىن)» دەپ تەكلىپ قىلىپ تۇرىدۇ.

ئۇيغۇرلار مېھمان كەلگەندە ئۇنىڭدىن نېمە يەيدىغانلىقىنى، نېمىگە كۆڭلى تارتىدىغانلىقىنى ئەدەپ بىلەن سورايدۇ. ئەگەر، مېھماننىڭ ئىستەك ۋە خاھىشى بويىچە تائام تەييارلانسا، مېھماننىڭ خۇرسەنچىلىكى زىيادە بولغاننىڭ ئۈستىگە، ساھىبخانىمۇ بىر خىل كۆڭۈل ئازادىلىكىدە بولىدۇ. بىراق مېھماندىن: «بىر نەرسە يەمسىز، بىرەر نەرسە ئېلىپ چىقايمۇ؟» دەپ سوراشنى ناھايىتى يامان ئادەت، دەپ قارايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مېھماندىن سورىماستىن ئۆيدە بار نەرسىلەرنى ئېلىپ چىقىپ مېھماننىڭ ئالدىغا قويىدۇ.

ئەقىللىق ۋە ئېتىقادلىق ساھىبخانىلار مېھمانغا تائامنى تېز





كەلتۈرۈشكە تىرىشىدۇ ۋە كۆپ ساقلاتمايدۇ. نان ۋە باشقا تائاملارنى داستىخانغا داخىل مېھمانلارغا كۆپايە قىلغۇدەك قويىدۇ، ھەرگىز ئىسراپ بىلەن ئىش تۇتمايدۇ. ناننى داستىخانغا تاق قويىدۇ، داستىخاندا ئۇشتۇلغان نان بولسا ئۈستىلەپ نان ئۇشتۇمايدۇ.

ساھىبخانا مېھماننىڭ ئالدىغا تائام قويغاندىن كېيىن، ناھايىتى سىپايىلىق بىلەن تائام يېيىشكە دەۋەت قىلىدۇ، مېھماننىڭ تارتىنىپ قالماسلىقى ۋە تويۇپ غىزالىنىشى ئۈچۈن ئادەتتە ئاۋۋال ئۆي ئىگىسى تائامغا قول ئۇزىتىدۇ ھەم ئەڭ ئاخىرىدا قول يىغىدۇ. ئەمما كەلگەن مېھمان يالغۇز ياكى يېقىن دوست ـ يارانلىرىدىن بولسا ئۇلارغا ھۆرمەت قىلىدۇ، داستىخانغا ئۇلاردىن ئىلگىرى قول ئۇزاتمايدۇ، تائام يېيىشنى مېھمان بىلەن باشلايدۇ.

مېھمانلار ئارىسىدا خالىس روزا تۇتقان ياكى كەلگەنلا تائامنى يېيەلمەيدىغان پەرھىزكار كىشىلەر بولسا، ئۇلارغىمۇ مۇۋاپىق مۇئامىلە قىلىنىدۇ، ئۇلارغا پەرۋاسىز قاراپ ياكى تائامغا زورلاپ ئۇيالدۇرمايدۇ. ھەرقانداق بىر ساھىبخانا لەززەتلىك ۋە ياخشى تائاملىرىنى مېھمانغا يېگۈزۈشكە تىرىشىدۇ ۋە ئۆزى ئادەتتىكى تائاملارنى يېسىمۇ رازى بولىدۇ. ئەگەر تاسادىپىي پۇرسەتتە تائام ئاز بولسا ياكى ساھىبخانا مېھماننىڭ قورسىقىنىڭ ئاچ ئىكەنلىكىنى بىلسە، ئۆزى ئازراق يەپ، كۆپرەكىنى مېھمانغا يېگۈزۈشكە ھەرىكەت قىلىدۇ. مېھمان تائامدىن قول يىغقاندىن كېيىن، ئەگەر كەتمەكچى بولسا ئىجازەت بېرىپ، ئىشىككىچە بىللە چىقىپ ئۇزىتىپ قويىدۇ.

ھەرقانداق كىشى ئادەتتە، ئۆيدە نېمە ھازىر بولسا، شۇنى مېھماننىڭ ئالدىغا قويىدۇ. تەربىيە كۆرگەن، جاھان كۆرگەن كىشىلەر مېھمانغا يالغاندىن تەكەللۇپ قىلمايدۇ، ئەمما ياخشى ۋە دۇرۇس نىيەت بىلەن تەكەللۇپ قىلىشتىنمۇ يانمايدۇ.

مېھمان كاتتىلىق ـ سۈپىلىق ئۆيگە باشلانغان بولسا، مېھمانىنىڭ ئاستىغا كۆرپە سېلىنىدۇ.

ئۆيگە كەلگەن مېھمان ئىشىك ئالدىدا ياكى دەرۋازا سىرتىدا ئۈزىتىپ قويۇلىدۇ. ئىشىكتىن چىقماي ئۈزىتىپ قويۇش مېھمانغا نىسبەتەن ناھايىتى ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يەنە بىرەر ئۆيگە مېھمان كەلسە بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان قولۇم ـ قوشنىلىرى مېھمان ئالدىغا كىرىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن، نۆۋەت بىلەن بۇ مېھمانلارنى ئۆيلىرىگە تەكلىپ قىلىدىغان ئادەت بار. تەكلىپ قىلغان قوشنىلار مېھمان ھۆرمىتىگە ئاتاپ بىرەر خىل ياخشى تاماق تەييارلايدۇ. بۇ ئادەت بولۇپمۇ يېزىلاردا كەڭ ئومۇملاشقان. قىسقىسى، «تاپقىنى قوي كەلتۈرەر، تاپمىغىنى چۈجە خوراز» دېگەندەك، ھەر بىر كىشى ئۆزىنىڭ ھالىغا قاراپ، مېھماندىن ھېچ نەرسىسىنى ئايىماي، ساخاۋەت بىلەن داستىخان سالىدۇ.

## سوئال: مېھماننىڭ ساھىبخانىغا كۆرسىتىدىغان ئەدەپلىرى قايسىلار؟

جاۋاب: ئۇيغۇرلار ئەگەر قوينىڭ بىر پارچە گۆشىگە چاقىرىسىمۇ بېرىشنى ئېغىر كۆرمەيدۇ. خۇسۇسەن ياخشى كىشىلەر ۋە پېقىرلەر چاقىرسىمۇ بېرىشتىن ئېرىنمەيدۇ. ئەگەر نىكاھ ئۈچۈن قىلىنغان تائامغا چاقىرسا، روزا تۇتقان بولسىمۇ قوبۇل قىلىپ بارىدۇ.

چاقىرىلمىغان بولسا بىرەركىمنىڭ ئۆيىگە تائام ئۈستىگە بېرىشنى ئەدەپسىزلىك دەپ بىلىدۇ. ئەگەر ئىككى كىشى چاقىرغان بولسا، قايسىسى يېقىن بولسا شۇنىڭكىگە بارىدۇ، ئەگەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى چاقىرغان بولسا، قايسىسىنىڭ دوستلۇقى كۈچلۈك بولسا، ئاۋۋال شۇنىڭكىگە بارىدۇ، شۇنداقلا ئۆي ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز چاقىرىلمىغان كىشىنى قوشۇپ





ئېلىپ بارمايدۇ، بۇنداق قىلىش ئىنتايىن ئەدەپسىزلىك ھېسابلىنىدۇ. ئاقىل كىشىلەر، ئەگەر چاقىرىلمىغان كىشى ئۆزى قوشۇلۇپ بارسا، ئۆي ئىگىسىنىڭ ئىشىكىگە كەلگەندە: «بۇ كىشى ئۆزى كەلدى، ئەگەر رۇخسەت بولسا كىرسۇن، بولمىسا قايتسۇن» دەپ ئېيتىپ قويىدۇ ياكى باشقىچە شەكىلدە بۇ مەننى ئىپادىلەيدۇ.

ئۇيغۇرلار تاماق تاللاشتىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىدۇ. بىرەر تاماق ئالدىغا كەلتۈرۈلگەندە تاماقنى «ئوخشىماپتۇ» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلمايدۇ. يەنە تاماقنى پاكىز تۆكۈپ يېمەسلىكتىن، قاچىنىڭ ئاستىدا تاماق يۇقۇندىلىرىنى قويۇپ قويۇش پەرھىز قىلىنىدۇ. ئىسراپچىلىقتىن قاتتىق پەرھىز قىلىدۇ.

ئۇيغۇرلار داستىخان ئۈستىدە تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن دۇئا قىلىدۇ. ئەمما داستىخان ئۈستىدىكى بەزىلەر تاماق يەۋاتقاندا يەپ بولغانلار دۇئا قىلمايدۇ. ئەگەر يەپ بولغۇچىلار جىددىي ئىشى بولۇپ قېلىپ، دۇئا قىلىپ داستىخاندىن قوپۇشقا توغرا كەلسە، يەپ بولغانلار دۇئا قىلىۋاتقاندا، تاماق يەۋاتقانلار قاچىسىنىڭ ئۈستىنى قولى بىلەن توسۇۋالىدۇ ياكى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. بۇ بىر خىل ئالدىنى ئېلىش تەدبىرىدۇر.

ئەقىللىق كىشىلەر مېھمانغا بېرىشتىن ئاۋۋال، مېھمانلار ئارىسىدا ئاچ كۆزلۈك بىلەن تائام يېيىشتەك بەتقىلىقلىقنى سادىر قىلماسلىق ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ئۆيىدە ئازراق تائام يەپ بېرىشنى ئادەت قىلىدۇ. ئۆي ئىگىسى قايسى جايغا ئولتۇرغۇزسا، شۇ يەردە ئولتۇرىدۇ ۋە ئالدىغا نېمە كەلتۈرسە شۇنى يەيدۇ، ئۇياق ـ بۇياقلارغا كۆز يۈگۈرتۈشتىن ساقلىنىدۇ. ئۆي ئىگىسىگە يا تائام يا باشقا زۆرۈرىيەتلەر ۋەجىدىن ھېچقانداق ھۆكۈم چۈشۈرمەيدۇ. ئەمما بىر ـ بىرى بىلەن ئىلگىرىدىن يېقىن بولسا ھۆكۈم چۈشۈرسىمۇ بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

ساھىبخانىنىڭ رۇخسىتىسىز زەللە داستىخانغا يۆگەپ

ماڭمايدۇ. چۈنكى، ئۇيغۇرلار تائامنى ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن ئەمەس، يېيىش ئۈچۈن قويۇلغان، دەپ قارايدۇ. ئەگەر مېھمانلار ئارىسىدا مۇساپىر، موھتاجلار بولسا، تائام ئىگىسى ئۇلارغا داستىخان يۆگەپ قويۇشنى جائىز دەپ قارايدۇ. داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن تائام ئىگىسىگە ئاتاپ دۇئا قىلىدۇ.

تائامدىن كېيىن ئۆي ئىگىسىدىن ئىجازەت سوراپ قايتىدۇ، كۆپ سۆزلىشىپ ئولتۇرمايدۇ. ئەمما ئۆي ئىگىسىدىن ئىجازەت سورىماي قايتمايدۇ.

**سوئال: يېمەك - ئىچمەكتىكى ئەدەپ ۋە پەرھىزلەر قايسىلار؟ بۇلارغا ئەمەل قىلىشنىڭ قانداق مۇھىم ئەھمىيىتى بار؟**

جاۋاب: تەربىيە كۆرگەن ھەر بىر ئۇيغۇر قورساق ئاچماستىن بۇرۇن زورلاپ تائام يېمەيدۇ، شۇنداقلا تائامنى كۆپ تويۇپ يەۋالمايدۇ. ئاتا - بوۋىلاردىن قالغان ئادەت بويىچە شۇبھىلىك تائاملاردىن ھەزەر قىلىدۇ. ئەگەر زۆرۈرىيەت ۋەجىدىن شۇبھىگە مۇپتىلا بولسا ئىمكانقەدەر ئاز يەيدۇ.

ئۇيغۇرلار مۇنۇ نەچچە تۈرلۈك يېمەكلىكنى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرىنى ياكى قوشۇپ يېسە، كېسەللىك ئېلىپ كېلىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ ئادەت قەدىمدىن ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. بۇلارنىڭ ئىچىدە بولۇپمۇ بېلىق بىلەن سۈتنى، يەنە سۈت بىلەن گۆشنى، ئىككى ئىسسىق نەرسىنى، ئىككى سوغۇقلۇق نەرسىنى ، ئىككى ياندۇرغۇچى نەرسىنى، ئىككى سۈرگۈچى نەرسىنى، بىرى ياندۇرغۇچى، بىرى سۈرگۈچى نەرسىنى، تېز ھەزىم بولىدىغان غىزا بىلەن ئۇزاقتا ھەزىم بولىدىغان غىزانى، ئىسسىقلىق تائامنى كۆپ يېمەيدۇ. تەقۋادار كىشىلەر يەنە پىياز بىلەن سامساقنى ئوبدان پىشۇرۇۋەتمەي تۇرۇپ، خام پېتى يېمەيدۇ.

ئۇيغۇرلار ئۆرە تۇرۇپ ياكى مېڭىپ يۈرۈپ تاماق يېمەيدۇ،





ھەرقانداق تائامنى داستىخان ئالدىدا ياكى تاماق شىرەسى ئەتراپىدا ئولتۇرۇپ يەيدۇ. ئولتۇرۇش ھالىتى مۇنداق ئۈچ خىل بولىدۇ: بىرىنچى، ئىككى تىزىنى پۈكۈپ (يۈكۈنۈپ) ئولتۇرىدۇ، لېكىن ئالدىغا بەك ئېگىلىپ، قورسىقىنى تىزىغا تەگكۈزۈپ ئولتۇرۇشنى ئەدەپسىزلىك دەپ قارايدۇ؛ ئىككىنچى، ئوڭ تىزىنى كۆتۈرۈپ، چەپ تىزىنى پۈكۈپ ئولتۇرىدۇ؛ ئۈچىنچى، ئىككى تىزىنى كۆتۈرۈپ قارنىغا يېپىشتۇرۇپ ئولتۇرىدۇ. يەنە ھەرقانداق كىشى تائامغا ئولتۇرغاندا كەشلىرىنى سېلىۋېتىپ، ئېتەك ۋە يېڭىنى تۈرۈپ ئازادە ئولتۇرۇپ تاماقلىنىشنى تەكىتلەيدۇ.

ھەرقانداق بىر ئۇيغۇر ھەرقانداق بىر تائامنى داستىخان ئۈستىگە قويۇپ يەيدۇ. پۇتى يەردىن بەك ئېگىز بولغان شىرەلەرنىڭ ئۈستىگە تائام قويۇپ يېيىشنى دۇرۇس ئەمەس، دەپ قارايدۇ. ئەگەر يەردىن ئانچە ئېگىز بولمىسا دۇرۇس بولىدۇ.

توي - تۆكۈن ياكى مېھماندارچىلىقتا، تائامغا مەجلىس ئەھلىنىڭ چوڭلىرى قول ئۇزاتمىغۇچە قول ئۇزىتىش ئەدەپسىزلىك بولىدۇ. ئەگەر ئۆزى مەجلىس ئەھلىنىڭ چوڭى بولسا، تائامغا تېزرەك قول ئۇزىتىدۇ، مەجلىس ئەھلىنى تەقەززا قىلىشنى ئەدەپسىزلىك دەپ قارايدۇ.

ھەرقانداق بىر ئەقىللىق ئادەم ئاگاھلىق بىلەن يەپ - ئىچىدۇ. ئادەتتە ھەرقانداق ئادەمنىڭ تائامنى ئوڭ قول بىلەن يېيىشى ۋە ئىچىشى تەكىتلىنىدۇ. قولدا تاماق يېگەندە ئۈچ بارماق، يەنى باش بارماق، ئۇنىڭ يېنىدىكى بارماق ۋە ئوتتۇرا بارماق بىلەن تائام يەيدۇ, ئۇنىڭغا نامسىز بارماق قوشۇلسىمۇ بولىدۇ، لېكىن ئىككى بارماق بىلەن تائام يېيىشنى يامان كۆرىدۇ.

تائامنى باشقىلارنىڭ ئالدىدىن يېيىش ئەدەپسىزلىك ھېسابلىنىدۇ. تاماقنى ئۆز ئالدىدىكى جايدىن يېيىش تەكىتلىنىدۇ، ئەمما مېۋىلەرنى ھەرقايسى تەرەپلەردىن ئېلىپ

يېسە بولىدۇ دەپ قارايدۇ.

ھەرقانداق ئەقىدە ـ ئېتىقادلىق كىشى نان ۋە نان ئۇۋاقلىرىنى ئەتىۋارلايدۇ، ناننى ئىككى قول بىلەن سۇندۇرىدۇ. ئۆزى يېمەكچى بولسىمۇ قولىدىكى ياغنى نانغا سۇرتمەيدۇ. ئاغزىدىن ياكى قولىدىن چۈشكەن نان ئۇۋاقلىرىنى ۋە باشقا دانلارنى دەرھال تېرىپ يېيىشنى كۆپ خاسىيەتلىك ئىش، دەپ قارايدۇ.

تائام يېگەندە ئاچ قورساق بولسىمۇ تېز ۋە شالاپشىتىپ يېيىشنى ئەدەپسىزلىك دەپ قارايدۇ. چوڭ ـ كىچىك ھەممەيلەننىڭ لوقمىنى ئوتتۇراھال ئېلىشى تەشەببۇس قىلىنىدۇ. ئاغزىدىكى لوقمىنى ئوبدان چايناپ، ئاستا يۇتۇش ئەدەپكە ئەڭ ئۇيغۇن. تائام قىزىق بولسا پۈۋلەشكە بولمايدۇ، سوۋۇشىغا سەۋر قىلىش تەكىتلىنىدۇ، ئاغزىنى تائامغا بەك يوغان ئېچىشمۇ تەشەببۇس قىلىنمايدۇ ۋە تائامنى ئوڭ تەرەپ چىشى بىلەن چايناش تەكىتلىنىدۇ، ئەگەر ئوڭ تەرەپتە چىش ئاغرىقى ياكى باشقا ئۆزرىسى بولسا چەپ تەرەپتىكى چىش بىلەن چاينىسىمۇ بولىدۇ تاكى ئاغزىدىكى تائامنى يۇتۇپ بولمىغۇچە قولىنى تائامغا ئۇزاتماسلىق ئەدەپكە لايىق ئادەت ھېسابلىنىدۇ. ئاغزىغا ئالغان تائامنى يەنە قاچىدىكى تائامغا قويۇش، تائام يۇقى قولىنى قاچىغا سىلكىش ئەدەپسىزلىكتۇر. پارچە گۆشنى ياغلىق لوقما (پولۇغا ئوخشاش) نىڭ ئۈستىگە قويۇپ يېسە بولىدۇ.

تائام ئۈستىدە باشتىن ـ ئاخىرغىچە خامۇش بولۇشمۇ ئەدەپسىزلىك سانىلىدۇ. يەنە تائام ئۈستىدە ۋەھىمىلىك سۆزلەرنى دېيىش، تائامنى يەرگە تاشلاشمۇ ئوخشاشلا تائام ئەھلىگە بولغان ھۆرمەتسىزلىكتۇر.

كىشىلەر ئادەتتە ئىمكان بولسىلا تائامنى يالغۇز يېمەيدۇ، تائامغا قانچە كۆپ قول جەم بولسا، بەرىكەتكە سەۋەبچى، دەپ قارايدۇ.





ئەدەپ بىلەن سۆھبەت ئەھلىگە تاكى سۆھبەت ئاخىرلاشقۇچە ئۇلپەت بولۇش، ئەگەر زۆرۈرىيەت بولمىسا داستىخان يىغىلمىغۇچە ئورنىدىن تۇرماسلىقمۇ ئەدەپلەرنىڭ بىرىدۇر. مېھماندارچىلىق پەيتىدە ئاقىل كىشىلەر ياخشىراق تائامنى ھەمتاۋۇقى ھەم ھەمراھلىرىغا قويۇشنى باشقىلارغا بىلدۈرۈلگەن ھۆرمەت دەپ قاراپ، ئۆزى ئۇنىڭغا قول ئۇزاتمايدۇ.

نۇرغۇن كىشىلەر يېمىش يېمەكچى بولغاندا تاق سان بويىچە يېيىشكە رىئايە قىلىدۇ، جۈملىدىن، ئەگەر خورما ياكى ئەنجۈر ۋە ياكى سامبۇسا بىلەن چۆچۈرە يېمەكچى بولسا بىر، ئۈچ، يەتتە... گە ئوخشاش تاق تەرتىپتە يەيدۇ. قوشۇق بىلەن تائام يېگەندە تاق تەرتىپتە رىئايە قىلىش كېرەك، دەپ قارايدۇ. ئەگەر ئىككى كىشى بىر قاچا تائامغا شېرىك بولسا، ھەرقايسىسى بىر قوشۇقتىن يا ئۈچ قوشۇقتىن ئىچىش ۋە ئەگەر تەنھا بولسا قوشۇقنى تاقتا تۈگىتىشمۇ ئەدەبكە لايىقتۇر. قوشۇق بىلەن ئاش ئىچكەندە ئاغزىنى قاچىغا بەك يېقىن كەلتۈرۈش ھەم ئاغزىنى بەك يوغان ئېچىش، قوشۇقنى ئاغزىنىڭ ئىچىگە تىقىش، ئاشنى ئىچكەندە شالاپشىتىپ يېقىمسىز ئاۋاز چىقىرىش قاتارلىق قىلىقلارنىڭ ھەممىسى ئەدەپسىزلىك سانىلىدۇ.

تەقۋادار كىشىلەر ئادەتتە تائامدىن كېيىن بارماقلىرىنى پاكىز يالاپ بولۇپ، ئاندىن يۇيۇۋېتىدۇ، قولىنى داستىخانغا ئېرتىشنى ئەدەپسىزلىك دەپ قارايدۇ.

ئەگەر پوستلۇق ياكى ئۇرۇقى بار مېۋىلەرنى يېگەندە، ئۇنىڭ ئۇرۇقى ۋە پوستىنى يېيىلمىگەن مېۋىگە قوشماي ئايرىم قويۇش ئەدەپكە ئۇيغۇندۇر.

تائامدىن كېيىن پاكىز ۋە ھالال ياغاچ بىلەن چىشنى كولاش كېرەك. خەلقىمىز تىل بىلەن چىشنىڭ ئارىسىدىن چىقارغان تائامنى يېمەك ھارام ئەمەس، ئەمما، كوچىلاپ چىقىرىلغان تائامنى يېمەك ھارام، دەپ قارايدۇ. چىشنى كۆپ كولاپ زەرەر

يەتكۈزۈشمۇ خوپ كۆرۈلمەيدۇ.

تائامدىن ئىلگىرى ۋە كېيىن قولنى يۇيۇش تەرتىپى مۇنداق: قول يۇيغۇچى ئىككى تىزى بىلەن ئولتۇرىدۇ ۋە ئىككى بىلىكىنى ئىككى تىزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويىدۇ. ئاندىن كېيىن ئىككى قولىنىڭ ئۇچىنى بوغۇمىغۇچە چىلاپچا ئىچىگە تۇتۇپ يۇيىدۇ. يۇيغان قولنى چىلاپچىغا سىلكىشكە بولمايدۇ، چۈنكى كۆرپە ۋە كىيىم - كېچەكلەرگە تېمىپ كېتىدۇ ۋە مەجلىس ئەھلى نەپرەتلىنىپ قالىدۇ، قولنى يۇيغاندىن كېيىن پاكىز لاتىغا سۈرتۈش ۋە قولىغا سۇ بەرگۈچىگە رەھمەت ئېيتىش لازىم.

مىللىي ئۆرپ - ئادەت، دىنىي ئەقىدە بويىچە بولغاندا، مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ بەرگۈچىگە ئەدەپ شۇكى، تائامدىن ئىلگىرى ئوڭ قول تەرەپتىن باشلاپ مەجلىس ئەھلىنىڭ قولىغا سۇ بېرىدۇ، تائامدىن كېيىنمۇ سۇ بېرىدۇ. سۇ بېرىش ئاخىرلاشقاندا چىلاپچىنى جامائەتنىڭ يېنىدا قويمايدۇ. جامائەتنىڭ قولىغا سۇ بەرگەندە كۆرپىگە ياكى بىراۋنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىگە سۇ چاچراپ كېتىشىدىن ئېھتىيات قىلىدۇ ۋە يەنە ھەر بىر ئادەمگە ئۈچ قېتىمدىن سۇ قۇيۇش كېرەك. بۇنىڭدا: ئاۋۋال ئازراق، ئىككىنچى قېتىمدا ئۇنىڭدىن كۆپرەك، ئۈچىنچى قېتىمدا يەنە شۇنچىلىك قۇيۇش ئەدەپكە ئۇيغۇندۇر.

تائام يەپ بولغاندىن كېيىن، دۇئا قىلىدۇ، ھەر بىر ئەقىدە - ئېتىقادلىق ئۇيغۇر مېھماندارچىلىقتا قىلىنغان دۇئا داستىخانغا بەرىكەت ياغدۇرىدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئازەرباد قەدىمكى زامان پارس ھەكىملىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ ئۆز ئوغلىغا مېھماندارچىلىق ھەققىدە مۇنداق ئۈگۈت قىلىدۇ:

— ئەي ئوغلۇم، سەن ھەمىشە مېزبان، ئادەملەرنى مېھمان قىلىشقا قادىر بولاي دېسەڭ، مېھماندارچىلىقتا ئوتتۇرىچە يول تۇت، بار - يوقۇڭنى بىر يولىلا سەرپ قىلىۋەتمە. بىراۋغا موھتاج بولماي دېسەڭ، قانائەت يولىدا چىڭ تۇر! مەقسىتىڭگە





يېتەي دېسەڭ، دائىم ئىنتىلىشتە بول! دۇنيادا ئامان بولاي دېسەڭ، گۇناھ ئىشلاردىن يىراق تۇر. دوستلىرىم كۆپەيسۇن دېسەڭ، تەۋازۇ ۋە كەمتەرلىكنى ئادەت قىل! ئەگەر سەن دوستلىرىڭ بىلەن مۇستەھكەم ئالاقىدە بولساڭ، ئۇلارغا ئىززەت - ئىكرام بىلەن مۇئامىلە قىلساڭ، ئۇلار سېنىڭ مەدەتكارىڭ بولىدۇ. ئۇ ھالدا يات كىشىلەرگە ھاجىتىڭ چۈشمەيدۇ. نائەھلى ۋە قۇلاق كەستىلەرگە قەرز بەرمە، ئۇلاردىن ھېچقاچان قايتۇرۇۋالالمايسەن. ھەسەتخورغا مال - دۇنيايىڭنى بىلدۈرمە، ئۆز بايلىقى بىلەن پەخىرلەنگۈچى ۋە مەغرۇرلانغۇچى كىشىلەر بىلەن ئالاقىدە بولما! ھەر قانداق ئىشتا ھىيلە - مىكىر ئىشلەتمە، خۇشامەتچىلىكتىن يىراق تۇر! يوقالغان نەرسىگە غەم قىلما،بايلىق ۋە دۆلەت بىر قۇشكى، ھەر دەم ھەر ماكانغا ئۇچىدۇ ۋە قونىدۇ.

# نادانلىق

**سوئال: نادانلىققا قانداق تەبىر بېرىلىدۇ؟**

جاۋاب: نادانلىق — كىشى ئۆمرىنى ۋە بايلىقىنى قانۇن - قائىدىلەرگە خىلاپ يەرلەرگە ۋە بۇزۇق ئىشلارغا سەرپ قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئىمكانىيەت ۋە شارائىتلارنىڭ يار بەرمەسلىكى تۈپەيلىدىن بىلىم ئىگىلىيەلمەسلىك، ئۆزىگە خاس مەنىۋى ساپا ھازىرلىماسلىقمۇ نادانلىققا كىرىدۇ.

نادانلىق ئەڭ يامان خۇلقلاردىن ھېسابلىنىدىغان يارىماس سۈپەتتۇركى، كىشىنى ئۈمىدسىزلىك ۋە نادامەت بالاسىغا دۇچار قىلىشتىن تاشقىرى، ئۇنىڭ شۆھرىتى ۋە ئېتىبارىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىدۇ. شۇنىڭدەك ئورۇنسىز يەرگە سەرپ قىلىنغان نەرسىنىڭ قىممىتىنى قايتۇرۇۋېلىش مۇمكىن بولمىغىنىدەك، نادانلىق دۇنياسىدا ئىسراپ قىلىنغان ئەزىز ئۆمۈر ۋە ھاياتنىمۇ ياندۇرۇۋېلىشنىڭ ئىمكانى يوقتۇر. ئەگەر ئىنسان ھەر ھالدا ئۆز نەپسىنى تىزگىنلەپ، بەختىيار ھالدا بىرەر مەئىشەتكە قادىر بولسا، ئىنسانىيلىق مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلغان ھېسابلىنىدۇ. نادانلىق يالغۇز بىر ئائىلىنىڭلا ئەمەس، پۈتۈن بىر قوۋمنىڭ مال ۋە بايلىقىنى سورۇۋېتىشكە قادىردۇر، ھەتتا نومۇس ۋە پەزىلىتىگە خاس بولغان ھۆرمەت ۋە رىئايەتنىمۇ يوق بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان يوتقىنىغا بېقىپ پۇت سوزمىسا، كىرىمىگە قاراپ چىقىم قىلمىسا، تېجەمكارلىققا رىئايە قىلمىسا، نەپسىنىڭ ياقىسىنى نادانلىقنىڭ قولىدىن قۇتقۇزالمايدۇ. بۇنداق كىشىلەر ھايات ۋە بايلىق قەدرىنى بىلمىگەن ۋە تۇزكورلۇق قىلغان بولىدۇ. نادانلىق بالاسىغا مۇپتىلا بولغان كىشىلەرنىڭ





باشلىرىغا شۇنداق بىر قارا كۈنلەر كېلىدۇ، ئۇ چاغدا «ئاھ نادانلىق، دەھشەتلىك ئاپەت، مال - دۇنيانىڭ بالاسى ئىكەنسەن»! دەپ پىغان چەككەن بىلەنمۇ پايدا بەرمەيدۇ. ئەپسۇسكى، بىز ۋۇجۇدىمىزنىڭ مەنبەسى ياكى ھەقىقىي ئانىمىز بولغان ۋەتىنىمىز، يەنى تۇپرىقىمىزنى توۋەن باھادا سېتىپ پۇچەك پۇل ئالغىنىمىزغا، ئاسار ئەتىقىلىرىمىزنىڭ بەدىلىگە ساختا ئەشيالارغا ئېرىشكىنىمىزگە ئوخشاش، ئىلكىمىزدە بار ئىلىم ۋە مەرىپىتىمىزنى، مال ۋە بايلىقىمىزنى ھاۋايى ھەۋىسىمىز ئۈچۈن «دەتتىكام»! دەپ تىكىپ ئۇتتۇرۇۋاتىمىز، نادانلىق بازىرىدىن بۇزۇق ۋە چىركىن ئىشلارنى سېتىۋېلىۋاتىمىز.

گەپنىڭ قىسقىسى، ئىنسان ئۆمرىنىڭ بىر دەقىقىسىنى، بايلىقىنىڭ بىر تىيىنىنى ئورۇنسىز يەرلەرگە ۋە قائىدە - يوسۇنغا خىلاپ ئىشلارغا ئىشلەتسە، بۇ دۇنيادا خار، ئۇ دۇنيادا ئەلەملىك ئازابقا دۇچار بولۇشىدا شۈبھە يوقتۇر.

ئالىم مۇھەممەد ئىبىن ئەھمەد ئېيتىدۇ: نادان كىشى كۆڭلىگە نېمە كەلسە شۇنى قىلىدۇ. ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ نېمە بولۇشىنى ئويلىمايدۇ، ئەخمەق سىنالمىغان كىشىنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ ئىش قىلىدۇ. ئۆزىگە ھەددىدىن ئارتۇق ئىشىنىدۇ، ماختاشنى ياخشى كۆرىدۇ. بىر نەرسە ھەققىدە سورىسا ئويلىمايلا جاۋاب بېرىدۇ. ھەر ئىشتا ئالدىراڭغۇلۇق قىلىدۇ. مەرىپەتتىن خالىي، خاتاسى كۆپ بولىدۇ. ئوڭ - سولىغا كۆپ قارايدۇ. تەكەببۇر ۋە مەمەدان بولىدۇ. بىمەنە سۆزلەرنى سۆزلەشتىن تىلىنى تارتمايدۇ. تىلى زەھەر بولىدۇ. ئاغزىدىن شېرىن سۆز چىقمايدۇ. ئېيتىلغان سۆزنى چۈشەنمەيدۇ. كۈلسە قاتتىق كۈلىدۇ، يىغلىسا ۋارقىراپ يىغلايدۇ. مانا شۇنداق يارىماس ئادەتلىك كىشىلەر نادان دېيىلىدۇ.

**سوئال: بۈگۈنكى كۈندە نادانلىق يەنىلا ئېغىر ئىجتىمائىي مەسىلىگە ئايلانماقتا. نادانلىقنى تۈگىتىش ئۈچۈن قانداق چارىلەرنى قوللىنىش كېرەك؟**

جاۋاب: خەلقىمىز ئەسىرلەر بويى نادانلىقنىڭ دەردىنى تارتىپ كەلگەنىدى، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە يەنىلا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ نادانلىقى سەۋەبىدىن نۇرغۇن پاجىئەلەر يۈز بەرمەكتە.

مېنىڭچە، نادانلىق پەقەت مال - مۈلۈكنى لايىق بولمىغان جايلارغىلا سەرپ قىلىشنى كۆرسەتسە، بۇ ناھايىتى يۈزە بولۇپ قالىدۇ. نادانلىق ئەقىل ئىگىسى بولمىغانلىقنىڭ، ئەقىلدە توشمىغانلىقنىڭ، مەدەنىيەتلىك ئادەمگە خاس ساپا ھازىرلىمىغانلىقنىڭ روشەن ئىپادىسىدۇر. ئىلگىرى پەرزەنتلەر ئوقۇشسىز قېلىپ، بىلىم ئۆگەنمىگەنلىكتىن نۇرغۇن نادانلىقلار يۈز بەرگەن ۋە بۇ سەۋەبتىن نۇرغۇن مال - دۇنيا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان ئىشلارغا سەرپ بولۇپ كەتكەن، نادانلىق تۈپەيلىدىن بەزى كىشىلىرىمىز كىچىككىنە شەخسىي مەنپەئەت ئۈستىدە تىك تۇرۇپ، ئەڭ چوڭ مەنپەئەتكە پەرۋاسىز قارىغان. يەنى ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىگە قۇل بولۇپ، ۋەتەن، خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە پەرۋاسىز قارىغان، كەسكىن بولالمىغان، قانداق مۇئامىلە قىلىشنىمۇ بىلەلمىگەن.

بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، ئەۋلادلىرىمىزنىڭ بىلىم ئېلىش يوللىرى كېڭەيدى، تىرىشسىلا نادانلىقتىن قۇتۇلۇپ بىلىمنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىققىلى، دۆلەت ۋە خەلققە پايدىلىق ئادەم بولۇپ يېتىلگىلى، نادانلىق كىشەنلىرىنى ئۈزۈل - كېسىل پاچاقلاپ تاشلىغىلى بولىدۇ، شۇنداقتىمۇ، بەزى خېلى يۇقىرى بىلىم ئالغان كىشىلىرىمىزمۇ نادانلىق پاتقىقىغا پېتىپ، نۇرغۇن بىمەنە ئىشلارنى، پاجىئەلەرنى پەيدا قىلماقتا.

يېقىندا مەلۇم بىر يۇرتتا نەۋرە - چەۋرىسى ئونغا يەتكەن قېرى ئەر - خوتۇن ئامالسىزلىقتىن ئاجرىشىپ كەتتى. بۇ ئائىلىدىكىلەرنىڭ ئۈچ قىزى، بىرلا ئوغلى بار ئىدى. ئوغلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكىچە ئوقۇغان بولسىمۇ، جەمئىيەتكە چىققاندىن كېيىن ئانىسىنىڭ ھىمايىسىدە پۇلنى بۇزۇپ - چېچىپ خەجلەشكە ئۆگىنىپ قالغان ئىدى. دادىسىنىڭ نەچچە





مىڭ قويى بار ئىدى، بانكىدا پۇلىمۇ كۆپ ئىدى. بۇ كىشى ئوغلىنىڭ يامان يولغا كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلىپ خوتۇنىدىن سورىسا، خوتۇنى ئامراق ئوغلىنىڭ ئىشلىرىنى يوشۇرۇپ تۇرىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئىش تېخىمۇ يوغىنىدى، ئوغۇل قىمار ئويناپ نەچچە يۈز مىڭ يۈەنگە قەرزگە بوغۇلۇپ قالدى. ئانىسى شۇنداقتىمۇ يوشۇرۇن قويلارنى ساتقۇزۇپ، ئىشلەتمىگەن ئۆيلەرنى سېتىپ بۇ قەرزنى تۆلىدى. شۇنداق قىلىپ، بۇ قېرى ئەر - خوتۇن ئارىسىدا زىددىيەت چۈشتى، ئېرى خوتۇنىنى بالىنىڭ قۇيرۇقىنى بەك كۆتۈرىۋەتتىڭ دەپ ئەيىبلەيتتى، ئايال بولسا ئامراق ئوغلىنىڭ ھەرقانداق تەلىپىنى شەرتسىز ئورۇنداپ بېرىشكە تەييار ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇردى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار قېرىغىنىدا ئەل - جامائەت ئالدىدا سەتلىشىپ ئاجرىشىپ كەتتى. مانا بۇ نادانلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان پاجىئە ئىدى.

بۈنىڭغا ئوخشايدىغان پاجىئەلەر ناھايىتى كۆپ، نۇرغۇن ياشلىرىمىز قىمار تۈپەيلىدىن ۋەيران بولۇپ، يۇرت - يۇرتلاردا سەرسان - سەرگەردان بولۇپ يۈرمەكتە. ئۇلارنىڭ خوتۇن - بالىلىرى تۇرمۇشنى قامدىيالماي، بىر پارچە نانغا زار بولۇپ كۈن كەچۈرمەكتە. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇزۇقچىلىق قىلىدىغان ئورۇنلارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، كۆڭۈل ئاچىدىغان يەرلەرگە بىر كىرىپ كەتسە نەچچە مىڭ يۈەننى خەجلەپ چىقىدىغان كىشىلىرىمىز بارغانسېرى كۆپەيمەكتە. كېسەل يۇقتۇرۇۋېلىش، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ۋەيران بولۇش، خەلقئالەم ئالدىدا رەسۋا بولۇشلارنى دېمەيلا قويۇڭ.

شۇنىڭ ئۈچۈن مۇراجىئەت قىلىمىز: نادان بولمايلى، نادانلىق تۈپەيلىدىن ئائىلىمىز، بەختىمىزگە زىيان يەتمىسۇن، كىشىلەرگە، جەمئىيەتكە زىيان يەتمىسۇن، بۇ رەزىل كونا قالپاقنى يىراققا چۆرۈپ تاشلايلى!

# نەپس ئۆلچىمى

**سوئال: نەپسنىڭ كەينىگە كىرىش ـ كىرمەسلىك بىر ئادەمنىڭ ئەخلاقلىق ياكى ئەخلاقسىزلىقىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم ئۆلچەملەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. خەلقىمىزنىڭ ئۆتمۈشتىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان نەپس ئۆلچىمى قانداق بېكىتىلگەن؟ نەپسنى قانداق كونترول قىلىش كېرەك؟**

جاۋاب: نەپس ئۆلچىمى ـــ قىلىدىغان ئەمەللىرىمىزنى، ئىشلىرىمىزنى ھەر خىل قائىدە ـ يوسۇنلارغا ۋە ئىنسانىيەت قانۇنلىرىغا مۇۋاپىق تۇردە ئىشلەپ، ئۇلارنى ۋىجدانىمىز بىلەن ئۆلچەپ كۆرۈشنى كۆرسىتىدۇ. نەپس ئۆلچىمى ھەقىقىي بىر ئۆلچەمدۇركى، ئۇ ئىنساننىڭ ئۆز نەپسىگە لايىق كۆرمىگەن بىرەر ئىشنى باشقىلارغا راۋا كۆرۈشكە يول قويمايدۇ، پىكىر ئىگىلىرى، ئىنساپلىق كىشىلەر ھېچقاچان نەپس ئۆلچىمىدىن تاشقىرى ھەرىكەت قىلمايدۇ.

ئەگەر ياخشى كىشىلەر بىرەر سەۋەب بىلەن قائىدە ـ يوسۇنلاردىن، ئىنسانىيەت قانۇنلىرىدىن چەتنەپ كەتسە، بۇ قاباھەتنى نەپس ئۆلچىمى ئارقىلىق بىلىپ، گۇناھلىق ئىشلارنى ئىككىنچىلەپ قىلماسلىققا نىيەت قىلىپ، ئەلنىڭ نىزامىدىن، ئىنسانىيەت سىزىقىدىن چىقماسلىققا تىرىشىدۇ ۋە غەيرەت قىلىدۇ.

قىسقىسى، نەپس ئۆلچىمى تىل بىلەن تەرىپلەشكە ئاجىز كېلىدىغان بىر بۈيۈك پەزىلەتدۇركى، ئۇ ئىنسانلار ئۈچۈن ئەڭ پايدىلىق ۋە ھەر كىمگە ماقۇل كېلىدۇ.





بۈيۈك ئىسكەندەر ئېيتىدۇ: «دۇنيادا ئەڭ ھەقىقىي، توغرا ئۆلچەم نەپس ئۆلچىمىدۇركى، بۇ مىزاندا زەررىچە نۇقسان يوقتۇر.»

ئىبن سىنا ھەكىم ئېيتىدۇ: «ئىنساننىڭ پەزلۇ كامالىنىڭ ئۆلچىمى نەپسىنىڭ ئۆلچىمى بىلەن ئۆلچىنۇر.»

دېمەك، نەپس ئۆلچىمى ئادەملەرنىڭ ئەخلاق كاتېگورىيىسىدىكى مۇھىم تۇرلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بىر ئادەمنىڭ نەپسىنى كونترول قىلغان ـ قىلمىغانلىقىغا قاراپمۇ، شۇ كىشىنىڭ ئەخلاقىنىڭ قانداقلىقىغا ئېنىق باھا بەرگىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن نەپسنى يىغىش، نەپسىگە ئېنىق چەك قويۇش ئەخلاق ـ پەزىلەتلىك بولۇشتىكى مۇھىم يول ھېسابلىنىدۇ. نەپسىنى يىغالمايدىغان ئادەم ئاچ كۆزلۈك پاتقىقىغا پېتىپ قالىدۇ ـ دە، باشقا ئەخلاق ئۆلچەملىرىگىمۇ ئەمەل قىلالماي قالىدۇ.

**سوئال: ئادەم ھېرىسلىقى ۋە نەپسىگە ئىگە بولالمايدىغانلىقى سەۋەبلىك ھەرقانچە ئەقىللىق، ئېھتىياتچان بولغان تەقدىردىمۇ خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويىدۇ، ھەتتا نۇرغۇن مۈشكۈلاتلارغىمۇ مۇشۇ سەۋەبتىن يولۇقۇشى مۇمكىن. ئۇنداق بولسا، نەپسانىيەتچىلىكنىڭ قانداق زىيانلىرى بار؟**

جاۋاب: بىر ئادەم بىلىمدە كامالەتكە يېتىشى، مال ـ مۈلكىمۇ ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرۇشى مۇمكىن، ئەمما، بۇنداق كىشى يەنىلا نەپسانىيەتچىلىكتىن قول يىغالماي قېلىشى تامامەن مۇمكىن. چۈنكى، نەپس ھېرىسلىقى ئادەمنى ھەر كويلارغا سالىدۇ.

بىر ئاغىنەمنىڭ خېلىلا يۇقىرى ئەمەل تۇتقان بىر تاغىسى بار ئىدى. بۇ كىشى خىزمەتتىكى كەسكىنلىكى، ئىش بېجىرىشتىكى چاققانلىقى، قول ئاستىدىكىلەرگە كۆيۈنىدىغانلىقى بىلەن بەش يىل ئىچىدىلا بىرنەچچە دەرىجە

ئۆسكەن كىشى ئىدى. كېيىنكى كۈنلەردە بۇ كىشىنىڭ نەپسى يوغىناپ، پاراۋان تۇرمۇشقا بەك بېرىلىپ كەتتى، ئىلگىرىكى ئاددىي - سادda، ھەممە ئىشتا خەلقنى ئويلايدىغان، قول ئاستىدىكىلەرنىڭ مەنپەئىتىنى چىقىش قىلىدىغان ئېسىل پەزىلىتىنى ئۇنتۇشقا باشلىدى. تۇرمۇشى شۇنچە پاراۋان، ئېشىپ - تېشىپ تۇرسىمۇ، ئەمما يەنىلا نەپسىگە بەس كېلەلمەي، پارا ئېلىشقا بەك بېرىلىپ كەتتى. ئۇ ئۆزى قىلغان ئىشلىرىمنى ئىنس - جىنغا بىلدۈرمەيۋاتىمەن، دەپ خىيال قىلاتتى، ئەمما ئۇنىڭ ھەر بىر ئىشىنى يېپىدىن يىڭنىسىگىچە بىلىدىغانلار ناھايىتى كۆپ ئىدى. شۇنداق قىلىپ بىرنەچچە يىلغا قالمايلا ئۇ پاش بولۇپ، چاۋىسى چىتقا يېيىلدى. ھوقۇقتا دەۋران سۈرۈپ، يەيدىغىنىنى يەپ، كىيىدىغىنىنى كىيىپ بولغاندا، پىنسىيىگە چىقىدىغانغا بىر يىل قالغاندا مەسىلىسى ئاشكارىلاندى ۋە ئون بەش يىللىق قاماققا ھۆكۈم قىلىندى.

دېمەك، بۇ كىشى ئۆزىنى سەل چېسىۋالغان، نەپسىگە چەك قويغان بولسا، بۇنداق ئىش ھەرگىز يۈز بەرمىگەن، ئۆزىمۇ، ئائىلىسىدىكىلەرمۇ ھەسرەت - نادامەتتە قالمىغان بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن نەپس خېرىسلىقى شۇنچىلىك يامان، ئۇ ئادەمنى ئېغىر ئاقىۋەتلەرگە دۇچار قىلىدۇ.

قەدىمدىن بۇيان نەپس خېرىسلىقى تۈپەيلىدىن رەسۋا بولغان، چاۋىسى چىتقا يېيىلغان ئىشلار ئاز ئەمەس. نەسىرىدىن ئەپەندى لەتىپىلىرىدىمۇ نەپسانىيەتچىلەر ناھايىتى كېلىشتۈرۈپ مەسخىرە قامچىسىغا ئېلىنىشىمۇ، بۇنىڭ ناھايىتى يامان خۇي ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ.

مەلۇم بىر مەكتەپكە ناھايىتى مەسئۇلىيەتچان بىر مۇدىر يۆتكىلىپ كەپتۇ. بۇ كىشى بىر ئاي ئىچىدە ئاساسلىق ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرسلىرىنى ئاڭلاپ، چۈشىنىپتۇ. شۇ جەرياندا بىرنەچچە ئوقۇتقۇچىنى تەنقىدلەپتۇ. بۇ مۇدىر شۇنچە كەسكىن





بولسىمۇ، ئەمما ئۆزى بىرئاز چىڭ، بىر تىيىننىڭ ئۈستىدە تىك تۇرىدىغان كىشى ئىكەن. تەنقىدكە ئۇچرىغان بىر ئوقۇتقۇچى بۇنى بىلگەندىن كېيىن، بىر كۈنى مۇدىرنى تاماققا تەكلىپ قىلىپتۇ. مۇدىرغا بىر تەخسە لەڭمەن بىلەن ئۈچ زىخ كاۋاپ ئېلىپ بېرىپتۇ. بۇ جەرياندا ئىككىسى تاغدىن - باغدىن پاراڭلىشىپتۇ. ئەتىسى يىغىندا ھېلىقى مۇدىر بىر دومىلاپلا ھېلىقى لەڭمەن ئېلىپ بەرگەن ئوقۇتقۇچىنى ماختاپ كۆككە ئۇچۇرۇپتۇ. بۇ ئىش ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، كىم تەنقىدكە ئۇچرىسا ئۇنى مېھمان قىلىدىغان ھالەت شەكىللىنىپتۇ. بۇ مۇدىر بىر يىلغا قالمايلا سېسىپ كېتىپتۇ. مانا قاراڭ! مۇدىر نەپسىگە بەس كېلەلمىگەنلىكى سەۋەبتىن، ناھايىتى تەستە قولغا كەلتۈرگەن ئىززەت - ئابرۇيىنى يەر بىلەن يەكسان قىلدى.

نەپسىگە ئىگە بولۇش ھەر بىر ۋىجدانلىق كىشىنىڭ مەجبۇرىيىتى، ئەگەر نەپسكە بىر قېتىم قۇل بولساق، ئۇ بىزنى تەمەگەرلىك كوچىسىدا بىر يىل سەرسان - سەرگەردان قىلىدۇ.

# ئار - نومۇس

سوئال: ئار - نومۇس خەلقىمىزنىڭ ئەخلاق نورمىسىدا ناھايىتى يۇكسەك ئورۇندا تۇرىدۇ. نومۇسلۇق بولغاندىلا ئادەم ئۆزىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى ساقلىيالايدۇ ۋە كىشىلەرنىڭ ھىمايىسىگە، ئىشەنچىسىگە ئېرىشەلەيدۇ. ئۇنداقتا، خەلقىمىزنىڭ نەزىرىدىكى ئار - نومۇس قايسى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟

جاۋاب: نومۇس خەلقىمىزنىڭ ئەخلاقىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئادەمنىڭ نومۇسلۇق ياكى نومۇسسىزلىقى شۇ كىشىنىڭ ئەخلاقىنى ئۆلچەيدىغان بىردىنبىر ئۆلچەم دېسەكمۇ خاتالاشمايمىز. نېمىشقا؟ چۈنكى، نومۇسلۇق كىشى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش قىلىدۇ، باشقىلارنىڭ ياردىمىگە تايىنىشتىن نومۇس قىلىدۇ، ئۆزىنىڭ ھالال ئەمگىكىگە، ئەمگەك تەرىگە تايىنىپ جاھاندارچىلىق قىلىدۇ، باشقىلاردىن تىلەشتىن، تەمە قىلىشتىن نومۇس قىلىدۇ؛ ئادىمىيلىك ئەخلاقىدا چىڭ بولۇپ، دوستىنىڭ مال - مۈلكىنى ۋە باشقا نەرسىلىرىنى جان تىكىپ قوغداپ بېرىدۇكى، ھەرگىز خىيانەت كۆزىدە قارىمايدۇ ۋە نىيىتىنى بۇزمايدۇ؛ ئاتا - ئانىسىنىڭ ھەققىنى تولۇق ئادا قىلىدۇ، ئاتا - ئانىسىنى قاقشاتمايدىغان، ئاتا - ئانىسىنى قىيناپ قويمايدىغان، ئاتا - ئانىسىنىڭ يۈزىنى يەرگە قارىتىدىغان ئىشلارنى ھەرگىز قىلمايدۇ، ئۆزى تىرىشىپ قازانغان نەتىجىلىرى، قىلغان ياخشى ئىشلىرى بىلەن ئاتا - ئانىسىنىڭ يۈزىنى يورۇق قىلىشقا تىرىشىدۇ؛ نومۇسلۇق كىشى جامائەت ئەخلاقىغا قاتتىق رىئايە قىلىدۇ، نومۇسنى تۆكىدىغان، كىشىلىك





ئىززەت - ھۆرمىتىنى يەر قىلىدىغان قىلمىشلاردىن قاتتىق نەپرەتلىنىدۇ؛ نومۇسلۇق كىشى «ئەرنىڭ بالىسى بولغۇچە ئەلنىڭ بالىسى بول» دېگەن ھېكمەتكە تولۇق ئەمەل قىلىدۇ، ۋەتەن ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش، ۋەتەنگە بارلىقىنى ئاتاش، ۋەتەن ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىشتىن يانمايدۇ... نومۇسنى ئۆزىگە يار قىلغان كىشى ئەنە شۇنداق ئېسىل پەزىلەتلەرگە ئىگە بولغاچقا، ئۆمۈر بويى ئارمانسىز، قىلغان ئىشلىرىدىن قانائەت ھاسىل قىلغان ھالدا ياشايدۇ.

فەرىدىددىن ئەتتار مۇنداق دەيدۇ: « نومۇس ۋە شەرەپ بەش ۋاستە بىلەن ئارتار. ئەي ئىدراك ساھىبى، ساڭا سۆزلەپ بېرەي، ئاڭلا. ئىشىڭغا ساھىب ۋە ھازىر بولساڭ ئېتىبارىنى ئارتتۇرغان بولۇرسەن. جۆمەرتلىك بىلەن ئېتىبار يۈكسىلۇر. ئەقىلسىزلار بولسا پېخسىقلىقى سەۋەبىدىن لەنەت قازىنۇرلار.

ئىشىغا ساھىب بولمىغان كىشى مەڭزىدىن يۈز سۈيىنى تۆككەن بولۇر. خەلققە نىسبەتەن قولى ئوچۇق بولغان كىشى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ھۆرمەت ۋە ئىززىتىنى ئارتتۇرار. ھەر ۋاقىت تەكەللۇپلۇق ۋە ۋاپالىق بولغىنىكى، يۈزۈڭدە خۇشاللىق نۇرى كۆرەرسەن. ھۈنەرسىزلەر بىلەن دوستلۇق قىلىش ئوخشاشلا خاتادۇر. ھەتتا ئۇلارغا دۈشمەنلىك كۆزى بىلەن بېقىشىڭمۇ جائىزدۇر. سىرىڭنىڭ دۈشمىنىڭدىن مەخپىي قېلىشىنى ئىستىسەڭ، دوستلىرىڭغا كۆپ ئېچىلىپ گەپ قىلما.»

ئار - نومۇس ئادەمگە ئەنە شۇنداق ئېسىل شان - شەرەپلەرنى ئاتا قىلىدۇ ۋە ئادەمنى مەڭگۈ ياشنىتىدۇ، بۇ دۇنيادا ياخشى نام قالدۇرۇش شەرىپىگە ئىگە قىلىدۇ. خەلقىمىزدە مانا مۇشۇنداق يۈكسەك دەرىجىدىكى ئار - نومۇس چۈشەنچىسى ۋە ئېڭى بولغانلىقى ئۈچۈنلا، بۈگۈنگىچە بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان ئەخلاق مەپكۇرىسىنى ساقلاپ قالالىغان ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ئۆزىنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان تېپشىلمەس قالقانغا ئىگە

بولالىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھاياتلىقتا نومۇسلۇق ئادەم بولۇش، ھەرقانداق ئىشتا، ھەرقانداق يەردە، ھەرقانداق ۋاقىتتا نومۇسنى ساقلاش بىزگە ئىنتايىن زۆرۈر.

**سوئال: ئار ـ نومۇسنى قانداق ساقلاش كېرەك؟**

جاۋاب: بىز بۇ دۇنيادا ئار ـ نومۇسنى دەپ ياشايمىز، ئار ـ نومۇسنى دەپ ئۆلىمىز، يەنى ئۆلسەكمۇ نومۇسىمىزنى ساقلىغان ھالدا ئۆلىمىز. مانا بۇنىڭدىن چۈشىنىۋېلىش كېرەككى، ئار ـ نومۇسنى ساقلاش بىز ئۈچۈن شۇنچىلىك مۇھىم. ئەگەر خەلقىمىز بۈگۈنكىچە ئار ـ نومۇسنى ساقلىمىغان بولسا، رەسۋايى ئەزىم بولۇپ، ھازىرقى روھىي ھالىتىنى، ئەخلاق مەپكۇرىسىنى ساقلاپ قالالىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى...

ئادەم نومۇسلۇق بولۇش ئۈچۈن چوقۇم ئۆزىدە مۇئەييەن دەرىجىدىكى ئەخلاقىي ساپا ۋە مەدەنىيەت ساپاسى ھازىرلاش كېرەك. يەنە بۇنىڭغا مەردلىك ۋە باتۇرلۇقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، ئۆزىنىڭ، جەمەتىنىڭ، خەلقىنىڭ، يۇرتىنىڭ يۈزىنى يەرگە قاراتماسلىقتەك جەسۇرانە روھ قوشۇلغان بولۇشى كېرەك، ئەنە شۇ چاغدىلا نومۇسنى قوغداش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكىلى، نومۇسنى قوغداش ئۈچۈن ھەر نە مۈشكۈللۈكلەرنى يەڭگىلى بولىدۇ. نومۇسنى قوغداش ئۈچۈن ئاشكارا ۋە ياكى يوشۇرۇن بولسۇن، نىيەتتە خالىس بولۇپ، ئەقىدە ـ ئىشەنچنى ئۆزىگە يار قىلىپ، ھەرقانداق ۋاقىتتا ۋە ھەرقانداق جايدا تەۋرەنمەيدىغان مۇستەھكەم ئىرادە تۇرغۇزۇش كېرەك. ئەنە شۇ چاغدىلا نومۇستىن ئىبارەت بۇ ئەڭگۈشتەرنى ھەقىقەتەن ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ.

قىزلارغا نىسبەتەن ئۆزىنىڭ پاك ئەخلاقىنى ساقلاش، ۋىجدانىغا يۈز كېلىش، ئۆزىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى جان تىكىپ قوغداشمۇ ئۆز نومۇسىنى ساقلاش دائىرىسىگە كىرىدۇ.





بۇمۇ ئىنتايىن مۈشكۈل بىر جەريان بولۇپ، قىزلارنىڭ مانا بۇ نىشانغا يېتىشىمۇ ئاسانغا چۈشمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن نومۇسنى قوغدىغان، ئەخلاقلىق، پاكىز قىزلار ھەر يەردە، ھەرقانداق ۋاقىتتا ئەتىۋارلىق ۋە قىممەتلىك ھېسابلىنىدۇ.

ئەرلەر ئۆزىنىڭ ئەرلىك جاسارىتىگە لايىق مەرد، سېخىي، ئادىللىقىنى ساقلىغان ۋە جارى قىلدۇرغان بولسا، ئۆزىنىڭ نومۇسىنى ساقلىغان، ئۆزگە ۋە باشقىلارغا يۈز كېلەلەيدىغان ھالدا ياشىدىم دەپ ھېسابلىسا بولىدۇ. ئەگەر كوچىدا كىشىلەرگە نومۇسسىزلىق قىلىنىۋاتقان، ئىززەت ـ نەپسىگە تېگىدىغان ئىشلار يۈز بەرگەن ھالەتتىمۇ ھېچىبىر تۇرسا، بۇ ھېچقاچان نومۇسنى قوغدىغانلىققا كىرمەيدۇ، بەلكى نومۇسسىزلىق قىلغان ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا نومۇسنى قوغداش، نومۇسلۇق بولۇش ئۇنچە ئاسان ئىش ئەمەس، بۇنىڭ ئۈچۈن زور دەرىجىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە، قەتئىي ئىرادىلىك بولۇشقا، ئۆزگىرىپ قالماسلىققا توغرا كېلىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە بۇنداق پەزىلەتكە ئىگە كىشىلەر بىز ئۈچۈن تولىمۇ قەدىرلىك...

**سوئال: خەلقىمىزنىڭ نومۇس چۈشەنچىسىنى كەڭرەك تەھلىل قىلىپ بەرسىڭىز قانداق؟**

جاۋاب: ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ ياشىغان جۇغراپىيىلىك شارائىتى، مۇھىتى، مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلەت مىزانى ۋە نومۇس ئېڭىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. يەنى بەزىلىرىنىڭ مەدەنىيىتى مۇكەممەل بولغىنىدەك، مىللىي ئومۇمىي ئەخلاقىمۇ مۇكەممەل بولىدۇ، شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا نومۇس ئېڭىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ؛ بەزى مىللەتلەرنىڭ گەرچە مەدەنىيەت دەۋرى ئۇزۇن بولسىمۇ، ئەخلاقىدا بەزى كەمتۈكلۈكلەر مەۋجۇت بولىدۇ، شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا نومۇس ئېڭىمۇ تۆۋەنرەك بولىدۇ. شۇنىڭ

ئۈچۈن، بىز بىرەر خەلقنىڭ مىللىي ئەخلاقىغا باھا بەرگەندە، ئۇلاردا نومۇس ئېڭىنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىزلىقىغا قاراپ باھا بەرسەك، خاتالاشقان بولمايمىز. چۈنكى، نومۇس ئېڭى شۇ خەلقنىڭ ئەخلاق جەھەتتە قانچىلىك كامالەتكە يەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان ئەڭ ئاساسلىق ۋە ئاچقۇچلۇق ئۆلچەمدۇر.

خەلقىمىز نومۇس ئېڭى كۈچلۈك مىللەتلەر قاتارىغا كىرىدۇ. ئۆزئارا مۇناسىۋەتتە، مېھماندارچىلىقتا، گەپ - سۆزدە، سەپەردە، تۇغقاندارچىلىق، دوستلۇق مۇناسىۋىتىدە نومۇس ئەڭ يۇقىرى ئورۇنغا قويۇلىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، قەدىمدىن ھازىرغىچە نومۇسنى قوغداش، نومۇسسىزلىققا زەربە بېرىش، نومۇسسىزلارنى يوقىتىشقا ئائىت ھېكايەتلەر ناھايىتى كۆپ بارلىققا كەلگەن. نازۇكۇم نومۇس قىلغانلىقى ئۈچۈن راھەت - پاراغەتلىك تۇرمۇشتىن ۋاز كېچىپ ئۆلۈم يولىنى تاللايدۇ؛ مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان مىساللار بىزدە ناھايىتى كۆپ. ھەقىقەتەنمۇ، ئادەم ئار - نومۇس بىلەن ئادەمگە ئوخشايدۇ، بولمىسا ھايۋاندىن ھېچقانداق پەرقى قالمايدۇ.

قەدىمدە بىر پالۋان ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ پادىشاھلارنىڭ زالىملىقىدىن رەنجىپ تاغقا چىقىپ قاراقچى بولۇپ كېتىپتۇ ۋە نامرات، يوقسۇللارنىڭ مال - مۈلكىگە چېقىلماي، ئاچ كۆز باي، يامان نىيەتلىك ئەمەلدارلارنىڭ مال - مۈلكىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ، كەمبەغەللەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بېرىدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلق بۇ پالۋاننى جېنىنىڭ بارىچە ھىمايە قىلىدىكەن. شۇڭا، پادىشاھ ئۇ تەشكىللىگەن قاراقچىلارنى يوقىتىش ئۈچۈن نەچچە قېتىم مەشھۇر سانغۇنلىرىنى باش قىلىپ نەچچە مىڭ لەشكەر ئەۋەتىپ تاغلارنى ئۆزۈكنىڭ كۆزىدەك قورشاپ بېقىپتۇ، ئەمما بۇ پالۋاننى زادىلا قولغا چۈشۈرەلمەپتۇ. ئاخىر بىر يۈز بېشى





ئۆزىنىڭ ئەقلىگە تايىنىپ بىر تاغنىڭ چوققىسىدا ئۇنى قورشىۋاپتۇ. شۇ چاغدا پالۋاننىڭ خوتۇنى تاغدىكى غاردا يېڭىلا يەڭگىگەن، ئوزۇق - تۈلۈكتىن قىينىلىپ كېتىۋاتقان ۋاقىت ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن پالۋان قوراللىرىنى ئېلىپ چىقىپ يۈز بېشىغا تاپشۇرماقچى بولۇپ ئالدىغا كەپتۇ. يۈز بېشى مەشھۇر قوماندانلار قولغا چۈشۈرەلمىگەن پالۋاننى ھىيلە بىلەن ئەمەس، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ قولغا چۈشۈرۈشنى خالايدىكەن، ئەمما ئۇ پالۋان قىيىنچىلىق سەۋەبىدىن ئۇنىڭغا تەسلىم بولۇشنى خالىمايدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ قوراللىنى تاپشۇرۇپ تۇرغان پالۋانغا: «مېنى نومۇستىن ئۆلتۈرمە، بۇنداق تۇتسام ئەركەكلىك بولمايدۇ، جېنىڭنى جان ئەت، مەن سېنى ئېلىشىپ قولغا چۈشۈرسەم ئاندىن ھېساب» دەپتۇ. بۇ ئىش بىرقانچە قېتىم تەكرارلىنىپتۇ، ھەر قېتىم پالۋان ئامالسىز قالغان چاغدىلا قولغا چۈشۈپ تەسلىم بوپتۇ، ئەمما ئاتماپتۇ، يۈز بېشىمۇ ئۇنىڭ ئوقىغا ئۇدۇل كېلىپ قالغاندا، پالۋانمۇ ئۇنى ئاتماپتۇ. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇلار كۆرۈنۈشتە دۈشمەن، ئەمەلىيەتتە دوست بولۇپ قاپتۇ... مانا، ئەگەر نومۇس بولمىغاندا ئىدى، ئۇ پالۋان يۈز بېشىنىڭ قولىغا نامەردلەرچە چۈشۈپ قالغان ۋە ئۆلۈمگە بۇيرۇلغان بولاتتى. ئەمما يۈز بېشى نومۇس ۋە مەردلىكنى ھەممىدىن ئەلا بىلگەچكە ئۇنى قويۇۋەتتى. نومۇس ئەنە شۇنداق ئېسىل ئىنسانىي خىسلەتتۇر.

نومۇسلۇق بولۇش ئەڭ چوڭ ئامەت بولغىنىدەك، نومۇسسىزلىق ئەڭ چوڭ ئاپەت. ئۆتمۈشكە نەزەر سالساق، ھەر بىر پالاكەت، ئىناقسىزلىق ئەنە شۇ قىممەتلىك نومۇسنى يوقىتىپ قويغانلىقتىن مەيدانغا كەلگەن. نومۇسسىزلار كۆپىيىپ كەتكەن جەمئىيەتتە كىشىلەر ئارا ئىشەنچ قالمايدۇ، پىتنە - پاساتنىڭ بازىرى قىزىپ، ئالەمنى جاھالەت قاپلايدۇ.

**سوئال: ئۇنداقتا، نومۇسلۇق ئىنسان بولۇش، نومۇسسىزلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟**

جاۋاب: بۇنىڭ ئۈچۈن بالىلىرىمىزغا كىچىكىدىن باشلاپ ئار - نومۇس تەربىيىسىنى بېرىشىمىز، ئۇلارغا ئار - نومۇسلۇق بولغاندىلا ئادىمىيلىك خىسلەتكە ئىگە بولغىلى بولىدىغانلىقىنى، ئار - نومۇستىن ئايرىلغان كىشىنىڭ هايۋاندىنمۇ پەس بولىدىغانلىقى، بەلكى خەلققە ئاپەت ياغدۇرىدىغانلىقىنى ئوبدان چۈشەندۈرۈشىمىز، نومۇس ئېڭىنى ئۇلارنىڭ قەلبىگە سىڭدۈرۈشىمىز كېرەك. ئەنە شۇ چاغدىلا جەمئىيەتتە نومۇسلۇق كىشىلەر كۆپىيىپ، نومۇسسىزلارغا ئورۇن قالماي، چاشقان تۆشۈكى ساراي بولىدۇ. هەي مۇرادجان بالام، مەن مۇشۇ يېقىندا ئوقۇتقۇچىڭىز بىلەن كۆرۈشۈپ، بالىلارغا مۇشۇ هەقتە ئىككى ئېغىز تەربىيە بېرىپ قويۇشنى ئۆيلىشىۋاتىمەن، ئەگەر شۇنداق قىلساق، بالىلار نومۇس هەققىدە ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە بولىدۇ - دە، چوڭ بولغاندا نومۇسنى ئۆزىگە يار قىلغان ئادەم بولۇشىغا بۇنىڭ ياردىمى كۆپ بولىدۇ.

خەلقىمىزدە: «ئادەمنى نومۇس ئۆلتۈرەر» دەيدىغان هېكمەت بار. مانا مۇشۇ هېكمەت هەققىدە مۇنداق بىر هېكايەت خەلقىمىز ئارىسىغا كەڭ تارقالغان:

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىچى ئۆتكەنىكەن. ئۇ شەهەردىن يىراق بىر چۆلدە ئۆمۈر بويى ئاچچىق سۇ ئىچىپ هايات كەچۈرۈپ، ئۆمرىدە بىرەر قېتىممۇ تاتلىق سۇ ئىچىپ باقمىغانىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە چۆلدە قاتتىق يامغۇر يېغىپتۇ. يامغۇردىن كېيىن بىر كۆلچەككە لىققىدە يامغۇر سۈيى يىغىلىپ قاپتۇ. پادىچى دۈم يېتىپ كۆلچەكتىكى يامغۇر سۈيىدىن قانغۇچە ئىچىپتۇ. بۇ سۇ ئۇنىڭغا ناهايىتى تەملىك تېتىپتۇ. ئۇ: «دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ تاتلىق سۇ بولمىسا كېرەك، بۇ سۇدىن پادىشاهقا





سوۋغا قىلسام، پادىشاه چوقۇم مېنىڭ ئىشىمدىن خۇشال بولىدۇ» دېگەن ئويغا كەپتۇ - دە، يامغۇر سۈيىنى تولۇمغا توشقۇچە قاچىلاپ ئېشىكىگە ئارتىپ يولغا چىقىپتۇ.

پادىچى بىر نەچچە كۈن يول يۈرۈپ شەهەرگە كەپتۇ. ئۇ ئوردا ئىشىكىگە كېلىپ نۆكەرلەرگە پادىشاه بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. نۆكەرلەر ئۇنى زادى كىرگىلى قويماپتۇ. پادىچى ئۆز سۆزىدە چىڭ تۇرۇۋاپتۇ. نۆكەرلەر ئاخىر پادىشاهقا ئەهۋالنى مەلۇم قىپتۇ. پادىشاه ئۇنىڭ كىرىشىگە ئىجازەت بېرىپتۇ. پادىچى ئوردىغا كىرگەندىن كېيىن، پادىشاه ئۇنىڭدىن:

— ئەي يىگىت، نېمە ئەرزىڭ بار؟ - دەپ سوراپتۇ. پادىچى:

— ئەي، ئۇلۇغ شاهىم، مېنىڭ ئەرزىم يوق، پەقەت ئالىيلىرى ئۈچۈن ئۈچ كۈنلۈك يولدىن ئازراق سوۋغات ئېلىپ كەلگەنىدىم. قوبۇل قىلغايلا، - دەپتۇ هەم يامغۇر سۈيىنى تۇلۇم بىلەنلا پادىشاهقا ئىككى قوللاپ سۇنۇپتۇ. پادىشاه دەرهال ئۇنىڭ قولىدىن تۇلۇمنى ئېلىپ، سۇنى ئىچىپ كۆرۈپتۇ - دە، ئۇنىڭ يامغۇر سۈيى ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. لېكىن، پادىچىغا ئىنتايىن ئىللىقلىق بىلەن:

— هەي يىگىت، ساڭا كۆپ رەهمەت، مەن بۇ سۇنى هېچكىمگە بەرمەي ئۆزۈم ئىچىمەن، - دەپتۇ ۋە مۇلازىملارغا پادىچىغا نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈش ئىنئام قىلىپ، يولغا سېلىپ قويۇشنى ئېيتىپتۇ.

مۇلازىملار پەرماننى بەجا كەلتۈرۈپ پادىچىنى يولغا سالغاندىن كېيىن، بۇ ئىشتىن هەيران بولغان هالدا پادىشاهتىن:

— ئالىيلىرى، نېمىشقا پادىچىنىڭ بىر تۇلۇم يامغۇر سۈيىگە شۇنچە كۆپ ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى ئىنئام قىلدىلا؟ نېمىشقا ئۇنى بۇ جايدا تۇرغۇزماي دەرهال قايتۇرۇۋەتتىلا؟ - دەپ سوراپتۇ. پادىشاه:

— ھەي مۇلازىملار، سىلەر شۇنى بىلىشىڭلار كېرەككى، ئۇ پادىچى ئىنتايىن ئاق كۆڭۈل، سەممىمىي ۋە ساداقەتمەن ئادەم ئىكەن. ئۇ ئۆمۈر بويى چۆل - جەزىرىدە ئاچچىق سۇ ئىچىپ يۈرگەچكە، بۇ يامغۇر سۈيىنى ئىچىپ كۆرۈپ، دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ تاتلىق سۇ بولمىسا كېرەك دەپ ئويلىغان. شۇڭا مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئۇتۇش ئۈچۈن شۇنچە ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ بۇ سۇنى ئېلىپ كەلگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى ئىنئام قىلدىم. ئۇنى بۇ جايدىن دەرھال قايتۇرۇۋەتكەنلىكىمنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئەگەر ئۇ بۇ جايدىكى تاتلىق سۇلارنى ئىچىپ قالسا، ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشىدىن خىجىل بولۇپ ئۇيات ئىچىدە قالىدۇ. بۇ، ئۇنىڭ ئۆلگىنى بىلەن باراۋەر ئەمەسمۇ؟ شۇڭا ئۇنى ئۇياتتا قويۇپ، تىرىك ئۆلتۈرگەندىن، خۇشال - خۇرام يولغا سېلىپ قويغان ياخشى ئەمەسمۇ؟ - دەپتۇ.

مۇلازىملار پادىشاھنىڭ ئېيتقانلىرىغا قايىل بوپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئەل ئىچىدە بۇ ھېكايە تارقىلىپ: «ئەرنىڭ ئۇيالغىنى - ئۆلگىنى» دېگەن ماقال بىزگىچە يېتىپ كەپتۇ.

دېمەك، بۇ ھېكايەتتە تەسۋىرلەنگەن پادىشاھ ئەدلى - ئادالەتلىك، كىشىلىك غۇرۇر ۋە ئار - نومۇسنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان ھۆكۈمدار. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ پادىچىنى نومۇستا، ئۇياتتا قالدۇرماسلىق ئۈچۈن بۇ ئىشنى ناھايىتى چىرايلىقچە ۋە كىشىلەرگە ئىبرەت بولغۇدەك دەرىجىدە بېجىرەلىگەن. شۇنداق قىلىش ئارقىلىق كىشىلەرگە «ھەقىقىي پەزىلەتلىك كىشى ئۆزىنىڭ ئار - نومۇسنى قوغداشقا ئەھمىيەت بېرىشنىلا بىلىپ قالماي، باشقىلارنىڭ ئار - نومۇسىنى قوغداشنىمۇ بىلىشى كېرەك» دېگەن ھېكمەتنى بىزگە قالدۇرغان. بىز بۇ ھېكايەتنى ھازىرمۇ جانلىق قوللانساق، تېخىمۇ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشەلەيمىز.





# ھاماقەتلىك

**سوئال: ھاماقەتلىك قانداق پەيدا بولىدۇ؟ ھاماقەتلىك كىشىگە قانداق زىيانلارنى ئېلىپ كېلىدۇ؟**

جاۋاب: ھاماقەتلىك ئەقىل ۋە مەرىپەتنىڭ كەملىكىدىن ھاسىل بولىدىغان ئەڭ يامان خۇلقلارنىڭ بىرىدۇر. ھاماقەت كىشىلەر ئەخمەقلىقى سەۋەبىدىن باشقىلارنىڭ چالغان دېپىغا ئۇسسۇل ئوينايدۇ، بىر قېتىم قىلىپ پۇتكۈزىدىغان ئىشنى ئىككى ياكى ئۈچ قېتىمدىمۇ پۇتكۈزەلمەيدۇ. دائىم باشقىلارنىڭ مەسخىرىسىگە ۋە كەمسىتىشىگە ئۇچرايدۇ. قىلغان ئىشلىرى ئەخمىقانە ۋە بىمەنە ۋە قارىغۇلارچە بولغاچقا، كىشىلەرنىڭ كۈلكىسىگە قالىدۇ. مانا بۇلار بىز دائىم كۆرۈپ تۇرىدىغان ھاماقەتلەرنىڭ بەلگىلىرىدۇر. ھاماقەتلىك بۇنىڭ بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ، ئىشلارنى ئەقىل بىلەن قىلماسلىق، بىر قېتىم قىلىپ پۇتكۈزىدىغان ئىشلارنى نەچچە قېتىم قىلىش ۋە باشقا شۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئىشلارمۇ ھاماەتلىككە كىرىدۇ.

ئىبن سىنا ھەكىم ئېيتىدۇ: «ئوچۇق ۋە ماددىي دەلىل - ئىسپاتى بولمىغان بىر نەرسىنى ئىنكار قىلماسلىق ھاماقەتلىكنىڭ بەلگىسىدۇر. ئاقىل ئىنسان بىر مەسىلىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىنى ئويلايدۇ. تەتقىق ۋە تەپتىش قىلىدۇ، قەتئىي ھۆكۈم قىلىشقا ئالدىرىمايدۇ، مەنىۋى جەھەتتىنمۇ چۈشىنىدۇ. دەلىلسىز، ھۆججەتسىز بىر جۈملىنىڭ قىياسىنى رەت قىلىش ياكى قوبۇل قىلىشمۇ ئەخمەقلىق ھېسابلىنىدۇ.»

ئەخمەقلىق — داۋاسىنى تېپىش مۇشكۇل بولغان بىر

ئىللەتتۇر. لوقمان ھەكىم: «مەن ھەر قانداق كېسەللىكنىڭ داۋالاش ئۇسۇلىنى ۋە چارىسىنى تاپتىم. پەقەت ئەخمەقلىقنىڭ داۋاسىنى تاپالمىدىم» دەيدۇ.

سوقرات ھەكىم ئېيتىدۇ: «ئەخمەق كىشى سۈكۈت قىلىش بىلەن ئەخمەقلىقىنى ياپسا ئىدى، ئوتتۇرىچە ئاقىللاردىن سانىلار ئىدى. لېكىن ئەخمەقلىق بىلەن سۈكۈت بىر ئادەمدە جەم بولمايدۇ.»

ئەخلاق ئۆلىمالىرىنىڭ نەزىرىدە ھاماقەتلىك جاھالەتتىن يامانراقتۇر. چۈنكى، جاھىلدا بىر جەھل بار، ئەخمەقتە بولسا بىر نەچچە ئەقىل ئىگىسىنى ئالداپ كېتىدىغان يالغان - ياۋىداق سۆزلەر بولىدۇكى، ئۇ كۆپ كىشىلەرنى ئالداپ يولدىن چىقىرىدۇ. جاھالەتنىڭ داۋاسى ئىلىم بولغىنىغا ئوخشاش، ھاماقەتلىكنىڭ دەرمانى ئەقىل ۋە پىكىردۇر. ئىنسان ئۆز نەپسىگە جەبىر قىلىپ بولسىمۇ، دىققەت نەزىرى بىلەن ئىبرەت كۆزىنى ئېچىش ئۈچۈن تىرىشسا ۋە غەيرەت قىلسا، ئەخمەقلىق بالاسىدىن قۇتۇلۇپ كېتەلىشى مۇمكىن. تەربىيە ۋە نەزەرىيىدىن مەھرۇم بولغان ئىنسان ھەر ۋاقىت پالاكەت ۋە ھەسرەت تۈزىقىغا چۈشىدۇ.

**سوئال: ھاماقەتلىك، ئەخمەقلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش مۇمكىنمۇ؟**

جاۋاب: خەلقىمىزدە: «ئەخمەقنى تېرىمىسىمۇ ئۈنىدۇ»، «ئەخمەق باش پۇتقا ئارام بەرمەس» دېگەندەك ھېكمەتلەر بار. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەخمەقلىق شۇ كىشىنىڭ تۇغۇلۇشى، ئۆسۈپ يېتىلىش مۇھىتى، تۇغما ئىقتىدارى ۋە كېيىنكى تەربىيىلىنىشى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. دېمەك، ئەخمەقلىق ئادەمدىكى ناھايىتى ناچار خۇي - قىلىقلاردىن بىرى بولۇپ، ئەخمەق كىشى ئەخمەقلىقىنى ئۆزىنىڭ ئارزۇسى بويىچە قىلمايدۇ، بەلكى ئۆزىنىڭ ساپاسى، تەربىيىلىنىشى، نەزەر





دائىرىسىگە بېقىپ قىلىپ سالىدۇ. دېمەك، ئەخمەقلەرنىڭ كۆپىنچىسى ساپاسى تۆۋەن، كۆرگەن - بىلگىنى ئاز بولغان كىشىلەردۇر. شۇڭا، ئەخمەقلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن چوقۇم پەرزەنتلەرنى ياخشى، ئەتراپلىق تەربىيىلەش، تۇرمۇش تەجرىبىسى ئۆگىتىش، رېئاللىق قوينىدا تاۋلاشنى چىڭ تۇتۇشقا توغرا كېلىدۇ. يېتىشىپ بولغان ئەخمەقلەرنىمۇ مەيلىگە قويۇۋەتمەي، ئاق - قارىنى پەرق ئەتكۈزۈپ تەربىيە بەرگەندە سەل - پەل ئۈنۈمى كۆرۈلۈشى مۇمكىن.

**سوئال: بەزى كىشىلەر ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن، تېخنىكا ۋە ئىلىمدە يېتىشكەن تۇرۇقلۇقمۇ، ئىنتايىن بىمەنە، ئەخمەقلەرچە ئىش قىلىپ قويىدىكەن، بۇنى قانداق چۈشىنىمىز؟**

جاۋاب: سىز ئېيتقاندەك، ھازىر شەھەرلەردە ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن، تېخنىكىدا يېتىشكەن، سىستېمىلىق تەربىيىلەنگەن بىر تۈركۈم ئەخمەقلەر بار. گەرچە ئۇلارنىڭ مەكتەپ تەربىيىسىدىكى ساپاسى يۇقىرى بولسىمۇ، ئەمما تۇرمۇش ساپاسى ئىنتايىن تۆۋەن، جەمئىيەتنى چۈشەنمەيدۇ، ئاددىيسى ئۆزى ھەر كۈنى يەۋاتقان تاماقنىڭ قانداق جەريانلار ئارقىلىق بارلىققا كەلگەنلىكىنىمۇ چۈشەنمەيدۇ. ئۇلار مەكتەپكە كىرگەندىن باشلاپ ئاتا - ئانىلىرى پەقەت ئۆگىنىشىنىلا چىڭ تۇتۇپ، باشقا ئىشلىرى بىلەن كارى بولمىغان، ئۆي ئىچىدىمۇ ئۇلارغا ئائىلە، تۇرمۇش ۋە جەمئىيەت توغرىلىق تەربىيە بېرىشنى چىڭ تۇتمىغان، بۇنىڭ بىلەن بۇلاردا بىر خىل غەيرىي ئۆسۈپ قالىدىغان ئەھۋاللار كېلىپ چىققان.

مەن بىر قېتىم بىر دوستۇمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ پاراڭلىشىپ ئولتۇرسام، ئۇنىڭ قوشنىسىنىڭ سەككىز ياشلىق ئوغلى ئاغىنەمنىڭ ئوغلى بىلەن ئوينىغىلى كىردى. ئىككىسى ئويناۋېتىپ بىر رەسىملىك كىتابتىكى بىر رەسىمنى تالاشقىلى

تۇردى. قوشنىسىنىڭ ئوغلى رەسىمدىكىنى «پەمىدۇر» دەيتتى، دوستۇمنىڭ ئوغلى بولسا ئۇنى «ئانار» دەيتتى، ئۇلارنىڭ تالاش - تارتىشى ئۇزۇنغا سوزۇلغاندىن كېيىن، مەن ئۇلارنى ئايرىپ قويۇش ئۈچۈن باردىم. قارىسام رەسىمدىكىسى ئانار ئىكەن. بۇ ئەھۋالنى دوستۇمغا دېسەم، ئۇ: «بۇ بالىنى ئۇرۇمچىدىن باشقا ھېچ يەرگە ئېلىپ بارمىغان، ھېچقانداق ئىشنى قىلىشنى بىلمەيدۇ، ئاتا - ئانىسى ئالدىراش بولغاچقا، ئانچە - مۇنچە تەربىيە بېرىشقا ۋاقتىمۇ يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن مانا مۇشۇنداق بولۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. مەن بالامنى يېزىدا كۆپ تۇرغۇزغاچقا، ئۇ مېۋە - چېۋە، كۆكتاتلارنى، ھايۋانلارنى تونۇيدۇ» دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ. پەرزىمچە، ھېلىقى بالا يەنە مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، چوڭ بولغاندا قايسى ئالىي بىلىم يۇرتىدا ئوقۇشىدىن قەتئىينەزەر، سېپى ئۆزىدىن زامانىۋى ئەخمەق بولۇپ يېتىشىپ چىقاتتى. شۇڭا، تەربىيىگە ئەھمىيەت بەرگەندە، باللارنىڭ بىلىم ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپلا قالماي، تۇرمۇش ساپاسى ۋە جەمئىيەتنى بىلىشنى ئىلگىرى سۈرسەك، تاۋلىساق، ئۇلار كېيىن ئەخمەقلەردىن بولۇپ قالمايدۇ. مانا بۇ نۇقتا ئىنتايىن مۇھىم ئىكەن.





# ھاقارەت

**سوئال: نېمىشقا باشقىلارغا ھاقارەت قىلىش ئەدەپسىزلىكنىڭ بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ؟ قانداق قىلغاندا بۇنداق يامان ئادەتنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ؟**

جاۋاب: ھاقارەت - كىشىنىڭ قەدرى ۋە ئېتىبارىنى چۈشۈرۈش نىيىتىدە ئۇنىڭغا نەپسى ۋە ئىسپىتىگە تېگىدىغان سۆزلەر بىلەن يامان مۇئامىلە قىلىشنى ئېيتىدۇ. ئۆلىمالار كىتابلىرىدا: «بىراۋنى ھاقارەت قىلماق چوڭ گۇناھلاردىندۇر» دەيدۇ. لېكىن، بىزلەردە قىز - كېلىن سوراپ بېرىشىپ بىر - بىرىمىزنى ھاقارەت قىلىش ئادەت تۈسىگە ئايلىنىپ قالغان. بۇنىڭ سەۋەبى ئەخلاقسىزلىق، گۇناھ ۋە ساۋاپنى پەرق قىلالمىغانلىقىمىزدىندۇر. ھاقارەت كەمسىتىلگەن كىشىنىڭ دىلىغا ئورنىشىپ، شۇنداق يامان جاراھەتلەرنى پەيدا قىلىدۇكى، ھاقارەتلەنگۈچى پۇرسەت كۈتۈپ ھاقارەتلىگۈچىدىن ئۆچ - ئىنتىقام ئالمىغۇچە بولدى قىلمايدۇ.

ھاقارەت قىلغاندا سەت تىل ئىشلىتىلىدۇ، قارشى تەرەپنى جان - جەھلى بىلەن قارىلاش، تۆھمەت چاپلاش، رەسۋا قىلىش مەقسىتىدە دېمىگەن گېپى قالمايدۇ. بۇنداق بولغاندا، قارشى تەرەپ كىشىلەر ئالدىدا ئۆزىنى رەسۋا بولغاندەك، يۈزى تۆكۈلگەندەك ھېس قىلىدۇ - دە، پۇرسەت كۈتۈپ ئۆچىنى ئالىدۇ، بۇنىڭ بىلەن زىددىيەت - توقۇنۇش بارغانچە كەسكىنلىشىپ، ئېغىر بولغاندا قانلىق پاجىئەلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولۇشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا، خەلقىمىزنىڭ ئومۇمىي ئەخلاقىدا بىر - بىرىنى تىللىشىش، ھاقارەت قىلىش

ناھايىتى ئېغىر ئېلىنىدىغان يامان خۇيلاردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. ھاقارەت قىلغۇچى بىكاردىن ـ بىكار بىر كىشىنى ھاقارەت قىلسا، ئىززەت ـ نەپسىگە تەگسە، چوقۇم كىشىلەر ئارا مۇناسىۋەتكە ئېغىر دەرىجىدە نۇقسان يېتىدۇ، نورمال كىشىلىك مۇناسىۋەت بۇزۇلىدۇ.

شۇڭا، پەزىلەتلىك بىر كىشىگە نىسبەتەن باشقىلارنى ھاقارەتلەش قىلچە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، تىلنى بۇزۇش، ئاغزىدىن نىجاسەت ئاققۇزۇش ئادەمنىڭ ئىززەت ـ ئابرۇيىنى تۆكۈۋېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ھارەتلىشىگىمۇ ئىمكان قالدۇرماسلىق، ھاقارەت قىلغۇچىمۇ بولماسلىق كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەدەپ ـ ئەخلاققا قاتتىق رىئايە قىلىش، ئۆزىگە پۇختا بولۇش، ھەرقانداق ئىشنى ئەقىل تارازىسىدا دەڭسەپ قىلىش كېرەك. ئەخلاق ـ پەزىلەتتە كامالەتكە يەتكەن كىشى باشقىلارنىڭ ھاقارىتىگە ئۇچرىمايدۇ، ئۇچرىغاندىمۇ پەقەت ئۇقۇشماسلىق سەۋەبىدىن بولۇپ قالىدۇ.

## سوئال: زامانىمىزدا كىشىلەرنى ھاقارەتلەشنىڭ قانداق يېڭى شەكىللىرى بار؟

جاۋاب: زامانىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ بىر ـ بىرىنى ھاقارەتلەشمۇ مۇناسىپ ھالدا «تەرەققىي» قىلدى. مەتبۇئات يۈزىدە باشقىلارنى دارىتمىلاپ ھاقارەتلەش، تېلېۋىزوردا بىرەر باھانىدە باشقىلارنى گەپتە چېقىۋېلىش، ئىنتېرنېت تورىدا غەيرىي ئىسىم بىلەن كىرىپ ئۆچى بارلارنى تىللاش قاتارلىقلار زامانىمىزدىكى باشقىلارغا ھاقارەت قىلىشنىڭ ئۆزگىچە شەكىللىرىدىن ئىبارەت. بۇنىڭدىن باشقىمۇ شەكىللىرى بار، كىشىلەر باشقىلاردىن ئۆچ ئېلىشنىڭ ئۆزگىچە ۋاستىلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئىجاد قىلماقتا. مانا بۇ يامان نىيەتنىڭ ھەر خىل شەكىلدە، بىر خىل ماھىيەتتە ئىپادىلىنىۋاتقانلىقىنى





كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

مېنىڭ بىرىيېقىن تونۇشۇم بار بولۇپ، ئۇ گېزىت ـ ژۇرناللاردا توختىماي ماقالە ئېلان قىلىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئېلان قىلغان ماقالىلىرى شۇ ھامان جەمئىيەتتە كۆچلۈك تەسىر قوزغايدۇ. نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟ بۇ تونۇشۇم دائىم جەمئىيەتتە يۈزى بار كىشىلەرنى تاتىلاپ، ئۇلارنىڭ ئاجىزلىقلىرىنى مەتبۇئات يۈزىگە كۆتۈرۈپ چىقىدۇ، بەك ئاشكارا كۆتۈرۈپ چىقمايدۇ، ئەمما خېلى كۈچلۈك دارىتمىلايدۇ، بەزىدە ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، شۇنىڭ بىلەن جەمئىيەتتە بىرمۇنچە ئۆسەك سۆزلەرنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تارقىلىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. دەسلەپتە كىشىلەر ئۇنىڭ مەقسىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تازا بىلىپ يېتەلمىگەن ئىدى، ئۇنىڭ مۇشۇنداق قاراتمىلىق ماقالە يېزىش ئىشى راۋاجلانغاندىن كېيىن، ئەقلى بارلىكى كىشىلەر ئۇنىڭ قانداق يامان نىيەتتە قەلەمكەشلىك قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىۋالدى. ئۇ ماھىيەتتە گېزىت ـ ژۇرنال، مەتبۇئاتلاردىن پايدىلىنىپ باشقىلارغا ھاقارەت قىلغاندىن كېيىن، جەمئىيەتتە ئۆزىگە نۇرغۇن دۈشمەن تېپىۋالدى. ھازىر بولسا ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىنى ھاقارەتلىشى تورغا كۆچتى، ئۇ بۇ مۇنبەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ خېلى كۆپ كىشىلەرنى «مات» قىلغان ئىدى، ئەمما كېيىن ئۆزى پۈتۈن جەمئىيەت خاراكتېرلىق تور ھۇجۇمىغا ئۇچراپ بىراقلا ئابرۇيىنى تۆكۈۋالدى. دېمەك، ئۇ بىر ئۆمۈر باشقىلارغا ھاقارەت قىلغان، تۆھمەت قىلغان ۋە قارا چاپلىغانلىقىنىڭ جازاسىنى كۆردى.

باشقىلارغا ھاقارەت قىلىش شۇنچىلىك يامان ئىللەتكى، ئۇ جەمئىيەتنىڭ نورمال تەرەققىي قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىدۇ، كىشىلەرگە روھىي جەھەتتىن زىيان سالىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، باشقىلارغا ھاقارەت

قىلغانلارنى قەتئىي كەچۈرۈشكە بولمايدۇ. ھېلىقى تونۇشۇمۇ بۇ نۇقتىنى چۈشەنگەن بولۇشى مۇمكىن، ئەگەر چۈشەنگەن بولسا، چوقۇم بۇ يامان قىلمىشىدىن قول تارتىدۇ، ئەگەر چۈشەنمىگەن بولسا، ئۇ يەنە رەزىل قولىنى باشقىلارغا سۇنىدۇ ۋە باشقىلارنىڭ قاتتىق ئۆچ ئېلىشىدىن ساقلىنالماي گۇمران بولىدۇ.





# ھايا

**سوئال: خەلقىمىز جامائەت ئەخلاقىدا ھايانىڭ ئورنى ناھايىتى يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ. ھايالىق بولۇشنىڭ قانداق ئەۋزەللىكلىرى بار؟**

جاۋاب: ئادەم ھەر زامان ھەر يەردە ئەدەپلىك، ھايالىق بولۇشقا تىرىشىشى لازىم. خەلقىمىز «ھاياسىزلىق ئىنساننى چۈشكۈنلۈك پاتقىقىغا چۈشۈرىدۇ» دەپ قارايدۇ.

خەلقىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ئومۇمىي ئەخلاقىدا ھايانىڭ ئورنى ئىنتايىن مۇھىمدۇر. كىشىلەردىن ئۇيىلىش، ھەرقانداق گەپنى ئويلىنىپ قىلىش ئەقىدىنىڭ قۇۋۋەتلىك بولغانلىقىنىڭ، ھاياسىزلىق بولسا ئىشەنچ ـ ئەقىدىنىڭ ئاجىز بولغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر. ھايا ئەدەپ ـ ئەخلاقنىڭ ئاساسىدۇر. ھاياسى بولغان كىشى ئەقىدە ـ ئېتىقادلىق، ئەدەپ ـ قائىدىلىك بولغانلىقى ئۈچۈن گۇناھتىن چېكىنىدۇ. ئىنسانلاردىن ئۇيالمىغان كىشى ھەرقانداق يامان ئىشنى قىلىشتىن ئۇيالمايدۇ. ئىنسانلاردىن ئۇيىلىپ گۇناھنى يوشۇرۇش ھايادىندۇر. ھاياسىز بولغان مۇرۇۋۋەتسىزدۇر.

ئەر ـ ئوتۇن مۇناسىۋەتلىرىدە ۋە ھاجەت قىلىش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان سۆزلەرنى ئەينەن سۆزلەش ئىنسانلىققا ئۇيغۇن ئەمەستۇر، ئۇ ھايانى يوق قىلىدۇ ۋە ياخشىلارنى ئازايتىدۇ. بۇنداق سۆزلەرنى سۆزلەش توغرا كەلسىمۇ، ئوچۇق ئەمەس، كىنايە ھالىتىدە سۆزلىسە بولىدۇ.

بىز دائىم ئەقىدە ـ ئېتىقادلىق ھالىتىمىزدە ھايات كەچۈرۈشىمىز، ئولتۇرغاندا، ياتقاندا ئەدەپكە رىئايە قىلىشىمىز

لازىم. يېگەندە، ئىچكەندە، سۆزلەشكەندە، ئوقۇغاندا، يازغاندا ۋە ھەرقانداق بىر ئىش قىلغاندا ئەدەپ ـ ھايانى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك.

**سوئال: تۇرمۇشىمىزدا مەھرەم تېمىلار دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ، ئۇنى سوراشقا توغرا كەلگەندە، قانداق سوراش لازىم؟**

جاۋاب: مەھرەم تېمىلارنى ئەدەپ بىلەن سوراش لازىم، ئەلۋەتتە.

بىر قىز مەھرەم تېمىلارنى ئانىسىدىن سورىسا بولىدۇ. ئۇمۇ بىلمىسە، ئانىسىغا «دادامدىن ئۆگەن» دەيدۇ. دادىسىمۇ بىلمىسە، دادىسىنىڭ، بىلىدىغان بىرسىدىن سورىشىغا توغرا كېلىدۇ. دادىسى يوق بولسا ئاكىسى، تاغىسى قاتارلىق قېرىنداشلىرىدىن ئۆگەنسىمۇ بولىدۇ. بۇلارمۇ دەپ بەرمىسە ئۇ چاغدا مەكتۇپ بىلەن ياكى تېلېفون بىلەن، ئۆزىدىن ئەمەس، باشقىلارنىڭ نامىدا سوراشمۇ ئەقىلگە مۇۋاپىق. بىر ئايالنىڭ ئېرى بۇ بىلىملەرنى بىلىپ تۇرۇپ خانىمىغا بىلدۈرمىسە، ئايال ئەڭ مۇۋاپىق بىر يول بىلەن بۇلارنى بىلەلەيدۇ. بىلگەنلەردىن بۇ تېمىلاردا ئەدەپ دائىرىسىدە سورىسا ئەيىب بولمايدۇ. دېمەك، ئەيىب بولىدۇ دەپ ئۆزىگە پەرز بولغان بىلىملەرنى ئۆگەنمەسلىككە بولمايدۇ.

**سوئال: بەزى كىشىلەر سەت گەپلىشىدۇ، ئەيىب نەرسىلەرنى سۆزلەيدۇ. كىشىلەر ئۆچ كۆرىدىغان پاسكىنا ئىشلارنى قىلىدۇ. بۇلارغا قانداق قاراش كېرەك؟ ئۇلار بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا نېمىلەرگە دىققەت قىلىش تەكىتلىنىدۇ؟**

جاۋاب: چۈشىنىش كېرەككى، سەت گەپ قىلىش، ئەۋرەتنى نىشان قىلىپ چاقچاقلىشىش، سورۇنغا، ئادەملەرگە باقماستىن سەت گەپ قىلىدىغان كىشىلەرنى خەلقىمىز ئىنتايىن يامان كۆرىدۇ، خەلقىمىزنىڭ ئېسىل ئەخلاقى بۇنداق قىلىقلارغا





ھەرگىز يول قويمايدۇ.

جىما ئۇچۇن ۋە پىنھان، باشقىلارغا ئاشكارىلاشقا بولمايدىغان ئىشلارنى ئاشكارا سورۇنلاردا سۆزلەش ۋە بۇنداق گەپلەر بىلەن باشقىلارنى تىللاش سېپى ئۆزىدىن سەت گەپ قىلىشقا ياتىدۇ. بۇنداق گەپلەر بولۇنۇۋاتقان سورۇندا ھايا كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. بۇنداق گەپلەرنى دېيىش مۇرۇۋۋەتكە ۋە دىيانەتكە مۇۋاپىق ئەمەستۇر، ھايانى، ئۇيېلىشنى يوق قىلىدۇ ۋە باشقىلارنى خىجىل قىلىپ قويىدۇ. جىمانى، نىجاسەتنى سۆزلىگەن ۋاقىتتا، ئوچۇق سۆزلىمەسلىكىمىز، كىنايە سۈپىتىدە سۆزلىسەكلا كۇپايىدۇر. ئەدەپلىك، سالىھ كىشى سەت گەپ قىلىشقا مەجبۇر بولغاندىمۇ، كىنايە بىلەن سۆزلەيدۇ.

خەلقىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ئومۇمىي ئەخلاقىدا ھايانىڭ، ئۇيېلىشنىڭ ئورنى ئىنتايىن مۇھىم. ھاياسى بولغان كىشى باشقىلاردىن ئۇيالغانلىقى ئۈچۈن گۇناھ ئىش قىلىشتىن قولىنى يىغىدۇ. ئىنسانلاردىن ئۇيالمىغان كىشى ھەرقانداق يامان ئىش قىلىشتىن يانمايدۇ. يوشۇرۇن قىلغان گۇناھىنى باشقىلارغا ئاشكارىلاش توغرا ئەمەس، ئۇ ھاياسىزلىقتۇر.

ئىنسانلاردىن ئۇيىلىپ تۇرۇپ گۇناھىنى يوشۇرۇشمۇ ھايادىندۇر. گۇناھ يوشۇرۇلمىسا، پاسىقلار بۇنىڭدىن غەيرىي نىيەتتە پايدىلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ئىلھام، جاسارەت ئالىدۇ.

ھايا كىيىمىنى يېپىنىۋالغان كىشىنىڭ ئەيىبى كۆرۈنمەيدۇ. ئاقىللار بىزگە: «كىشىلەر خۇش بولىدىغان ئىشلارنى قىل! كىشىنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىنى ئارزۇلىمايدىغان ۋە كىشىلەر ئاڭلىغاندا خۇش بولمايدىغان ئىشلاردىن قاچ!» دەپ نەسىھەت قىلىدۇ.

**سوئال: ھايانىڭ قانداق سۈپەتلىرى بار؟**

جاۋاب: ھايا دىلنى روشەن قىلىدىغان بىر نۇردۇركى، ئىنسان

مەر دائىم شۇ مەنىۋى نۇرنىڭ زىياسىغا موھتاجدۇر. ئەخلاق بۇيرۇمىغان، ئادەملەر ياقتۇرمايدىغان ئىشلارنى قىلىش، كىشىلەرنىڭ غۇرۇرىغا، ئىپپىتىگە تېگىدىغان غەيۋەت، ھەجۋىي، سەپسەتە، سۆكۈشكە ئوخشاش ئەدەپسىز سۆزلەرنى سۆزلەش ناھايىتى چوڭ ھاياسىزلىقتۇر. ئىپپەتنىڭ پەردىسى، ۋىجداننىڭ نىقابى ھايادۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىر ھەرىكىتىمىزدە، سۆزىمىزدە ھايالىق بولۇشىمىز لازىم. ھايا پەردىسى بىلەن ئورالغان ئىنسانلارنىڭ ئىپپەت پەردىسى ھەرگىز يىرتىلمايدۇ ۋە بۇ پەردە شۇنداق مۇبارەكتۇركى، ئانچە - مۇنچە سەۋەنلىكلەرنى يوشۇرۇپ يوق قىلالايدۇ.

ئىبن سىنا ھەكىم ئېيتىدۇ: «ئىنساندا مەڭگۈلۈك تۇرىدىغان ھۆسن ۋە لاتاپەت — ھايا ۋە ئىپپەتتۇر. ھاياسىز ئادەم جانسىز تەنگە ئوخشاشتۇر.»

مۇھەممەدىن ئىبنى ئەرەبى ئېيتىدۇ: «ئىنساننىڭ چىرايىدىكى قىزىللىق ئاستا - ئاستا كېتىدۇ، ھايا قىزىللىقى ئەسلا كەتمەيدۇ. ياشلىق ھۆسنىنىڭ قىزىل رەڭگى ھايا ئارقىلىق زىننەت - لاتاپەتكە ئىگە بولىدۇ.»

سۇقرات ھەكىم ئېيتىدۇ: «خوتۇنلارنىڭ ئەڭ گۈزىلى ھايا ۋە ئىپپەت پەردىسىگە ئورالغانلىرىدۇر.»

## سوئال: ئاياللار ھايا ۋە ئىپپەتكە قانداق ئەمەل قىلىشى كېرەك؟

جاۋاب: ھايا ۋە ئىپپەت تەبىئىيكى ئاياللارغا ئادەت بولۇشى لازىم. ھايا بىلەن ئىپپەت ئاياللارنى ئەرلەرگە سۆيۈملۈك كۆرسەتكۈچى سەۋەبلەرنىڭ ئەڭ قۇتلۇقلاشقا ئەرزىيدىغىنىدۇر. ئايالنىڭ ئەدەپسىز بولۇشىغا ۋە ھاياسىز يۈرۈشىگە ئەرلەرنىڭ ھېچبىرى رازى بولمايدۇ. ئايالى ئاينى خىجىل قىلغۇدەك گۈزەل بولسىمۇ، ئۇنىڭ نومۇسسىزلىقىنى بىلگەن ئەرنىڭ شۇ سائەتتە





ئىخلاسى قايتىدۇ، مۇھەببىتى سۇنىدۇ ۋە نەپرەتلىنىشكە باشلايدۇ. نومۇسسىزلىق، ھاياسىزلىق خەلقنىڭ ئالدىدا ھېچقاچان ئەپۇ قىلىنمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تەربىيىلىك ئاياللار بىر تەرەپتىن ئەرلىرىنىڭ كۆڭلىنى تېپىش ئۈچۈن، يەنە بىر تەرەپتىن كىشىلىك ئەخلاقنىڭ قىستىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن نومۇسسىزلىق ۋە ھاياسىزلىقتىن يىراق بولىدۇ. ھايالىق كىشىلەر قانچىلىك يوقسۇل بولسىمۇ، ئادەملەرنىڭ ئالدىدا ھۆرمەتتى بولىدۇ. ھاياسىز كىشى قانچىلىك باي بولسىمۇ، ئېتىبارى بولمايدۇ.

ھايا ۋە ئىپپەت تەبىئىيكى ئاياللارغا ئادەت بولۇشى لازىم. ھايا بىلەن ئىپپەت ئايالارنى ئەرلىرىگە سۆيۈملۈك كۆرسەتكۈچى سەۋەبلەرنىڭ ئەڭ قۇتلۇقلاشقا ئەرزىيدىغىنىدۇر. ئايالنىڭ ئەدەپسىز بولۇشىغا ۋە ھاياسىز يۈرۈشىگە ئەرلەرنىڭ ھېچقايسىسى رازى بولمايدۇ. ئايالى بىرىنچى دەرىجىلىك گۈزەل بولسىمۇ نومۇسسىزلىقىنى بىلگەن ئەرنىڭ شۇ ھامان ئىخلاسى قايتىدۇ، مۇھەببىتى سۇسلىشىدۇ ۋە نەپرەتلىنىشكە باشلايدۇ. نومۇسسىزلىق، ھاياسىزلىق خەلقنىڭ ئالدىدا ھېچقاچان ئەپۇ قىلىنمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تەربىيىلىك ئايالار بىر تەرەپتىن ئەرلىرىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن، يەنە تەرەپتىن ھەقنىڭ غەزىپىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن نومۇسسىزلىق ۋە ھاياسىزلىقتىن يىراق بولۇر. ھايالىق كىشىلەر نەقەدەر يوقسۇل بولسىمۇ ئادەملەرنىڭ ئالدىدا ھۆرمەتتى بولۇر. ھاياسىز كىشى نەقەدەر باي بولسىمۇ ئېتىبارى بولماس.

ھايا كىشىلەرنى يامان يولدىن قايتۇرغۇچى ۋە ياخشىلىققا ئۈندىگۈچىدۇر. كىمنىڭ ھاياسى بولمىسا، شۇنىڭ ئۈيىتى بولمايدۇ ۋە بارلىق قەبىھ ئىشلارنى قىلىشتىنمۇ يانمايدۇ، كىشىدە ھايا بار بولسا، نەپسى ئۇنىڭ ئۈستىدىن ھاكىم بولالمايدۇ ۋە كەينىگە ئەگەشتۈرەلمەيدۇ.

هەر بىر ئەقىل ئىگىسى شەرم - هايا يولىدا مۇستەهكەم تۇرۇشنى ئۆز هاياتى روناقلىقىنىڭ سەۋەبى قىلىۋالسا، زامانىنىڭ چوڭ - كىچىكى ئۇنىڭ هۇزۇرىغا ۋە سۆهبىتىگە خېرىدار بولىدۇ، ئادەملەرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مېهرى - مۇهەببىتى كۈنسېرى ئاشىدۇ. هۆرمەت كۆچىتى بولسا دوستلۇق باهارىنىڭ تەربىيىسى بىلەن مەقبۇللۇق بېغىدا هۇزۇر - پەيزىنى سۇرۇۋېرىدۇ. ئېهتىرام بېغىنىڭ گۈللىرى هەمىشە كۆز جۇدۇنىنىڭ تەسىرىدىن يامان تەرەپكە يۈزلەنمەيدۇ.

هايا خەلقىمىزنىڭ ئەخلاق دەرىخىدىكى بىر شاخ بولۇپ، تومۇرلىرى خەلقىمىزنىڭ جانىجان مەنپەئىتى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن. بۇ شاخقا يېپىشقان زات ئەلۋەتتە مۇبارەك بولۇر. ئاياللارنىڭ يۈزىدە بولغان هايا قىزىللىقى ئەرلەرنىڭ كۆڭۈللىرىگە يامغۇر - يېشىندىن تېز ۋە قۇتلۇق تەسىر قىلىپ، مۇهەببەت ئۇرۇقلىرىنى چاچىدۇ.

هايا بىلەن ئىپپەت ئاياللارنىڭ مەنىۋى گۈزەللىكىدۇر. بۇ شۇنداق بىر گۈزەللىكتۇركى، تاشقى كۆرۈنۈشى ئايدەك گۈزەل بولغانلار بىلەن تەڭلەشتۈرۈپ بولمايدۇ. هەتتا گۈزەل بولسىمۇ هاياسىز ۋە ئىپپەتسىز بولسا، ئۇنداق ئايالدىن ئېرى ۋە باشقا يېقىن دوستلىرى تېزلا نەپرەتلىنىپ، ئۆزىنى چەتكە ئالىدۇ.





# هەسەت قىلماق

**سوئال: هەسەت دېگەن نېمە؟ كىشىلەر نېمىشقا بىر - بىرىگە هەسەت قىلىشىدۇ؟**

جاۋاب: هەسەت بىر كىشىنىڭ خەيرلىك بىرەر ئىشى ياكى ئۆيى، مال - مۈلكى، ئىلمى بولسا، ئۇ كىشىدىن بۇ نەرسىلەرنىڭ يوق بولۇشىنى، ئۇنىڭدا بولماي، ئۆزىدە بولۇشىنى ئارزۇ قىلىش خاهىشىدۇر. ئۇنىڭدا بولغىنىدەك، ئۆزىدىمۇ بولۇشىنى ئارزۇ قىلىش هەسەت هېسابلانمايدۇ.

باشقا بىرسىنىڭ ئۆزىدىن ئۈستۈن بولغان هەرقانداق نەرسىسىنى قىزغانغانغا، يەنى ئۇنىڭدىكى ئۈستۈنلۈكنىڭ پەقەت ئۆزىدىلا بولۇشىنى ئىستىگەن كىشىنى قىزغانچۇق دەيمىز. مانا بۇمۇ ئەڭ يامان خۇيلارنىڭ بىرىدۇر. قىزغانچۇق ئىنسان ئۆمرى بويىچە راهەتسىز ئىنساندۇر. بۇنداق ئادەم ئۆزىدىن تۆۋەن بولغۇچىنى كۆرمەيدۇ، ئۆزىدىن ئۈستۈن بولغان كىشىنىڭ هەرقانداق ئىشىنى كۆرىدۇ ۋە قىزغىنىدۇ، مۇشۇ قىزغانچۇقلۇقى سەۋەبىدىن بەزىبىر زور پاجىئەلەر يۈز بېرىشىمۇ مۇمكىن.

بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىدە قىزغانچۇقلۇق ۋە هەسەت تۇيغۇسى بارلىقىنى هېس قىلىغان كىشى بۇ يامان خۇيىدىن قۇتۇلۇشقا تىرىشىشى كېرەك. ئىنسان ئۆزىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ، قىزغانچۇقلۇقتىن قۇتۇلغانلار راهەت ۋە هۇزۇرغا ئېرىشەلەيدۇ. بۇ ئىش بايلىق ۋە پېقىرلىق ئىشى ئەمەس، بەلكى قەلبىنىڭ بايلىقى ياكى پېقىرلىقىدۇر.

قىزغانچۇق ئىنسان باشقا ئىنساننىڭ ئۆزىدىن ياخشى كىيىنگەنلەرنى، ياخشى ياشىغانلارنى كۆرەلمەيدۇ. يەنى

باشقىلارنىڭ بوي ـ تۇرقى، گۈزەللىكى، ئىشچانلىقى، قازانغان نەتىجىسىنى كۆرەلمەيدۇ. ئەڭ يامىنى، باشقىلارنىڭ بېشىغا كەلگەن پالاكەتلەردىن خۇشاللىنىدۇ. مانا بۇ ھەسەتخورلۇقنىڭ ئەڭ يامان دەرىجىسىدۇر.

ھەسەت تەكەببۇرلۇققا سەۋەب بولىدۇ، باشقىسىدا بولغان نېمەتلەرنىڭ ئۇلاردىن ئايرىلىپ ئۆزىدە بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. باشقىلارنىڭ ھەقلىق بولغان سۆزلىرىنى ۋە نەسىھەتلىرىنى رەت قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن بىر نەرسىنى سوراپ ئۆگىنىشنى خالىمايدۇ. ئۆزىدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى بىلسىمۇ، ئۇنىڭغا تەكەببۇرلۇق قىلىدۇ.

بىر كىشى قارشىسىدىكى كىشىنىڭ كىبىرلىشىپ قالغانلىقىغا قاراپلا ھەسەت قىلمايدۇ، بەلكى، ئارىلىرىدا دۈشمەنلىك ۋە رىقابەت پەيدا بولغاندا ھەسەت پەيدا بولىدۇ. بۇلار پات ـ پات توقۇنۇشۇپ قالىدۇ، بىرى يەنە بىرىنىڭ پىكرىنى قوللىمىسا، يەنە بىرى ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىدۇ، ئاندىن دۈشمەنلىك قىلىش يولىنى تۇتىدۇ. ئالىم ئالىمغا ھەسەت قىلىدۇ، ئەمما ھېچقاچان بىر تەقۋادارغا ھەسەت قىلىپ يۈرمەيدۇ. مۇشۇ شەكىلدە تىجارەتچى تىجارەتچىگە، يازغۇچى يازغۇچىغا ھەسەت قىلىدۇ. قىسقىسى، ھەر كىشى ئۆز مەسلىكىدىكى كىشىگە ھەسەت قىلىدۇ.

بىر كىشى يەنە كۆپىنچە دوستلىرىغا ھەسەت قىلىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا قوشنا ئولتۇرغان، ئەمما كېيىن يىراققا كۆچۈپ كەتكەن بىر تىجارەتچى بىلەن يەنە بىرىنىڭ ئارىسىدا ئەلۋەتتە زور پەرق بولىدۇ. بۇ پەرق كېيىنچە بىلىنگەندىن كېيىن تۆۋەن تۇرغۇچى ئۈستۈن تۇرغۇچىغا ھەسەت قىلىدۇ. خۇددى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش، بىر پالۋان بىر يازغۇچىغا ئەمەس، باشقا بىر پالۋانغا ھەسەت قىلىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ مەقسىتى يېزىقچىلىق بىلەن ئەمەس، پالۋانلىق بىلەن شۆھرەت قازىنىشتۇر.





بۇ ھەسەتنىڭ تېگى دۈشمەنلىكتۇر. دۈشمەنلىكنىڭ ئەسلى بولسا مەنپەئەت توقۇنۇشىدىن پەيدا بولىدۇ. بۇنداق مەنپەئەت يىراقتىكىلەر ئارىسىدا ئەمەس، يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغان، مەنپەئىتى چېتىشىپ كەتكەنلەر ئارىسىدا بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئۇلار ئارىسىدا ھەسەت چوڭىيىپ بارىدۇ. ھەسەت قىلغۇچى ھەر خىل ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ ھەسەت قىلىنغۇچىنى ئەڭ ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن پالاقلايدۇ، ئۇنىڭدىن ئۈستۈن تۇرغۇچىنى ئىزدەيدۇ، ئەدىپىنى بەرمەكچى بولىدۇ.

بۇلارنىڭ مەنبەسى مال ـ دۇنيا سۆيگۈسىدۇر. ئەگەر خالىس كىشى بولسا، بۇنداقلار ئارىسىدا ھەسەت ئوتى يانمايدۇ.

ھەسەت بىر خىل قەلب كېسەللىكىدۇر. قەلب كېسەللىكى ئىلىم ۋە ئەمەل بىلەن شىپا تاپىدۇ. ھەسەتنىڭ زىيىنى شۇ كىشىنىڭ ئۆزىگە بولىدۇ، ھەسەت قىلىنغۇچىغا قىلچىلىك زىيىنى بولمايدۇ.

سىز ھەسەت قىلسىڭىز، ئىچىڭىزدە بىر ئوت يانىدۇ، ئۆز ـ ئۆزۈڭىزنى كۆيدۈرىدۇ، پەرىشان بولۇرسىز.

ھەسەت قىلىش بىلەن ھېچكىمگە زىيان سالالمايسىز. ئۇنىڭ ماشىنىسى سىزنىڭ ماشىنىڭىزدىن ئېسىل ئىمىش، ئۇنىڭ ئۆيى داچىدا، ئازادە ۋە يورۇق. بۇنىڭغا ھەسەت قىلغىنىڭىزنىڭ نېمە پايدىسى بار؟

**سوئال: ھەسەتخورلۇقنىڭ قانداق زىيانلىرى بار؟**

جاۋاب: غەيۋەت، بوھتان، بۇزۇق ئوي قاتارلىق يامان خۇلقلار ھەسەتتىن تۇغۇلىدۇ. ھەسەت ناچار ئەخلاقلارنىڭ ئەڭ زىيانلىقىدۇر. ھۆكۈمالار ھەسەتنى ئوتقا ئوخشىتىپ: «ئوت ئۆزلۈكىدىن يېنىپ كۈل بولغىنىغا ئوخشاش ھەسەتچىلەرنىڭ تەنلىرى ھەسەت ئوتىدا ئېرىپ كۆيۈپ تۈگىگۈسى» دەيدۇ.

دېمەك، ھەسەتخورلار ھەر دائىم ئۈمىدسىزلىك ۋە ھەسرەت

ئىچىدە كۆن ئۆتكۈزىدۇ. ئۇلار ھەر قانچە مال ۋە بايلىققا ئىگە بولسىمۇ، ھەسەتخورلۇقى تۈپەيلى پاراغەت ۋە راھەت يۈزىنى كۆرەلمەستىن دۇنيادىن كېتىدۇ.

ئادەملەر دۇنيادا ھېچقانداق بىر ئازاب ۋە بالانىڭ ھەسەتخورلۇق ۋە بېخىللىقتىنمۇ ئېغىر ئەمەسلىكىنى بىلىشى كېرەك. ھەسەتخور كىشى ئادەملەرنىڭ خۇشاللىقىدىن دائىم غەمكىن بولىدۇ، ئەلەم تارتىدۇ. دۇنيادا ھەسەت ۋە بېخىللىقتىنمۇ يامانراق دەرد ـ ئەلەم يوقتۇر! شۇنداق ئىكەن، سىز بۇنداق كىشىلەردىن ھەر دائىم يىراق تۇرۇڭ، ئۇلارنىڭ سۆھبىتىدىن قېچىڭ!

ئاقىل كىشى دۇنيانىڭ غەم ـ ئەلىمى ۋە بار ـ يوقىغا قايغۇرمايدۇ. ئارتۇقچە بايلىق تېپىشقا ئىنتىلمەيدۇ. مال ۋە پۇل ئۈچۈن پەقەت جاھىل كىشىلەرلا پايپاسلايدۇ، تەكەببۇرلۇق بىلەن گىدىيىپ، ئىززەت ۋە ئابرۇيى كەينىدىن قوغلىشىدۇ.

ئاقىل كىشى ئاچ كۆزلۈك ۋە بېخىللىقنى ئۆزىگە ئادەت قىلىپ، مال ۋە پۇل تېپىشنىڭ پېيىدە يۈرمەيدۇ! ھەسەت ۋە بېخىللىق كوچىسىدىن قاچىدۇ. باشقىلارغا دائىم مەدەت قولىنى سۇنىدۇ! ھەسەت ۋە رەشكتىن ھېچكىم پايدا كۆرمىگەن، ئەكسىچە ئەل ئارىسىدا خار ۋە زەبۇن بولۇپ، ئېتىباردىن چەتتە قالغان. مال ـ مۈلكىڭىزنى بىكارغا ساقلىماڭ، ئۇنى ئەلگە مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان ئىشلارغا سەرپ قىلىڭ! پەقەت ئەخمەق ئادەملەرلا مىڭ بىر مۇشەققەتتە بايلىق توپلايدۇ ـ يۇ، ئۇنىڭدىن نە ئۆزى نەپ ئالالمايدۇ، نە باشقىلارغا مەنپەئەت بەرمەيدۇ! بۇنداق جاھىل كىشىلەر كۆرۈپ ـ بىلىپ تۇرۇپ، كۆرگىنىدىن ئىبارەت ئېلىشمايدۇ، نەپسى ئەممارە كويىغا كىرىپ، جاپا ۋە كۈلپەت چېكىدۇ.

كۆرۈپ تۇرۇپسىزكى، ھەسەتخورلۇق كىشىگە ئەنە شۇنداق ئېغىر زىيانلارنى ئېلىپ كېلىدۇ، ھەسەتخورلۇق سەۋەبىدىن نى ـ





نى كىشىلەر زىيانغا ئۇچرايدۇ، نى ـ نى پاجىئەلەر، ئېچىنىشلىق ئىشلار يۈز بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق يامان، رەزگى خۇيدىن قېچىش ئاقىل كىشىنىڭ ئىشىدۇر. كۆڭۈلدە ھەسەت ئوتى لاۋۇلدىماي، شادلىق كۈلكىسى ئۇقچۇپ تۇرسا، شۇ كىشىنىڭ جامالىدىكى نۇرغا نۇر قوشۇلىدۇ.

# ھۇرۇنلۇقنىڭ يامان ئاقىۋىتى

**سوئال: ھۇرۇنلۇق قانداق يامان خۇي؟ نېمە ئۈچۈن ھۇرۇنلۇقتىن ساقلىنىشنى تەۋسىيە قىلىمىز؟**

جاۋاب: ھۇرۇنلۇق ئادەملىك تەبىئىتىگە يات بولغان، ئوتخور ھايۋانلارغا خاس بىر خىل ئىش خۇشياقماسلىق، يەپ يېتىش، تويسا ئۇخلاش ۋە ھېچ ئىش بىلەن كارى بولماسلىقتەك شەكىللەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. خەلقىمىزنىڭ چۆچەكلىرىدە ھۇرۇنلار ھەققىدە خېلى كۆپ چۆچەك بار، بۇ چۆچەكلەر ھۇرۇنلارنىڭ ھۇرۇنلۇق قىلمىشىنى تېپىكلەشتۇرۇش ئارقىلىق ئىجاد قىلىنغان بولۇپ، ئۇنى ئوقۇغاندا ھۇرۇنلۇقنىڭ زىيىنىنى ھەقىقىي تونۇپ يەتكىلى ۋە يەتكۈچە ئىبرەت ئالغىلى بولىدۇ. ئەپەندىمنىڭ ھۇرۇنلۇق ھەققىدىكى بىر لەتىپىسىدە شۇنداق دېيىلىدۇ:

ئەپەندىم ئىنتايىن ھۇرۇن ئىكەن، كۈن بويى كارىۋاتتا يوتقانغا پۈركىنىپ ياتقىنى ياتقان ئىكەن، ئاش بەرسە يەيدىكەن، قورسىقى تويسا ئۇخلايدىكەن، كارىۋاتتىن چۈشەي دېمەيدىكەن. بىر كۈنى ئەپەندىمنىڭ خوتۇنى سىرتتىن كىرىپ:

— ئەپەندىم، ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلىدى، يامغۇر ياغىدىغاندەك قىلىدۇ، سىرتتا كىيىملەرنى يېيىپ قويغان، ئەكىرىۋالمىساق ھۆل بولۇپ كېتىدۇ! — دەپتۇ.

— ماقۇل، — دەپتۇ ئەپەندىم خۇشياقماي تۇرۇپ.

— ماقۇل دەپلا ياتىسىزغۇ، چۈشۈك كارىۋاتتىن ئادەم بولغاندىكىن! — دەپتۇ خوتۇنى يەنە.





— ماقۇل، مانا ھازىر... — دەپتۇ ئېرىنچەكلىك بىلەن.

شۇ ئەسنادا شامال ئىشىكنى ئېچىۋېتىپتۇ ـ دە، ئۆيگە غۇيۇلداپ شامال كىرىشكە باشلاپتۇ. بۇ چاغدا ئەپەندىمنىڭ خوتۇنى ئۆيدىكى نەرسىلەرنى يىغىشتۇرۇۋاتقان ئىكەن. شۇڭا:

— ئەپەندىم، تېز بېرىپ ئىشىكنى ئېتىۋېتىڭ، شامال كىرىپ كەتتى! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

— مەن سىز بۇيرۇغان ئىشقا ماقۇل دېدىم، ئەمدى ئىشىكنى ئۆزىڭىز يېپىۋېتىڭە... — دەپتۇ ئەپەندىم كارىۋاتتىن چۈشمەي تۇرۇپ.

ھۇرۇنلۇق تېپىكلەشتۇرۇلگەن بۇ لەتىپىدە ئەپەندىم تەپسە تەۋرىمەس ھۇرۇنلارنى يەتكۈچە مەسخىرە قىلغان. ئەپەندىمنىڭ ھۇرۇنلار ھەققىدىكى يەنە بىر لەتىپىسى مۇنداق:

ئەپەندىم يولدا كېتىۋېتىپ، دەرەخ سايىسىدا ئېرىنچەكلىك بىلەن ئولتۇرغان بىر ھۇرۇندىن سوراپتۇ:

— بۇرادەر، كۈنلىرىڭىز قانداقراق؟ — دەپ ئەھۋال سوراپتۇ. ھۇرۇن پەرۋاسىز ھالدا:

ـ تاپسام يەيمەن، تاپالمىسام قانائەت قىلىپ يۈرۈۋېرىمەن، — دەپتۇ.

— ئۇنداقتا، سىز شەھىرىمىزنىڭ ئىتلىرىغا ئوخشايدىكەنسىز! — دەپتۇ ئەپەندىم تەنە قىلىپ.

دېمەك، ھۇرۇنلار ئائىلىسىگە، يۇرتقا، جەمئىيەتكە يۈك، ئۇلاردىن ھېچقانداق مەنپەئەت چىقمايدۇ. ئىشلىمەي چىشلەيمەن دەيدىغان خاراكتېرى بولغانلىقى ئۈچۈن، بەزىدە كىشىلەرنىڭ خەيرخاھلىقىغا ئېرىشىمۇ، ھۇرۇنلۇقى سەۋەبىدىن يەنىلا تاشلىنىپ قالىدۇ، قورسىقىغا يەپ يېتىشتىن باشقىسىنى بىلمىگەچكە، تېنى زەئىپلىشىپ، جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن تەڭلا تۈگىشىپ كېتىدۇ.

ھۇرۇنلۇق يامان ئادەت، ئۇنىڭدىن يىراق قېچىش،

ئىشچانلىق، تىرىشچانلىقنى ئۆزىگە دوست تۇتۇپ ياشاش كېرەك.

**سوئال: زامانىمىزدىكى ھۇرۇنلار ھەققىدە سۆزلەپ بېرەمسىز؟**

جاۋاب: ئۆتمۈشتىكى ھۇرۇنلار ئەپەندىمنىڭ لەتىپىلىرىدە ئىپتىلغاندەك بولسا، زامانىمىزدىكى ھۇرۇنلار ماھىيەت جەھەتتىن ئوخشاپ كەتسىمۇ، شەكىل جەھەتتىن زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ.

ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمىزدا، بىزنىڭ بىر ھۇرۇن ساۋاقدىشىمىز بار ئىدى. ئۇ ھەر كۈنى ئىككى سائەت دەرس ئوقۇشقىلا بەرداشلىق بېرەلەيتتى، بالدۇرراق چىقىپ تاماق يەتتى - دە، بىز چۈشلۈك تاماقنى يەپ بولۇپ ياتاققا چىقساق، ئۇ ئاللىقاچان يوتقانغا پۈركىنىپ ئۇيقۇغا كەتكەن بولاتتى، چۈشتىن كېيىنلىرىمۇ ياتاتتى، ئۇيقۇسى كەلسە ئۇخلايتتى، بولمىسا كۆزىنى ئېچىپ ياتقىنى ياتقان ئىدى. ئۇنىڭ يوتقىنى كۈن بويى يىغىقسىز تۇراتتى. مۇشۇ تەرىقىدە ئىككى يىل ئۆتتى، شۇ جەرياندا بۇنىڭ تېنى بارغانچە ئاجىزلىشىپ كەتتى، تاماق يەپلا ياتقاچقا، يېگەن تامىقى سىڭمەي ئاشقازان كېسىلى بولۇپ قالدى، ئوقۇش، ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بەرمىگەچكە، كاللىسى گاللىشىپ، ھېچنېمىگە ئۆتمەس بولۇپ قالدى. بالىلار بىرەر مەسىلىنى تالىشىپ مۇنازىرە قىلىشسىمۇ كۆزىنى پارقىرىتىپ ئولتۇراتتى. بەزىدە: «سىلەر نېمىشقا بۇنداق نەرسىلەرنى تالىشىپ يۈرىسىلەر؟ بۇنىڭ نېمە پايدىسى؟» دەپ قوياتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاخىرغا بېرىپ غەيرىي سەمرىپ كەتتى، بىرنەچچە پەندە ئۆتەلمەي، ئاخىر دىپلومغىمۇ ئېرىشەلمىدى. بۇ مېنىڭ ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ۋە بىللە تۇرمۇش كەچۈرگەن بىر ھۇرۇن ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ نۇرغۇن ھۇرۇنلارنى ئۇچراتتىم، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ خىزمىتى بولسىمۇ، شۇ خىزمەتنى تىرىشىپ ئىشلەپ بىرەر نەتىجە يارىتىشنىڭ ئورنىغا، ھۇرۇنلۇق





قىلىپ، مەجبۇرىيەت يۈزىسىدىن خىزمەتكە بېرىپ، خۇشياقمىسا ئىشلىمەي، تاماق يەپ يېتىپ، ئەتىسى سۆرىلىپ يەنە خىزمەتكە بېرىپ كۈن ئۆتكۈزۈپ، كوچا چىڭداپ يۈرىدۇ. بۇنداق ھەددىدىن زىيادە ھۇرۇن كىشىلەرنىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولمايدىغانلىقىمۇ ئەمەلىيەت جەريانىدا كۆپ قېتىم ئىسپاتلانغان. بۈگۈنكىدەك كەسكىن رىقابەت دەۋرىدە يەنە نېمىشقا ھۇرۇنلۇق قىلىمىز؟ دېگەن سوئالنى ھەر بىرىمىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز قويۇپ باقمىساق بولمايدۇ. چۈنكى، ئەمدى ھۇرۇنلۇق قىلساق، بىز مەڭگۈ سۆرىلىپ كەينىدە قالىمىز. ئادەمدەك ياشىشىمىز ئۈچۈن ھۇرۇنلۇق بىزدىن يىراق تۇرسۇن!

**سوئال: ھۇرۇنلۇق ئاپىتى ۋە تىرىشچانلىقنىڭ پايدىسى ھەققىدە بىر - ئىككى ئېغىز سۆزلەپ بېرىڭ.**

جاۋاب: ھۇرۇنلۇق ئىنسان سائادىتىنىڭ زور ئاپىتىدۇر. غىزاخورلۇقتىن پەيدا بولىدىغان يامانلىق مەئىشەت جەھەتتىن نەسلىگىمۇ تەسىر قىلىدۇ. ھەر خىل ساخاۋەت ۋە كامالەتتىن مەھرۇم قىلىپ، كىشىنى خار ۋە زەلىل قىلىپلا قالماستىن، يەنە ئۆمۈرنى جاھالەت ئورىسىغا ئىتتىرىدۇ. كىشىنىڭ ھەر قانداق ئىشتا كۈچى يەتكۈچە تىرىشىش بۇرچى بار. لېكىن بىلىش كېرەككى، دۇنيادا تىرىشچانلىقتىن ئېرىشىلىدىغان يېمىش دەرھال ھاسىل بولمايدۇ. «ھالۋا» دېگەنگە ئېغىز تاتلىق بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشچان ۋە غەيرەتلىك كىشىلەر ھەر قانداق تىرىشچانلىقنىڭ نەتىجىسى ۋە مۇكاپاتىنى كۆرۈشى مۇمكىن بولسىمۇ، ئۇ مۇكاپاتقا ئېرىشىشنىڭ ۋاقىت - سائىتى بار. مەسىلەن، مېۋىلىك دەرەخنى تۆت - بەش يىل پەرۋىش قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇنىڭ مېۋىسىگە ئېغىز تەگكۈزگىلى بولىدىغاندەك، بىر ئوقۇغۇچى مەكتەپتە ئون نەچچە يىل ئىزچىل

تىرىشىپ ئوقۇغىنىدىلا، ئاندىن تەربىيىسىنىڭ ھاسىلاتى — مېۋىسى كۆرۈلىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش ھەر بىر ئىشنىڭ نەتىجىسى بىر مەزگىل تىرىشىش ئارقىسىدىلا ئاشكارا بولىدۇ. قىسقىسى، ھورۇنلۇق ۋە ئىش خۇشياقماسلىقنى خۇي قىلغان كىشىلەر بۇ دۇنيادا ئىنسانىي سائادەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى نېمەتلىرىدىن مەھرۇم ۋە بەھرىسىز قالىدۇ.





## ھۈنەر

**سوئال: خەلقىمىز ھۈنەرنىڭ ھېكمىتىنى قانداق تەرەپلەردىن چۈشەنگەن؟ ھۈنەرنىڭ يەنە قانداق خاسىيەتلىرى بار؟**

جاۋاب: ئۇلۇغ خەلقىمىز ھۈنەرلىك بولۇش، ھۈنەر ئارقىلىق روناق تېپىش، كىشىلەرگە پايدا ـ مەنپەئەت يەتكۈزۈش ۋە بۇ ئارقىلىق بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىشنى تەشەببۇس قىلىپ كەلگەن. «ھۈنەر، تېرىساڭ ئۈنەر»، «يىگىتكە يەتمىش تۈرلۈك ھۈنەرمۇ ئاز» دېگەندەك ھېكمەتلەردە ھۈنەرنىڭ خاسىيىتىنى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز. «ھۈنەرنىڭ خاسىيىتى»، «ياغاچ ئات»، «ھۈنەرۋەن بالا» قاتارلىق چۆچەكلەردە ھۈنەردە كامالەتكە يېتىشنىڭ ئىنسانغا قانچىلىك بەخت ـ سائادەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقى، ھۈنەر بولغاندىلا ھەرقانداق قىيىنچىلىقلاردىن غالىب كېلىپ مۇراد ـ مەقسەتكە ئوڭۇشلۇق يەتكىلى بولىدىغانلىقىدەك ئاكتىپ ئىدىيە ئىلگىرى سۈرۈلگەن.

خەلقىمىز ھۈنەر ۋە ھۈنەرۋەنلەرنى ئىنتايىن قەدىرلىگەن، ئاھالە زىچ، بازار قايناق رايونلاردا ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلار توپى بارلىققا كەلگەن ۋە بۇنداق يۇرتلار يەتمىش ئىككى تۈرلۈك ھۈنەر تېپىلىدۇ، دەپ تەرىپلەنگەن. بىزگە مىراس بولۇپ كەلگەن ھەر خىل ھۈنەرۋەنچىلىك رىسالىلىرىنىڭ ئىككى يۈز پارچىدىن ئېشىپ كېتىشى بۇ سۆزىمىزنى دەلىللەيدۇ.

سىز ياغاچچىلىق ھۈنىرىنى ئۆگىنىپ قويغان بولسىڭىز، دۇكان قۇرالمىغان ھالەتتىمۇ، ئۆيى رېئال تۇرمۇشتا يەنىلا جانلىق قوللىنىپ ھۈنەرنىڭ كارامىتىنى كۆرسىتەلەيسىز.

تۆمۈرچىلىك ھۈنىرىڭىز بولسا يەنىلا ناھايىتى ئاز سەرمايە بىلەن جېنىڭىزنى جان ئېتىپ كېتەلەيسىز. ئەگەر شۇ ھۈنەرنى كامالەتكە يەتكۈزۈپ ئۆگىنىپ، ئۇنى جارى قىلدۇرىدىغان بولسىڭىز، بىرنەچچە يىلغا قالمايلا دۇكىنىڭىز نەچچە ھەسسە چوڭىيىپ، شاگىرتلىرىڭىزمۇ كۆپىيىدۇ ۋە ئىشلىرىڭىز خېلىلا يۈرۈشۈپ كېتىدۇ.

مەن تونۇيدىغان ئىككى ئاكا ـ ئۇكا بار ئىدى. ئاكىسى تۆمۈرچىلىك ھۈنىرىنى، ئىنىسى ياغاچچىلىق ھۈنىرىنى ئۆگەنگەن ئىدى. تۆمۈرچىلىك ھۈنىرىنى ئۆگەنگەن ئاكىسى ھۈنىرىنى تاشلىماي ئىزچىللاشتۇردى، دەسلەپتە باشقا بىر تونۇشى بىلەن بىرلىشىپ دۇكان ئاچتى، بىرنەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن دۇكان ئايرىپ چىقتى. شۇ جەرياندا ئۇ تۆمۈرچىلىكتە قايسى يېڭى تېخنىكا چىقسا شۇنى بېرىلىپ ئۆگەندى، توك ئارقىلىق ئىشلەيدىغان ئىشلارنىمۇ قىلدى، قانداقلا ئىش ئالدىغا ئىشقىلىپ ئۆگىنىشنى قولدىن بەرمەي، قانداقلا ئىش ئالدىغا كەلسە باش تارتماي قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كىرىمىمۇ كۆپىيىپ، يۇرتتىكى ساناقلىق پۇلدارلارنىڭ بىرىگە ئايلاندى؛ ئۇنىڭ ياغاچچىلىقنى ئۆگەنگەن ئىنىسى بىر مەزگىل ياغاچچىلىق قىلغاندىن كېيىن دۇكاننى تاقاپ ئۆيىدە خۇشياقسا ئانچە ـ مۇنچە ياغاچچىلىق قىلىپ يۈردى، كېيىن كىشىلەر ئىشىك، دېرىزە ياسىتىش ئۈچۈن ئەكىرىپ بەرگەن ياغاچلارغا «خىيانەت» قىلغىلى تۇردى. ئۇنىڭ بۇ قىلىقى باشقىلارنىڭ ئاغزىدا پۇر بولدى، شۇنىڭ بىلەن ھېچكىم ئۇنىڭغا بىر نەرسە ياساتقۇزمىدى. بۇ ھۈنەرۋەن ھۈنىرىنى ئاققۇزالماي پەقەت نەچچە مو يېرىگە ئىشلەيدىغان دېھقان بولۇپ قالدى. ئاپەت بولغان يىللىرى كۈنىنى ئاران ـ ئاران ئۆتكۈزىدىغان ھالغا كېلىپ قالاتتى. ئاكىسى ئۇنىڭغا ھۈنىرىنى قىلىشنى جېكىلىگەن بولسىمۇ، ئۇ پەرۋا قىلماي يۈرەتتى. ئۇنىڭغىچە ياغاچچىلىقتىمۇ





ئېلېكترلەشكەن ئۈسكۈنىلەر ئىشلىتىلىپ، ئىش سۈرئىتى نەچچە ھەسسە تېزلىشىپ كەتتى، بۇ زاماننىڭ ئارقىسىدا قالدى. ئاخىر بىر كۈنى ئاكا ـ ئۇكا بىر يەرگە كېلىپ سۆزلەشتى. ئاكىسى ئۇنىڭغا ھۈنىرىنى داۋاملاشتۇرۇش تەكلىپىنى بەردى ۋە ئۆز دۇكىنىنىڭ يېنىدىن جاي ئاجرىتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھۈنىرىنى داۋاملاشتۇردى. ئۇ ئىشنى ئاستا قىلسىمۇ پۇختا قىلدى، باشقىلارغا قارىغاندا ياسىغان نەرسىلىرىنىڭ كۆركەم، سىپتا بولۇشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ نامى ئاستا ـ ئاستا تارقىلىشقا باشلىندى ۋە بىر يىلغا قالمايلا خېلىلا ھاللىنىپ قالدى. بۇچاغدا ئاكىسى ئۇنىڭغا دۇكان ئايرىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھۈنەرنى ئىخلاس بىلەن قىلدى، كىشىلەرنىڭ مېلىغا كۆز قىرىنى سالمىدى، نىيەتنى خالىس تۇتتى، نەتىجىدە ئۇنىڭ ياسىغان ئۆي سايمانلىرىنىڭ يىراق ـ يېقىنغا داڭقى كەتتى.

دېمەك، ھۈنەر ھالال كەسىپ، ئۇنىڭغا ئازراقلا خىيانەت ئارىلىشىپ قالسا كۆتۈرمەيدۇ، ھۈنەر قىلغۇچىنى روناق تاپقۇزماي، ئەكسىچە ئارقىغا چېكىندۈرىدۇ. شۇڭا، خەلقىمىزدە ھۈنەر ئۆگىنىش ـ ئۆگىتىشتە بىرقاتار ئۆزىگە خاس ئادەتلەر شەكىللەنگەن. بىر ئۇستام شاگىرتلارغا تۇججۇپلەپ ھۈنەر ئۆگىتىدۇ، بىرنەچچە يىل ھۈنەر ئۆگەتكەندىن كېيىن دۇئا بېرىپ بىر يۈرۈش ئۈسكۈنىلەر بىلەن يولغا سېلىپ قويىدۇ. ھۈنەرنى چىن ئەقىدىسى بىلەن قىلىشنى، پۇلنى ھالاللاپ تېپىشنى، مۇشۇنداق قىلغاندىلا روناق تاپالايدىغانلىقىنى جېكىلەيدۇ.

**سوئال: ئۇنداقتا، ھۈنەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەك؟**

جاۋاب: بۇنىڭدا، كەسىپ ـ ھۈنەر ئۆگىنىشتىن نومۇس قىلماسلىق، ئەمگەك قىلىشنى ئۆگىنىش كېرەك! يۇرت ـ ئەلنىڭ راۋاجىمۇ ھۈنەرگە باغلىق. ئەڭ ھالال، ئەڭ مەززىلىك

يېمەكلىكمۇ، كىيىم - كېچەك ۋە لازىمەتلىكلەرمۇ ھۈنەردىن ھاسىل بولىدۇ. ھۈنەر پۈتمەس خەزىنە. ۋاقتى كېلىپ دۇنيا تاسادىپىيلىقلىرى تۈپەيلى كىشى مال - مۈلكىدىن ئايرىلىسىمۇ، ھۈنەردىن ھېچقاچان ئايرىلمايدۇ. ھۈنەر ئادەمنىڭ دائىمىي ھەمراھى ۋە مەدەتكارىدۇر!

دۇنيادا ئەڭ ناچار ۋە ئەڭ يامان ئادەتلەردىن بىرى ئۆزى ئىشلىمەستىن، باشقىلارنىڭ ئىنئام - ئېھسانىغا تەمە كۆزىنى تىكىپ ئولتۇرۇشتۇر. كەسىپ - ھۈنەر ئىگىسى تەمەدىن خالىيدۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ ھۈنىرى بىلەن ھالال تېپىپ، ھالال يەيدۇ.

ھۈنەرسىز، ھورۇن ۋە ئىش خۇشياقماس كىشىلەر بىلەن ئۈلپەت بولماسلىق كېرەك، چۈنكى ئۇلارنىڭ تەسىرى سىزگىمۇ يۇقۇپ قېلىشى مۇمكىن. ھورۇنلارنىڭ دائىملىق پىكىر - خىيالى ئىشلىمەستىن چوڭ - چوڭ يېيىش، چىرايلىق كىيىنىشتۇر. ئۇلار ھەر دائىم بىھۇدە سۆزلەشنى، كۆڭۈللىرىنى خۇشال ئۆتكۈزۈشنى، تەنلىرىنى سەمرىتىشنىلا ئويلايدۇ. سېمىز كىشىنىڭ كۆڭۈل كۆزى ئېتىلگەن بولۇپ، دائىم ئارام تېپىشنى ئويلايدۇ. كۆپ يەپ سەمرىشنى ئويلايدىغان كىشىلەرنى دانالار ھايۋان تەبىئەتلىك كىشىلەر، دېيىشىدۇ.

كىشىنىڭ ئالتۇنى بولمىسىمۇ، ھۈنىرى بولسا، دۇنيادا ھېچقانداق خەۋپ - خەتىرى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، كىشى ھۈنەر زىننىتى بىلەن بېزەلمىكى لازىم. ھۈنەرسىز كىشى قۇرۇق سۆلەتتۇر. قۇرۇق سۆلەت كىشى خۇددى سۈرەتكە ئوخشايدۇ. سۈرەتكە قارىسىڭىز، ئۇ ئادەمگە ئوخشىسىمۇ جېنى يوق. دەرەخ شېخى مېۋىسىز بولسا، ئۇنىڭ ھايۋان مۈڭگۈزىدىن نېمە پەرقى بولسۇن؟! قەلەم گەرچە چۆپ بولسىمۇ، ئىلمۇ ھۈنەرنى ئاشكارا قىلغانلىقى ئۈچۈن ئەزىز ھېسابلىنىدۇ. ئەينەك گۈزەللەرنىڭ يۈزىنى ئاشكارا قىلىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن قولدىن چۈشمەيدۇ.





ھەكىملەر ھۈنەرسىز كىشىنى «قاناتسىز قۇش» دەپ ئاتاشقان. يەنى قۇشنىڭ پەرۋاز قىلىشى ئۈچۈن قانات بولۇشى شەرت. خۇددى شۇنىڭدەك ھۈنەرمۇ بارلىق ئىشلاردا كىشى ئۈچۈن ئىنتايىن زۆرۈر. قۇدرەتلىك خان - خاقانلار ۋە شانۇ شەۋكەتلىك ئۇلۇغ كىشىلەرمۇ، گەرچە ئۇلارنىڭ بايلىق - دۆلىتى يەر يۈزىنى قاپلايدىغان دەرىجىدە بولسىمۇ، ئۆز پەرزەنتلىرىنى كەسىپ - ھۈنەر ئۆگىنىپ قابىلىيىتىنى ئاشۇرۇشقا ئۈندەيدۇ. دېمەك، ئاددىي خەلق ھۈنەر ئۆگىنىشنى ئۆز پاراۋانلىقىنىڭ ۋە مەئىشىتىنىڭ تۈپ شەرتى دەپ بىلىشى تېخىمۇ زۆرۈر.

ئادەمنىڭ بەرىكەتلىك ۋە دۆلەتلىك بولۇشى ئۈچۈن ھۈنەر - كەسىپتىنمۇ قىممەتلىك رەخت يوق ھەمدە ئۇلۇغلۇق ۋە سائادەت ئاسمىنى ئۈچۈن بولسا، قابىلىيەتتىن يارقىنراق يۇلتۇز يوق. ھۈنەر سۈيى بىلەن سۇغىرىلمىغان كىشى خۇددى مېۋىسى ۋە سايىسى يوق قۇرۇق دەرەخكە، پاكى پۇرىقى ۋە رەڭگى بولمىغان گۈلگە ئوخشايدۇ. ھەقىقەتەن، بۇ جەننەتتەك گۈلشەننىڭ ھىدىدىن دىمىغىنى خۇشبۇي قىلغان كىشى خىلمۇ خىل، تېپىلغۇسىز لەززەتلىك نېمەتلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ. بۇ نېمەتنىڭ يېقىملىق شارابىدىن بىر يۇتۇم تېتىمىغان كىشى دائىما بەختسىزلىك ۋە ئاجىزلىق بىلەن بېشى ئاغرىپ، خۇمار بىلەن يۈرىدۇ ھەم كۆپ ئازاب - ئوقۇبەتلەر يۈكىنى يەلكىسىدە كۆتۈرۈپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. بىلىم ۋە ھەقىقەت بېغىنىڭ باغۋەنلىرى كەسىپ - ھۈنەرسىز كىشىلەرنى جەمئىيەتنىڭ رەزىل ۋە پەسكەش كىشىلىرى، دەپ ھېسابلايدۇ. كەسىپدە كامالسىز كىشى ھېچكىمنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ ۋە ھېچكىم كەسىپ - ھۈنەرسىز كىشىگە ياردەم قولىنى سۇزمايدۇ.

ئەگەر ئاقىل، دانا بولاي دېسىڭىز، ھۈنەر ئۆگىنىشنى ئويلاڭ. ھۈنەرنىڭ شاراپىتىدىن ئىززەت - ھۆرمەتكە ئىگە بولىسىز. ئەگەر ھۈنەر - كەسىپتىن نېسىپسىز بولسىڭىز، سايىسىز دەرەخكە ئوخشاپ قالىسىز. ئەگەر ئەقىل - ھوشىڭىز تۇرۇپ

ھۈنەرسىز قالسىڭىز، ئەقىل ـ ھوشىڭىز شەكىلسىز بەدەن ياكى مېۋىسىز دەرەخكە ئوخشاشتۇر.

ئادەم نەسلى ـ نەسەبىگە، ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ مەرتىۋىسى ھەم ئەمەل ـ مەنسىپىگە غۇرۇرلىنىپ، ئىلىم ـ ھۈنەر ئۆگىنىشتىن ھەرگىز ئار ـ نومۇس قىلماسلىقى كېرەك. ئاتا ـ بوۋا مەرتىۋىسىگە مەغرۇرلىنىپ مېھنەتتىن قېچىش، ئىلىم ـ ھۈنەر ئۆگىنىمەي قېلىش ــ جاھىل، نادانلارنىڭ ئىشىدۇر. ئاقىل ۋە دانالار مېھنەتتىن قاچمايدۇ، ئىلىم ـ ھۈنەر ئۆگىنىدۇ. شۇنى ياخشى بىلىش كېرەككى، ئالىي نەسەبلىك بولسىمۇ، ئەقىل ـ ھوشى، ھۈنەر ـ كەسپى بولمىسا، ئۇنداق ئالىي نەسەبتىن كىشىگە نېمە پايدا؟

قەدىمكى زاماندا بىر پادىشاھ زەرگەرنى ئىشقا بۇيرۇپتۇ. زەرگەر ئۇستا لەئەل ـ ياقۇتتىن قىممەت باھالىق بىر ئۈزۈك ياساپ ئېلىپ كەپتۇ. پادىشاھ ئۈزۈكنى تەتۈر تۇتۇپ قولىنى تىقىپتۇ ۋە غەزەپلىنىپ، ئۇستىنى بىر قانچە قامچە ئۇرۇپتۇ. «مېنىڭ نېمە ئەيىبىم بار، نېمە ئۈچۈن ئۇرىسىز؟» دەپتۇ ئۇستا يىغلاپ تۇرۇپ، پادىشاھ: «سەن ئۈزۈكنى خاتا ياساپسەن، شۇڭا جازالىدىم» دەپتۇ. «بۇ ئىشتا مېنىڭ ئەيىبىم يوق. ئۈزۈكنى بارمىقىڭىزغا ئۆزىڭىز تەتۈر سالدىڭىز» دەپتۇ ئۇستا. پادىشاھ ئۈزۈكنى بارمىقىغا توغرىلاپ سېلىپتۇ ـ دە: «ساڭا بىھۇدە جازا بېرىپتىمەن، رازى بول» دەپ ئۇستىنىغا ئىنئام ـ ئېھسان بېرىپتۇ. تۇرمۇشتا بەزىدە ئاشۇنداق تەتۈر كىشىلەرمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ.

ئەقىل ـ پاراسەتلىك ۋە ئىلىم ـ ھۈنەرلىك كىشىلەر بىلەن دوست بولۇڭ. ھۈنەرسىز كىشىدە خاسىيەت بولمايدۇ. مېھنەتتىن، ئىلىم ـ ھۈنەر ئۆگىنىشتىن يىراق بولماڭ.

**سوئال: ھازىر زامان تەرەققىي قىلىپ كەتتى، نۇرغۇن ھۈنەرلەرمۇ زامانىۋى ئۈسكۈنىلەر بىلەن قوراللىنىپ تەرەققىي**





**قىلدى. مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدا، قول ھۈنەرۋەنچىلىكنى ئۆگىنىش كېرەكمۇ ياكى زامانىۋى ھۈنەرلەرنى ئۆگىنىش كېرەكمۇ؟**

جاۋاب: ئېيتقىنىڭىزدەك، ھازىر زامان تەرەققىي قىلىپ، نۇرغۇن قول ھۈنەرلەرگە زامانىۋى ئامىللار قوشۇلدى، ئىلگىرى بىر ئۇستەل نەچچە كۈندە پۈتكەن بولسا، ھازىر بىر سائەتتە نەچچە يۈز ئۇستەل پۈتكۈزگىلى بولىدىغان سەۋىيە يارىتىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئاددىي قول ھۈنەرۋەنچىلىك دەۋرنىڭ كەينىدە قالغانلىق، قالاقلىقنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە كۆرۈلىدىغان بولۇپ قالدى. بۇنداق ئەھۋالدا قانداق قىلىش كېرەك؟

ئەجدادلىرىمىز ھۈنەر ئۆگىنىشنى ئىلىم ۋە ھۈنەر ئۆگىنىش دەپ بىلگەن. بۈگۈنكى كۈندە ئىلىم نەچچە يۈز تۈرگە بۆلۈنۈپ ئاجايىپ تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. ھۈنەرلەرمۇ ئىلىمنى كۈچ قىلىپ تەرەققىي قىلىپ مۇستەقىل سىستېما ھاسىل قىلدى. مەسىلەن، ماشىنىسازلىق، كېمىسازلىق قاتارلىقلارنىڭ تېگى ياغاچچىلىق بىلەن تۆمۈرچىلىكتىن كېلىپ چىققان، كېيىن بۇزامانىۋى بىلىم بىلەن بىرلىشىپ ھازىرقىدەك ناھايىتى ئىنچىكە ھۈنەرگە ئۆزگەردى. باشقا ھۈنەرلەرمۇ ئەنە شۇنداق تەرەققىياتلارنىڭ مەھسۇلى بولۇپ قالدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئەلۋەتتە زامانىۋى ھۈنەرلەردىن تولۇق خەۋەردار بولۇش ۋە ئەنئەنىۋى قول ھۈنەرلىرىدىنمۇ پايدىلىنالايدىغان، ئۇنىڭ پرىنسىپىنى چۈشىنەلەيدىغان بولۇش لازىم. ئۇنداق قىلمىغاندا دەۋر قەدىمىگە ماسلاشقىلى بولمايلا قالماستىن، ھۈنەرنىڭ كارامىتىنىمۇ كۆرسەتكىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ قىزىقىدىغان ھۈنەردىن بىرنى تاللاپ ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئۆگىنىش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇش لازىم. ئەنە شۇنداق قىلغاندىلا ھەقىقىي زامانىۋى قىياپەتكە ئىگە ھۈنەرۋەنلەردىن بولۇپ يېتىشىپ چىققىلى بولىدۇ.

# هىيلە - مىكىر

**سوئال: هىيلىگەرلىكنىڭ قانداق سۈپەتلىرى بار؟**

جاۋاب: هىيلىگەرلىك — ئىش بېجىرىشتە ئۆز كۆچىگە تايىنىشتىن قېچىپ ئاسان يولنى تاللاش، توغرا يولدىن ماڭماي خاتا يولدىن مېڭىش، كىشىلەرنىڭ مال - مۈلكى ۋە باشقا مەنپەئەتلىرىگە هىيلە - مىكىر يولى بىلەن ئېرىشىش، ئېرىشكەندىن كېيىن يۈز ئۆرۈش قاتارلىق يامان خۇيلارنى كۆرسىتىدۇ. هىيلىگەر كىشىلەرنىڭ يامان ئىللىتى شۇكى، ئۇلار يۇقىرىغا يامىشىشنى بىرىنچى نىشان قىلىپ تاللايدۇ - دە، هەر خىل يول ۋە ۋاستىلەرنى قوللىنىپ قەدەممۇ قەدەم ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ. ئەمما، بۇ جەرياندا ئالدىغىلا قارايدۇ، ئۆتكەن كۈننى ئۇنتۇيدۇ ۋە داۋاملىق هىيلە - مىكىر يولى بىلەن ئىش تۇتىدۇ.

هىيلىگەرلىك قىلغان كىشى باشقا كىشىلەرنى ئازدۇرۇش ۋە يولدىن چىقىرىش رولىنى ئوينايدۇ، توغرا يول بىلەن قىلىنىدىغان ئىشنى غەيرىي يول بىلەن قىلىشقا ئادەتلەنگەنلىكى ئۈچۈن، باشقىلارغا پۇتلىكاشاڭ بولىدۇ، هەتتا، باشقىلارنىڭ يولىنى توسۇيدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرەر ئورۇن، جاينىڭ نورمال ئىجتىمائىي تەرتىپى بۇزۇلىدۇ، ئەگەر هىيلىگەرلىك ئەزۋەيلەپ كەتسە، نۇرغۇن يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشىمۇ مۇمكىن.

**سوئال: بىر كىشى هىيلىگەرلىك قىلىپ سىزنىڭ ئىشلىرىڭىزغا پۇتلىكاشاڭ بولسا، قانداق قىلىشىڭىز كېرەك؟**

جاۋاب: هىيلە - مىكىر يولى تۇتقان كىشىلەر بىزگە دائىم





ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئۇلار هىيلە ئىشلىتىپ بىزنىڭ نورمال هەل بولۇشقا تېگىشلىك بولغان ئىشىمىزغا پۇتلىكاشاڭ بولسا، ئەلۋەتتە ئاچچىقىمىز كېلىدۇ، ئەمما، بۇ چاغدا چوقۇم «بۇگۈنكى ئاچچىقنى ئەتىگە قوي» دېگەن هېكمەتكە ئەمەل قىلىپ، سالماقلىق بىلەن ئىش تۇتۇشىمىز، ئىشنىڭ هەل بولۇشىغا ئامال قىلىپ يول ئېچىشىمىز لازىم. جەمئىيەت خۇددى جەڭ مەيدانىغا ئوخشايدۇ، بۇ هاياتتا بىز تۈرلۈك - تۈمەن زىددىيەت - توقۇنۇشلارغا يولۇقۇپ تۇرىمىز، مانا بۇ زىددىيەت - توقۇنۇشلارنى جايىدا هەل قىلىش - قىلالماسلىق بىزنىڭ كېيىنكى هايات يولىمىزغا زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ جەرياندا بەزىلەر بىزگە دوستانە ياردەم بەرسە، بەزىلەر بىزگە هىيلە ئىشلىتىپ يولىمىزغا ئورا كولايدۇ. بىز بۇ چاغدا چوقۇم ئەقىل ئىشلىتىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭەلىسەك، راهەت تۇرمۇشقا ئېرىشەلەيمىز.

ئۇنداقتا، هىيلىگەرنىڭ هىيلىسىگە قانداق تاقابىل تۇرۇش كېرەك؟ ئامال ئىشلىتىپ هىيلىگەرنىڭ هىيلىسىنى كىشىلەرگە ئاشكارىلاش، مات قىلىش يولىنى تۇتۇش، نەدە باش كۆتۈرگەن بولسا شۇ يەردە ئۇجۇقتۇرۇش كېرەك. بۇنىڭدا ئەمەلىي ئەهۋالغا قاراپ دوستلار هەمكارلىشىپ قول سېلىشقىمۇ، ئۆزى يالغۇز قول سېلىشقىمۇ بولىدۇ.

**سوئال: دوستلار سىزگە هىيلە ئىشلەتسە قانداق قىلىش كېرەك؟**

جاۋاب: ئەڭ يامان ئىللەت دۇنيادا دوستلارغا قىلىنىدىغان مىكىر ۋە هىيلىدۇر. ئەڭ ئاقىل كىشى شۇنداق كىشىكى، دۆلەت ۋە مەرتىۋىگە ئېرىشكەن چاغدىمۇ، هەر دائىم كەمتەرلىكنى ئادەت قىلىدۇ ۋە تەزىم - تەۋازۇدا بولىدۇ، سەۋر، قانائەتلىك، پەرهىزكار بولىدۇ. پەسكەش كىشىلەر بولسا، بۇنداق كىشىلەرنىڭ تامامەن تەتۈرىسىدۇر. ئۇلار دۆلەت ۋە مەرتىۋىگە ئېرىشتى

دېگۈچە كېرىلىشكە باشلايدۇ ۋە مەغرۇرلۇق كۈچىيىشكە كىرىپ ھېچكىمنى مەنسىتمەيدۇ.

ئەلۋەتتە، دوستلار ئىچىدىن سىزگە دۈشمەنلىك قىلىدىغانلار چىقىپ قالسا، ئېھتىيات قىلمىسىڭىز، سىزنى كۆپ ئاۋارىچىلىكلەرگە دۇچار قىلىدۇ. شۇڭا، بۇنداق چاغدا ئەقىل بىلەن ئىش قىلىپ، ھەم جانجىگەر دوستلارنى يار - يۆلەك بولۇشقا چاقىرىش ھەم ئۆزىمۇ ھەر ئىشنى پەم بىلەن بېجىرىپ، بۇ قىيىنچىلىقتىن ئۆتۈۋېلىش، پۇرسەت تېپىپ ھىيلە - مىكىر ئىشلەتكەن «دوست»نى رەسۋا قىلىپ، كېيىن دۈشمەنلىك قىلالمايدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈۋېتىش كېرەك. ئەنە شۇ چاغدىلا ھەرقانداق ئىش سىز كۈتكەندەك ياخشى نەتىجە بېرىشكە باشلايدۇ.

## سوئال: ھىيلە ـ مىكىرنىڭ قانداق زىيانلىق تەرەپلىرى بار؟

جاۋاب: ھىيلە ـ مىكىر ئاممىۋى ئەخلاقتىكى ئىنتايىن يامان، رەزگى خۇيلارنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن كىشىلەر تۇرمۇشىغا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار، دوستلار مۇناسىۋىتىگە ۋە جەمئىيەتنىڭ نورمال تەرتىپىگە ئېغىر زىيان سالىدۇ. توغرا يول بىلەن قىلىنىدىغان ۋە ھەل بولۇشقا تېگىشلىك بولغان ئىشلار ھىيلە ـ مىكىر ئارىلاشقانلىق سەۋەبىدىن ھەل بولمايدۇ ۋە كەينىگە سوزۇلۇپ كېتىپ، نۇرغۇن كىشىنى جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن ھالسىرىتىپ قويىدۇ. ئۇنىڭدىنمۇ يامىنى شۇكى، بىر ـ ئىككى كۈندە بېجىرىلىدىغان ئىش ھىيلە ـ مىكىرنىڭ توسقۇنلۇق قىلىشى سەۋەبىدىن نەچچە ئاي، ھەتتا نەچچە يىلغىچە پۈتمەيدىغان ئەھۋاللار يۈز بېرىدۇ. ھىيلە ـ مىكىر ئىشلەتكەن كىشى ئىشلىرىنى شۇنچە تېز ۋە چاققان پۈتكۈزۈۋالغاندەك قىلغىنى بىلەن، ئۇنىڭ قىلمىشلىرىنى كۆرۈپ تۇرىدىغان ئادەم بار، ئۇلار ئۇنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى، نېمە





ھىيلە ئىشلىتىۋاتقانلىقىنى، كىشىلەرنىڭ ئىشىغا قانچىلىك پۇتلىكاشاڭ بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پۇرسەت كۈرۈپ تۇرىدۇ، بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى ئەپلىك بىر پۇرسەت كېلىدۇ ـ دە، ھىيلىگەرنىڭ چاۋىسىنى چىتقا يايىدۇ، رەسۋا قىلىدۇ. دېمەك، ھىيلە ـ مىكىر يولى خەيرلىك يول ئەمەستۇر، ئۇ ئۆزىگىمۇ، ئۆزگىگىمۇ چوڭ زىيان سالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەرگىز ھىيلە ـ مىكىرچى بولماسلىق، توغرا، ئىنسانىي يول تۇتۇپ ھايات كەچۈرۈشكە ئادەتلىنىش كېرەك.

# ئوغرىلىق

**سوئال: ئوغرىلىقنىڭ تەبىرى نېمە؟ ئوغرىلىقنىڭ نومۇس ئىش ئىكەنلىكىنى قايسى تەرەپلەردىن چۈشىنىش مۇمكىن؟**

جاۋاب: ئوغرىلىق بىرەر كىشىنىڭ پۇل، مال - مۈلكىنى تۇيدۇرماي ئېلىۋېلىش، ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئوغرىلىق قەدىمدىن ھازىرغىچە ھەرقانداق مىللەتتە ناھايىتى يامان كۆرۈلىدىغان ناچار ئىللەتلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئىسلام شەرىئىتىدە ھەتتا ئوغرىلىق قىلغانلارنىڭ قولىنى بېغىشىدىن كېسىش جازاسىمۇ بېرىلىدۇ. قولى بېغىشىدىن كېسىلگەنلەر مەيلى قەيەرگە بارمىسۇن قارشى ئېلىنمىغان، پەس كۆرۈلگەن، كىشىلەر ئۇلاردىن قېچىشقان. بۇنىڭ بىلەن ھەرقانداق يامان نىيەتلىك كىشىمۇ ئوغرىلىق قىلىشقا پېتىنالمايدىغان ھالەت شەكىللەنگەن. ھالبۇكى، ئوغرىلىق يوشۇرۇن قىلىنىدىغان ۋە تۇتۇلۇپ قالغاندىلا قولى بېغىشىدىن كېسىلىدىغان بولغاچقا، يەنىلا موھتاج بولغانلار بۇ پەسكەش ئىشنى داۋاملاشتۇرغان، شۇنداقلا ماھارىتى ناھايىتى يۇقىرى كەسپىي ئوغرىلار قوشۇنى بارلىققا كېلىپ، كىشىلەرنىڭ پۇل، مال - مۈلكىگە ئېغىر زىيان سېلىشنى توختاتمىغان.

ئوغرىلىق مەلۇم دۆلەت ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى، جەمئىيەت تەرتىپىنىڭ تىنچ بولۇش - بولماسلىقىغا قاراپ ئاز ياكى كۆپ بولىدۇ. تۇرمۇش پاراۋان ئەللەردە ئوغرىلارنىڭ نىسبىتىمۇ ناھايىتى ئاز بولىدۇ، ئەكسىچە تۇرمۇش سەۋىيىسى تۆۋەن ئەللەردە ئوغرىلارمۇ كۆپ بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا شەھەرلەردە ئوغرىلار كۆپ، ئەمما يېزىلاردا ئازراق بولىدۇ. دەۋر





قەدىمىنىڭ تېزلىنىشى، سانائەتلىشىشى ۋە ئۇچۇر دەۋرىنىڭ يېتىپ كېلىشىگە ئەگىشىپ، ئوغرىلارنىڭ ماھارىتىمۇ زامانىۋىلىشىشقا يۈزلەندى. ئاپتوبۇستا، ئاممىۋى سورۇنلاردا، بازار قاينىغان يەرلەردە ئوغرىلىق قىلىش ھازىر ناھايىتى كونا ئۇسۇل بولۇپ قالدى. توردا ئوغرىلىق قىلىش، ئامانەت كارتىسىدىن پۇل ئوغرىلاش دېگەندەك نۇرغۇن ئوغرىلىق ئۇسۇللىرى بارلىققا كەلدى. يەنە بىز بىلمەيدىغان ئوغرىلىق ئۇسۇللىرىمۇ خېلى كۆپ بولۇشى مۇمكىن.

ئومۇمەن، ئوغرىلىق باشقىلارنىڭ پۇل، مال - مۈلكىنى ھېچقانداق جاپا تارتمايلا ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشقا ئۇرۇنىدىغان رەزىل قىلمىش بولۇپ، خەلقىمىز ئەزەلدىن ئوغرىلىق قىلىشنى ئىنتايىن چوڭ نومۇسسىزلىق دەپ بىلىپ كەلگەن. ئوغرىلىق قىلىشنى جان باقالمىغانلىقنىڭ، تەييارتاپلىقنىڭ، ئىقتىدارسىزلىقنىڭ، ساپاسىزلىقنىڭ بەلگىسى. غۇرۇرى، كۈچى، ئىقتىدارى بار كىشى ھەرگىز ئوغرىلىق قىلمايدۇ. ئوغرىلانغان، خاتا يول بىلەن كەلتۈرۈلگەن پۇل، مالنى ئېلىش ھارام، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش، شېرىك بولۇپ قېلىشمۇ ھارام دەپ قارايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلقىمىز ئەڭ يامان تىللارنىڭ بىرى «ئوغرى»! دېيىشتۇر.

**سوئال: ئىلگىرى ئوغرىلىق ناھايىتى يامان كۆرۈلگەچكە، تۇتۇلغان ئوغرىلارغا ئېغىر جازا بېرىلگەن، ئەمما ھازىر ئوغرىلارغا ناھايىتى يېنىك جازا بېرىلىدۇ. شۇڭا، ئوغرىلار كۆپىيىپ كېتىۋاتىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئوغرىلارغا بېرىلىدىغان جازانى ئېغىرلىتىش كېرەكمۇ، قانداق؟ بالىلارنى ئوغرىلىقتىن ساقلاش ئۈچۈن قانداق تەربىيە بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش مۇۋاپىق؟**

جاۋاب: ئىلگىرى ئوغرىلىق ھەقىقەتەن ئېغىر ئېلىناتتى، جازاسىمۇ ئېغىرراق ئىدى. چۈنكى، جازانى مەھكىمەئى شەرئى

ياكى يەرلىك بەگلەرلا هۆكۈم قىلىپ ئىجرا قىلاتتى. هازىرمۇ ۋىجدانلىق كىشىلەرگە نىسبەتەن يەنىلا ئوغرىلىق ئېغىر ئېلىنىدىغان ئەخلاقسىزلىق ۋە چوڭ گۇناھتۇر. شۇنداقتىمۇ، دۆلەتنىڭ قانۇنى بىر تۇتاش بولغاچقا، ئوغرىلارمۇ قانۇن بويىچە جازالىنىۋاتىدۇ. كۆرۈنۈشتە يېنىكتەك قىلغىنى بىلەن، ئوغرىلار يەنىلا قىلمىشىنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكىگە ئاساسەن جازاغا تارتىلىۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن هازىرقى جازانىمۇ يېنىك دەپ كەتكىلى بولمايدۇ.

هازىر شەھەرلەردە ئوغرىلار ناهايىتى كۆپ، ئۇلارنىڭ ئوغرىلىق مەقسىتىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا قۇلايلىق بولغان جايلارمۇ ناهايىتى كۆپ، ئاممىۋى ئاپتوبۇس، قايناق بازار، بېكەت ۋە باشقا جايلاردا ئۇلار بىمالال ئوغرىلىق قىلالايدۇ، ھەتتا بەزىدە ئاشكارا ئوغرىلىق قىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلىدۇ. بۇ ئوغرىلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، كۆپىنچىسى شەھەرنىڭ نامرات جايلىرىدا چوڭ بولغان، تۇرمۇش قىستاپ قويغان ياكى ئائىلىسىدىن كۆڭلى سۇ ئىچمىگەنلەر ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىش تەس ئەمەس. ئوغرىلاردىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر يولى خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، جەمئىيەت تەرتىپىنى تېخىمۇ ياخشىلاش كېرەك. كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئاشسا، پۇلى كۆپەيسە، بالىلىرىنى تېخىمۇ ياخشى تەربىيىلەش ئۈچۈن شارائىت هازىرلىيالايدۇ، بالىلىرى ئېھتىياجلىق بولغان پۇلنى ۋاقتى - ۋاقتىدا بېرىپ تۇرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بالىلاردا ئوغرىلىق قىلىش خىيالى بولمايدۇ، يامان بالىلارنىڭ كەينىگىمۇ ئاسان كىرىپ كەتمەيدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئاتا - ئانىلار بالىلارغا ئەتراپلىق تەربىيە بېرىشنى كۈچەيتىشى، ياخشى خۇلقلارنى، ئەخلاق - پەزىلەتلەرنى ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىيىتى ئارقىلىق بىلدۈرۈشى، ھېس





قىلدۇرۇشى، بالىلىرىغا ئۈلگە بولۇشى، يامان خۇيلاردىن ئىبرەت ئېلىشقا يېتەكلەپ، ئوغرىلىق، قىلمىقسىزلىق، ھەر خىل ئەدەپسىزلىكلەرنىڭ كىشىنىڭ ئىستىقبالىنى خىرەلەشتۈرىدىغانلىقىنى، يوقىتىدىغانلىقىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، كۆڭلى - كۆكسى كەڭ، كىچىككىنە مال تەمەسىدە قولى ئېگىلمەيدىغان، ساپالىق، هارام ئىشلاردىن خالىي بىر ئەۋلاد ئىزباسارلارنى يېتىشتۈرۈپ چىققىلى بولىدۇ.

## ئىبرەت كۆزى بىلەن قاراش

**سوئال: ئەتراپىمىزدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارغا ئىبرەت كۆزى بىلەن قاراش قانداق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟**

جاۋاب: ئىبرەت كۆزى بىلەن قاراش دەپ ھەربىر نەرسىگە دىققەت بىلەن قاراپ، ئۇنىڭدىن ئۆزىگە بىر ئۇلۇش ئىبرەت ئېلىشقا ئېيتىلىدۇ. خۇلقلارنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى، ئىنسانلار ئۇچۇن ئەڭ كېرەكلىكى ئىبرەت كۆزى بىلەن قاراشتۇر. ئىنسان ئىبرەت كۆزى بىلەن قاراپ، دۇنيا كىتابىدىن ئۆزىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى بىلىۋېلىشى لازىم. مەرىپەت ساھىبى بولۇش ئۇچۇن ئالەمنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇش كېرەك. شۇنىڭ ئۇچۇن ئەقىل ئىگىلىرى دىققەت بىلەن قارىغان نەرسىلىرىدىن ئۆزلىرىگە پايدىسى بولسۇن - بولمىسۇن، بىرەر ئۇلۇش ئالماي قويمايدۇ. ھازىرقى زاماندىكى تەرەققىي تاپقان مىللەتلەرنىڭ ھۈنەر - سەنئەتلىرىنىڭ ھەممىسى ئىلىم ۋە ئىبرەت كۆزى بىلەن قاراش ئارقىلىق نامايان بولۇپ، ئالەمنى نۇرلاندۇرغان ۋە ئۆزلىرىگە بويسۇندۇرغاندۇر.

يامان خۇيلارنى كۆرۈپ ياخشى خۇي يېتىلدۈرۈش ئۇچۇن ئىبرەت ئېلىش، ئەجدادلارنىڭ قالدۇرغان كىشىلىك مۇناسىۋەت ھەققىدىكى دۇردانىلىرى ۋە ئىبرەتلىك سۆزلىرىدىن ئىبرەت ئېلىش، خەلق چۆچەكلىرىدىن ئىبرەت ئېلىش، رومان، ھېكايىلەردىكى، تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرىدىكى ئىبرەت ئېلىشقا تېگىشلىك بولغانلىكى ئىشلاردىن ئىبرەت ئېلىش كېرەك. مانا مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئىشلارغا ھەقىقىي





ئىبرەت كۆزى بىلەن قارىغانلىق ھېسابلىنىدۇ.

**سوئال: ئىبرەت كۆزى بىلەن قاراشنىڭ قانداق پايدىلىق تەرەپلىرى بار؟**

جاۋاب: ئەتراپتا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلاردىن يېتەرلىك دەرىجىدە ئىبرەت ئېلىش، تارىخىي شەخسلەرنىڭ قىلمىشلىرى ۋە ئۇنىڭ ھاسىلاتلىرىدىن ئىبرەت ئېلىش، چۆچەكلەردىن، ھېكمەتلىك سۆزلەردىن ئىبرەت ئېلىش ئارقىلىق ئادەمدە تۇرمۇشقا نىسبەتەن مۇستەقىل قاراش شەكىللىنىدۇ ۋە بىر ئىشقا دۇچ كەلگەندە، ئەگەر تارىختىن، چۆچەكلەردىكى ئىشلاردىن ئوخشاشلىرىنى يادىغا كەلتۈرۈپ، ئۇنى ئىبرەت نەزىرى بىلەن بىر تەرەپ قىلغاندا، چوقۇم خاتالىقتىن ساقلانغىلى، خاتالاشقاندىمۇ ئاز خاتالاشقىلى بولىدۇ.

قەدىمدە سۇيى ئۆرلەپ تۇرىدىغان سازلىقلارنىڭ ئادەمنى يۇتۇۋېتىدىغانلىقى ياكى ئۇنىڭغا كىرگەندە چىققىلى بولمايدىغانلىقىنى كىشىلەر بىلمەي قالغان بولۇشى مۇمكىن، بىرنەچچە كىشى تالاپەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، سازلىقنىڭ مانا مۇشۇنداق خۇسۇسىيىتى بارلىقى باشقىلارغا مەلۇم بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن كىشىلەر سازلىققا ئىچكىرىلەپ كىرىشتە ئېھتىيات قىلىدۇ، ھېچ بولمىغاندا ئۇنۇملۇك ئامالىنى قىلىپ ئاندىن كىرىدۇ. شۇنىڭدا ئوخشاش كىشىلەر دۇچ كەلگەن ھەر بىر قىيىنچىلىققا نىسبەتەن ئۇنىڭدىن بىر ھېكمەت قالدۇرۇپ كەتكەن ياكى، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى كېيىنكىلەرگە ئۆگىتىپ قويغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ بىلىملەر بارا - بارا مۇكەممەللىشىپ، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە غايەت زور بىلىملەر توپى بولۇپ شەكىللەنگەن. مانا مۇشۇلاردىن ئىبرەت ئالساق، ئۆزىمىز دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلارنى سۆزسىز يېڭىپ كېتەلەيمىز.

دېمەك، نەرسىلەرگە ئىبرەت كۆزى بىلەن قارىغاندا ئادەمنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىسىنى موللاشتۇرىدۇ، قىيىنچىلىقلارنى ئاسان يېڭىشكە ياردەم بېرىدۇ، ھەرقانداق ئىشنى ئويلىنىپ، كاللىسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن قىلىشنى ئۆگىتىدۇ، ئالدىراڭغۇلۇقتىن، ئىشنى چالا قىلىپ قويۇشتىن ساقلايدۇ.





# ئىپپەت

**سوئال: ئىپپەتنىڭ ھۆكمى قايسى؟ ئىپپەتلىك بولۇشنىڭ قانداق ئەۋزەللىكلىرى بار؟**

جاۋاب: ئىپپەت — ۋىجدانىي پاكلىق، نومۇس، ھايا دېگەنلىكتۇر. قىزلارنىڭ تەبىئىتىگە خاس پاكىزلىق، ھايا، نەپىسلىك، زىبالىق، ھوشيارلىقتا ئوخشاش پەزىلەتلەر ئۇلارنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن، لاتاپىتىگە لاتاپەت قوشىدۇ. قىزنىڭ ھۆسنى يېرىم بايلىق، ئەقلى بولسا خەزىنە. ئۇلۇغ ئالىم ئىبن سىنا: «ئىنساندا مەڭگۈ تۇرىدىغان ھۆسن ۋە لاتاپەت ھايا بىلەن ئىپپەتتۇر، ھاياسىز يۈز جانسىز جەسەتكە ئوخشاشتۇر» دېگەن ئىدى. دەرھەقىقەت، ئادەمنى ئۆزىگە تارتىدىغان، ئىسسىق كۆرسىتىدىغان نەرسە كىشىنىڭ ھايا ۋە ئىپپىتىدۇر. شەرق دانىشمەنلىرى ئىپپەت دېگەندە: «ئۆز ھېسسىياتى، ھەۋەس ۋە نەپسىنى تىزگىنلەش، نورماللىقنىڭ قائىدە ـ قانۇنلىرىغا رىئايە قىلىش، ھەر قانداق ئىشتا، پائالىيەتتە ئارتۇقچىلىققا يول قويماسلىق» دەپ قارايدۇ.

قىزلارنىڭ ئەڭ گۈزىلى ھايا ۋە ئىپپەت پەردىسىگە ئورالغىنىدۇر. ھەقىقەتەنمۇ قىزلار قەلەم قاش، شەھلا كۆز، ئۇزۇن چاچ، كېلىشكەن، گۈزەل بولسىمۇ شەرم ـ ھايالىق بولمىسا، ئۇلارنى ھېچكىم گۈزەل دېمەيدۇ. ئىپپەتلىك قىز دېگەندە كۆز ئالدىمىزغا تەبىئىتى مۇلايىم، ئەقىل ـ پاراسەتلىك، ھايالىق، نومۇسچان، ئاتا ـ ئانىغا مېھرىبان، قېرىنداشلىرىغا كۆيۈمچان، چوڭ ـ كىچىكلەرگە ئېتىبارلىق قىز نامايان بولىدۇ ۋە بۇنداقلار كۆزىمىزگە چىرايلىق، يېقىملىق كۆرۈنىدۇ.

ئىپپەتلىك قىزلار ئۆزلىرىگە تەلەپچان، هايالىق بولىدۇ. يۈرۈش - تۇرۇش، كىيىنىش، مۇئامىلە، مۇناسىۋەتلەردە قىزلىق شەنىگە يارىشا ئىش تۇتىدۇ. كىشىلەر ئارىسىدا كالتە، تار، كۆكرىكى ئوچۇق كىيىملەرنى كىيىش، مەمەدانلىق، چاكىنا قىلىق، ئورۇنسىز ھەرىكەتلەرنى قىلىشنى ئۆزلىرىگە هار ئالىدۇ. ئىپپەتلىك قىزلار بولۇپمۇ يىگىتلەرنىڭ ئالدىدا، چوڭلار بار سورۇنلاردا ئۆزلىرىنى قانداق تۇتۇشنى ياخشى بىلىدۇ. ھەر بىر قەدىمىنى ئويلاپ باسىدۇ.

قىز بالا ئۆزىنىڭ تەبىئىي چىرايى بىلەن يېقىملىقتۇر. ئۇنىڭغا يەنە پەرداز قىلىش ئۇنى سۈنئىيلەشتۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن. بولۇپمۇ ھەددىدىن زىيادە پەرداز قىلىش، كەلسە - كەلمەس زىبۇ زىننەتلەرنى تاقاش، قىممەت باھالىق كىيىملەرنى كىيىش قىزلارنى يەڭگىلتەك، قونچاق سۈپەت كۆرسىتىپ قويۇشى مۇمكىن.

قىزلارنىڭ نامىغا ئىلەشكەن يامان داغ - نومۇسنىڭ كېتىشى بەكمۇ قىيىن. بەزىدە بايقىماي بېسىلغان تىكەننىڭ جەبرىنى بىر ئۆمۈر تارتىپ يۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بەزىدە ئۇ كىشىنى ئۆمۈرۋايەت گۇمان، شۇبھە قىيناقلىرىغا دۇچار قىلىدۇ. بۇلارغا كۆپىنچە ئويلىماي ئىش قىلىش، ئىرادىنىڭ تىزگىنىنى ئازراقلا بوش قويۇۋېتىش سەۋەب بولىدۇ. ئىنسانىي پەزىلەتلەر، مەنىۋى قەدىر - قىممەتلەر ھەققىدە سۆز بولسا ئۇلارنىڭ قىزلاردا ئەڭ ئالىي دەرىجىدە بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. چۈنكى قىز بالا مىللەتنىڭ كۆركى، مىللەتنىڭ كېلەچىكى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا قىزلار ناھايىتى نازاكەتلىك، ئىپپەتلىك، سەۋر - تاقەتلىك، ئاقىل، مېھرىبان بولۇشى كېرەك. ئەيىب ياكى گۇناھ ئىش قىلىپ قويغان باشقا ھەممە كىشىلەر ئەپۇ قىلىنىشى مۇمكىن، پەقەت قىز بالا ئەپۇ قىلىنمايدۇ.

بىراۋ سوراپتۇ:





— دۇنيادا ئۆلۈمدىن يامىنى نېمە؟

— قىزىڭنىڭ ناقابىل بولۇشى!

بۇ دەھشەتنى باشتىن كەچۈرگەنلەرنىڭ دىلىدىنمۇ، تىلىدىنمۇ تېخىمۇ دەھشەتلىك نىدا چىقىدۇ:

— قىز ئاسرىغاندىن كۆرە، تۇز ئاسرىسام بولماسمىدى؟

مۇكچەيگەن قامەتلەر، ئېگىلگەن باشلارغا كېلىدىغان خۇلاسە ئۇنىڭدىنمۇ دەھشەتلىك:

— قىز كەلتۈرگەن نومۇس — ئۆلۈمدىن ئېغىر!

شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەر قىزلارنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن يېتۈك، كامىل ئىنسان بولۇپ ئۆسۈشى ئۈچۈن ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۇنى «پاختىغا ئوراپ، چاڭ - توزان قوندۇرماسلىققا» ھەرىكەت قىلىدۇ.

### سوئال: ئىپپەتنىڭ يەنە قانداق مەنىلىرى بار؟

جاۋاب: ئىپپەت دەپ نەپسىمىزنى گۇناھ ۋە بۇزۇق ئىشلاردىن ساقلاشقا ئېيتىلىدۇ، بىزلەرنى گۇناھ ئىشلاردىن ساقلىغۇچى، نەپسىمىزنى ھارام - ناپاكلىقتىن ئاسرىغۇچى پەقەت ئىپپىتىمىزدۇر.

ئەخلاقلىق، ئىپپەتلىك كىشى قەلبىنى، ۋىجدانىنى پاكلاپ، تىلىنى يالغان، غەيۋەت، بوھتان، تېتىقسىز سۆزلەردىن ساقلايدۇ. چۈنكى، ئىنسانغا نەپس ئىپپىتىگە قارىغاندىمۇ تىل ئىپپىتى بەكرەك لازىمدۇر. بېشىمىزغا كېلىدىغان كۈلپەت ۋە زەخمەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى يامان تىلىمىزدىن، قېلىپتىن چىقىپ كېتىپ ئوچۇقچە سۆزلىگىنىمىزدىن كېلىدۇ.

ئىپپەت ئەرلەرگە قارىغاندا خوتۇنلار ئۈچۈن ئالماستىن قىممەت، ئۈنچىدىن قەدىرلىك زىننەت ۋە پەزىلەتتۇر.

ئىپپەتلىك كىشى ھەر ۋاقىت نەزىرى ئىبرەت بىلەن ئىش ئېلىپ بارىدۇ. پىكرى، زىكرى كېچە - كۈندۈز ۋەتەنداشلىرىغا،

قېرىنداشلىرىغا ياخشىلىق، خەيرخاھلىق قىلىشتىن ئىبارەت بولىدۇ. سۆزىدە، ھەرىكىتىدە سادىق بولۇپ، ۋىجدانغا قارشى، ئىنسانىيەتكە يات مۇئامىلىدىن ھەزەر ئەيلەيدۇ.

ھەزرىتى ئەلى ئېيتىدۇ: «ئىپپەت — خوتۇنلارنىڭ ئەڭ زىننەتلىك لىباسى، ئەرلەرنىڭ ئەڭ يۇكسەك سەرمايىسىدۇر.»

ھەزرىتى لوقمان ئېيتىدۇ: «ئىپپەت — نومۇسنىڭ ئەڭ مەھكەم يۆلەنچىسىدۇر. نەپسنىڭ ھۇجۇمىغا ئەنە شۇ كۈچ ئارقىلىق قارشى تۇرۇلىدۇ.»

ئەپلاتون ھەكىم ئېيتىدۇ: «ئىپپەت — خوتۇنلارغا قارىغاندا ئەرلەرگە كۆپرەك يارىشىدىغان بىر سۈپەتتۇر. خوتۇن كىشىلەرنىڭ ئىپپىتى ئەدەپ ۋە نومۇسىنى ساقلاشتۇر. ئەرلەرنىڭ ئىپپىتى بولسا پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئەدەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندۇر. ئىپپەتسىز ئىنسان يالىڭاچ بەدەنگە ئوخشاشتۇر.»

## سوئال: ئىپپەتلىك كىشىنىڭ سۈپىتى قانداق بولىدۇ؟

جاۋاب: ئىپپەتلىك كىشىنىڭ جورىسىمۇ ئىپپەتلىكتۇر.

غەززالى ھەزرەتلىرى ئېيتقانكى: «ئەقىل ئاڭلىمايدىغان، ئۇنىڭغا ئەڭ چوڭ ئىسيان قىلغۇچى شەھۋەتتۇر. ئىنسانلارنىڭ باشقىلارنىڭ ئەيىبلەشلىرىگە ئوخشاش سەۋەبلەر بىلەن بۇ شەھۋەتتىن قېچىشى پايدىلىق بولىسىمۇ، چوڭ نەپكە ئېرىشەلمەيدۇ. ئەمما گۇناھ قىلىش ئۈچۈن پۈتۈن ئىمكانلارغا ئىگە بولۇپ تۇرۇپ، يەنە ئۆزىنىڭ ئىپپىتىنى ساقلىيالىسا، ئۇنى مەنئى قىلسا، ئەڭ بۈيۈك پەزىلەتكە ئېرىشىدۇ.»

ئەرلەر ئىپپەتسىز بولسا، يېقىنلىرىمۇ يامان يولغا چۈشۈپ قالىدۇ. بىر ئۇلۇغىمىز: «سىلەر ئىپپەتلىك بولساڭلار، ئاياللىرىڭلارمۇ ئىپپەتلىك بولىدۇ» دېگەن. ئۆلىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن ۋە ئۆلگەندىن كېيىن بېشىغا كېلىدىغان كۈلپەتلەرنى





چۈشەنگەن كىشى يامانلىق يولىغا ھەرگىز ماڭمايدۇ.

## سوئال: ئىپپەتلىك بولۇش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟

جاۋاب: ئىنسانغا ئەڭ چوڭ زىيان يامان دوستتىن كېلىدۇ. يامان دوست بىلەن بىرگە بولغان، تىلىغا ئىگە بولالمايدىغان كىشى قانداقمۇ پاكىز بولالىسۇن؟

ياخشى كىشىلەر بىلەن بىللە بولغان كىشى بىر مۇددەت ئۇلارغا ئوخشاش ئىش قىلمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ يېنىدا يامانلىق قىلالمايدۇ.

شۇ ھالدا قىلىنغان ئىش دوستلۇق قىلغان كىشىلەرگە دىققەت قىلىش ۋە يامان دوستلاردىن يىراق تۇرۇشتۇر. نومۇسلۇق، ئىپپەتلىك ياشاشنى ئارزۇ قىلغانلارغا ھەممە شان - شەرەپ نېسىپ بولىدۇ.

ئىپپەتلىك بولغان ئائىلە تەۋەلىرىمۇ ئىپپەتلىك بولۇشنى ئىستەيدۇ. ئۇلارنى يامانلىقتىن ساقلايدۇ. ئۆزى يامان بولسا، بىر كۈنى بالا - چاقىسىمۇ يامان يوللارغا كىرىپ قالىدۇ. بالىلارنىڭ ئىپپەتسىز بولۇشىنى قايسى ئاتا - ئانا خالايدۇ؟

بالىلارغا ياخشى ئۆرنەك بولۇش كېرەك. بىر ھېكمەتتە: «ئىپپەتلىك بولساڭلار خوتۇنلىرىڭلارمۇ ئىپپەتلىك بولۇر. ئاتا - ئاناڭلارغا ئېھسان قىلساڭلار، بالا - چاقىلىرىڭلارمۇ سىلەرگە ئېھسان قىلار!» دېيىلگەن. يامانلىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن نىكاھلىق ياشاش ۋە ئىپپەتلىك بولۇش كېرەكتۇر.

## سوئال: ئىپپەتلىك كىشىلەر قانداق شەرەپلەرگە نائىل بولىدۇ؟

جاۋاب: ئىپپەتسىز بولغان كىشى ھەق ئالدىدا گۇناھكار، خەلقنىڭ يېنىدا ئېتىبارسىزدۇر. بىر نومۇسسىزنىڭ جەمئىيەتتىكى ياخشىلارنىڭ يېنىدا ئىتچىلىك ئېتىبارى يوقتۇر. باي ۋە ناھايىتى گۈزەل بىر ئايال ئەگەر ئىپپەتسىز

بولسا، ئۇ ئېتىبارسىزدۇر. پەقىر ۋە نومۇسلۇق بىر ئايال بولسا، ھەر زامان ئېتىبارلىقتۇر، ھۆرمەتكە لايىقتۇر.

دۇنيادىكى بەك كۆپ جىنايەتلەر، غەۋغالار، قىزغىنىشلار، ئومۇمەن پۈتۈن يامانلىقلار ئىپپەتسىزلىك سەۋەبىدىن مەيدانغا كەلمەكتە. ئىنسانلارنىڭ كۆپ قىسمى ئىپپەتسىزلىكنىڭ يامانلىقلىرىنى بىلگەن ھالدا ئۆزلىرىنى بۇ يامان يولغا كىرىپ قېلىشتىن تارتىدۇ. بۇ كۈچلۈك تۈيغۇنىڭ قارشىسىدا بىرمۇنچە چارىلەر باردۇر. بۇ: تەربىيە ۋە ئەخلاق مەسىلىسىدۇر.

بولۇپمۇ چوڭ شەھەرلەردە ئىپپەت ئىشى تەھلىكىلىك بىر يولدىدۇر. بىر ياش قىزنىڭ ئۆز بېشىغا يالغۇز ئۆز ئەقلى ۋە چۈشەنچىسى بىلەن ئىپپىتىنى مۇھاپىزەت قىلىشى ناھايىتى جىددىي ئىشتۇر. ئۇ ياش قىز ئەگەر بىرئاز گۈزەل بولسا، خاتىرە ۋە خىيالىغا كەلمەيدىغان تەھلىكىلەرگە دۇچ كېلىدۇ. بۇ تەھلىكە مەكتەپتە، يوللاردا، ئاپتوبۇستا، قوشنىلاردا، ھەتتا ئۆيىنىڭ ئىچىدە، تېلېفوندا، ئىنتېرنېتتا ياقىسىنى قويۇۋەتمەيدۇ.

قىزلىرىمىز تەھلىكىلەرنىڭ ئالدىدا ئاجىز مەخلۇق سۈپىتىدە ئەخلاقسىزلارنىڭ قولىدا بىر ئويۇنچۇق بولماسلىقى لازىم. بۇ دەۋردە ھەركىمدىن، ھەر يەردە ئۇنىڭغا زىيان كېلىدۇ. بۇ زىيان ئۇنىڭ پۇلىغىلا ئەمەس، شەرەپ ۋە خاسىيىتىگە كېلىدۇ. پۇلغا بولغان زىيان ماددىي جەھەتتىن بولىدۇ، مەنىۋى زىياننى تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ. ئەخلاقسىزلارنىڭ ئىچىدە ياش قىز ئۈچۈن شەرەپ بىلەن ياشاش ناھايىتى قىيىندۇر.

ئىپپەتنى قوغداش ئۈچۈن ياشلارنى ۋاقتىدا توي قىلىشىمىز، ئىپپەت تەھلىكىگە ئۇچرايدىغان يەرلەردىن يىراق تۇرۇشىمىز لازىمدۇر. قىزلارنىڭ ئالدىدا نۇرغۇن تۇزاقلار بار، ئەمما ئۇ كۆزگە كۆرۈنمەيدۇ. بۇنىڭ تۇزاقلىقىنى بىلمىگەن ياش قىزلار بۇنىڭغا چۈشكەندىن كېيىن ئەقلىنى تاپىدۇ. ئەمما ئىش ۋاقتىدىن ئۆتۈپ كەتكەن بولىدۇ. تۇزاقنىڭ كۆرۈنۈشتىكى





جازىبىسىگە مەھلىيا بولغان قىزلار ئەرلەرنىڭ قولىدا چاققان بىر ئويۇنچۇققا ئوخشاش ھالەتكە كېلىدۇ.

ئىپپەت — بىر ياش قىزنىڭ ياكى ئايالنىڭ تېخى قولغا ئېلىنمىغان گۆھىرىدۇر. بۇ گۆھەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان ھەر بىر ئەركەك قولىدىن كېلىدىغانلىكى شەيتانلىقنى قىلىدۇ. قولغا كىرگۈزگەندىن كېيىن مەقسىتىگە يېتىدۇ. ئۇنىڭ گۆھىرى قىممىتىنى يوقىتىپ، تاشقا ئايلىنىپ قالىدۇ. كوچىغا تاشلىۋېتىلىدۇ. بۇ سودىدا ئەركەك بىر نومۇس ئوغرىسى، ئايال بولسا گۆھىرىنى ئوغرىلاتقان بىر بىچارىدۇر.

# ئىتائەت

**سوئال: ئىتائەت قىلىشنىڭ ھۆكمى قانداق؟ نېمە ئۈچۈن بىز ئىتائەت قىلىشنى ئەلا بىلىمىز؟**

جاۋاب: ئىتائەت بويۇن ئېگىشنى بىلدۈرىدۇ. ئاتا - ئانا، ئۇستاز، ئوقۇتقۇچى قاتارلىق ئۆزىدىن ئۇلۇغ كىشىلەرگە بويسۇنۇپ ئىتائەت قىلىش ئەڭ ياخشى سۈپەتلەردىندۇر. بۇ سۈپەتكە ئىگە بولۇش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ پايدىلىق كېڭەش ۋە ئۆگۈتلىرىنى ھەر ۋاقىت ئاڭلاپ، بۇيرۇقلىرىنى ئېسىدە مەھكەم تۇتۇش لازىم. چۈنكى، ئۇلار دۇنياغا بىزدىن ئىلگىرى كەلگەن بولۇپ، بىزدىن كۆپ تەجرىبە - ساۋاق ھاسىل قىلغان ھەم ۋەتەن، مىللەتنىڭ ھالىغا ئاشىنا بولغاندۇر. تېۋىپ دەردلەرگە داۋا قىلغاندەك، ئۇلار تۇرمۇش ۋە ھاياتنىڭ ئاپىتى بولغان پېقىرلىك، ھورۇنلۇق، نادانلىق قاتارلىق ۋۇجۇدىمىزنى چىرىتىدىغان مەرەزلەرگە داۋا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بىزگە قىلغان خالىسانە، غەرەزسىز ئۆگۈتلىرى ھازىر قارىماققا قاتتىق ۋە ئاچچىق تۇيۇلسىمۇ، ئاخىر راھەت ۋە تاتلىق مېۋە بېرىدۇ.

**سوئال: ھەركىمگە ئىتائەت قىلىشقا بولامدۇ؟ ئىتائەت قىلىشنىڭ قانداق شەرتلىرى بار؟**

جاۋاب: ئەلۋەتتە بولمايدۇ. ھەركىمگە ئىتائەت قىلىش غۇرۇرسىزلىقتىن، دىتسىزلىقتىن دېرەك بېرىدۇ. ئوقۇتقۇچى - ئۇستازلارنىڭ تېتىملىق سۆزلىرىگە، ئۆزىدىن بىلىملىك كىشىلەرنىڭ ئۆز كۆڭلىگە يېڭىچە كۆزقاراشلىرىغا، ئۇلۇغ





كىشىلەرنىڭ ھاياتبەخش ھېكمەتلىرىگە، ئەجدادلارنىڭ روھىغا، ئۇلارنىڭ ئەنىسىگە ئىتائەت قىلىش، بويسۇنۇش، ئۇلارنىڭ يولىنى تۇتۇپ ئىتائەت قىلىش ناھايىتى يوللۇقتۇر.

ھالبۇكى، كىمگە بولسا ئىتائەت قىلىدىغانلىقنى ئىپادىلەش، قۇيرۇق شىپاڭشىتىش، شامالنىڭ چىقىشىغا، تۈكىنىڭ يېتىشىغا قاراپ ئىش تۇتىدىغان ئادەملەر ئەڭ بەختسىز، لەنەتكە لايىق كىشىلەردۇر. بۇنداق بولۇپ قېلىشتىن قەتئىي ساقلىنىش، شۇنداقلا بۇنداقلار بىلەن قەتئىي ئالاقە قىلماسلىق كېرەك.

ئىتائەت قىلىش بىر كىشىدىكى يۇقىرىغا ئىنتىلىش، ئارزۇسى ۋە قىزىقىشىنى قاندۇرۇش زۆرۈرىيىتىدىن پەيدا بولىدۇ ۋە ئادەتكە ئايلىنىدۇ.

# ئىچىملىككە بېرىلىش

**سوئال: ئىچىملىككە بېرىلىشنىڭ زىيانلىرى قايسىلار؟**

جاۋاب: ئادەم بالىسى ئەقىللىق، غەيرەتلىك بولۇپ دۇنياغا كېلىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ ئەقلىنى، غەيرەت ۋە ئىجتىھاتىنى ئىچىملىك يوقىتىدۇ. دۇنيادا ھەر نەرسىنى ئەكسىچە كۆرسىتىپ تۇرغۇچى نەرسە ئىچىملىكتۇر. ياخشىنى يامان، يامانىنى ياخشى، چوڭنى كىچىك، كىچىكنى چوڭ، ئازنى كۆپ، كۆپنى ئاز كۆرسەتكۈچى ئىچىملىكتۇر. بىر كىشىگە ئىچىملىك بار قەدەھنى بەرگۈچى ئادەم ئۇ بىچارىنىڭ ۋىجدانى ۋە بىر ئائىلىنىڭ ئۈمىدىنى ئۆلتۈرۈپ، ئەڭ زور جىنايەت ئۆتكۈزگەن بولىدۇ. ئىچىملىكنىڭ زىيىنى ئاتىدىن بالىغا يۇقىدۇ، يەنى بالىنىڭ تېنى ياكى ئەقلى ئاجىز بولىدۇ. ئىچىملىك ئىچكۈچى ئادەم كىشىگە ئىشەنمەيدۇ، بىرەر ئىشقا قارار بېرەلمەيدۇ، نىيەت ۋە ئىرادىسى پۈتۈنلەي توختايدۇ.

ئالىملاردىن مەقسۇدىي ئېيتىدۇ:

بۇرادەرلەر، دۈشمەنلىرىڭىزدىن قورقماڭ، شىكايەت قىلماڭ، ئۇلار سىزگە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ دۈشمەن ئىكەنلىكىنى بىلىسىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەر بىر ئىشىڭىزدا ئېھتىياتچانلىق بىلەن ھەرىكەت قىلىسىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە خەلق سىز تەرەپتە، دۈشمەن نېمە دېسۇن، بەربىر ئىشەنمەيدۇ. شۇڭا، دۈشمەنلىرىڭىزدىن ئۇنچە خەۋپسىرىمەڭ. سىزگە ئەسلىي زەرەر يەتكۈزىدىغان ئادەم ئۆز دوستلىرىڭىزدۇر. قانداق دوستلىرىڭىز؟ ئەلۋەتتە چىن، سەمىمىي دوستلىرىڭىز ئەمەس، بەلكى رىياكار،





مۇناپىق، خۇشامەتچى دوستلىرىڭىزدۇر. سىز سەمىمىي دوستلىرىڭىزنىڭ سۆزىگە ئەمەس، كۆپىنچە رىياكار دوستلىرىڭىزنىڭ سۆزىگە ئالدىنىپ ئوتقا چۈشىسىز، ئۇلاردىن كۆرگەن زىيانلىرىڭىزنى ھېچقانداق دۈشمىنىڭىزدىن كۆرمەيسىز. سۆزىمىزنىڭ ئىسپاتى ئۈچۈن دەلىل كېرەكمۇ؟ مانا، سىزگە بىر دەلىل:

ئىچىملىككە بېرىلگەن ئادەم جانلىق ئاپەت، ئائىلىسى ئۈچۈن بىر چوڭ بالادۇر. بۇ بىچارىنىڭ ئىچىملىككە دۇم چۈشۈشىگە كىملەر سەۋەبچى بولدى؟ دۈشمەنلەرمۇ، مۇمكىن ئەمەس، ئادەم ئوغلى ئىچىشنى دۈشمەندىن ئۆگەنمەيدۇ. ھېچقانداق دۈشمەن ئۆز دۈشمىنىگە: «قېنى يۇر، بىر ئاز ئىچىپ كۆڭلىمىزنى ئېچىپ كېلەيلى» دەپ، ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، ئۇنى زورلىمايدۇ. بۇ، ھەممىگە مەلۇم ھەقىقەت. بۇ بىچارىنى مەي ئىچىشكە ئۈندىگۈچى ئۇنىڭ ئىنتايىن يېرگىنچلىك ھالغا چۈشۈشىگە سەۋەبچى بولغان رىياكار دوستلىرىدۇر. ئۇ بايقۇش ئادەم سۇپىتىدىن چىققاندىن كېيىن، ئۇنى مەسخىرە قىلىپ، سانىماي كۈلۈپ يۈرگۈچىلەر يەنە شۇ دوستلىرى بولىدۇ.

بۇرادەر، رىياكار، ئىككى يۈزلىمىچى كىشىلەرنىڭ دوستلۇقىغا ئىشەنمەڭ. چۈنكى، ھەممە يىرگىنچلىك، بۇزۇق ئىشلارنى شۇلار ئۆگىتىدۇ. چىن، سەمىمىي دوستلارنى تېپىشقا تىرىشىڭ. ئۇلار سىزنى توغرا يولغا باشلايدۇ. ياخشى مەسلىھەتى بىلەن ھەر ۋاقىت سىزگە ياردەم بېرىدۇ.

**سوئال: بالىلارغا ئىچىملىكتىن ساقلىنىش تەربىيىسىنى قانداق بېرىش كېرەك؟**

جاۋاب: ئانىلار يەتتە ياش بىلەن ئون يەتتە ياش ئارىسىدىكى بالىلارنىڭ كۆز ئالدىدا ھەر خىل ھالەتتىكى مەستلەرنىڭ سۈرەتلىرىنى قويۇپ تۇرۇشى كېرەك. بالىلار مەستلەرنىڭ

يىرگىنچلىك ھالىنى كۆرۈپ قورقىدۇ. مەستلىك ئۇلارغا دۈشمەن بولۇپ تۇيۇلىدۇ. بۇنىڭ پايدىسى تەجرىبە قىلىنغان. بالىلارنىڭ ئالدىدا مەستلەرگە ئېچىنىپ سۆزلەش، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىنىڭ بېشىغا چۈشكەن قايغۇ ـ ئەلەمنى سۆزلەش لازىم. ئانىلارنىڭ بۇنداق سۆزىدىن بالىلار ناھايىتى زور تەسىرلىنىدۇ.

ئىچىملىك ئىنسانىنىڭ سالامەتلىكىنى خوراتقۇچى زەھەر. ئۇنىڭ زىيىنى بالىلارغا ياخشى چۈشەندۈرۈش ئاتا ـ ئانىنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى.

بالىلارنى ئىچىملىكتىن سەسكەندۈرىدىغان يەنە بىر خىل ئۇسۇل شۇكى، چوقۇم ئەقىدە ـ ئىشەنچ تەربىيىسى، ئەجداد روھىدىن ئۆگىنىش تەربىيىسى ۋە ئۇلۇغۋار غايە تەربىيىسى بېرىش كېرەك. ئەقىدە ـ ئىشەنچى كۈچلۈك بولغان بالا چوڭ بولغاندا ھەرگىز شارابخورلۇققا بېرىلمەيدۇ، بەلكى ئۇنىڭدىن نىجاسەتتىن سەسكەنگەندەك سەسكىنىدۇ؛ ئەجدادلار روھىدىن ئۆگىنىش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشنى كۆڭلىگە پۈككەن بالا چوڭ بولغاندا شاراب شېشىلىرى بىلەن دوست بولۇپ ئەمەس، ھەر خىل ئاماللار بىلەن تۆھپە يارىتىپ، ئەجدادلارغا يۈز كېلىشنى ئويلايدۇ؛ ئۇلۇغۋار غايە تەربىيىسى قەلبىگە سىڭگەن بالىلار ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى سورايدۇ ۋە غايىسى ئۈچۈن تىنىماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ. ئۇلار مىنۇت ـ سېكۇنت ۋاقتىنىمۇ قەدىرلەپ كۈن ئۆتكۈزگەچكە، ئۇلاردا شارابقا ھەمراھ بولغۇدەك نەدىمۇ ئۇنداق كۆپ ۋاقتى بولسۇن؟

11 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئۇلۇغ شائىرىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك»تە شاراب ۋە شارابخورلۇقنىڭ زىيىنى ھەققىدە ناھايىتى مۇپەسسەل توختالغان ۋە بىزگە كۆپلەپ ئىبرەتلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن؛ ئۇلۇغ شائىرىمىز ئەلىشىر نەۋائىيمۇ نۇرغۇن ئەسەرلىرىدە شاراب ۋە شارابخورلۇق ھەققىدە مەخسۇس توختىلىپ، بىزگە ئۇنىڭ زىيانلىرىنى مەخسۇس تونۇشتۇرغان،





ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئاقىللىرىمىزمۇ بۇ ھەقتە كۆپ توختالغان. ئاتا ـ ئانىلار مانا مۇشۇ ئۇلۇغلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن مىساللارنى كەلتۈرۈش ئارقىلىق تەربىيە بەرسىمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھاراقنىڭ كاساپىتىدىن ۋاقىتسىز ھاياتىدىن ئايرىلىۋاتقان، ۋەقە تۇغدۇرۇۋاتقان، قانلىق پاجىئەلەرنى سادىر قىلغانلارنى مىسال قىلىش ئارقىلىق تەربىيە بەرسىمۇ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

# ئىسراپچىلىق

**سوئال: ئىسراپچىلىق دېگەن نېمە؟**

جاۋاب: مالنى كەلسە ـ كەلمەس جايلارغا سەرپ قىلىش، پۇل خەجلىمىسىمۇ بولمايدىغان جايلاردا كۆز ـ كۆز قىلىش يۈزىسىدىن پۇلنى بۇزۇپ چېچىش، تاماقنى ئاشۇرۇپ قويۇپ ئىسراپ قىلىش، ھەرقانداق ئىشتا مۇۋاپىق بولۇشتىن ئاشۇرۇۋېتىش دەل ئىسراپچىلىقتۇر.

ئىسراپچىلىق مالنى بۇزۇپ ـ چېچىش، پايدىسىز تەرەپكە سەرپ قىلىشتۇر. ئەگەر دۇنيادىكى ھەر بىر ئىنسان ئىسراپ قىلىۋاتقان ۋاقىت، ئېنېرگىيە ۋە ئەمگەك ھېسابلانسا، دۇنيادىكى ئاچلىق ۋە يوقلۇق ئىچىدە قىمىلداۋاتقان مىليونلارچە ئىنساننىڭ ئېھتىياجلىرىغا كېپىل بولغىدەك نەرسىلەر تېپىلغان بولاتتى.

ئىسراپچىلىقنىڭ مىقدارى قانچىلىك بولسا بولسۇن، ئۇنىڭ زىيىنى ئىنتايىن چوڭ. كىچىك ھېسابلانغان نەرسىلەر بىر يەرگە توپلانسا، ناھايىتى چوڭ سانلار، چوڭ نەتىجىلەر بارلىققا كېلىدۇ. «تامار ـ تامار كۆل بولار» دېگەن ماقالنى ئويلايلى، ئىش ئەينى شۇنىڭغا ئوخشاش بولىدۇ.

ھەر بىر ئىشنىڭ ئېپى بولىدۇ، شۇ ئېپىنى تېپىپ قىلمىغاندا، پىشقان مېۋىنى قېقىۋېلىشتىمۇ ئىسراپچىلىق كېلىپ چىقىدۇ، ئېتىزدىن مەھسۇلات ئالغاندىمۇ ئىسراپ بولىدۇ، ماللارنى سوغۇقتىن، ئىسسىقتىن مۇۋاپىق قوغدىمىغاندىمۇ ئىسراپچىلىق كېلىپ چىقىدۇ، ھەرقانداق بىر پالاكەتنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئالمىغاندا، يەنىلا ئىسراپچىلىقنىڭ كېلىپ چىقىدىغانلىقى ئېنىق.





ھەرقانداق مېۋە، ئاشلىقنى يىغىۋېلىپ، يەنە مۇۋاپىق ساقلىمىغاندا، يەنە ئىسراپچىلىق كېلىپ چىقىدۇ، چاشقان، بۆرە ۋە باشقا ھەر خىل زىيانلىق ھاشاراتلاردىن ئۈنۈملۈك قوغدىمىغاندا، زىيان كېلىپ چىقىدۇ، تېمپېراتۇرىنى مۇۋاپىق تەڭشىمەي، نەملىككە دىققەت قىلمىسىمۇ، يەنە ئىسراپچىلىق كېلىپ چىقىدۇ.

داستىخانغا چۈشكەن نان پارچىلىرىنى تۆكۈۋېتىشمۇ ئىسراپچىلىقتۇر. بۇلارنى يىغىپ قويۇپ، توخۇ، ئىت، مۈشۈك دېگەندەك ھايۋانلارغا بەرگەندە ئىسراپچىلىق بولمايدۇ. ھەر خىل كۆكتاتلارنىمۇ ئىستېمالدىن ئاشۇرۇپ ئېلىش، ئىشلىتىپ بولالماي سېسىتىشمۇ ئىسراپچىلىقتۇر. ھەر خىل كىيىم ـ كېچەكلەرنى پىلانسىز ئېلىش، كىيگەندىن كېيىن مۇۋاپىق ئاسرىماسلىقمۇ ئىسراپچىلىقتۇر. ئۇنىڭدىن باشقا ھاجەت بولمىسىمۇ چىراغ ياندۇرۇش، گازنى ئېچىپ قويۇش، سۇنى كۆپ سەرپ قىلىشلارمۇ ھەقىقەتەن ئىسراپچىلىقتۇر.

مالنى ئۆز قىممىتىدىن تۆۋەن سېتىش، يەنە ئۆز قىممىتىدىن يۇقىرى باھادا سېتىۋېلىشمۇ ئىسراپچىلىقتۇر. بۇنداق تىجارەت سەدىقە ۋە ئىنتايىن زۆرۈر بولۇپ قالغاندا بولسا ئىسراپچىلىق ھېسابلانمايدۇ.

بەك ئاچ قالغاندا ياكى تويۇپ كەتكەندىن كېيىنمۇ كۆپ نەرسە يېيىشمۇ ئىسراپچىلىقتۇر. ئېسىل يېمەكلىكلەرنى يېيىش، كاتتا ئىمارەتلەردە ئولتۇرۇش، ئېسىل كىيىم كىيىش قاتارلىقلار ئەگەر ھالال يول بىلەن كەلگەن بولسا ئىسراپچىلىق بولمايدۇ.

**سوئال: ئىسراپچىلىقنىڭ سەۋەبلىرى قايسىلار؟**

جاۋاب: كۆزىتىشىمىزچە، ئىسراپنىڭ سەۋەبلىرى: ھاماقەتلىك، بەزى نەرسىلەرنى ئىسراپچىلىق دەپ قارىماسلىق، رىيا، كۆز ـ كۆز قىلىش، ھۇرۇنلۇق، ھايا، قورۇنۇش،

ئەجدادلارنىڭ ئەقىدىسىدىن خەۋەرسىز قىلىش قاتارلىقلار ئىسراپچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئاساسلىق سەۋەبلەردىندۇر.

## سوئال: قىممەت باھالىق كىيىملەرنى ئالسا ئىسراپچىلىق بولامدۇ؟

جاۋاب: ھالال تەردىن كەلگەن پۇلغا ئالغان بولسا ئىسراپچىلىق بولمايدۇ. ئەلۋەتتە بۇنداق كىيىملەرنى ئالغاندىن كېيىن ئاسراپ كىيىش، قەدرىگە يېتىش، ئۆزىگە ياراشتۇرۇش ھەممىدىن مۇھىم.

مۇتەخەسسىسلەرنىڭ كۆرسىتىشىچە، ئىسراپچىلىق بەك نامرات بولمىغان، ئەمما نامراتلىقتىن ھاللىق سەۋىيىدە تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلار ئارىسىدا بەك كەڭ تارقالغانىكەن. بىزنىڭ ھازىرقى ھالىتىمىز دەل شۇنداق ئىسراپچىلىق كۆپ يۈز بېرىدىغان تۇرمۇش سەۋىيىسىدە ئىكەن. ئەتراپىمىزغا قارايدىغان بولساق، ئاشخانىلاردا، رېستورانلاردا ئېشىپ قېلىۋاتقان تاماقلارنىڭ كۆپلۈكى، يېمەك - ئىچمەكتە، كىيىم - كېچەكتە، ۋاقىت، كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە باشقا ھەرقانداق ئىش ھالقىسىدا ئىسراپچىلىقلارنىڭ كۆپلۈكى ئادەمنى ھەقىقەتەن چۆچۈتىدۇ. شۇڭا، ئەقلى بار ئادەم ھەرگىز ئىسراپچىلىق قىلمايدۇ، ئىسراپچىلىق قىلىشنى نومۇس دەپ بىلىدۇ.





# ئىشلەش

## سوئال: نېمە ئۈچۈن ئىشلەشنى ھەممىدىن ئەۋزەل دەيمىز؟

جاۋاب: ھېچكىمگە موھتاج بولماسلىق ئۈچۈن ئىشلەش ناھايىتى قىممەتلىكتۇر. دۇنيا گويا بىر قورال، بىر ۋاسىتىدۇر. بۇ ۋاسىتىنى ياخشى يولدا قوللانغان نەتىجە قازىنىدۇ، يامان يولدا قوللانغان كىشى ئۇنى يوقىتىدۇ.

دۇنيالىق ئۈچۈن قانچىلىك ئازاب چەكسىڭىزمۇ، شۇ نىسبەت بىلەن ئاخىرەت سۆيگۈسى كۆڭلىڭىزدىن چىقىدۇ. ئاخىرەت ئۈچۈن قانچىلىك غەم يېسىڭىز، شۇ نىسبەتتە دۇنيا ئازابى قەلبىڭىزدىن چىقىدۇ. دۇنيادا ھەركىم مۇساپىردۇر، يېنىڭىزدىكى نەرسىلەر ئامانەتتۇر. مۇساپىرنىڭ كېتىشتىن، ئامانەتنىڭ ئىگىسىگە قايتۇرۇلۇشتىن باشقا چارىسى يوقتۇر.

دەرۋەقە، ئۆزىنىڭ ۋە بالا - چاقىسىنىڭ نەپىقىسىنى بېرىش ۋە قەرزلىرىنى تۆلىگۈچىلىك دەرىجىدە ئىشلەپ مال تاپلاش پەرزدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىشلەش، ئىشلەش ئارقىلىق جاھاندارچىلىق قىلىشنى ھەممىدىن ئەۋزەل دەيمىز.

## سوئال: ئىشلەشنىڭ كىشىگە قانداق پايدىلىق تەرەپلىرى بار؟

جاۋاب: ھەرقانداق جەھەتتىن قارىغاندىمۇ، ھۇرۇنلۇق قىلىپ، ئىشلىمەي بىكار يۈرۈش دۇرۇس ئەمەس. چۈنكى، ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان ئۇدۇم بىزلەرنى تىرىشىشقا دەۋەت قىلىدۇ ۋە بۇيرۇيدۇ. ئىش خۇشياقماسلىق ئىنساننى ھەر ۋاقىت خار ۋە تەمە بالاسىغا گىرىپتار قىلىدۇ. بىرەر ئىشقا مەشغۇل بولغان كىشىلەر ۋاقىتنىڭ ئۆتكىنىنى بىلمەي قالىدۇ، ھۇرۇن

كىشىلەر ئۇچۇن بىرەر سائەتنى ئۆتكۈزۈش قىيامەتتىن قىيىندۇر. غەيرەت — ۋۇجۇدىمىز سائادىتىنىڭ قۇۋۋىتى ۋە بەختىيار بولۇشىمىزغا سەۋەبتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىرىمىز تىرىشىپ، ئۆز كۈچىمىز بىلەن مەئىشىتىمىزگە كېرەكلىك نەرسىلەرنى تېپىپ، باشقىلارغا موھتاج بولماي راھەت – پاراغەتتە ياشىشىمىز لازىم. ساقلىقىمىز، سائادىتىمىز، بايلىقىمىز، قانائىتىمىز، سەۋرىمىز، پەزىلىتىمىز، قىسقىسى، پۈتكۈل ھاياتىمىز، ھەرىكىتىمىز ۋە تىرىشچانلىقىمىزغا باغلىقتۇر. تىرىشچان كىشىلەر مەقسەتلىرىگە تېز يېتىدۇ. ھۇرۇن كىشىلەر ھەر نەرسىدىن مەھرۇم، دائىم باشقىلارنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولۇپ، خارلىقتا ياشايدۇ.

كىشى ياش ۋاقتىدا ئىلىم ۋە مەرىپەت، ھۈنەر ۋە سەنئەتنى كۆڭۈل قويۇپ ئۆگەنمىسە، ئەلۋەتتە قارا ئىشچى بولۇپ قالىدۇ. سەنئەتكە خىلاپ، قانۇنغا زىت بولمىغان ھەر قانداق ئىشنى قىلىش ئەيىب ئەمەس. ئەگەر بۇ ئىشلارغىمۇ ئۇنىماي، بۇ دېگەن كۆمۈرچىلىك، ئۇ دېگەن تۆمۈرچىلىك، ماڭا مۇناسىپ ئەمەس، دەپ ئىش خۇشياقماسلىق قىلىپ لاغايلاپ يۈرسە، بۇ زور ئەيىب، غەيرەتسىزلىكتۇر. «غەيرەتلىكتىن ھېچنېمە قۇتۇلالماس» دېگەن ماقال بار. دېمەك، بۇ دۇنيالىقىمىز ۋە كېيىنكى ئىشلىرىمىز ئۈچۈن غەيرەتنى قولدىن بەرمەسلىكىمىز لازىم. غەيرەت ئەقىدە – ئىشەنچكە، ۋىجدان – ئۇلۇغۋارلىققا دالالەت قىلىدۇ.

## سوئال: ئىشلەشنىڭ قانداق پەزىلەتلىرى بار؟

جاۋاب: خەلقىمىزدە «ئىشلىسەڭ چىشلەيسەن» دەيدىغان ھېكمەت بار. قەدىمدىن تارتىپ خەلقىمىزدە ئىشچانلار، پېشانىسىدىن تەر تۆكۈپ، مېھنەت تەرىدىن نەتىجە يارىتىپ، مول – ھوسۇل خۇشاللىقىغا چۆمگەنلەرنى قەدىرلەپ، ئەتىۋارلاپ كەلگەن. ئىشچانلىق، چىدام – غەيرەتنى ئۆزىگە يار قىلغان نى –





نى باتۇرلارنى، ئەمگەكسۆيەر يىگىتلەرنى قوشاقلارغا قېتىپ، قىسسە – داستانلىرىغا قوشۇپ ئەسىرلەر بويى ئېيتىپ كەلگەن.

دېمەك، ئىشلەپ تاپقان پۇل شۇنچىلىك قەدىرلىك بىلىنىدۇ، ئىشلەپ ئالغان ھوسۇلدا ئېتىلگەن تاماق ھەممىدىن لەززەتلىك تېتىيدۇ، ئىشلەپ تاپقان پۇلنى ھېچكىمنىڭ بۇزۇپ – چېچىپ خەجلىگۈسى كەلمايدۇ. بۇ ھەقتە خەلقىمىز ئارىسىغا تارقالغان بىر چۆچەكتە شۇنداق دېيىلگەن:

بىر سودىگەرنىڭ ئويۇن – تاماشىنى دوست تۇتقان ئوغلى ئون بەش ياشقا كىرگەندە بىر كاسىپ تونۇشىغا شاگىرتلىققا بېرىپتۇ. ئەمما ئۇ كىشى سودىگەرنى بەك ھۆرمەت قىلغاچقا، بالىنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىپتۇ، نەتىجىدە بۇ ئوغۇل ئىككى يىلغىچىلىك ھېچنېمە ئۆگىنەلمەپتۇ؛ سودىگەر ئوغلىنى بىر تىككۈچىگە شاگىرتلىققا بېرىپتۇ، ئەمما ئىككى يىلغىچىلىك بالا يەنىلا ھېچنېمە ئۆگىنەلمەپتۇ. سودىگەر ئاخىر ئامالسىز ئوغلىنى بىر دېھقان تونۇشىغا دېھقانچىلىقنى ئۆگىتىشكە بېرىپتۇ. دېھقان بالىنى ئەگەشتۈرۈپ كۈندە ئېتىزدا بىللە ئىشلەپتۇ، بىللە قۇرۇق نان يەپتۇ، پېشانىسىدىن تەر ئاققۇزۇپ راسا ئىشلەپتۇ. شۇنداق قىلىپ كۈز كەپتۇ، ئۇلار ناھايىتى كۆپ مول – ھوسۇل ئاپتۇ. دېھقان دېھقانچىلىقتىن كىرگەن كىرىمگە بالىغا بىر قۇر كىيىم قىلىپ بېرىپتۇ ۋە ئاتا – ئانىسىنى يوقلاشقا ئەۋەتىپتۇ. بۇ چاغدا سودىگەر ئوغلى بىلەن بىللە تاماقلىنىدۇ، ئېشىپ قالغان تاماقنى تۆكۈۋەتمەكچى بولغاندا، ئىلگىرى ھېچنېمىگە قارىماي تۆكۈۋېتىدىغان بالا بۇ قېتىم قەتئىي ئۇنىماي تۇرۇۋاپتۇ. سودىگەر ئەنە شۇ چاغدىلا ئوغلىنىڭ ھەقىقىي ئىشلىگەنلىكىنى، ئەمگەك مېۋىسىنى قەدىرلەشنى ئۆگەنگەنلىكىنى ھېس قىلىپتۇ – دە، ئىچ – ئىچىدىن خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەش ئىقتىسادچانلىق بىلەن ھايات كەچۈرۈشنى كەلتۈرۈپ

چىقىرىدۇ، كىشى ئەمگەكنىڭ قەدرىگە يېتىدۇ، ئەمگەك ئارقىلىق ئېرىشىلگەن نەرسىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىدۇ. ئەمگەكنىڭ ئەڭ قەدىرلىك ۋە قىممەتلىك يېرىمۇ ئەنە شۇ يەردە.

فەرىدىدىن ئەتتار مۇنداق دەيدۇ: بالام، ئەگەردە قولۇڭدىن كەلسە خىزمەت يولىنى تاللىغىنىڭكى، مۇراد ئېتىنى ئېگەرلىيەلەيسەن.

ئەرەنلەر خىزمىتىدە بولغان بىر قۇلغا پەلەكنىڭ قۇببىسى خىزمەتكار بولۇر. خىزمەتكە بەل باغلىغان كىشى دۇنيا ئاپەتلىرىدىن ساقلانغان بولۇر... خىزمەت ئەھلى نەقەدەر ئاسى ۋە پاساتچى بولسىمۇ، يەنە يۈز سوپىدىن ياخشىدۇر... خىزمەت توغرىلىق كەمەر باغلىغان كىشى مەرىپەت ياغىچىدىن مېۋە يەر.





# ئىلىملىك بولۇش

**سوئال: ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ قانداق خاسىيەتلىرى بار؟**

جاۋاب: ئەگەر ئىنسان ئىلىم نۇرى بىلەن ئۆز يولىنى يورۇتمىسا، نادانلىق ۋە زۇلمەت كوچىسىدا قالىدۇ. كىشى قەلبىنىڭ نۇرى ئىلىم ۋە مەرىپەت بىلەن قۇۋۋەتلىنىدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ قەدرى ئىلىم بىلەن ھاسىل بولىدۇ. ئىلىمدىن ھازىرغىچە ھېچكىم زىيان كۆرگەن ئەمەس. ئىلىمنى ئىگىلەشنىڭ ئۆزى بىر سەنئەتتۇر. دۇنيادا قانداق ياۋۇزلۇقلار يۈز بەرگەن بولسا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى نادانلىق تۈپەيلى كېلىپ چىققان. ئەڭ زور ھالاكەت نادانلىق، ئىنسانىيلىقنى يوق قىلغۇچىمۇ نادانلىقتۇر. ئەتراپلىق ئىلىم تەھسىل قىلغان ۋە ئىلىم نۇرى بىلەن خۇلقىنى ياخشىلىغان ئايال ھەرقانداق يەردە ئىززەت تاپىدۇ، ئىلىم ـ ئايال ئۈچۈن زىننەت، ئەقلىنى نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرغان ھەر بىر ئايال نومۇس، ئىززەت، ئاياللىق قەدرىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ. بۇنداق ئايال ھېچقانداق ئىشتا ئاداشمايدۇ. ئىلىمسىز ئايال بولسا بالا تەربىيىسىدە تۈرلۈك كەمچىلىكلەرگە يول قويىدۇ. ئادەم ئۈچۈن ئەڭ زۆرۈر نەرسىلەر — نومۇس، ئىززەت، ھايا قاتارلىق پەزىلەتلەر ئىلىم ـ مەرىپەت ئارقىلىق كەسىپ قىلىنىدۇ.

دانالار ئىلىمنى مال ـ مۈلۈكتىن ئەۋزەل دېيىشىدۇ. ئېيتىشلىرىچە، ئىلىم مېغىز بولسا، بايلىق ئۇنىڭ پوستى، ئىلىم گۈل بولسا، بايلىق ئۇنىڭ ھىدىدۇر. دانا كىشىلەر ھەر دائىم ئەنە شۇ مېغىزنى قولغا كىرگۈزۈش يولىدا جاپا چېكىدۇ.

چۈنكى، ئىلىم ئاۋۋال پەزىلەتلىك كىشىلەردىن مىراس قالىدۇ، مال ـ بايلىق بولسا هارۇن ۋە هامانىنىڭ مىراسىدۇر؛ ئىككىنچى، ئىلىم كىشىدە كەمتەرلىك پەيدا قىلسا، بايلىق مەنمەنلىك پەيدا قىلىدۇ؛ ئۈچىنچى، ئىلىملىك كىشىنىڭ دوستى كۆپ بولسا، مالدار كىشىنىڭ دۈشمىنى كۆپ بولىدۇ؛ تۆتىنچى، مالدار كىشىلەر ئۆتە خەسىس ۋە بېخىل بولسا، ئالىم كىشىلەر ساخاۋەت ئىگىسى بولىدۇ؛ بەشىنچى، ئىلىم كىشىگە دۇنيادا ئابرۇي كەلتۈرسە، مال ـ دۇنيا ئازاب كەلتۈرىدۇ. دېمەك، ئىلىم رەنجى كىشىنىڭ خەزىنە يۇگەنجىدۇر، مال ـ دۇنيا گەنجى بولسا باشتىن ـ ئاياغ رەنجىدۇر.

ئىلىم مەرتىۋىسى مەرتىۋىلەرنىڭ چوڭىدۇر، دېگەن سۆز شۈبھىسىز توغرا، قايسى يەردە ئىلىم ـ مەرىپەت كۈچلۈك بولسا، شۇ يەر بەخت ئۆيى ھېسابلىنىدۇ. قايسى يەردە نادانلىق ھۆكۈمەت سۈرسە، شۇ يەر شورتاڭ ياكى تاشلىق يەرگە ئوخشاشتۇر.

گۈزەل خۇلق بىرلىشىپ كەتكەن ئىلىم كىشىلەرنى بەختلىك قىلۇر ۋە مەرتىۋىسىنى ئاشۇرىدۇ. ئىلىمدىن مەقسەت — گۈزەل ۋە ئېزگۈ ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتۇر.

ئىلىم ۋە ھۈنەر ئۆگىنىش ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ زۆرۈر نەرسىلەردىن ھېسابلىنىدۇ. ھەر قانداق نەرسىنىڭ ماھىيىتىنى ئۇقۇۋېلىش، جاھاندىكى ۋەقە ـ ھادىسىلەرنىڭ ياخشى ۋە يامان تەرەپلىرىنى بىلىۋېلىش، ئادەملەرنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى توغرا چۈشىنىش، ئائىلىنىڭ پاراۋان ياشىشىنى توغرا ئويۇشتۇرۇش، قىسقىسى، ھەر تەرەپلىمە مۇكەممەل بولۇش ئۈچۈن ئىلىم ۋە ھۈنەر ئۆگىنىش زۆرۈر ئېھتىياجلاردىن بىرىدۇر.

ئىلىم ۋە ئەدەپ — پۈتمەس خەزىنە. كىمكى ئۇنىڭغا ئىگە بولسا، قەدىر ـ قىممىتى يۇقىرى بولىدۇ.

پەزىلەتكە پەقەت ئىلىم شەرىپى بار ئادەم لايىق. بىلمىگەن





ئەيىب ئەمەس، بىلمىگىنىنى بويىنىغا ئالماسلىق ئەيىب.

ئادەملەر سىنىڭدىن ئۆگەنمىسە، سەن ئادەملەردىن ئۆگەن. ئىلىم شۇنداق نەرسىكى، ھەممە كۈچ سەرپلەنمىسە قولغا كىرمەيدۇ.

## سوئال: ئىلىمنىڭ ماھىيىتى نېمە؟

جاۋاب: ئىلىم ـ ئوقۇش، يېزىشنى ياخشى بىلىشكە، كېرەكلىك ھەر بىر نەرسىنى ئۆگىنىشكە قارىتىلغان. ئىلىم — دۇنيانىڭ ئىززىتى، ئاخىرەتنىڭ شاراپىتىدۇر. ئىلىملىك بولۇش ئىنسان ئۈچۈن غايەت ئالىي ۋە مۇقەددەس بىر پەزىلەتتۇر. چۈنكى، ئىلىم بىزگە ئۆز ئەھۋالىمىزنى، ئىش ـ ئەمەلىمىزنى ئەينەككە ئوخشاش كۆرسىتىدۇ؛ زېھنىمىزنى، پىكرىمىزنى قىلىچقا ئوخشاش ئۆتكۈر قىلىدۇ؛ ساۋابنى گۇناھتىن، ھالالنى ھارامدىن، پاكىزىنى چىركىندىن ئايرىپ بېرىدۇ؛ بىزنى توغرا يولغا باشلاپ، بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختلىك بولۇشىمىزغا سەۋەب بولىدۇ. ئىلىمسىز ئىنسان مېۋىسىز دەرەخكە ئوخشاشتۇر. چۈنكى ئىلىمسىز كىشىلەر ئاتا ـ ئانىسىغا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا، يار ـ دوستلىرىغا، دىن ۋە مىللىتىگە پايدا يەتكۈزۈش بۇياقتا تۇرسۇن، ئۆز ئۇستىگە يۈكلەنگەن ئىبادەت ۋە تائەتنىمۇ لايىقىدا ئادا قىلالمايدۇ. ئىلىمنىڭ پايدىسى شۇنچىلىك كۆپكى، تەرىپلەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. ئىلىم بىزنى جاھالەت قاراڭغۇلۇقىدىن قۇتقۇزىدۇ، مەدەنىيەت، ئىنسانىيەت، مەرىپەت دۇنياسىغا چىقىرىدۇ، يامان پېئىللاردىن، بۇزۇق ئىشلاردىن قايتۇرىدۇ، ياخشى خۇلق ۋە ئەدەپ ئىگىسى قىلىدۇ، ئاللاتائالاغا بولغان مۇھەببەت ۋە ئېتىقادىمىزنى ئاشۇرىدۇ، جانابىي ھەقنىڭ بۈيۈكلۈكى ۋە قۇدرىتىنى بىلدۈرىدۇ. قىسقىسى، پۈتكۈل ھاياتىمىز، ھىممىتىمىز، غەيرىتىمىز، بۇ دۇنيالىق ۋە ئۇ دۇنيالىقىمىز ئىلىمگە باغلىقتۇر.

ئالىم كىشىلەر ھەر يەردە ئەزىز ۋە ھۆرمەتلىكتۇر. شەرئىتىمىزدە قايسى ئىلىمگە موھتاج بولسا، شۇنى ئۆگىنىش پەرزدۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئوقۇش، بىلىم ئېلىش پۇرسەتلىرىنى قولدىن بەرمەي، ۋۇجۇدىمىزنىڭ دۈشمىنى بولغان جاھالەتتىن قۇتۇلۇش بارلىق كۈچ ـ غەيرىتىمىز بىلەن تىرىشىش لازىم.

ئادەم ئۈچۈن مۇناسىپ ئىش شۇكى، ھېكمەت ئۆگەنسۇن، دانالىق ئىلمىنى بىلسۇن ۋە ئۇنى يۈرىكىگە نەقىش قىلسۇن. ھېكمەت ۋە پەزىلەتكە يېتىشكە قېرىلىق توسقۇن بولالمايدۇ. ھېكمەت شۇنداق نەرسىكى، ئۇ ئۆزگەرمەيدۇ ۋە كاسات بولمايدۇ. ھېكمەتنى كىمكى دىلىغا ئورناتقان بولسا، نە باتۇر، نە كۈچتۈڭگۈر، نە پادىشاھ، ھېچكىم ئۇنى تارتىۋالالمايدۇ. كىشى ئۆز نىيىتى بىلەن سۆزىنى مۇۋاپىق قىلسۇن ياكى تىلى باشقا، دىلى باشقا بولمىسۇن!

بىلىملىك كىشىلەر مېۋىلىك دەرەخلەرگە ئوخشايدۇ، مېۋىلىك دەرەخ مېۋىلىرى بىلەن كىشىلەرنى ئوزۇقلاندۇرۇپ تۇرغانغا ئوخشاش، بىلىملىك ئادەملەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ بىلىملىرى بىلەن كىشىلەرنى ئوزۇقلاندۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىلىم ئىگىلەشنى ياش ۋاقتىدىن باشلاش زۆرۈر.

ئۆتكەن ئۆمۈرنى قايتۇرۇپ بولماس، ئۇ ئەڭ قىممەتلىك بىر دۆلەتتۇر. شۇنداق ئىكەن، بۇ قىممەتلىك دۆلەتنىڭ قەدرىنى بىلىش كېرەك. ئادەم ئۈچۈن ئىشەنچلىك كامالەت پەقەت ئىلىمدۇر.

ئوقۇغان نەرسىلەرنى ياخشى چۈشىنىش، چۈشەنگەن نەرسىلەرنى ئەستە ساقلاش لازىم. ئوقۇشنىڭ پايدىسى پەقەت شۇ چاغدىلا بولىدۇ. ئەكسىچە چۈشىنە ـ چۈشەنمەس ئوقۇشتىن مەنە چىقمايدۇ. ئادەم ھەم ھايۋان، ھەم ئىنساندۇر. ھايۋانلىقى يېپىشتە، ئىنسانلىقى بولسا ئىلىمدە ئىپادىلىنىدۇ.





ئوقۇمىغانلارنىڭ تۆت پۇتلۇق ھايۋانلاردىن پەرقى يوقتۇر. بۇنى ھەر كىم بىلىدۇ.

ئوقۇش ئورۇنلىرى ــ مەكتەپلەردە بىلىم ئۆگىتىلىپلا قالماي، يەنە كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىشنى بىلىش، ئۇلار بىلەن مۇئامىلە قىلىش قاتارلىقلارمۇ ئۆگىتىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەكتەپنى، مۇئەللىمنى سۆيۈش، كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇش كېرەك.

ئىلىم سايىسىدە ھەقىقەتنى تونۇش، ئەبەدىي بولغان ھاياتقا ئېرىشىش، دائىمىي بەختسىزلىكتىن خالاس بولۇش مۇمكىندۇر ۋە ئىلىم سەۋەبلىك ھەر كىم ئۆز ۋەزىپىسىنى بىلىدۇ، باشقىلارغا تاجاۋۇز قىلمايدۇ.

ئىلىم روھ لەززىتى بولغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئىككىنچى بىر لەززەت بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئىلىمنىڭ ئۆزى لەززەتلىك نەرسە بولغىنى ئۈچۈن لەززەتلىك نەرسىلەرگىمۇ سەۋەبچىدۇر.

ئىنساننى ئەڭ بۈيۈك مەرتىۋىلەرگە ئېرىشتۈرگەن ۋە ئىسىملىرىنى كېيىنكىلەرگە قالدۇرغان نەرسە ئىلىمدۇر. ئىلىم مەرتىۋىسى مۇستەھكەم مەرتىۋە بولۇپ، ئۇنى يوقاتقىلى بولمايدۇ. ئىلىم ئىزتىراپ ۋاقتىدا سىرداش، غۇربەتتە يولداش، خىلۋەتتە قولداش، دۈشمەنلەرگە قارشى تۇرغۇچى ئىشەنچلىك بىر قورالدۇر. ئىلىمدىن ئارتۇق بايلىق، نادانلىقتىن ئارتۇق پېقىرلىق يوقتۇر.

## ۋاپا ۋە ساداقەت

**سوئال: ساداقەتلىك كىشىنىڭ قانداق پەزىلەتلىرى بار؟ ساداقەتلىك بولۇش ئۈچۈن قانداق شەرتلەرنى ھازىرلاش كېرەك؟**

جاۋاب: ساداقەت دەپ كىشىنىڭ ئۆز ۋەزىپىسىنى توغرىلىق بىلەن ئىشلىشىنى كۆزدە تۇتىمىز. سادىق كىشى ئەل ۋە خەلقىگە، ۋەتەن ۋە دۆلىتىگە توغرىلىق بىلەن خىزمەت قىلىپ ئابرۇيغا ئېرىشىدۇ ۋە مۇكاپاتلارنى ئالىدۇ. ساداقەت — سالامەتلىك گۈلشىنى، نىجاتلىق بوستانىدۇر. سەدەپتىن ئۈنچە، يىلاندىن زەر ھاسىل بولىدىغىنىغا ئوخشاش راستلىقتىن پايدا، خىيانەتتىن زىيان ھاسىل بولىدۇ.

ھەركىم سادىقلارنى سۆيىدۇ، يالغانچىلارنى سۆيمەيدۇ. توغرىلىقتىن يوقالغان كىشى يوق، خىيانەتتىن يوقالغانلار ناھايىتى جىقتۇر. راستلىق بىلەن خىيانەت ئىككىسى بىر يەرگە كەلمەيدۇ. ئەگەر بىر كىشىنىڭ دىلىغا توغرىلىق ئۇرۇقى تىكىلگەن بولسا، ئۇ دىل ھەر قانچە ئاچ ۋە سۇسىز بولسىمۇ توغرىلىق ئۆسىدۇ، خىيانەت كۆكەرمەيدۇ. ئەخلاق يۇزىسىدىن قارىغاندا توغرا پېقىر يالغانچى بايدىن ئېتىبارلىقتۇر. چۈنكى، سادىق كىشى ئەھدىگە ۋاپا قىلىدۇ، يالغانچى بولسا ۋەدىسىدە تۇرماي ئۆزىنى خىجالەت، باشقىلارنى ئاۋارە قىلىدۇ.

ساداقەت بىر مەنىۋى پەيزدۇركى، ئۇ پەيزدىن تېگىشلىك ئۈلۈشنى ئېلىش ھەر بىر كىشىنىڭ مۇقەددەس ۋەزىپىسىدۇر.

ھەزرىتى ئەلى ھەزرىتى ئىمام ھۇسەيىنگە: «سۆزۈڭدە توغرا يول! شۇنىڭدا يالغانچىلارغا ئوخشاش مۇناپىق بولمايسەن» دەپ ئۆگۈت قىلغانىدى.





ئۇلۇغلىرىمىزمۇ: «توغرىلىقنى ئىختىيار قىلىڭلار، گەرچە ھالاكەتكە ئوخشاش كۆرۈنسىمۇ، نىجات توغرىلىقتۇر. ھەر قانچە نىجاتقا ئوخشاش كۆرۈنسىمۇ، يالغاندىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى، ئاقىۋىتى ھالاكەتتۇر» دېگەنىدى.

**سوئال: ساداقەتتە چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن قانداق چارىلەرنى قوللىنىش لازىم؟**

جاۋاب: ساداقەت ۋە سادىقلىق ئېسىل ئەخلاق - پەزىلەتنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھاياتىي دۇنيانىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئۇرۇق - تۇغقانلار ئارا سەمىمىي سادىق بولۇش، دوستلار ئارا ساداقەتلىك بولۇش، مېھر - مۇھەببەتتە بىر - بىرىگە ساداقەتلىك بولۇش ناھايىتى مۇھىم بولغان ئەخلاق نورمىلىرىنىڭ بىرىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن قەدىمدىن ھازىرغىچە ساداقەتلىك بولۇش ئۆزئارا كىشىلىك مۇناسىۋەت ئورنىتىشتىكى ناھايىتى مۇھىم ئۆلچەملەرنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەن. ساداقەتنى سىنالمىغان دوست ۋە مۇھەببەتنىڭ ئاخىرى بەربىر ئىشەنچسىز ھېسابلىنىدۇ. دوستلۇق ۋە مېھىر - مۇھەببەت مۇشكۈل سىناقلاردىن ئۆتكەندىلا ساداقەت گۈللىرىنى ئېچىلدۇرالايدۇ.

ئادەم ساداقەتلىك بولۇش ئۈچۈن بىرقاتار ئىنسانىي خىسلەتلەرگە ئىگە بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. ساداقەتلىك بولىدىغان كىشىنىڭ ۋىجدانى كۈچلۈك بولىدۇ، توغرا سۆزلۈك، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرىدۇ، خىيانەت قىلىشنى كۆڭلى كۆتۈرمەيدۇ، ئامانەتنى جايىدا ساقلايدۇ. بۇنداق پەزىلەتلەرگە ئىگە بولغاندىلا ھەقىقىي سەمىمىي ساداقەتلىك كىشى بولغىلى بولىدۇ.

**سوئال: قانداق قىلغاندا ۋاپا ۋە ساداقەتلىك بولغىلى بولىدۇ؟**

جاۋاب: ئۇلۇغ ئەلىشىر نەۋائىينىڭ تەبىرىگە ئاساسەن ۋاپا ۋە

ساداقەت ھېسلىرى ئاۋۋال ھەر بىر كىشىنىڭ قېنىدا بولمىسا، ئۇنىڭغا ئۆگەتمەك مۇشكۇلدۇر. ۋاپا ۋە ساداقەت خۇددى قاش بىلەن كۆزگە ئوخشاش يانمۇيان ياشايدىغان ئەڭ يۈكسەك ئىنسانىي پەزىلەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەر «ۋاپاسىزدا ھايا يوق. ھاياسىزدا ۋاپا يوق» دېيىشىدۇ. ئېيتقان سۆزىگە ئەمەل قىلىش، ۋەدىنى بېجىرىش، پىلاننى ئادا قىلىش ۋاپانىڭ بەلگىسىدۇر. ساداقەت بولسا ۋاپانىڭ داۋامى، ۋاپادارلىقنىڭ باقىيلىقىنى ئىسپاتلايدىغان خۇسۇسىيەتتۇر. ئېيتىلغان سۆزگە بىر ئۆمۈر سادىق بولۇش، ۋاقىت ئىمكان، شارائىت ئۆزگەرگەندىمۇ دىل ئەمرىنى ئۆزگەرتمەسلىك، ۋەدىنىڭ مەڭگۈلۈك ئىكەنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ساداقەتتۇر. ۋاپا ۋە ساداقەت ئەڭ ئاۋۋال ئائىلىنى بەختىيار قىلىدۇ، پەرزەنتلەرنىڭ ئەركىن، ساغلام ۋە ئەقىللىق بولۇپ ۋايىغا يېتىشىگە زېمىن ھازىرلايدۇ. ۋاپا ۋە ساداقەت ئايالنىڭ قولىدىكى مەشئەلدۇر، ئايال قەلبىنىڭ قىممىتىنى، ساپلىقىنى ئىپادە قىلغۇچى، ئۇنىڭ يولىنى يورۇتقۇچى ماياكتۇر. ئەگەر ئايال ساداقەتنى بىلسە، ئۇ ھاياتىنىڭ، ئەرنىڭ، پەرزەنتىنىڭ قەدرىگە يېتىدۇ، ئۆزىنىڭ بۇرچىنى، ئېتىقادىنى چۈشىنىدۇ. ھاياتنىڭ سىناقلىرىدىن ئەلا دەرىجىدە ئۆتىدۇ، قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ.

ۋاپا ۋە ساداقەت ئائىلىنىڭ ئاسراش، ئۇنى تۇرمۇش شاماللىرىدىن، غەيۋەتلەردىن ئاسراش دېمەكتۇر. ۋاپا ۋە ساداقەت ئاياللىقنى، ئانىلىقنى، بۇرچنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يېتىش، بەرداشلىق، تەمكىن، ئەتراپلىق بولۇش دېمەكتۇر.

بىر ئۇلۇغ كىشى ۋاپادار بولۇش ھەققىدە مۇنداق نەسىھەت قىلىدۇ: ھەي پەرزەنت، قىلغان ۋەدەڭگە ۋاپا قىل. ۋەدىگە ۋاپا قىلىش — مەرد ۋە كامالەت ئىگىسىنىڭ ئىشى، ماختاشقا لايىق زاتلارنىڭ ئۇلۇغ خىسلىتىدۇر. ۋاپا نۇرى بىلەن نۇرلانغان بەزى ئادەملەر ھەممىنىڭ كۆڭۈل قۇشىنى ئۆز مۇھەببىتى تۇزىقىغا





چۈشۈرمەي قويمايدۇ. ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمىغان كىشى ئۆز ئابرۇيىنى يوقىتىدۇ.

ھەي پەرزەنت، بىر كىشىگە ۋەدە بەرسەڭ، ئۇنىڭغا ۋاپا قىل. ئەقىللىق كىشى ئادا قىلىشقا كۈچى يېتىدىغان ئىشقا ۋەدە بېرىدۇ. ۋەدە بېرىپ قويۇپ ھۆددىسىدىن چىقالماي شەرمەندە بولغاندىن يامان ئىش يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن، كۈچۈڭ يەتمىگەن ئىشقا ھەرگىز ۋەدە بەرمە.

# ۋەتەن

**سوئال: ۋەتەن دېگەن نېمە؟ نېمە ئۈچۈن ۋەتىنىمىزنى قىزغىن سۆيۈشىمىز كېرەك؟**

جاۋاب: ھەر بىر كىشىنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتى ۋە مەملىكىتى شۇ كىشىنىڭ ۋەتىنى دېيىلىدۇ. ھەر كىم تۇغۇلغان، ئۆسكەن يېرىنى جېنىدىن ئارتۇق سۆيىدۇ. ھەتتا بۇ ۋەتەن ھېسسىي تۇيغۇسى ھايۋانلاردىمۇ باردۇر. ئەگەر بىر ھايۋان ئۆز ۋەتىنىدىن (توپىدىن) ئايرىلسا، ئۆز يېرىدىكىگە ئوخشاش ئەركىن ـ ئازادە ياشىيالمايدۇ، مەئىشىتى قىيىنلىشىپ، ھەر ۋاقىت دىلىنىڭ بىر بۇرجىكىدە ئۆز ۋەتىنىگە مۇھەببىتى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ.

بىز ئۆز ۋەتىنىمىزنى جېنىمىزدىن ئارتۇق سۆيگىنىمىزگە ئوخشاش ئەرەبلەر ئەرەبىستاننىڭ قۇملۇق ۋە ئىسسىق چۆللىرىنى، ئېسكىمۇسلار شىمالىي قۇتۇپتىكى ئەڭ سوغۇق قار ۋە مۇزلۇق يەرلىرىنى باشقا يەرلەردىن ئارتۇقراق سۆيىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا، ئۇلار ئۆز ۋەتەنلىرىنى تاشلاپ، ھاۋاسى ياخشى، تىرىكچىلىك قىلىش ئاسان يەرلەرگە كۆچۈپ كەتكەن بولاتتى.

شۇڭا ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز: «كىشى يۇرتىدا سۇلتان بولغۇچە، ئۆز يۇرتۇڭدا ئۇلتاڭ بول» دېگەن ھېكمەتنى بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن.

ئەمەلىيەتتە ۋەتەن دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ناھايىتى كەڭ ۋە چوڭقۇر. ھەقىقەتەن، ۋەتەن بىر مېھرىبان ئانىغا ئوخشايدۇ.





ئۇنىڭ ئىللىق باغرىدىن پۇتكۈل جانلىق بەھرە ئالىدۇ ۋە مېھىر ـ مۇھەببەتكە ئېرىشىدۇ. خەلقىمىزنىڭ بىر ئۇلۇغ يازغۇچىسى بىر قېتىم: «ئادەم تۇغۇلغاندا كىندىك قېنى ئانا يەر باغرىغا سىڭىدۇ، شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئادەمنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ۋەتەنگە بولغان مېھىر ـ مۇھەببىتى جۇش ئۇرىدۇ. بۇ مېھىر ـ مۇھەببەت ۋىجدانلىق بىر ئادەمگە نىسبەتەن ئىنتايىن قىممەتلىكتۇر» دېگەن ئىدى. ھەقىقەتەن شۇنداق، ۋەتەن بىر قارىماققا ئانا تۇپراقنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، بۇ تۇپراقتا شۇ ۋەتەنگىلا خاس بولغان تۈرلۈك جانلىقلار، ئادەملەر بىر ـ بىرىگە چەمبەرچاس بولۇپ بىر ئاسماندىن يۇلتۇزلارنى، ئاينى تاماشا قىلىدۇ، ئوخشاش ھاۋادىن نەپەسلىنىدۇ... بۇنداق بىر ـ بىرىنى تەقەززا قىلىدىغان ھاياتلىق زەنجىرى باشقا جايلاردا ئۆزگەرگەن شەكىلدە مەۋجۇت بولىسىمۇ، بەزىدە ماھىيەت جەھەتتىن ئوخشاپ كەتسىمۇ، ھەر كىمگە ئۆز ئانىسى قەدىرلىك بولغىنىدەك، بىزگە ئۆزىمىز تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ۋەتەن ئەڭ قەدىرلىكتۇر.

ئەمەلىيەتتە، ۋەتەن بىز ياشاۋاتقان مۇئەييەن دائىرىدىكى زېمىننى ئاساسىي گەۋدە قىلغان بولىدۇ. بۇ زېمىن ئەلۋەتتە، ئۆزىگە خاس رومقا ئىگە، مەدەنىيەت، ئەنئەنە بىر گەۋدىلەشكەن، بىر ياقىدىن باش، بىرىيەڭدىن قول چىقىرالايدىغان، سۆزى بىلەن دىلى بىر ئادەملەر توپى ياشايدىغان زېمىننى بىز ۋەتەن دەپ ئاتايمىز. ۋەتەن قوينىدا تاغ ـ دەريالار گىرەلىشىپ كەتكەن، ئۆزىگە خاس ،ايۋانلىرى، ئۆزىگە خاس ئورمانلىرى، ئۆزىگە خاس يەر تۈزۈلۈشى، ئۆزىگە خاس ئۆسۈملۈك، دەل ـ دەرەخلىرى، ئۆزىگە خاس كىشىلىرى بولىدۇ. ئۇلار ھاياتلىق تەقەززاسى بويىچە ئەۋلادمۇ ئەۋلاد مۇشۇ زېمىندا تىرىكچىلىك قىلىپ كەلگەن ۋە ئۆزىگە خاس ياشاش ئەندىزىسى شەكىللەندۇرگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ۋەتەندە كۆرگەن مەنزىرىنى باشقا مەملىكەتلەردىن كۆرەلمەيمىز، ۋەتەندە ئېتىلغان تائاملارنى باشقا مەملىكەتلەردە

تېتىيالمايمىز، ۋەتەندە يېگەن ئۆرۈكنىڭ تەمىنى باشقا مەملىكەتلەردە يېگەن ئۆرۈكتىن تاپالمايمىز. ۋەتەن دۇنيادا ئەنە شۇنداق يېگانە بولغانلىقى ئۈچۈن، بىز ئۈچۈن ئەڭ قەدىرلىك ۋە سۆيۈملۈك. ئادەمنىڭ تۇغقان ئانىسى بىر بولغىنىغا ئوخشاش، ۋەتىنىمۇ بىرلا بولىدۇ.

ۋەتەن مەيلى بوستانلىق بولسۇن ۋە مەيلى چۆل - باياۋان بولسۇن، ھەر كىمگە ئۆزىنىڭ ۋەتىنى ئەڭ قەدىرلىك ۋە قىممەتلىك. ئۆتكەندە بىر تونۇشۇم ياۋروپاغا بېرىپ بىر ئاي تۇرۇپ كەلدى. ئۇ بۇ جەرياندا تۇغقانلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ياۋروپادىكى گېرمانىيە، شۋېتسىيە، فرانسىيە، بېلگىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنى قويماي زىيارەت قىلىپ كەلدى. بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى يۇقىرى، نەگە بارسا يېشىللىق ئىكەن، بۇ كىشى ئون بەش - يىگىرمە كۈن يېشىللىقنى كۆرۈۋېرىپ بەك زېرىكىپ كەتكەنلىكىنى، ۋەتىنىمىزدىكى تاقىر تاغلارنى، ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئادەمزاتسىز سايلىقلارنى، سايلىقلار ئارىسىدا ئاندا - ساندا شەكىللىنىپ قالغان كىچىك دائىرىلىك بوستانلىقلارنى، شەھەر - يېزىلاردا بىر - بىرىگە ھەمدەم بولۇپ، مۈڭدىشىپ، كۈلكە - چاقچاق بىلەن ئۆتىدىغان خەلقىمىزنى بەك سېغىنغانلىقىنى، شۇڭا ئۈچ ئاي تۇرۇش ئۈچۈن بارغان بولسىمۇ، بىر ئاي تۇرۇشقا ئاران چىداپ قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. دېمەك، ۋەتەن قويىنى قانچىلىك قاقاسلىق، مۇھىتى قانچىلىك ناچار بولمىسۇن، ئۇ بىزنىڭ ۋەتىنىمىز بولغانىكەن، ئۇ بىزگە ھەممىدىن بەك قەدىرلىك ۋە قىممەتلىك، شۇڭا بىز ئۇنىڭ قەدرىگە ھەرۋاقىت يېتىپ تۇرۇشىمىز لازىم...

قايسى بىر شائىرنىڭ «ئۆزۈم ھەر جايدىمەن، كۆڭلۈم سەندىدۇر» دېگەن بىر مىسراسى بار. مانا بۇ ۋەتەننى قىزغىن سۆيگەن يۈرەكنىڭ ساداسىدۇر. ئادەمدە ياش چاغلىرىدا ھەر خىل





گۈزەل ئارزۇلىرى بولىدۇ، بۇ ئارزۇلارنىڭ بەزىلىرى شۇنچە چاكىنا بولىدۇ. ئۆزىنىڭ ۋەتىنىنى پەس كۆرۈپ، باشقىلارنىڭ ۋەتىنىنى ئەزىزلەيدۇ، ھەتتا شۇنداق يەرلەردە ياشىماقچى بولىدۇ. ئەمما ياشاپ باققاندىن كېيىن «ئۆزۈم ھەر جايدىمەن، كۆڭلۈم سەندىدۇر» دېگەن ناخشىنى توۋلىماي قالمايدۇ، باشقا مەملىكەتلەر ھەرقانچە گۈزەل، پاراۋان، مەدەنىي بولسىمۇ، ئۇ بەرىبىر باشقىلارنىڭ ۋەتىنى، ئۇنى قانچە ئارزۇ قىلىسىڭىزمۇ، باشقىلار سىزگە ۋەتىنىنى قوش قوللاپ تۇتۇپ بەرمەيدۇ، بۇنداق قىلىشمۇ مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق بىمەنە خىياللاردا بولۇشنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق. شۇڭا تورغاي ئۆز ۋەتىنىنى سېغىنىپ، ئاۋات، گۈزەل مەملىكەتتىن كېتىدۇ ئەمەسمۇ؟

قەدىمكى زاماندا، سۇلايمان پادىشاھ يەتتە ئىقلىمدىكى ئىنسانلارنىڭلا پادىشاھى بولۇپلا قالماي، ھايۋانلار ۋە قۇشلارنىڭمۇ پادىشاھى ئىكەن. ئۇ بىر قېتىم بارلىق قۇشلارنى بىر يەرگە جەم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئەرزۇ ھالىنى بىلمەكچى بولۇپتۇ. ئارىدىن يېرىم يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ. شۇ چاغدا تورغاي ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ:

— جانابى پادىشاھىئالەم، سىزنىڭ بۇيرۇقىڭىز بىلەن ئوردىغا يىغىلغىنىمىزغىمۇ يېرىم يىل بولۇپ قالدى. باشقا قۇشلار قانداقكىن بىلمەيمەن، ئەمما مەن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتۇمنى، ۋەتىنىمنى بەكمۇ سېغىندىم، سېغىنىش ئوتى كېچەيۇ - كۈندۈز يۈرىكىمنى كۆيدۈرمەكتە. ئىلتىپات قىلىپ ماڭا بىرنەچچە كۈنلۈك رۇخسەت بەرسىلە، مەن ۋەتىنىمنى زىيارەت قىلىپ، سېغىنىش ئوتىنى ئۆچۈرۈپ كەلسەم، — دەپتۇ.

سۇلايمان پادىشاھ بىر نەرسىنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ - دە، تورغايغا رۇخسەت بېرىپتۇ. تورغاي كەتكەندىن كېيىن قارچىغىنى چاقىرتىپ:

— سەن تورغاينىڭ كەينىدىن بېرىپ، ئۇنىڭ ۋەتىنىنىڭ ئانداقلىقىنى ۋە تورغاينىڭ قانداق قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ كەل، ئاندىن ماڭا مەلۇم قىل! — دەپتۇ.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن قارچىغا قايتىپ كېلىپ:

— پادىشاھئالەم، بۇيرۇقلىرى بويىچە تورغاينىڭ ۋەتىنىنى كۆرۈپ كەلدىم، — دەپتۇ تەزىم قىلىپ تۇرۇپ، — ئۇنىڭ ۋەتىنى ھېچقانداق جانلىقنىڭ نىشانىسى يوق پايانسىز چۆللۈك ئىكەن، پەقەت ئاندا - ساندا يۇلغۇن، قومۇشتىن باشقا گىياھ يوق ئىكەن.

— تورغاي ۋەتىنىگە بېرىپ نېمە قىلدى؟ — سوراپتۇ شاھ.

— تورغاي ۋەتىنىگە بېرىپ دەسلەپتە چۆللۈككە قاراپ بىر ھازا مۇڭلۇق سايراپ، يىغلاپ سېغىنىشىنى ئىپادىلىدى، قۇملارغا ئېغىنىدى، ئىسسىق ھاۋادا ئۇچۇپ كۆكسىنى تولدۇرۇپ نەپەسلەندى، ئاندىن كونا ئۇۋىسىغا كىرىپ راھەتلىنىپ ئۇخلىدى. ئۇ ئۈچ كۈن تۇردى، ھەر كۈنى مۇشۇنداق قىلدى، — دەپتۇ قارچىغا.

سۇلايمان شاھ قارچىغا ئىجازەت بېرىپ ئۆيىگە قايتۇرۇپ، تورغاينى چاقىرتىپتۇ.

— بىلسەم، سېنىڭ ۋەتىنىڭ كۆز يەتكۈسىز چۆل - جەزىرە ئىكەن، ئارزۇ قىلغۇدەك يېرىمۇ يوق ئىكەن. شۇنداق يەرنىمۇ سېغىنغان بارمۇ؟ — دەپتۇ سۇلايمان شاھ مەسخىرە ئارىلاش.

— ئەي كەرەملىك شاھىم! — دەپتۇ تورغاي، — ئېيتقانلىرى بەرھەق، مېنىڭ ۋەتىنىم چەكسىز چۆل - باياۋان، شۇنداق كۆرۈمسىز زېمىن. ئەمما ئۇ مېنىڭ ئەڭ قىممەتلىك ۋەتىنىمدۇر. ئۇ مېنى ئۆز قوينىدا ئۆستۈردى، ۋەتىنىم كۆرۈمسىز چۆللۈك بولسىمۇ، مەن ئۇنى سىزنىڭ جەننەتتەك چاھار باغلىرىڭىزغىمۇ تەڭ قىلمايمەن. ھەركىمگە ئۆزىنىڭ ۋەتىنى قەدىرلىك ۋە قىممەتلىك ئەمەسمۇ؟!





سۇلايمان شاھ تورغاينىڭ بۇ سۆزىگە قايىل بولۇپ، بارلىق قۇشلارنى ئوردىغا يىغىۋېلىپ، ئۇلارنى ۋەتىنىدىن مەھرۇم قىلغانلىقىغا پۇشايمان قىلىپتۇ ۋە ھەممىسىنىڭ ۋەتىنىگە قايتىشقا رۇخسەت قىلىپتۇ...

دېمەك، ۋەتەن دېگەن ئەنە شۇنداق قەدىرلىك ۋە قىممەتلىك. ئۆز ۋەتىنىنى شارائىتى ناچار، يېشىللىق ئاز، قۇم - بوران ئۇچۇپ تۇرىدۇ، دەپ باشقا مەملىكەتلەردە ياشاشنى ئارزۇ قىلىدىغانلار سېپى ئۆزىدىن مۇناپىقلاردۇر. بۇنداقلارغا ھەرگىز ئەگەشمەسلىك كېرەك. ئۇلار بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى ھامان پۇشايمان قىلىپ، يامغۇردەك ياش تۆكۈپ ئەنە شۇ «كۆرۈمسىز» ۋەتىنىنى سېغىنىپ كېلىدۇ. مانا بۇ ۋەتەن سېغىنچى، ئۆزىنى بېقىپ ئۆستۈرگەن، باشقا ھېچ يەردىن تاپقىلى بولمايدىغان ئانىغا بولغان سېغىنىشتۇر.

**سوئال: ۋەتەن مۇھەببىتى ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز.**

جاۋاب: ۋەتەن ئەنە شۇنداق قەدىرلىك بولغاچقا، ھەقىقىي غۇرۇرلۇق، ۋىجدانلىق، قەلبى پاكىز كىشىلەر ۋەتەننى ئەڭ قىزغىن مۇھەببىتى بىلەن سۆيىدۇ، ۋەتەن ئەنە شۇنداق مەڭگۈلۈك تېما. ئۇنى قانچە مەدھىيىلىسىمۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن قانچە - قانچە قۇربانلارنى بەرسىمۇ، قانچىلىق جاپا تارتسىمۇ ئەرزىيدۇ. شۇڭا، خەلقىمىز ئانا ۋەتەننى قوغداش يولىدا تۆكۈلگەن ھەر بىر تامچە قاندىن گۈل ئۈنۈپ چىقىدۇ، دەپ قارايدۇ.

ۋەتەن بىزنىڭ ئانىمىز، بىزنىڭ بارلىقىمىزنى ئەنە شۇ ۋەتەن بەرگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئەڭ چوڭقۇر مېھرىمىز بىلەن ئۇنى سۆيۈشىمىز، ئۇنى قەدىرلىشىمىز ۋە ئاسرىشىمىز، ئابرۇيىنى قوغدىشىمىز كېرەك. سىز ئۆز ۋەتىنىڭىزنى سۆيمەي، ئۇنى مەنسىتمەي، باشقا مەملىكەتلەردە ياشىغان تەقدىردىمۇ، بەرىبىر سىز ئاشۇ ۋەتەننىڭ پەرزەنتى بولالمايسىز ۋە ئۇنى ھەرقانچە

قىلىپمۇ قىزغىن سۆيۈش مەقسىتىگە يېتەلمەيسىز. ۋەتەننى سېتىۋەتكىلى بولمايدۇ، باشقىلارغا بېرىۋەتكىلىمۇ بولمايدۇ، شۇنداقلا باشقىلاردىن تارتىۋالغىلىمۇ بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىر دىنىبىر يول ئۆز ۋەتىنىمىزنى قىزغىن سۆيۈشتۇر. ساۋاقداشلار، ئىچىڭلاردا بەزىلەر گۈزەل، تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنى چۈشەپ يۈرگەن بولۇشى، شۇ يەرلەرگە بېرىپ ياشىغۇسى كېلىپ كېتىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، شۇ نۇقتا كاللاڭلاردا ئېنىق بولسۇنكى، مەيلى نەگىلا بارماڭلار ئانا ۋەتەن سىلەرنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ، شۇنداقلا سىلەرمۇ ۋەتەندىن رىشتىڭلارنى ئۈزەلمەيسىلەر. ۋەتەن سېغىنچى بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى ياقاڭلاردىن ئالىدۇ - دە، ۋەتەن تەرەپكە قاراپ سۆرەيدۇ. شۇڭا، قەلبىدە ۋەتەن مۇھەببىتى، ۋەتەن سېغىنچى جۇش ئۇرمىغان ئادەمنى ئادەم دېگىلى بولمايدۇ، ھەتتا ھايۋاندىنمۇ بەتتەرلىشىپ كېتىدۇ. چۈنكى، قۇش قانچە ئېگىز ئۇچقان تەقدىردىمۇ بەربىر ئۇۋىسىنى تېپىۋالىدۇ، باشقا ھايۋانلارمۇ ئۆزلىرى ياشاۋاتقان ماكانىنى (ۋەتەننى) ئەڭ ئەزىز دەپ بىلىدۇ. شۇنداق ئىكەن، بىزنىڭ ۋەتەندىن ئاغرىنىدىغانغا يەنە نېمە ھەققىمىز بار. ساۋاقداشلار، ۋەتەننى قىزغىن سۆيەيلى، ۋەتەن مۇھەببىتى ھەر بىر قەلبتە جۇش ئۇرسۇن!





# ۋىجدان

**سوئال: ۋىجدان دېگەن نېمە؟ ۋىجدانلىق بولۇشنى قانداق ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك؟**

جاۋاب: ۋىجدان روھىمىزغا، پىكرىمىزگە تەسىر قىلىدىغان ھېسسىيات، يەنى سېزىش، تۇيۇشتىن ئىبارەت مەنىۋى قۇۋۋەتنى كۆرسىتىدۇ. بىز ھەر ۋاقىت قىلىۋاتقان ئىش - ھەرىكىتىمىزنىڭ ياخشى - يامانلىقىنى، پايدىلىق ياكى زىيانلىقلىقىنى ۋىجدانىمىز ئارقىلىق بىلىمىز. ۋىجدان ئىنسان ئەقلى ۋە پىكرىنىڭ ھەقىقىي تارازىسىدۇركى، كىشى بۇ تارازا بىلەن ئۆز كەمچىلىكلىرىنى ئۆلچەپ بىلىشتىن تاشقىرى، يەنە باشقىلارنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرىنىمۇ سېزىدۇ ۋە ھېس قىلىدۇ. ئەگەر ئىنساننىڭ ئىشلىگەن ئىشى قائىدە - يوسۇن، ئەقىل ۋە ھېكمەتكە ئۇيغۇن بولسا، ئۇنىڭغا مۇھەببەت باغلايدۇ. قاباھەت ۋە يامان ئىشلارنى قىلسا، نەپرەتلىنىدۇ. بىز ھەرقانداق نەرسىنى پىكىر ۋە روھىمىزنىڭ مەنىۋى قۇۋۋىتى بولغان ۋىجدانىمىز ئارقىلىق ئايرىيالايمىز.

ۋىجدان ياخشى خۇلقلارنىڭ مەنبەسى بولغانلىقتىن، ۋىجدان ئىگىلىرى ھەر بىر ئىشنى غەرەزسىز، خالىس نىيەت بىلەن ئىشلەيدۇ ۋە شۇ سەۋەبتىن ھەر كىم نەزەرىدە قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان ۋە سۆيۈملۈك بولىدۇ. ئەمما ۋىجدانسىز كىشىلەرنىڭ ئىشلىرىدا، نىيەت ۋە ئەمەللىرىدە، دوست - ئاشنىلىقلىرىدا قانداقتۇر يوشۇرۇن غەرەزلىرى بار بولغانلىقتىن، ئۇلار ھەر ۋاقىت ھەسرەت ۋە نادامەت چېكىپ، ۋىجدان ئازابىغا گىرىپتار بولىدۇ.

**سوئال: ۋىجدانلىق كىشىنىڭ قانداق ھاياتىي ۋەزىپىلىرى بار؟**

جاۋاب: ئىنسان ئۆز ۋەزىپىلىرىنىڭ بۈيۈكلۈكىنى ۋىجدانى ئارقىلىق چۈشىنەلەيدۇ. چۈنكى، ۋىجدانى ساغلام كىشىلەر ئىشەنچ ۋە ئېتىقادىنى كامالىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئەل - خەلققە پايدىلىق ئىشلارنى شاد - خۇراملىق بىلەن بېجىرىدۇ.

دېمەك، ۋىجدان ھەر كىمنىڭ قىلىقلىرىنى ۋە ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدىغان بىر سۈزۈك ئەينەكدۇركى، بۇ ئەينەككە چىن نەزىرىنى تىككەن كىشى ئۆزىنىڭ ئەيىب ۋە كەمچىلىكلىرىنى تۈزىتىش ھەرىكىتىدە بولۇپ، باشقىلارنىڭ ئەيىب - قۇسۇرلىرىنى ئاختۇرۇشقا ھەرىكەت قىلمايدۇ. بىزنىڭ ئەقىدىمىزدە ۋىجدان ئەخلاقىنى ياخشىلاش ئۈچۈن تىرىشىش، ھەرىكەت قىلىش لازىم بولغانلىقتىن، شۇ ساھەدە ھەرىكەت قىلغان كىشىلەر ئىككى جاھاندا ئەزىز ۋە مۆكەررەم بولىدۇ.

ئەرەستۇ ھەكىم: «روھىمىزنىڭ مەنىۋى قۇۋۋىتى بولغان ۋىجدانىمىز — پىكرىمىزگە قۇۋۋەت بەرگۈچى بىر ئىدراك ۋاستىسى دېيىلىدۇ. يەنى ھېسسىياتىمىزنىڭ روھىمىزغا تەسىر كۆرسەتكۈچى بىر ئېلېكترىك زەنجىردۇر» دەيدۇ.

ئىبن سىنا ھەكىم ئېيتىدۇ: «ۋىجدان — روھ ۋە پىكرىمىزنى تۈيغۇن قىلىشىمىزنىڭ بىرىنچى ۋاستىسىدۇر.»

ئومۇمەن، ۋىجدانلىق بولۇش ئادىمىيلىك پەزىلەتلىرىنىڭ ئەڭ ئۈستۈنلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. پەقەت ۋىجدانلىق بولغاندىلا، باشقا ئېسىل پەزىلەتلەرنىمۇ جارى قىلدۇرغىلى، راۋاجلاندۇرغىلى، يۈكسەلدۈرگىلى، كامالىغا يەتكۈزگىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ۋىجدانلىق ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇلۇغ روھىغا تولۇق ۋارىسلىق قىلىپ، ھەر ۋاقىت، ھەرقانداق ئىشتا





ۋىجدانلىق بولۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىمىز، ھەرقانداق ئىشنى قىلغاندا ۋىجدانىمىزغا يۈز كېلەلەيدىغان بولۇشىمىز، ۋىجدان بۇيرۇقىغا ئاساسەن ئىش قىلىشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا بۇ دۇنيانىڭ شاد - خۇراملىقلىرىدىن، راھەت - پاراغىتىدىن تولۇق بەھرىلەنگەن ھېسابلىنىمىز.

# ياخشىلىق

**سوئال: كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىشنىڭ قانداق ئەۋزەل نەرەپلىرى بار؟**

جاۋاب: خەلقىمىز ئارىسىدا «ياخشىلىققا ياخشىلىق»، «ياخشىلىق يەردە قالماس» دېگەندەك ھېكمەتلەر خەلقىمىزنىڭ كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىشقا ئىنتىلىدىغانلىقىنى، پەرزەنتلىرىگە كىچىكىدىن باشلاپ باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشنى ئۆگىتىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.

كىشىلەرگە قىلىنغان ياخشىلىق ئادەملەر خاتىرىسىدە مەڭگۇ ئۇنتۇلمايدۇ. دېمەك، ئاقىل كىشى شۇنداق كىشىكى، دۇنيادا پەقەت ياخشىلىق قىلىدۇ، باشقىلارنىڭ ياخشىلىقىنى مەمنۇنىيەت بىلەن ئەسلەيدۇ. بىراۋنىڭ قىلغان ياخشىلىقى ئۇچۇن شۈكۈر قىلىش ئادەمنىڭ مەرتىۋىسىنى ئاشۇرىدۇ، مەقسەتسىرى يول ئاچىدۇ.

دانالار دائىم بىزگە شۇنداق نەسىھەت قىلىدۇ: ئەي ئەزىز، خەلقىڭگە ھەر دائىم ياخشىلىق قىل، قىلغان ياخشىلىقىڭ ئۇلاردىن ساڭا قايتىدۇ. ھېچكىمگە قەستەن يامانلىق قىلما، كىمكى يامانلىق قىلسا، شۈبھىسىز قىلغان يامانلىقى ھامان بىر كۈنى ئۆزىگە يانىدۇ. ئادەملەر شۇنداق ئادەتكە ئىگىدۇركى، ئۇلار ھاياتتا دائىم بىر ـ بىرىگە ياخشى ئالاقىدە بولۇشىدۇ، سۆھبەت قۇرۇشىدۇ، بىر-بىرىدىن بىرى ئۆگىنىدۇ، بىرىنىڭ تەسىرى ئىككىنچىسىگە ئۆتىدۇ. ياخشىغا قوشۇلغان كىشىلەر ياخشىلىق يولىغا قاراپ ماڭىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سەن ئالىم، دانا، پازىل ۋە





بىلىملىك كىشىلەر بىلەن ھەمسۆھبەت بول، ئۇلارنىڭ سۆھبىتى كىشىنىڭ دىل ئەينىكىدىن ھېرىس، تەمە، بېخىللىق غۇبارىنى سۈپۈرۈپ تاشلايدۇ.

دۇنيادا ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىنمۇ ئۇزاقراق ياشايدىغان نەرسە يوق. ئىنسان ياخشىلىقنىڭ قۇلى. ياخشىلىقى كۆپ كىشىنىڭ دوستلىرى كۆپ بولىدۇ.

ئادەملەرنى دۆلىتىڭىز زىيادە ۋە ئىشىڭىز يۈرۈشۈپ تۇرغاندا ئەمەس، بەلكى بېشىڭىزغا كۈن چۈشكەن ۋە كەمبەغەللىك چېغىڭىزدا سىناڭ، شۇنىڭدىلا ئۇلارنىڭ ياخشى ياكى يامان ئىكەنلىكىنى بىلەلەيسىز. قولىڭىزدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىلىڭ، ياخشىلىقىڭىز پايدا بەرسە ياخشى، پايدا بەرمىسە، ئۆز بۇرچىڭىزنى بېجىرمىگەن بولىسىز. بىراۋغا قىلغان ياخشىلىقىڭىزنى يوشۇرۇڭ، بىراۋنىڭ سىزگە قىلغان ياخشىلىقىنى ئەل ئارىسىغا يېيىڭ!

ئالىملاردىن ھەدداد ئېيتىدۇ: تەشەككۈر ــ دوستىنىڭ قىلغان ياخشىلىقىنى ئېتىراپ قىلىش، ئۇنىڭ ئۆزىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشتۇر. تەشەككۈرنىڭ غايىسى ياخشىلىق قىلغان كىشىنىڭ ياخشىلىقىنىڭ تونۇلغىنىنى، ئورۇنسىز كەتمىگەنلىكىنى بىلدۈرۈشتۇر. ياخشىلىق قىلغان كىشىگە ئۇنىڭ ھىممىتىنى، گۈزەل ئەخلاقىنى ئېيتىپ تەشەككۈر بىلدۈر. ئەگەر ئۇنىڭغا تەشەككۈرۈڭنى بىلدۈرمىسەڭ، تۇزكور ھېسابلىنىسەن. سەن تەشەككۈر بىلەن دوستۇڭنىڭ قىلغان ياخشىلىقىدىن پايدىلانغانلىقىڭنى، ئۇنى تەقدىرلىمەكچى ئىكەنلىكىڭنى بىلدۈرىسەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە مۇناسىپ پۇرسەت كەلگەندە، سەنمۇ ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىشقا غەيرەت قىل. دوستلۇقتىن ئەسلي مەقسەت ــ پايدىلىنىش ۋە پايدىلاندۇرۇش، بۇنى ئۇنتۇما. دوستۇڭنىڭ قىلغان ياخشىلىقىغا، مۇكاپاتىغا يارىشا سەنمۇ ياخشىلىق قىل ۋە ئۇنىڭغا تەشەككۈر

ئېيت:

ئۇلۇغلىرىمىز يەنە شۇنداق نەسىھەت قىلىدۇ: ھەي پەرزەنت، ھەر قانچە ياش يىگىت بولساڭمۇ، ئەقلىڭ چوڭ بولسۇن. مەن ساڭا ياشلىق قىلما دېمەيمەن، پەقەت ئېغىر ـ بېسىق بول، يەڭگىلتەكلەردىن بولما. يىگىتلەرگە ئېغىر ـ بېسىقلىق يارىشىدۇ. ئەرەستۇ ھېكىم: «يىگىتلىك ئەقىلسىزلىقنىڭ بىر تۈرى» دەپ ئېيتقان. جاھىل يىگىتلەردىن بولما. جاھىللىقتىن نۇرغۇن بالايىئاپەت پەيدا بولىدۇ. ئەگەر يىگىتلىك دەۋرىڭنى بىھۇدە ئۆتكۈزسەڭ، ئىلىم ـ ھۈنەر ئۆگەنمىسەڭ، ھۇرۇنلۇقنى ئادەت قىلساڭ، قېرىغاندا ئۆز ھالىڭغا ئۆزۈڭ يىغلايسەن، پۇشايمان قىلىسەن، لېكىن پايدا بەرمەيدۇ.

ھەي پەرزەنت، ھوشيار بول، يىگىتلىك دەۋرىڭنى غەنىيمەت بىل. يىگىتلىكتە مەغرۇرلىنىپ ئەزىز ئۆمرۈڭنى ھاۋايى ـ ھەۋەس بىلەن ئىسراپ قىلما. شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتەيكى، ياشلار بىلەنلا ئەمەس، قېرىلار بىلەنمۇ ھەمسۆھبەت بولغىن. قېرىلار ياشلارغا قارىغاندا كۆپ نەرسىلەرنى بىلىدۇ. بەزى ياشلار قېرىلارنى ئۆزلىرىگە موھتاج دەپ بىلىپ، ئۇلارنى كۆزگە ئىلمايدۇ، ھەتتا بەزىدە ئۇلارنى مەسخىرە قىلىپ كۈلىدۇ. قېرىلار يىگىتلىك دەۋرىنى ئۆتكۈزۈپ، ئۆز ئارزۇلىرىغا يەتكەن. ياشلارمۇ شۇ ئارزۇدا ياشايدۇ. بەزى يىگىتلەر ئۆزىنى ھەممىدىن دانا ھېسابلايدۇ، لېكىن ئۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ نادانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ھەر بىر ئىشنىڭ توغرۇلۇق چوڭ كىشىلەر بىلەن كېڭىشىپ، ئۇلارنىڭ مەسلىھەتلىرىگە ئەمەل قىل. شۇنداق قىلساڭ، ئىشىڭدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايسەن.

**سوئال: ياخشى خۇلقلارنى قانداق يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ؟**

جاۋاب: ئەخلاق ئالىملىرى ئىنسانلارنىڭ خۇلقلىرىنى ئىككىگە بۆلىدۇ: ئەگەر نەپس تەربىيەت تېپىپ، ياخشى ئىشلارنى





قىلىشقا ئادەتلەنسە، ياخشىلىققا تەۋسىپ بولۇپ، «ياخشى خۇلق» دەپ، ئەگەر تەربىيەتسىز ئۆسۈپ، يامان ئىشلارنى قىلىدىغان بولۇپ قالسا، يامانلىققا تەۋسىپ بولۇپ، «يامان خۇلق» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىنسانلار ئىستېداتلىق ۋە قابىلىيەتلىك، ياخشى بىلەن يامانىنى، پايدا بىلەن زىيانىنى، ئاق بىلەن قارىنى ئايرىيالايدىغان قىلىپ يارىتىلغان. لېكىن، ئىنسانلاردىكى بۇ قابىلىيەتلەرنى كامالىغا يەتكۈزۈش تەربىيە ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. «قۇش ئۇۋىسىدا كۆرگىنىنى قىلىدۇ.» ئىنسان قابىلىيەتلىك جەۋھەردۇر. ئەگەر كىشى ياخشى تەربىيە تېپىپ، بۇزۇق خۇلقلاردىن ساقلىنىپ، گۈزەل خۇلقلارغا ئادەتلىنىپ چوڭ بولسا، ھەممە كىشىگە ياقىدىغان، بەختىيار بىر ئىنسان بولۇپ چىقىدۇ؛ ئەگەر تەربىيەتسىز، ئەخلاقسىز ئۆسسە، ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان، قانۇن ـ قائىدىگە بويسۇنمايدىغان، نەسىھەتنى ئاڭلىمايدىغان، ھەر خىل بۇزۇق ئىشلارنى قىلىدىغان، نادان، جاھىل بىر رەسۋا ئادەم بولۇپ قالىدۇ.

ئەخلاق ئىلمىنىڭ ئاساسى تەربىيە بولغانلىقتىن، شۇ توغرىدا بىر ئاز سۆزلەيمىز. بالىنىڭ تەن ساقلىقى ۋە سائادىتى ئۈچۈن ياخشى تەربىيە قىلىش، ئۇنىڭ تېنىنى پاك تۇتۇش، ياش ۋاقتىدىن باشلاپ غايىۋى يولىنى توغرىلاش، ياخشى خۇلقلارنى ئۆگىتىش، يامان خۇلقلاردىن ساقلاپ ئۆستۈرۈش كېرەكتۇر.

تەربىيە قىلغۇچىلار تېۋىپقا ئوخشايدۇ، تېۋىپ كېسەلنىڭ بەدىنىدىكى كېسەلگە داۋا قىلغىنىغا ئوخشاش ئۇمۇ بالىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى جاھىللىق مەرىزىگە «ياخشى خۇلق» دېگەن داۋانى ئىچىدىن، «پاكلىق» دېگەن داۋانى سىرتىدىن بېرىپ ئۆستۈرۈشى لازىم. خۇلقىمىزنىڭ ياخشى بولۇشىنىڭ نېگىزلىك تايانچى تەربىيىدۇر.

ئەخلاقىمىز بىناسىنىڭ گۈزەل ۋە چىرايلىق بولۇشىغا

تەربىيىنىڭ زور تەسىرى بار. بەزىلەر «تەربىيىنىڭ ئەخلاققا تەسىرى يوق، ئىنسانلار ئەسلىي يارىتىلىشىدا قانداق بولسا، شۇنداق ئۆسىدۇ، تەبىئىتى ئۆزگەرمەيدۇ» دەيدۇ. ئېنىقكى، بۇنداق دېيىش خاتا.

## سوئال: ئۇنداق بولسا، تەربىيىنى قاچاندىن باشلاش كېرەك؟

جاۋاب: تەربىيىنى بالا تۇغۇلغان كۈنىدىن باشلاپ، ۋۇجۇدىمىزنى قۇۋۋەتلەندۇرۇشىمىز، پىكرىمىزنى نۇرلاندۇرۇشىمىز، ئەخلاقىمىزنى گۈزەللەشتۈرۈشىمىز، زېھنىمىزنى روشەنلەشتۈرۈشىمىز لازىم.

تەربىيىنى كىملەر قىلىدۇ؟ قەيەردە قىلىنىدۇ؟ دېگەن سوئاللار تۇغۇلىدۇ. بۇ سوئاللارغا «بىرىنچى، ئۆي تەربىيىسى. بۇ ئانىنىڭ ۋەزىپىسىدۇر؛ ئىككىنچى، مەكتەپ تەربىيىسى. بۇ ئاتا، ئوقۇتقۇچى ۋە ھۆكۈمەت ۋەزىپىسىدۇر» دەپ جاۋاب بەرسەك، بىر كىشى: «قايسى ئانىلارنى دەيسىز، بىلمىسىز، بېشى پاخماق، قولى توقماق ئانىلارنىمۇ؟ ئۆزلىرىدە يوق تەربىيىنى بالىلارغا قەيەردىن ئېلىپ بېرىدۇ» دەيدۇ. مانا بۇ سۆز كىشىنىڭ يۈرىكىنى ئېزىدۇ، باغرىنى كۆيدۈرىدۇ. «ئاتىسىغا نېمە دەيسىز؟» دېسەك، «قايسى ئاتىنى؟ تويچى - ئويۇنچى، ئۇلاقچى، بەزمىچى، دۇتارچى، كارنايچى، سۇنايچى، ئىلىم قەدرىنى بىلمىگەن، ئىلىم ئۈچۈن بىر تىيىنغا قىيمىغان، زاماندىن خەۋەرسىز ئاتىلارنى دەمسىز؟ ئالدى بىلەن شۇ ئاتىلارنى ئوقۇتۇش، تەربىيىلەش لازىم» دەيدۇ. مانا بۇ سۆزنى ئاڭلاپ كىشىنىڭ روھى چۈشۈپ كېتىدۇ.

بەدەننىڭ ساق ۋە قۇۋۋەتلىك بولۇشى ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ مۇھىمدۇر. چۈنكى، ئوقۇش، ئوقۇتۇش، ئۆگىنىش، ئۆگىتىش ئۈچۈن ئىنسانغا كۈچلۈك، كېسەلسىز بەدەن لازىم. ساق بەدەنگە ئىگە بولمىغان ئىنسانلار ئەمەللىرىدە، ئىشلىرىدا، ئىبادەتلىرىدە ئاجىزلىق قىلىدۇ. مەئىشىتىمىزنىڭ راھەتتە بولۇشى





بەدىنىمىزنىڭ ساغلام بولۇشىغا باغلىقتۇر. بىز ساقلىقىمىزنى ساقلاشقا بۇيرۇلغانمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن ۋۇجۇدىمىزنى ئۇنىڭ ساغلام ۋە پاكلىقىغا زىت بولغان يامان ئادەتلەر بىلەن چىرىتىشتىن ساقلىنىشىمىز لازىم.

بەدەن تەربىيىسىنىڭ پىكىر تەربىيىسىگىمۇ ياردىمى بار. تەن بىلەن روھ خۇددى بىر چاپاننىڭ تېشى ۋە ئىچىگە ئوخشاشتۇر. «ئەگەر تەن تازىلىق بىلەن زىننەتلەنمىسە، يامان خۇلقلاردىن ساقلىنالمىسا، بۇ چاپاننىڭ تېشىنى قويۇپ، ئەستىرىنى يۇيۇپ ئاۋارە بولغانغا ئوخشاش ئىشتۇركى، ئۇنىڭ تېشىدىكى كىرى ھەر ۋاقىت ئىچىگە يۇقىدۇ.» پىكىر تەربىيىسى ئۈچۈن ساغلام ۋە چېنىققان بىر ۋۇجۇد كېرەكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاتا - ئانىلار بالىلىرى كېسەل بولۇپ قالسا، پەرۋاسىزلىق قىلماي، دەرھال تېۋىپ ياكى دوختۇرغا كۆرسىتىشى لازىم.

پىكىر تەربىيىسى ئەڭ كېرەكلىك، ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى تەقدىرلىنىپ كەلگەن، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دىققىتىگە تايىنىلغان، ۋىجدانىغا يۈكلەنگەن مۇقەددەس بىر ۋەزىپىدۇر. پىكىر ئىنسانلارنىڭ شاراپەتلىك، غەيرەتلىك بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. بۇ تەربىيە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ياردىمىگە زور دەرىجىدە موھتاجدۇركى، پىكىرنىڭ قۇۋۋىتى، زىننىتى، كەلگۈسى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەربىيىسىگە باغلىقتۇر. دەرس بىلەن تەربىيە ئوتتۇرىسىدا ئازراق پەرق بار بولسىمۇ، بۇ ئىككىسى بىر - بىرىدىن ئايرىلمايدىغان، جان بىلەن تەنگە ئوخشايدۇ. مەسىلەن، بىساتسىز، جابدۇلمىغان ئۆينىڭ ئىچىدە ئولتۇرۇش مۇمكىن بولمىغىنىدەك، ئىچىگە ھەر خىل يېڭى ئۆي جابدۇقلىرى تولدۇرۇلۇپ زىننەتلەنگەن ئەسكى ئىمارەتمۇ ئولتۇرۇشقا يارىمايدۇ. مۇبادا بۇنداق ئۆيدە ئادەم ئولتۇرسا، كىشىلەر: «ئەسكى ئۆيگە يېڭى زەدىۋال»، «كىر كۆڭلەككە مەشۇت جىيەك»، «مىس قازانغا لاي تۇۋاق»دەپ مەسخىرە قىلىشىدۇ.

ئىنسانلارغا زور شەرەپ، يۈكسەك دەرىجە بېرىدىغىنى يەنىلا
ىلاق تەربىيىسىدۇر. بىز ئالدىنقى سەھىپىدە تەربىيە بىلەن
س ئوتتۇرىسىدا پەرق بار، دېدۇق. چۈنكى دەرس ئالغۇچى —
گۈچى، تەربىيە ئالغۇچى — ئەمەل قىلغۇچىدۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن تەربىيە قىلغۇچى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆزى ئۆز
لىمگە كامىل بولۇپ، شاگىرتلىرىغا بەرگەن دەرسلىرىنى
ەلىيەتكە سېلىشتۇرۇپ ئۆگىتىشى لازىم. بۇ خىل ئوقۇتۇش
ىۇلى ئارقىلىق بېرىلگەن دەرس ۋە مەلۇمات شاگىرتلارنىڭ
ىغا تېز ئورنىشىپ، ئۇلار ئۆگەنگەنلىرىنى ئەمەلدە
رسىتىدىغان ئىلىم ئىگىسى بولۇپ چىقىدۇ.

**سوئال: ياخشى خۇلقلىق كىشىلەرنىڭ قانداق سۈپەتلىرى بار؟**

جاۋاب: ياخشى ئىشلار دېگىزىنىڭ غەۋۋاسلىرى شۇنداق
ىشىلەردۇركى، ياخشى ئىشلار جەۋھىرىنى ھۆسن ـ خۇلق
ىشتىسىگە تىزىپ، شېرىن سۆزلۈك شېكىرىنى ئاغىنە ـ
شنالىرىدىن ئايىمايدۇ ۋە خۇددى ئابىھاياتقا ئوخشاش ھەممە
ىجەز ـ خۇلقلىرىغا تىنچلىق ۋە ھالاۋەت بەخش ئېتىدۇ.
ۋپاللىق ۋە سوغۇق تەلەتلىك نەشتىرى بىلەن ھېچكىمنىڭ
اھەت كۆكسىنى مەجرۇھ قىلمايدۇ.

بىر نەرسىنى كۆزلەپ قىلىنغان ياخشىلىق ياخشىلىق
ېسابلانمايدۇ، بەلكى ئۇ مۇنداقلا ئالدى ـ بەردىدىن ئىبارەت،
الاس. كىشىلەرگە خەير ـ ئېھسان قىلىش نەقەدەر ئۇلۇغ
ەزىلەت، بىراق، بۇ خەير ـ ئېھسان غەرەزسىز بولسا تېخىمۇ
اخشى!

مۇرۇۋۋەت مەيدانىنىڭ پەھلىۋانى بولاي دېسىڭىز، غەرەز بىلەن
ىش قىلىپ، ئورنىغا بىر كىمدىن پايدا ئېلىشنى ئويلىماڭ!

**سوئال: ياخشىلار بىلەن يولداش بولۇشنىڭ قانداق**





**ئەۋزەللىكلىرى بار؟**

جاۋاب: ياخشىلار بىلەن يولداش بولۇشنىڭ ئەۋزەللىكلىرى ناھايىتى كۆپ. ئاساسلىقى مۇنۇلار: بىرىنچى، ئالىملار بىلەن بىللە بولغان كىشىنىڭ ئىلمى ئاشىدۇ؛ ياخشىلار بىلەن بىللە بولغان كىشى تەقۋادار بولىدۇ؛ پاسىقلار بىلەن بىللە بولغانلارنىڭ گۇناھ ئىشلارنى قىلىشقا رىغبىتى ئاشىدۇ؛ بايلار بىلەن ئارىلاشقانلارنىڭ پۇلغا ھېرىسلىقى ئاشىدۇ؛ پېقىرلار بىلەن بىللە بولغانلار شۈكۈرلۈك كېلىدۇ.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئادەم قانداق نەرسىگە يېقىن تۇرسا شۇ نەرسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. يامانىنىڭ يېنىدا تۇرسا يامانىنىڭ خۇيىنى ئالىدۇ، ياخشىنىڭ يېنىدا تۇرسا ياخشىنىڭ خۇيىنى ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، دائىم ياخشىلار بىلەن بىللە بولۇش ئادەمنىڭ قەلبىنى ياخشىلىق قىلىشقا ئۈندەپ، ياخشى ئىشلارنى كۆپرەپ قىلىشقا، ياخشى كۆڭۈللۈك بولۇشقا ئىنتىلدۇرىدۇ.

# يالغانچىلىق

**سوئال: يالغانچىلىققا قانداق تەبىر بېرىلىدۇ؟ ئۇنىڭدىن قانداق لىنىش كېرەك؟**

جاۋاب: باشقىلارغا راستچىللىق بىلەن گەپ قىلماي، ئالداش، ـنى قاچۇرۇش، كۆزنى غەلەت قىلىش مەقسىتىدە ئېيتىلغان زلەر يالغانچىلىق دائىرىسىگە كىرىدۇ. يالغانچى كىشىلەر ازاپ دېيىلىدۇ. ئاقىل ۋە دىيانەتلىك كىشىلەرنىڭ يالغان زلەردىن تىللىرىنى تىزگىنلەش بىلەن بىرگە ئەۋلادلىرىنى غانچىلىققا ئادەت قىلدۇرماستىن تەربىيىلىشى ئەڭ مۇقەددەس ىسانىي ۋەزىپىسىدۇر.

ئوغرىلىققا ئادەتلەنگەن بەزى ئوغرىلار بولارمىش، ئۇلار ىقىلارنىڭ ماللىرىنى ئوغرىلاشقا قادىر بولالمىسا، ئۆزىنىڭ لىرىنى ئوغرىلارمىش. شۇنىڭغا ئوخشاش كىچىكىدىنلا غانچىلىققا ئادەتلەنگەن ۋە يالغانچىلىقتىن لەززەت ئالىدىغان شىلەر باشقىلارنى ئالداشنىڭ گۇناھلىقىنى بىلسىمۇ، تىلىنى قسەتلىك تىزگىنلىيەلمەيدۇ. بەزى چاغلاردا ئۆز ئائىلىسىنىمۇ ىشان ۋە ۋەيران قىلىشتىن يانمايدۇ. ئۇلار ھېچبولمىغاندا ىقىمچىلىق ۋە مۇناپىقلىق يولىنى تۇتۇپ، ئىككى مۆمىن ىسىغا زىددىيەت ۋە ئاداۋەت سېلىپ، ھەتتا پۈتۈن بىر ىلىنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەبچى بولىدۇ.

ئەگەر يالغانچىلىق بالاسىغا دۇچار بولماي دېسىڭىز، ستچىللىق خىسلىتىنى ئادەت قىلىڭ، نېمە ئېيتقان بولسىڭىز ىڭىزگە ئەمەل قىلىڭ؛ مېھنەتكە مۇپتىلا بولماي دېسىڭىز،





مېھنەت قىلغۇچىلارغا رەھىم كۆزى بىلەن بېقىڭ! ھەسەت دەردىگە يولۇقماي دېسىڭىز، باشقىلار مال ـ دۇنياغا ئېرىشسە خۇرسەن بولۇڭ! ئاقىل كىشىلەرگە ياقماي قېلىشتىن قورقسىڭىز، ھايا ئېتىغا مىنىڭ!

يالغانچىلىق ھەممە گۇناھلارنىڭ بېشىدۇر. يالغانچى ئۆز ئارزۇسىغا يېتىش ئۈچۈن يالغان سۆزلەرنى توقۇيدۇ، ئۇنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن قەسەم ئىچىدۇ. بۇنىڭ بىلەن يالغاننى يېپىش ئۈمىدىدە بولىدۇ، بىرەر كىشى ئۇنىڭ يالغانچىلىقىنى ئاشكارىلىسا، ئۇنى دۈشمەن دەپ بىلىدۇ. نەتىجىدە، ئىككى ئارىدا ئاداۋەت ۋە جېدەل يۈز بېرىدۇ. بۇ جېدەل كۆپ كىشىلەرگە زىيان كەلتۈرىدۇ.

قىلىۋاتقان ئىشىڭىز كىچىككىنە گۇناھ بولسىمۇ، ئۇنى ھېچقاچان كىچىك سانىماڭ، ئادەملەرگە ياخشىلىق قىلىشنىڭ تەلەپكارى بولۇڭ، ئۇنىڭدىن سىزگە ياخشى پايدا تېگىدۇ. كۈچلۈك بولغانلىقىڭىز ئۈچۈنلا باشقىلارنى ھەدەپ ئېزىۋەرمەڭ، ئۇلار جېنىدىن تويغاندا، پەيت كۈتۈپ، سىزنى ھالاك قىلىشى مۇمكىن. بىركىمنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئېيتقان گېپىنىڭ جېنى بار دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭ گېپىگە قاراپ ئىش تۇتماڭ! شۈبھىلىك ۋە گۇمانلىق ئىشلارغا قول تىقماڭ. بىرەر نەرسە سورىغۇچىنى ئۈمىدسىز ھالدا قايتۇرماڭ. ئۆزىڭىزگە ياقمىغان نەرسىلەرنى باشقىلارغا راۋا كۆرمەڭ. باشقىلارغا قىلغان ھەر بىر ياخشىلىق ياكى يامانلىق ۋاقىت ـ سائىتى كېلىپ ئۆزىڭىزگە قايتىشىنى ئەستىن چىقارماڭ!

**سوئال: يالغانچىلىقنىڭ قانداق زىيانلىرى بار؟**

جاۋاب: يالغانچىلىق ۋە بوھتان چاپلاش ئەخلاقنىڭ بۇزۇلۇشىدىن دېرەك بەرگۈچى پېئىللاردىندۇر. بۇ پېئىللار ئەڭ قەبىھ پېئىللاردىن ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق پېئىل ئىگىلىرى

ئادەملەر توغرىسىدا تۇرلۇك - تۈمەن بىمەنە سۆز - چۆچەكلەرنى سۆزلەپ يۈرۈشىدۇ.

يالغان بىلەن بوھتاننىڭ پەرقى شۇنداقكى، يالغانچى ئۆز ئىشلىرى توغرىسىدا يالغان سۆزلىسە، بوھتانچى باشقىلار ھەققىدە يالغان گەپلەرنى تارقىتىپ يۈرىدۇ. بۇ خىلدىكى ئادەملەر كىشىلەرنىڭ نام - ئابرۇيىغا، كەسىپ - ئىشىغا چېتىلىدىغان بىمەنە سۆز - چۆچەكلەرنى تارقىتىش بىلەن كۆپچىلىكنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرايدۇ. بوھتانچىنىڭ سىرلىرى ئاشكارىلانغاندا، قىلغان بوھتانلىرى ئۈچۈن ھەتتا جازاغا تارتىلىشى مۇمكىن. دېمەك، ھەر قانداق كىشى بۇنداق يارىماس پېئىللاردىن ساقلانماقتا قاتتىق تىرىشىشى ۋە بۇنداق ناچار ئىللەتلەردىن ئۆزىنى ساقلىمايدىغان كىشىلەردىن يىراقراق ئۇزاق يۈرۈشكە ئىنتىلىشى لازىم.

بەرزۇۋ ئەل - ھەكىم ئېيتىدۇ: ئەگەر سەن يالغانچىلىق بالاسىغا دۇچار بولماي دېسەڭ، ئۆزۈڭگە راستچىللىق خىسلىتىنى شوئار قىل. نېمىنى ئېيتساڭ، ئېيتقان سۆزۈڭگە ۋاپا قىل، مېھمانتكە مۇپتىلا بولماي دېسەڭ، مېھمانەت قىلغۇچىلارغا رەھىم كۆزى بىلەن باق! ھەسەت دەردىگە يولۇقماي دېسەڭ، باشقىلار مال - بايلىققا ئېرىشسە خۇرسەن بول! ئاقىل كىشىلەرگە ياقماي قېلىشتىن قورقساڭ، ھايا ئېتىغا مىن!

يالغانچىنىڭ ئۆلۈكتىن پەرقى يوق. چۈنكى، تىرىك كىشىنىڭ پەزىلىتى ئۇنىڭ نۇتقىدىدۇر. تىرىك كىشى يالغان سۆزلەۋەرگەنلىكتىن، ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ھېچكىم قۇلاق سالمايدىغان بولغانلىقى سەۋەبلىك، ئۇنىڭ ئەمدى ئۆلۈكتىن پەرقى قالمايدۇ.

يالغانچىنىڭ دوستىمۇ يالغانچى، يالغان ۋەدە بېرىش بىكاردىن دۈشمەن كۆپەيتىش بىلەن ئوخشاشتۇر.

يالغانچىلىق ھەممە گۇناھلارنىڭ بېشىدۇر. يالغانچى ئۆز





ئارزۇسىغا يېتىش ئۈچۈن يالغان سۆزلەرنى توقۇيدۇ، ئۇنى راست دەپ ئىسپاتلاش ئۈچۈن قەسەم ئىچىدۇ ۋە قەسەم بىلەن يالغاننى ياپماقچى بولىدۇ. بىرەر كىشى ئۇنىڭ يالغانچىلىقىنى ئاشكارا قىلسا، ئۇنى ئۆزىگە دۈشمەن ھېسابلايدۇ. نەتىجىدە، ئىككى ئارىدا ئاداۋەت ۋە جەڭگى - جېدەل يۈز بېرىدۇ. بۇنداق جېدەل بولسا ناھايىتى كۆپ كىشىگە زىيان يەتكۈزىدۇ.

مېنىڭ ئالىي مەكتەپتە بىر فاكۇلتېتتا ئوقۇغان بىر تونۇشۇم بار ئىدى. بۇ كىشى ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىمۇ توختىماي يالغان سۆزلەيتتى، دەيدىغان يالغان گېپى تۈگەپ قالغاندا ئاندىن راست گەپ قىلىشقا مەجبۇر بولاتتى. ئۇ كىتاب ئەكېلىپ بېرىمەن دېگەن باھانە بىلەن يېڭىدىن ئوقۇشقا كەلگەن بالىلارنىڭ كىتاب پۇلىنى خەجلىۋالغان ئىدى. كېيىن خىزمەتكە چىققۇق، ئۇنىڭ بىلەن بىر شەھەردە خىزمەت قىلدۇق. ئۇ بىر گېزىتتە ئىشلىدى. ئىككى يىلغا بارمايلا ئۇنىڭ ئىختىيارىي مۇخبىرلارنى، ئاپتورلارنى ئالدىغانلىقىنى، ھەتتا ئايالىنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ ساۋاقداش، تونۇشلىرىنى بىر قېتىمدىن كوملىغانلىقىنى ئاڭلىدىم. كېيىن بىرنەچچە قېتىم مېنىمۇ جايلىماقچى بولغانىدى، مەن سەگەك كېلىپ قېلىپ ئۇنىڭ دامىغا چۈشمىدىم. ئۇ ھازىرمۇ ئولتۇرسا - قوپسا يالغان گەپ قىلىپ، تۇغۇلغان يۇرتىنى ئۆزگەرتىپ، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئاغرىقلىقىنى باھانە قىلىپ ۋە باشقا ئۇسۇللار بىلەن ئۇچرىغانلارنى تۇزاققا چۈشۈرۈشكە باشلىدى. ئۇ بۇ جەرياندا ئاتا - ئانىسىنى نەچچە ئون قېتىم سەكراتقا چۈشۈرۈپ بولدى، ھەتتا ئايالىمۇ ئۇنىڭ ئاغزىدا بەش - ئالتە قېتىم سەكراتقا چۈشتى. ئاخىر بېرىپ ئۇ شۇنچە چوڭ بىر شەھەردە سېسىق نامى پۇر كەتكەن، بىر تىيىنلىق ئابرۇيى بولمىغان يالغانچى كاززاپقا ئايلىنىپ قالدى.

دېمەك، يالغانچىلىقنىڭ كاساپىتى ناھايىتى زور بولۇپ، ئۇ

ىشـــنىڭ ئابـرۇيىنى تـۆكـىدۇ، كـىشـلەر ئـارىسـىدا ھـېچقانـداق ىززىتى بولمايدۇ. بۇنداق ئابرۇيسىزلىق ئۆزى بىلەنلا توختاپ الماي، ئەۋلادلىرىغىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ ۈچۈن يالغانچىلىقتىن ئىبارەت بۇ مەرەزدىن يىراققا قېچىش ېرەك.





## پايدىلانغان ماتېرىياللار


مەھمۇد ھەسەنىي (ئۆزبېكىستان) تۈزگەن، يۇنۇس ئىلياس ئىدىقۇتلۇق ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان «ئەدەپ بوستانى ۋە ئەخلاق گۈلىستانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 ـ يىل نەشرى.

شەيخ سەئىدى، «گۈلىستان»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1984 ـ يىل نەشرى.

شەمسۇلمەئالى قابۇس «قابۇسنامە»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1982 ـ يىل نەشرى.

شاھ رەسۇل زۇنۇن (ئۆزبېكىستان) تۈزگەن، ئابدۇلباقى ھاجىم جالالىي، مۇھەممەتتۇرسۇن يۇسۇپ ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان «ئاز ـ ئازدىن ئۆگىنىپ دانا بولۇر»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2006 ـ يىل نەشرى.

رىزائۇددىن ئىبىن فەخرۇددىن، «ئەدەپ ـ ئەخلاق مىزانلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 2005 ـ يىل نەشرى.

«ئەدەپنامە»، يۇنۇس ئىلياس ئىدىقۇتلۇق ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004 ـ يىل نەشرى.

شەيخ سەئىدى «بوستان»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 ـ يىل نەشرى.

خوجا ئابدۇللا ئىبراھىمى، «ئادەم بولۇش يوللىرى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2005 ـ يىل نەشرى.

روھىي ساغلاملىق دۇردانىلىرى

# كامالەت مەنزىللىرى

تۈزگۈچى: ۋەلى كېرەم كۆكئالپ

---

پىلانلىغۇچى: ئەزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: يۇلتۇز ئۇچقۇنجان
مەسئۇل كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن
بەت شەكلىنى لايىھىلىگۈچى: ئابدۇغەنى ئابباس
نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى بۇلاقبېشى كوچىسى 196 - قورۇ
تور ئادرېسى: http://www.xjpsp.com
باسقۇچى: شىنجاڭ يىبەيفېڭ مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
نەشرى: 2008 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى
بېسىلىشى: 2009 - يىل 11 - ئاي 1 - قېتىم بېسىلىشى
فورماتى: 880×1230 مم 1/32 كەسلەم 40 باسما تاۋاق قىستۇرما بەت 6
كىتاب نومۇرى: ISBN 978-7-5372-4382-7
تىراژى: 1 - 5000
ئومۇمىي باھاسى (ئۈچ كىتاب): 92.00 يۈەن

---

تارقىتىش بۆلۈمى تېلېفون نومۇرى: (0991) 2823055 پوچتا نومۇرى: 830001